
تۇرغان توختەم


# نوزۇگۇم



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى


نوزۇگۇم
شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
نوزۇگۇم
شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
ISBN 978-7-5371-3918-2
9 787537 139182 >





تۇرغان توختەم

# نۇزۇگۇم

(تارىخىي رومان)

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

بۇ كىتاب قازاقىستان يازغۇچى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىل نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن نەشر قىلىندى.

本书根据哈萨克斯坦作家出版社 1988 年第 1 版第 1 次印刷本转写出版.

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەركىن ئىبراھىم**

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: **ئابلىز ئابباس**
**دىليار تۇرسۇن**

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غالىب شاھ**

# نۇزۇگۇم

(تارىخىي رومان)

ئاپتورى: **تۇرغان توختەم**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ت. پەخرىدىن**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 × 850 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 13.625
2001 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 4 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 − 7 − 5371 − 3918 − 2
باھاسى: 30.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرە

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب ...................................... 36
ئۈچىنچى باب ....................................... 101
تۆتىنچى باب ....................................... 177
بەشىنچى باب ....................................... 272
ئالتىنچى باب ...................................... 329
يەتتىنچى باب ...................................... 370
خاتىمە ............................................ 429

# بىرىنچى باب

## I

هەر كۈنى قىرىق مىڭغا يېقىن قوي ۋە باشقا ماللار سېتىلىپ، ئون مىليون سومدىن ئوشۇق پۇل قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، سودا ئىشلىرى يۈرۈشۈپ تۇرىدىغان قەشقەر شەھىرى بازارلىرىدا بۈگۈن ھېچكىم يوق. چەت ئەللەردىن مۈرىلىرىگە قۇرۇق خۇرجۇنلىرىنى ئارتىپ كېلىپ، ئىككىنچى بۇخارا ئاتالغان بۇ شەھەردە يىللاپ يېتىپ، يىغقان دۇنيالىرىنى تۆگىلەرگە ئارتىپ، تەڭنىدەك قورساقلىرىنى ئېگەرنىڭ قېشىغا تاقاپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىدىغان بايلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئىلگىرى ئادەملەرگە يول بەرمەي كەينى ـ كەينىدىن كېلىدىغان ھارۋىلارمۇ يوق. بازار رەستىلىرىنىڭ ھەممىسى بوش. مەسچىت، ئاشخانىلاردىمۇ، سېپىل ئەتراپى، دوقمۇشلاردىمۇ ئادەم ئاز. شەھەر خەلقى يۈز بېرىۋاتقان بۇ بالايىئاپەتنىڭ ھەممىسىنى پۇلغا ئامراق قوقەنتلىك سودىگەرلەرنىڭ بۇ يەرگە چۈمۈلىدەك يېغىپ كەتكەنلىكىنىڭ ۋە شەرىئەتكە ئەمەل قىلماي، ھەر خىل گۇناھلىق ئىشلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى دەپ بىلىپ، شۇنداق

ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغانلارغا لەنەت ئوقۇيتتى . شەھەر
ئاھالىسىدىن بەزىلەر ھويلىلىرىغا كىرگەن چىڭ چېرىكلىرد-
ىنى پالتا ـ كالتەك كۆتۈرۈپ قوغلىسا ، بەزىلەر قوقەنت
تەرەپلەردىن كېلىپ ، بۇ يەرنىڭ جۇۋانلىرىنى ۋاقىتلىق نىكا-
ھىغا ئېلىپ ياشاۋاتقان سودىگەرلەرنى ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ
چىقىراتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك ، قەشقەرگە سودا
قىلغىلى سىرتلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر جانلىرىنى قۇتقۇ-
زۇپ قېلىش ئۈچۈن كارۋان سارايلىرىغا ، مەسچىت ، مەدرد-
سىلەرنىڭ ئىچلىرىگە پاناھلىنىۋالاتتى . بەزىلىرى سېپىل
دەرۋازىلىرىدىن خۇددى قوتاندىكى قويلاردەك ئۈركۈپ چىد-
قىپ ، قۇملۇق چۆللەرگە ، قومۇشلۇقلارغا قېچىشاتتى . بە-
زىلەر بۇ تۇيۇقسىز كەلگەن بالا ـ قازادىن ئۆزلىرىنى ساقلاپ
قېلىش ئۈچۈن ، شەھەر سىرتىدىكى مەشھۇر مازارلارغا—
ئارسلانخاننىڭ ، ئاپئاق غوجىنىڭ ، بۇغراخاننىڭ ئانىسى ئەلا-
نۇر خېنىمنىڭ مازارلىرىغا مەدەت ، نۇسرەت تىلىگىلى مېڭد-
شاتتى . ئۇلار چىڭ چېرىكلىرى ھەرقانچە رەھىمسىز بولسد-
مۇ قەبرىستانلىقلارنى دەپسەندە قىلىۋەتمەس ، دەپ ئويلىشاتد-
تى .

ئىلگىرى دائىم سۈپۈرۈلۈپ ، تازىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ
مازارلارنىڭ ئىچى بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى . ئەمدى بولسا
ئۇنداق ئەمەس . ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان تېرەكلەرنىڭ
شاخلىرى سۇنۇپ ، يوپۇرماقلىرى مەزگىلدىن بۇرۇن قەبد-
رىستانلىقنىڭ ئىچىگە چېچىلىپ كەتكەن . بولۇپمۇ قەشقەر-
دىكى قىز ـ جۇۋانلارنى «ئىچكىرىگە سۈرگۈن قىلغۇدەك»
دېگەن خەۋەر تارقالغاندىن بېرى ، ئەلانۇر خېنىمنىڭ مازىرىغا
كېلىپ ياش تۆكۈۋاتقان ئاياللار ناھايىتى كۆپ ئىدى . ئۇلار

ئۆزلىرىنى بۇ بالا – قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئەرلەرنىڭ قولىدىن كەلمىگەندىن كېيىن «ئەمدى بىزنى مۇشۇ مازارلارغا كۆمۈلگەن ئەۋلىيالارنىڭ روھى ساقلاپ قالار» دېگەن ئۈمىدتە سېغىنىپ، بىلگەن ئايەتلىرىنى ئوقۇپ مۇناجات قىلاتتى. بەزى قىز – جۇۋانلار كىيىم – كېچەكلىرىنى يىرتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاچ – يالىڭاچلىقتا قالغان، توپا – چاڭلارغا مىلەنگىنىگە قارىماستىن، جېنىنى قۇربان قىلىش ئۈچۈن رابىيە خېنىم ئۆلگەن دۆڭنى ئەگىپ يۈرەتتى. ياشلارنىڭ بەزىلىرى «ئۆزىمىز يوقىلىپ كەتسەكمۇ ئىسمىمىز ئۆچمىسۇن» دەپ، بۇ يەردىكى قۇشلار ئۇۋىلاپ كەتكەن قاپاق تېرەكلەرگە ۋە تاملارغا ئىسىملىرىنى ئويۇپ يېزىشاتتى.

قەشقەر ئەتراپىدىكى غوجىلار مازارلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئۇلارنىڭ ئۇرۇق – تۇغقان، قوۋم – قېرىنداشلىرى بىلەن لىق تولغانىدى.

چىڭ چېرىكلىرى بولسا شەھەر دەرۋازىلىرى ئارقىلىق قېچىپ چىقىۋاتقان ئادەملەرنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئېلىپ ماڭغان نەرسىلىرىنى بۇلاپ – تالايتتى، قارشىلىق كۆرسەتكەنلىرىنى شۇ جايدىلا ئۆلتۈرۈۋېتەتتى، ئاندىن ئۇلارنىڭ باشلىرىنى كېسىۋېلىپ، شەھەر دەرۋازىلىرىغا ئېسىپ قوياتتى.

قاتتىق جەڭلەردىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك جىمجىتلىقتا ھەرقايسى جايلارغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئادەملەر ئەمدى نېمە بولاركىن دەپ، زاماننىڭ ئەلپازىنى كۆزىتەتتى. چىڭ چېرىكلىرى شەھەرگە بېسىپ كىرگەندىن بېرى، ئۈچ كۈن داۋام قىلغان بۇلاڭ – تالاڭ جەريانىدا يەنە بىرمۇنچىلىغان پۇقرالار ئۆلۈپ، كۆپلىگەن ئادەملەر مېيىپ بولدى. شەھەر

ئۆز تىرىكچىلىكىدىن، ئۆزىگە خاس ۋالىڭ - چۇڭىدىن ئايرىلدى.

بىر چاغدا جىم - تىنچ تۇرغان بۇ شەھەرنىڭ جىمجىتلىقىنى تار كوچىلارنىڭ بىرىدە بىر توپ قىزنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى بۇزۇۋەتتى. قىزلارنىڭ يىغا ئارىلاش پەريادلىرى ئاڭلىنىش بىلەن ئۆگزىسىنىڭ بىر چېتى كۆيۈۋاتقان مەدرىسە تەرەپتىن قوللىرىغا قىلىچ - نەيزىلەرنى ئالغان بىر توپ يىگىتلەر يۈگۈرۈشۈپ چىقتى - دە:

— قىزلارنى قويۇۋېتىش! سەنلەرنىڭ شەھىرىمىزگە ئوت قويۇپ، بىگۇناھ ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشكىنىڭمۇ يېتەر، — دەپ يۈگۈرگەن بويى قىزلارنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرگە ئېتىلدى.

ئېھتىمال، شەھەر ئىچىدىكى جەڭلەرنىڭ توختىغىنىغا قاراپ، جاھانگىر غوجىنىڭ لەشكەرلىرىنى تەلتۆكۈس قىرىپ تاشلىدۇق، دەپ خاتىرجەم يۈرگەن چېرىكلەر بۇ نېمە ۋەقە دېگەندەك بىر - بىرىگە قاراپ قېلىشتى - دە، قىزلارنى تاشلاپ ئۆزلىرىنى قوغداشقا تەييارلاندى. بۇ چاغدا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ «ئۇر، چاپ!» دېگەن ئاۋازلار بىلەن ئوتۇن بازىرىغا يۈگۈرۈشۈپ كەلگەن يىگىتلەر ھۇجۇمغا ئۆتتى. كۆتۈلمىگەن بۇ ۋەقەدىن ھودۇقۇپ قالغان قىزلار نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، قىلىچ - نەيزىلەرنى ئىشقا سېلىپ، يىگىتلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقان چېرىكلەردىن قورقۇشتى. شۇ چاغدا قولىدا قىلىچ تۇتۇپ، بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن بىر يىگىتنىڭ قىزلارنىڭ ئۇنىڭگە ئوخشاش

ئىنچىكە ئاۋازدا:

— قىزلار، چاپسان قېچىڭلار! — دېگەن گېپى ئاڭلاندى. قىزلار بىر - بىرىگە ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراشتى. ئۇلار ئىنچىكە، ئېگىز بويلۇق بۇ يىگىتنىڭ قېشىغا يېقىنلاشتى.

— بۇ يەردىن چاپسانراق كېتىڭلار! — قىلىچ تۇتقان يىگىت ئىككىنچى قېتىم قاتتىقراق ۋارقىرىدى. شۇ چاغدىلا قىزلار ئۇ يىگىتنىڭ ئەرەنچە كىيىنىۋالغان قىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى - دە، ئىشەنچلىك ھالدا ئۇنىڭ يېنىغا يېقىنلىدى. ئېھتىمال، ئەرەنچە كىيىنگەن قىلىچۋازنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى چىرىكلەرمۇ سېزىپ قالسا كېرەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇيرۇق قىلىپ ۋارقىراۋاتقان باشلىقى بىرىنچى بولۇپ ئىنچىكە ئاۋازلىق يىگىتنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى:

— نۇزۇگۇم، ئۆزىڭىزگە ئاگاھ بولۇڭ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۆزىنى قورشىۋالغان بىر توپ چېرىك بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئېگىز بويلۇق يىگىتنىڭ ۋارقىرىغان ئۈنىنى ئاڭلىغان قىزلار ھەيران بولۇشۇپ: «ئاۋۇ ئەرەنچە كىيىنىۋالغان راستتىنلا نۇزۇگۇممىدۇ؟» دەپ بىر - بىرىگە قاراشتى. ئەرەنچە كىيىنگەن قىز بولسا قېشىغا كەلگەن چېرىك بىلەن قىلىچلىشىپ كەتتى. باياتىن بېرى باشقىلارغا ۋارقىراپ بۇيرۇق قىلىۋاتقان بۇ چېرىك «قىزنى دەرھال قولغا چۈشۈرۈمەن» دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇنداق بولمىدى، يەكمۇيەك قىلىچلىشىش ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. بىر چاغدا ھېلىقى چېرىكنىڭ ئەگرى قىلىچى قىزنىڭ بېشىدىكى دۇبۇل-

غىسىنى يۇلۇپ چۈشتى. قىزلار بۇ قىلىچۋازنىڭ بېشىغا ئورىۋالغان ئۇزۇن قارا چېچىنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكىنىنى كۆ-رۈپ ئىختىيارسىز ۋارقىرىشىپ كەتتى:

— راستىنلا نۇزۇگۇم ئىكەن!

— نۇزۇگۇم، ئۆزىڭىزگە ئېھتىيات قىلىڭ، — دەپ ۋار-قىرىدى تېخىچە قورشاۋنى بۇزۇپ چىقىپ قىزنىڭ قېشىغا يېتەلمەيۋاتقان يىگىت.

— خاتىرجەم بولۇڭ، باقەم.

يىگىتنىڭ سۆزى نۇزۇگۇمغا مەدەت بەردىمۇ «بەربىر قولغا چۈشمەي قالمايسەن» دېگەندەك بار كۈچى بىلەن ئېلى-شىۋاتقان چېرىكنى كەينىگە چېكىندۈرۈپ، قېرى سۆگەتنىڭ قېشىغا قىستاپ كەلدى. پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ تەسلىم بولۇشقا يېقىنلاپ قېلىۋاتقىنىنى سەزگەن مانجۇ باشلىق نې-مىنىدۇر بىر گەپنى دەپ قاتتىق ۋارقىرىۋىدى، دەرھال يېتىپ كەلگەن يەنە بىر چېرىك نۇزۇگۇمنىڭ قولىغا ئۇرۇپ قىلىچىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. قىزلار يەنە ۋارقىرىشىپ كەتتى. نېمە قىلارىنى بىلمەي سەل ھودۇقۇپ قالغان نۇزۇ-گۇم يەرگە قاراپ، ئۆزىنى قوغدىغۇدەك ھېچ نەرسە تاپالمى-دى. بۇنى بايقاپ قالغان چېرىك «ئەمدىغۇ قولغا چۈشكەن-سەن» دېگەندەك كالتە قاشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھىجايدى ـ دە، چۇۋۇلغان چاچلىرى مۈرىسىنى يېپىپ تۇرغان نۇزۇ-گۇمغا يېقىنلاشتى.

مۇنداق بىر گۈزەلنى قولغا چۈشۈرگىلىۋاتقىنىغا خۇ-شال بولغان چېرىك ئۆزىگە يېقىنلىغاندا، نۇزۇگۇم ئېسىگە بىرنېمە چۈشكەندەك، تېخىمۇ غەيرەتكە كەلدى ـ دە، يېنىغا ئېسىۋالغان غىلاپتىكى خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ چېرىكنىڭ

بىقىنىغا ئۆردى. چېرىك ئۈنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىۋەتتى. ئۇ قىزلارنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىشى بىلەن قالغان چېرىكلەر قىلىچلىشىشىنى توختىتىپ، يەرگە يىقىلغان باشلىقنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار باشلىقنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھالى خاراب ئىكەنلىكىنى سەزدى ـ دە، ھەيدەپ كېلىۋاتقان قىزلارنى تاشلاپ بەدەر قېچىشتى.

— يارايسىز، نۇزۇگۇم! — دېدى قىزنىڭ قېشىغا بىرىنچى بولۇپ يېتىپ كەلگەن زىلۋا بويلۇق، بۇرۇتى يېڭىدىن خەت تارتقان يىگىت، — سىز ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن بولسىڭىز بىزنىڭ قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان يىگىتلىرىمىز ھالاك بولۇپ كېتەتتى.

— سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز قانداق، باقەم؟ ياردار بولمىغانسىز؟ — دەپ سورىدى نۇزۇگۇم.

— سىزگە ئوخشاش ھىمايىچىلىرىمىز تۇرغاندا ياردار بولىمىزمۇ؟! — دېدى يىگىت مەمنۇنىيەت بىلەن.

— قىزلار، چاپسانراق ئۆيلىرىڭلارغا كېتىۋېلىڭلار. ھازىر قېچىپ كەتكەن چېرىكلەر كۈچ توپلاپ كېلىشى مۇمكىن، — دېدى نۇزۇگۇم قىزلاردىن ئەنسىرەپ.

قىزلار نۇزۇگۇمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى بىلەنلا بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشۇپ، بايا چېرىكلەر ھەيدەپ چىققان تار كوچا تەرەپكە يۈگۈردى.

ئەمدى مەيداندا باقەم باشچىلىقىدىكى يىگىتلەردىن باشقا ھېچكىم قالمىغانىدى.

— يىگىتلەر، بىز كۈچ توپلاپ چىڭ چېرىكلىرىنىڭ شەھىرىمىزگە ئوت قويۇپ، ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ،

قىزلىرىمىزنى ئىچكىرىگە پالىشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. ھازىر تارقىلىپ كەتكەن چېرىك-لەر بىلەن شەھەر ياشلىرى چېرىكلەرگە تەرەپ - تەرەپتىن يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. بىزمۇ چاپسانراق شۇلارغا قوشۇلۇۋالايلى.

باقەمنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا يىگىتلەردىن بىرى:

— ئەنە چېرىكلەر يەنە كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

باقەم بىلەن نۇزۇگۇم ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى ئابدۇللامغا ئوخشاش يىگىرمىگە يېقىن قەشقەر ياشلىرى جاھانگىر غوجا لەشكەرلىرى تارمار قىلىنىپ تارقىلىپ كەتكەندىن بېرى، ئۆزئارا ئۇيۇشۇپ چىڭ چېرىكلىرىگە قارشى ھۇجۇم قىلىپ يۈرەتتى. ئۇلار ھازىر چىڭ لەشكەرلىرى ئورۇنلاشقان «گۈلباغ»سېپىلى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىرەر يۈزدىن ئو-شۇق چېرىكنى كۆرۈپ، ئۇلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىسا كۈچە-نىڭ يېتىشمەيدىغانلىقىنى سېزىپ چېكىنمەكچى بولۇشتى.

— باقەم، سىلەر نۇزۇگۇم بىلەن ھېيتگاھ تەرەپكە چې-كىنىڭلار، بىز ئۇلارنى بىرئاز توسۇپ تۇرايلى، — دېدى ئاب-دۇللام.

— ئاكا، چېكىنسەك ھەممىمىز بىللە چېكىنىمىز! — نۇزۇگۇم ئاكىسىنىڭ ئەندىشىسىنى قىلىپ قارشىلىق كۆر-سەتمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن ئابدۇللام ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلدى.

— تالىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يوق! چېرىكلەر قىس-تاپ كېلىپ قالدى، تېز بولۇڭلار! بىز كەينىڭلاردىن قوغ-لاپ يېتىمىز.

نۇزۇگۇم ئاكىسىنى تاشلاپ كېتىشكە قىيماي، سەل

تارتىشىپ تۇرۇۋىدى ، قالغان يىگىتلەر ئۇنىڭ قولىدىن تۇ-
تۇپ ، سۆرەپ دېگۇدەك ئېلىپ ماڭدى .
— ئاكا ، ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول !— دەپ ۋارقىرىدى نۇزۇ-
گۇم كەينىدە قالغان ئابدۇللامنىڭ چېرىكلەرنىڭ قولىدىن
قېچىپ قۇتۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىپ .

## II

بىردەم جاھانگىر غوجىنىڭ ، بىردەم چىڭ چېرىكلىرى-
نىڭ قولىغا ئۆتۈۋاتقان قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىچى ئوپۇر-تو-
پۇر بولۇپ كەتكەنىدى . بەزىدە چوڭ ساراي ، مەدرىسىلەرنىڭ
دەرۋازا ، ئۆگزىلىرىگە ئوت تۇتىشاتتى - دە ، ئۇ يەرلەردىكى
كەپتەرلەرنىڭ تىنچ ھاياتى بۇزۇلۇپ ، ئۇلار ئاسمانغا توپ -
توپ بولۇپ كۆتۈرۈلەتتى . مەسچىتلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە ۋە
قاپاق تېرەكلەرگە ئۇۋىلىغان قۇشلارنىڭ پەيلىرى شەھەر
ئۇستىدىن تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان قارا كۇرەڭ
ئىستا يەرگە چۈشمەي لەيلەپ يۈرەتتى . باشتا بىرىنچى بولۇپ
توققۇزاق سارىيىغا ئوت تۇتاشقاندا «بۇ نېمە بالايىئاپەتتۇ ؟»
دەپ قالغان شەھەر خەلقى كېيىن دوتەي يامۇلى بىلەن باشقا
سارايلارنىڭ كۆيۈۋاتقىنىنى كۆرگەندە ، زامانىنىڭ نېمە بولۇ-
ۋاتقىنىنى چۈشىنەلمەي :
— جاھانگىر غوجىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ يېڭىلگىنى
راست ئوخشامدۇ ؟ — دەپ بىر - بىرىدىن سورىشاتتى .
خەلق ئاغزىدا ئىشقىلىپ ھەر خىل پاراڭ . بەزىلەر :
— بەشكېرەمدىن كەلگەنلەر غوجامنىڭ كۆچى كۆپ ، ئۇ

ئادەمنىڭ قولىدا بىز خەقتىن باشقا يەنە نارىنىنىڭ قىرغىزلى-
رى بىلەن قوقەنت، مەرغىلاندىكى مۇسۇلمانلارمۇ بار دەۋاتات-
تى. بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى يالغانمىكىنە؟— دېسە، بەزى-
لەر:
— ئۆتكەن يازدىلا ئۇنىڭ لەشكەرلىرى تومەن دەرياسى-
نىڭ ئولڭ تەرىپىدىكى توزلەڭدە چىڭ چېرىكلىرىنى قىرىپ،
شەھىرىمىزنى ئىشغال قىلغان ئەمەسمىدى، ئەمدى يەنە باشقا
پاراڭلار تارقىلىۋاتىدىغۇ؟ — دەپ ئۆزلىرىنىڭ بىرنەچچە ئاي
ئىلگىرى ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتاتتى. يەنە بەزىلەر:
— ئۇلار چىڭ چېرىكلىرىنى يەڭگەندە شەھەر ئىچىدە
قىشلاپ ياتماي، ئىلگىرىلەۋەرگەن بولسا بۇ كۈنگە قالمايت-
تى، — دېيىشەتتى.
لېكىن بۇ قېتىمقى جەڭدە جاھانگىر غوجىنىڭ لەشكەر-
لىرى چېكىنگەن بولسىمۇ، ئەمما قەشقەر خەلقى ئىلگىرى-
كىيىن يېڭىلمەستەك كۆرۈنگەن چىڭ چېرىكلىرىنىڭ ئاجىز
تەرەپلىرىنى روشەن كۆرگەنىدى. ئۇلار جەڭدە پەقەت ئادەم
سانىلا ئەمەس، خەلقنىڭ بىرلىكى ۋە يۇرت مۇھەببىتىنىڭ
زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. خەلقنىڭ
ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئويغانماي، ئۇنى كۈچەيتمەي تۇرۇپ،
ھۆرلۈككە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئاۋام خەلقنىڭ
ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتلىرىنى دەپ ئانا يېرىنى سې-
تىپ كېتىدىغان بەگلەرگە، ئەمەلدارلارغا ئۆچمەنلىكى تېخى-
مۇ كۈچەيدى. قەشقەر شەھىرىگە پەقەت دۇنيا يىغىپ تىرىك-
چىلىك قىلغىلىلا چەت ئەللەردىن كېلىدىغان سودىگەر —
كەلگۈندىلەرگە قاراش باشقىچىرەك ئىدى.
ھازىرمۇ بازار - كوچىلاردا كۆپىنچە شۇ ھەقتە گەپ-

سۆزلەر تارقىلىپ يۈرەتتى.

— ئاۋۇ كۈنىلا غوجىنىڭ لەشكەرلىرى غەلىبە بىلەن كىرىپ كەلگەندە چوڭ داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۇنى خەلقىمىزنىڭ سۇلتانى دەپ ئاتىۋىدۇق، بۈگۈن يەنە جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟ غوجىلارنى ھاقارەتلەپ، خەلقىمىزنى چىڭ چېرىكلىرىگە تۇتۇپ بەرگەن ئەمەلدارلار ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلغان. بۇنى ئاڭلىغان يەكەن، خوتەنلەردىكى خەلقلەرمۇ قوزغىلىپ چىڭ لەشكەرلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندى. قوقەنت خانىنىڭ ئون بەش مىڭ لەشكىرى بىلەن ياردەملەشكىنىنىمۇ ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋىدۇق. شۇ چاغدا تەسلىم بولغان چىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن چېرىكلىرى بىزنىڭ دىنىمىزنى قوبۇل قىلغاندى. قەشقەردە ھەتتا غالىبىيەت نامى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ تەڭگىلىرى سوقۇلغان. توۋا، شۇلارنىڭ ھەممىسى بىر دەمدىلا ھاۋاغا ئۇچۇپ كەتتىمۇ؟

ماناشۇنداق گەپ - سۆز، مۇلاھىزىلەر ئىچىدە كىشىلەر جاھانگىر غوجا لەشكەرلىرىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىغا يا ئىشىنىشنى، يا ئىشەنمەسلىكىنى بىلمەيتتى. ئەمما چىڭ چېرىكلىرىنىڭ شەھەر ئىچىدە كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇنىڭ ياخشىلىق ئەمەسلىكىنى سەزگەن بەزى ئادەملەر:

— غوجىنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدىمۇ ساتقۇنلار كۆپىيىپ كېتىپتۇدەك، قوقەنتلىكلەر ئۆز يېرىگە قېچىپ كېتىۋاتقۇدەك دېگەن گەپلەر بىكار ئەمەس ئوخشايدۇ. بولمىسا جاھانگىر غوجا چىڭ چېرىكلىرى بېسىپ كەلگەندە قىرغىزلار ئارىسىغا كېتەمدۇ؟ ئۇ كىشى ھازىر قىرغىزلاردىن لەشكەر

توپلاپ جەك قىلماقچىمىش ،— دەيتتى .

مۇنداق گەپ - سۆزلەر قەشقەر بازارلىرىدا ھەر كۈنى ھەر ياڭزا تۇس ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

بىر كۈنى «چىڭ چېرىكلىرى ئىسهاق ۋاڭنى قەشقەرگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەپتۇدەك »دېگەن پاراڭ تارقىلىپ ، ئار-قىدىنلا بۇنىڭغا ئىسهاق ۋاڭ قىرغىزلارغا پۇل بېرىپ : «مەن جاھانگىر غوجىنىڭ سادىق ئادىمى » دەپ ئۇلارنى ئالداپ ، غوجىنى مانجۇلارغا تۇتۇپ بېرىپتۇدەك ، دېگەن سۆزلەر قو-شۇلدى .

بەزىلەر : «سەردارنىڭ قولغا چۈشۈشى مۇمكىن ئە-مەس ، بۇ بىر ئىغۋا» دېيىشىپمۇ يۈردى . لېكىن بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا خەلقنىڭ كۆزى يەتكەندە : «يەنە شۇ بولمىغۇر كېسىلىمىز بېشىمىزغا چىقىپتۇدە» دەپ ئاھ ئۇرۇشتى . ئۇلار ئەمدى ئۆز تەقدىرىنىڭ كىملەرنىڭ قولىغا قېلىپ ، نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەي ئېسەنگىرەپ قېلىشتى .

Ⅲ

— ھاي ، خالايىق ، يېڭى دارېن يۇقرانى كەچۈرۈم قىل-دى ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى .

ھەممە ھېيتگاھ تەرەپكە كېلىۋاتقان جاكارچىغا قارىدى . ئۇ ئۇچىسىغا ئۆڭۈپ ئاقىرىپ كەتكەن پەرىجە كىيىپ ، ئۇس-تىدىن بېلىنى كەندىر يىپ بىلەن باغلىۋالغان ، بېشىدىكى ئەنجان دوپپىسى كىرلىشىپ كەتكەنىدى . جاكارچى ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ چۆرىسىگە قاتار سېلىنغان دۇكانلارنى ياقىلاپ ،

ئاۋازىنىڭ بارىچە جار سېلىپ كېتىپ باراتتى . ئۇنىڭ كەينى-
دىن جاكارچىنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك
بىر توپ ئادەم ئەگىشىۋالغانىدى . ئەمما ئۇلار جاكارچىنىڭ
ئارقىسىدىن دېگۈدەكلا كېلىۋاتقان دەرۋىشنىڭ سۆزىنى ئاڭ-
لاپ قېلىشتى .
— خالايىق ، ئىسھاق ۋاڭنىڭ ئادەملىرى تارقاتقان سۆز-
لەرگە ئىشەنمەڭلار . ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى يال-
غان ! غوجامنىڭ لەشكەرلىرىنى چىڭ چېرىكلىرى «گۇلباغ»
قا ئەكىرىپ قىيناپ ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ . مەزلۇملارنى ئىچكىرىگە
پالاش ئۈچۈن ئۆيلەردىن سۆرەپ ئاچىقىپ ئۆز ئوردىسىغا
يىغىۋاتىدۇ . ھازىر قەشقەردە ئىشەنگۈدەك ئادەم قالمىدى .
بۇ دۇنيانى ئالدامچى دۇنيا دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن . ئادەم-
لەرنىڭ تولىسى ساتقۇن ، خۇشامەتچى بولۇپ كەتتى . كەل-
گۈندىلەر كېتىپ ، ئەتە - ئۆگۈن بۇ شەھەردە سىلەر بىلەن
بىز قالمىز . خالايىق ، بۇلارغا ئىشەنگىچە بىزنى تۇغۇپ
ئۆستۈرگەن ئانا يېرىمىزگە ئىشىنىڭلار .
ئاپئاق غوجام زامانىسىدىن تارتىپلا مۇنداق جەڭ -
يىغىلىقلاردا پۇقرا بىلەن بولۇپ ، خەلق بېشىغا چۈشكەن
قايغۇ - ئەلەمنى تەڭ تارتىپ كېلىۋاتقان دەرۋىش - قەلەندەر-
لەرنىڭ ھەممىسى باشقا ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشاش رىيازەت
چېكىش ئۈچۈن ، چۆل - جەزىرىلەرگە ، مازار - ماشايىخلار-
غا كەتمەي ، نېمە كۆرسەكمۇ خەلق بىلەن بىللە كۆرەيلى
دېگەندەك شەھەردىن چىقماي يۈرەتتى . ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى
ئاڭلىغان پۇقرالار يەنە تېگىرقاپ تۇرۇپ قېلىشتى .
— ۋاي ، خۇدايىمەي ، مۇشۇنداقمۇ بولىدىكەن - ھە ،
ئاتاۋۇل چوڭ دادا ، بىزنىڭ ئوغلانلىرىمىز نەچچە ۋاقىتتىن

بىرى مۇشۇ كۈنلەر ئۈچۈن قان تۆكتىمۇ؟ ياغاچچى ۋە تۆمۈر-چىلىرىمىز كىچەيۇ كۈندۈز ئامازلىرىنى قازا قىلىپ، مۇشۇ كۈنلەر ئۈچۈن قورال سوقتىمۇ؟ سىزمۇ تالاي غازاتلارنى باشتىن كەچۈرگەن پەنسادقۇ* . ئەمدى بىزنىڭ كۈنىمىز نېمە بولۇپ كېتەر؟

— قاچانلا بولسا كەلگۈلۈك ئاددىي پۇقرانىڭ بېشىغا كېلىدىغان بولدىغۇ. ھە، باي - غوجاملار بىزنى جەڭگە ھەي-دەپ، باشقا ئېغىر كۈن چۈشكەندە ئۆزلىرى يەنە چەتكە چىقىۋالغان. ساتقۇنلۇقمۇ ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىد-ۋاتقان.

ئالدىغا تېرە پەشتاما تارتىۋالغان ئېگىز بويلۇق تۆمۈرچى قېرى پەنسادنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى. ئۆزى تىمەن بولغىنى بىلەن قويۇق ساقال - بۇرۇتى كۈمۈشتەك ئاقارغان قېرى پەنساد تۆمۈرچىگە جاۋاب بېرىپ ئۈلگۈرە - ئۈلگۈر-مەستىنلا، ئۇنىڭ سۆزىنى بېشىغا ئەنجان دوپپا كىيگەن پاكار بويلۇق، چىرايى ئاق سېرىق، ئاۋازى غازنىڭ ئۈنىدەك ئىنە-چىكە چىقىدىغان بىر ئادەم بۆلۈۋەتتى.

— بۇ شوۋىچىلارنى گۆش، ياغ بىلەن بورداپ، جەڭگە تەييارلىغىچە، كېپەك بېرىپ بېقىش كېرەكتى. شۇ چاغدا ئۇلار قەشقەرنى ساقلاپ قالاتتى.

كۈمۈش ساقاللىق ئادەم ئۇنىڭ سۆزىگە ئارىلاشقۇسى كەلمەي ئۆزىنى چەتكە تارتتى. ئەمما بېشىغا ئەنجان دوپپا كىيىۋالغان غاز ئۈنلۈك ھېلىقى ئادەم ئاغزى بېسىلماي سۆز-لەۋەردى:

* پەنساد — خانلىق دەۋرلىرىدە ئەسكەر باشلىقلىرىغا بېرىلگەن ئۇنۋانلاردىن بىرى.

— ئۇنىڭدىن كۆرە مانا ماۋۇ تاۋارلارنى ئېلىڭلار ، دۇنيانىڭ ئازابىنى تارتىپ مەرغىلاندىن ئەكەلدىم ئەمەسما . مېنى دېسە بىرى ئۆلۈپ ، بىرى قالسۇن .

قېرى پەنسادنى مەيداننىڭ چېتىگىرەك يېتىلەپ چىققان تۆمۈرچى ئىچىگە تولغان دەرد - ھەسرىتىنى يەنە ئېيتىشقا باشلىدى .

— غوجامنى تاغ قىرغىزلىرى ئارىسىدىن كۆچ توپلاپ ئۆز كۆچىنى ئاشۇرۇۋاتىدۇ دەۋاتاتتى ، ئۇنداقتا بۇنىڭ ھەممىسى يالغان - ياۋىداق پاراڭ بولۇپ چىقتىما ، چوڭ دادا .

— ئۇنداق ئەمەس ، ئاڭلىغانلىرى توغرا . ئۆتكەندە تاغلىق تاجىكلار ياردەم بەرگەچكىلا جاھانگىر غوجىلار نۇسرەت قازانغانىدى . بولمىسا بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قاچان تاياق - توقماق كۆتۈرۈپ شە ئالغان ؟— دېدى ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن ئۇنى ئىنچىكە ئادەم سۆزگە يەنە ئارىلىشىپ .

بۇ گەپ تۆمۈرچىگە ياقماي قالسا كېرەك ، شۇڭا ئۇ زەردە ئارىلاش گەپ قىلدى .

— ھوي ، ئۇكام ، بىز بارغۇ بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ، نېمە دەۋاتىدىلا ، ئاۋۇ كۈنى شەھەر ئىچىدىكى جەڭدە يەكەن ، يېڭىشەھەر ، خوتەن خەلقىنىڭ قانداق ئېلىشقانلىقىنى كۆرگەن بولغىيدىلا . سىلىگە ئوخشاش كەلگۈندىلەر زامان تىنچ چاغدا مەيدىسىگە ئۇرۇپ گۆركىرىگىنى بىلەن ، باشقا ئېغىر كۈن چۈشكەندە خۇرجۇنىنى مۈرىسىگە ئارتىپ قۇيرۇقنى خادا قىلىدۇ . ئىچكىرىدىن مانجۇ چېرىكلىرى كېلىۋىدى ، غوجامنى ھە - ھۇ دەپ شىلدىغان تاجىكلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ ، ئۇنىڭ قېشىدا پەقەت تاغ قىرغىزلىرىلا قاپتۇ . ئادەمنىڭ ئاغزىنى غىرىچلىماي سو-

دىلىرىنى قىلىسىلا .

— قىرغىزلار دوستقا سادىق ، جەڭگە مىقتا خەق ، جۇمۇسىلا ، — دېيىشىپ بۇلارنىڭ پارىڭىنى باشقىلار قوللاپ كەتتى .

ئىلگىرىدىنلا خۇددى ئاپتاپپەرەسكە ئوخشاش زامان ، ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش قىلىشقا ئۆگىنىپ كەتكەن شەھەر سودىگەرلىرى بىلەن قازىكالانلار جاھانگىر غوجىنىڭ تەختى پايىسى سەل لىڭشىشقا باشلىغاندا ، مانجۇلارنىڭ رايىغا بې-قىپ ، ئۇلارنىڭ بىرەر مەنسىپىگە ئېلىشىپ ، ئۆزلىرىنىڭ مال ـ دۇنيالىرىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ كويىغا چۈشكەنىدى . بەزىلىرى قولى بوش بولسىلا ھېيتگاھ مەيدانىغا يىغىلىپ ؛ كىمنىڭ يەڭگەنلىكى ، كىمنىڭ يېڭىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا بولۇۋاتقان پاراڭلارنى ئاڭلاشقا بېرىلىپ كەتكەنىدى .

جاكارچىلار تەرىپىدىن چۈشكىچە بىر ياڭزا ، چۈشتىن كېيىن بىر ياڭزا پاراڭ تارقىلىدىغان ھېيتگاھ مەيدانىدىن ئادەم ئۈزۈلمەيتتى . بۇ يەرگە ئەتراپتىكى يېزىلاردا تۇرىدىغان ئادەملەرمۇ توپ ـ توپ بولۇپ كەلمەكتە ئىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جاھانگىر غوجىدىن ئۈمىدى زور ئىدى . ئۇزۇن قۇلاقلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا ، مانجۇلارنىڭ ئون تۈمەندىن ئارتۇق چېرىكىنىڭ كۆپچىلىكى ئۈچىسىغا پەرىجە كىيىپ ، باشلىرىغا سەللە ئوراپ ، جاھانگىر غوجىنىڭ لەشكەرلىرىگە قوشۇلۇپ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەر خىل پىتنە ـ ئىغۋالارنى تارقىتىپ جاھانگىر غوجىنىڭ لەشكەرلىرىنى قاچۇرۇشقا باشلاپتۇ .

مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرگەن شەھەر خەلقى تاغ تەرەپكە قېچىپ كەتكەن جاھانگىر غوجىنىڭ چاپسانراق قاي-

تىپ كىلىپ ئۆزلىرىنى مانجۇ چېرىكلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇ-
شىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى . ئۇلار خۇددى دەريا سۇ-
يىنى قاق يېرىپ ئۆتىدىغان قېيىقلاردەك چاپسان ـ چاپسانلا
ھېيتگاھ مەيدانىدىكى توپلىشىپ تۇرغان خەلقنى ئىككىگە
بۆلۈپ ، ئات چاپتۇرۇپ ماڭىدىغان چەۋەندازلارغا «بۇلار جا-
ھانگىر غوجىنىڭ لەشكەرلىرى ئەمەستۇ» دېيىشىپ قارايدى-
غان ، ئەمما ئۇلارنىڭ چىڭ چېرىكلىرى ئىكەنلىكىنى كۆ-
رۈپ ، ئۈمۈنغان ھالدا يەنە كەينىگە شوخشۇيتتى . چېرىكلەر
جاھانگىر غوجىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن لەشكەرلىرىنىڭ قول-
لىرىغا كويزا ، پۇتلىرىغا كىشەن سېلىپ ، «تەسلىم بولمى-
غانلار مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ» دېگەندەك ، ھېيتگاھنىڭ
ئوتتۇرىسىدىن ھەيدەپ ئۆتەتتى . بەزى ياپياشلا يىگىتلەرنىڭ
جەسەتلىرى مەيدانغا ياسالغان دارلاردا ، دەرۋازا باشلىرىدا ،
قۇشلار ئۇۋۇا سالغان قېرى قاپاق تېرەكلەردە ئېسىقلىق تۇراتـ-
تى . چېرىكلەر سوزۇلۇپ پۇتلىرى يەرگە تېگەي دەپ قالغان
بۇ جەسەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قوۋم ـ قېرىن-
داشلىرىنىڭ دەپنە قىلىشقا رۇخسەت قىلمايتتى .

## IV

— خالايىق ، يول بوشىتىڭلار . قېنى ـ قېنى نېرىراق
تۇرۇڭلار !— جاكارچىنىڭ ھېيتگاھنى بېشىغا كىيىپ ۋارقى-
رىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن ئادەملەر شىر ـ يولۋاسلارنى
سولايدىغان تۆمۈر قەپەستە قارا پەشمەت كىيىپ ، بېلىگە
كەڭلىكى بەش ئىلىك كېلىدىغان تاسما پوتا باغلىغان قىرىق

ياشلار چامىسىدىكى ئادەمگە قاراشتى. ئۇنىڭ قېلىن قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى كۆمۈردەك قارا كۆزلىرى ئوت چاقنىغاندەك يالتىراپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن ئادەملەر ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيۋاتقاندەك يېنىپ - يېنىپ قارىشاتتى.

— يائاللا، بۇ، ھەقىقەتەن جاھانگىر غوجامىدۇ؟!

— بەستى ئانچىۋالامۇ يوغان ئەمەس ئىكەنغۇ؟

— مۇشۇنداق تۇرۇپ ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى چىڭ چېرىكلىرىنىڭ چۇمۇلىدەك قاپساپ كەلگەن لەشكەرلىرىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىپ، قەشقەرنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ.

جاھانگىر غوجىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىپ يۈرگەن خەلق ھاياجانلىنىپ كەتتى. بۇ چاغدا كىمدۇر بىرى:

— مۇشۇ ئادەم قولغا چۈشكەندىن كېيىن بىزنىڭ ئەمدى ھەر نېمە بولمىغىمىز ھەق دەڭلار، — دېدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا يەنە بىرىنىڭ:

— بىز ئۇ كىشىنىڭ چىڭ چېرىكلىرى بىلەن ناچار ئېلىشقانلىقىدىن ئەمەس، ساتقۇنلارنىڭ خائىنلىقى تۈپەيلىدىن يېڭىلىپ قالدۇق، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— توغرا ئېيتىدىلا! — دەپ بۇ سۆزنى دۈگىلەك قارا كۆزلىرى چانىقىغا ئولتۇرۇشۇپ قالغان چاڭگا ساقاللىق ئادەم ماقۇللىدى، — بەزى ئادەملەر بىر شەنىڭ بەگلىكىنى بېرىمىز دېسە خەلقىمىز بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا خوتۇن، بالا - چاقىسىنىمۇ سېتىۋېتىشتىن يانمايدۇ؟ بالا ۋاقتىدا قەشقەردىن قېچىپ كېتىپ، بۇ تەرىپى قوقەنت، مەرغىلان، ئەنجاننىڭ خەلقىنى، ئۇ تەرىپى تاغ قىرغىزلىرى بىلەن تاجىكلار-

نى كەينىدىن ئەگەشتۈرۈپ ، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ جەڭگە باشلاپ كەلگەن بۇ ئادەم پەقەت ساتقۇنلارنىڭ كاساپىتىدىن قولغا چۈشتى - دە .

— ئۇ دېگەنلىرى راست ! — جەڭدە بىر قولىدىن ئايرىلىپ ، ئەمدى نېمە قىلارىنى بىلمەي تىت - تىت بولۇۋاتقان ياش يىگىت سۆزلەپ كەتتى ، — ئەسلىدە بىز بىرىمىز بىرى تارتىشاق ، يەنە بىرىمىز نېرى تارتىپ دۈشمەنگە يەم بولۇپ كېلىۋاتىمىز . مانا ئاۋۇ ئىسھاق ۋاڭنىلا ئالايلى ، ئۇنىڭغا چىك ئەمەلدارلىرى بەش كۈنلۈك ۋاڭلىق ئەمىلى بېرىپ قويۇۋىدى ، كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالدى - ھە .

ئالدىرىمىسىلا ، ئۇكا ، ياراتقان ئىگەمنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن .

ھېلىقى بىر قولى يوق يىگىت تېخىمۇ قىزىپ سۆزلەپ كەتتى :

— ئاكا ، قىرغىزلار غوجامنى ئۆز باغرىمىز دەپ ئىچىگە ئېلىۋاتقاندا ، ئىسھاق دېگەن بۇ ۋاڭنىڭ : «مەن غوجامنىڭ سادىق ئادىمى »دەپ قىلغان خائىنلىقىنى قارىمامدىلا ، بەلكى ئۇ ئۆمۈر بويى ئەۋلادى بىلەن قەشقەرگە ۋاڭ بولۇپ قالىمەن دەيدىغاندۇ . ئەمما ، ئۇ بۇ چۈشىنى سۈغا ئۆرىسۇن ! قەشقەر خەلقى ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتسىمۇ ئىسھاق ۋاڭنىڭ خائىنلىقىنى ئۇنتۇمايدۇ !

سولانغان قەپەس ھېيتگاھ مەيدانىغا قويۇلۇشى بىلەن بىر قولى يوق يىگىت ئۆزىنى شۇ تەرەپكە ئاتتى . لېكىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن يايى يالاڭۋاشتاق يىگىتنىڭ بېشىغا يوغان قامچا بىلەن ئىككى - ئۈچنى ئۇرۇۋەتتى . يىگىتنىڭ بېشى قېيىپ ، بىر پەس ئېسەنگىرەپ تۇرۇپ قالدى - دە ، قامچا

تەگكەن يەردىن ئىرغىپ چىقىپ ، ماڭلىيىغا ئېقىپ چۈشۈۋاتقان قاننى ساق قولى بىلەن سۈرتتى ، ئاندىن يايىنىڭ پىچاق بىلەن تىلىپ قويغاندەك جىرتاق كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى :

— بىز تىرىك تۇرۇپ سەنلەرگە دەپسەندە بولمايمىز ، — ئۇ شۇنداق دەپ ئۆپچۆرىسىگە قارىۋىدى ،يايىغا ئاتقۇدەك ھېچ نەرسە تاپالماي ، جاھانگىر غوجىنى سولىغان قەپەسنىڭ تۆمۈرلىرىنى تارتىپ يۇلۇۋالماقچى بولدى .

بۇ چاغدا چىڭ چېرىكلىرىنىڭ جاھانگىر غوجىنى تۇتۇپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ يىغىنلىغان ئادەملەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنى كۆچىيىپ كەتتى .

خەلق قەپەسنى قورشاپ يىغىنلىشىپ كېلىۋىدى ، ئات ئۈستىدە تۇرغان مانجۇ ئەمەلدار چېرىكلەرگە قاراپ نېمىندۇر دەپ ۋارقىرىدى . ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان چېرىكلەر بىر قولى يوق ھېلىقى يىگىتنى نەيزىلەپ تاشلىدى .

— ۋاي خۇدايىمەي ، ئەمدى بىز كۆرمىگەن بۇ كۈنلەر قاپتىمىكەن ، — دەپ ئاياللارنىڭ زارلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى . شۇ ئارىلىقتا ئاق يۈزلۈك ، زىلۋا بويلۇق بىر قىز توپتىن يۇلقۇنۇپ ئالغا چىقىپ :

— ھەي ، قەشقەرنىڭ يىگىتلىرى ، خوتۇنلارغا ئوخشاش جاۋىلدىشىپ تۇرامسىلەر ، ھامان بىر ئۆلۈم ، قېنى ئالغا ،— دەپ ۋارقىرىۋىدى ، چېرىكلەرنىڭ قانغا بويالغان نەيزىسى ئۇنىڭ قىزىل دۇخاۋىدىن تىكىلگەن جىلىتكىسىگە تىرەلدى . قەددىنى تىك تۇتقان قىز ئاق پاختىسى چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى تېخىمۇ يوغان ئېچىپ ، جامائەتكە بىر

نەرسە دېمەكچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى ، لېكىن مەيدىسىگە سان-
جىلغان نەيزىنىڭ دەستىدىن دەم ئالالماي قالدى . بىر چاغدا
ئۇ جىلتىكىسىنىڭ سىرتىغا ئۇرغۇپ چىققان قاننى ئالىقىنى
بىلەن مەھكەم بېسىپ ، قەپەسىنىڭ يېنىغا سەنتورۇلۇپ
باردى - دە ، ئۇنىڭ تۆمۈرلىرىنى تۇتۇپ تىزلىنىپ يىقىلدى .
باياتىن ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىۋاتقان خەلق بىردىنلا جىم بولۇپ
قالدى .

— كەچۈرسىز ، غوجام ! بۇ دۇنيادا سىزنىڭ ئايىغى-
ڭىزدا جان ئۈزۈش مېنىڭ ئۈچۈن بەخت ، — دېدى ھېلىقى
قىز .

ئاتلىق چېرىك : «ئەمدىغۇ كىم ئىكەنلىكىنى كۆرگەنسى-
لەر . بىزگە قارشى چىققان ھەرقانداق ئادەمنىڭ تەقدىرى
مۇشۇنداق بولىدۇ» دېگەندەك كۆزلىرىنى سەل ئېچىپ ، جا-
مائەتكە زەردە بىلەن قارىدى . بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرغان
خەلق غەزەپكە كەلدى - دە ، ئەمدى نېمە قىلىمىز دېگەندەك
بىر - بىرىگە قاراشتى .

— خالايىق ، مۇنداق تۇرۇۋەرسەك بۇلارغا يەم بولۇپ
تۈگەيمىز . ھامىنى بىر ئۆلۈم ، ئاجىزلار چېغىدا جېنىنى
قۇربان قىلىشىۋاتقان يەردە بىزگە ئۇيات ئەمەسمۇ ؟ —
بۇرۇتى يېڭىدىن خەت تارتىپ قالغان ئېگىز بويلۇق ، قوشۇما
قاش يىگىت توپتىن سۇغۇرۇلۇپ مەيدانغا چىقتى - دە ،
تۆمۈر قەپەسكە يېقىنلاشتى .

بۇ قەيسەرلىكنى كۆرگەن خەلق بۇ يىگىتنىمۇ ئۆلۈپ
كېتىدىغان بولدى دەپ ئۆزلىرىنى چەتكە تارتىشتى . ئۆلار-
نىڭ بەزىلىرى :

— ھاي ، ئۆكام ، يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقمايدۇ . نا-

ھەق قۇربان بولۇپ كېتىسەن ، كەينىڭگە قايت ،— دەيتتى . ئەمما ۋارقىرىشىۋاتقانلار ئارىسىدا بۇ يىگىتنىڭ جاسارىتىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگۈچىلەر كۆپ, ئىدى .

— ئۆزىڭىزگە ھېزى بولۇڭ ، باقەم ! — قاشلىرى ئىنچىكە ، زىلۋا بويلۇق جۇۋان ئۈچ ـ تۆت ياش چامىسىدىكى قىزى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇچىسىغا ھاۋارەڭ كۆڭ-لەك ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن قىزىل بەرقۇتتىن تىكىلگەن پەش-مەت ، بېشىغا ئۈستى يېشىل مەخمەل قاپلانغان سۆسەر تۆپە كىيىپ ، بىلەكتەك ئىككى ئۆرۈم چېچىنىڭ بىرىنى ئالدىغا ، بىرىنى كەينىگە تاشلىغان بۇ جۇۋاننى كۆرگەن ئادەملەر تې-ڭىرقاپ قېلىشتى . بەزىلەر ئۇنىڭ كىملىكىنى سورۇشتۇر-غىلى تۇردى :

— بۇ جۇۋان كىمكىنە ؟

ئۇزۇن چەكمىنى جۇۋازخانىدا ماي تارتقان ئادەمنىڭ كىيىمىدەك كىرلىشىپ كەتكەن ۋىجىك بوۋاي مورىسىگە ئار-تىۋالغان خورجۇنىنى ئىككىنچى مورىسىگە تاشلاپ :

— بىز ئۇنى نەدىن بىلەيلى . ھازىر قەشقەردىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرى چەتتىن كەلگەنلەر تۇرسا ، — دېدى ـ دە ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — كىم بولسىمۇ ، ئىشقىلىپ ، قەيسەر ئايال ئىكەن .

— هاي ، نۇزۇك ، سىلەرگە نېمە كۆرۈندى ؟ ! كەينىڭ-لارغا يېنىڭلار . ناھەقتىن ئۆلۈپ كېتىسىلەرغۇ سىلەر .

ئادەملەر ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشتى .

— ھوي ، مۇنۇ بۇلاقبېشىدىكى ئاتاۋۇل پەنسادقۇ ! — دېدى بايىقى خورجۇنىنى مورىسىگە ئارتىۋالغان ۋىجىك بو-ۋاي .

— قايسى ئاتاۋۇل ؟

ھەممە كىشى مەيدانغا چىققىلىۋاتقان بوۋايغا قاراشتى . لېكىن ئادەملەر چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان بوۋاينى قو-لىدىن تۇتۇۋېلىپ ، مەيدانغا چىقىشىغا قوشۇلمىدى .

— ھوي ، راستىنىلا قېرى پەنسادكەنغۇ . ئاۋۇ چوكان شۇنىڭ قىزى نۇزۇگۇمغۇ ؟

— قايسى نۇزۇگۇمنى دەۋاتىسىلەر ؟

— قايسى بولاتتى ،ھېلىقى شائىر ئابدۇرېھىم نىزارد-نىڭ مەدرىسىدە تەلىم ئالغان قوشاقچى نۇزۇگۇمچۇ ،— دەپ بېشىغا شاپاق دوپپا كىيگەن ، چىرايى كۈننىڭ ئىسسىقىدا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن ئادەم چۈشەندۇردى .

— ئاشۇ ئۆلىمانىڭ قولىدا كۆپلىگەن ۋەتەنپەرۋەر شا-گىرتلار تەربىيىلەندى ، جۇمۇسىلا ،— دېدى بايىقى خۇرجۇ-نىنى مۇرىسىگە ئارتىۋالغان بوۋاي . ئەمما ئۇلارنىڭ ئاۋازد-نى : «نۇزۇگۇم ، هاي ، جېنىم قىزىم ، ئۆزۈڭنى ئايىمد-ساڭمۇ نارەسىدە بالاڭ بىلەن قېرى داداڭنى ئايىساڭچۇ ؟ هاي ، كۈيئوغۇل ، كەينىڭىزگە قايتىڭ ! »دېگەن قېرى پەن-سادىنىڭ گۈركىرەپ چىققان ئاۋازى بېسىپ كەتتى .

كىشىلەر ئاتاۋۇل پەنسادقا تەسەللى بەردى :

— سەۋر قىلسىلا ، چوڭ دادا ، دەھشەتلىك پەيتلەردە ياشلارنى توختاتقىلى بولامدۇ ؟

— نۇزۇگۇم ، كەينىڭىزگە يېنىڭ !

— ئاۋۇ ئالدىدا كېتىپ بارغىنى باقىغۇ ، — دېيىشتى ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ مەيدانغا چىققىنىغا ھەيران بولغان-لار .

— كۆردۈڭمۇ ، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ قورقماستىن ، ئېرد-

دىن قالماي مەيدانغا چىققىنىنى . قانچە قىلغان بىلەن پەنسادنىڭ قىزى – دە !

بۇ ۋەقە ھېيتگاھ مەيدانىدىكى ئادەملەرنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى . ئۇلار ھەققىدە ھەركىم ھەر خىل گەپلەرنى قىلاتتى .

— قىزلار بېلىنى باغلاپ ، مەيدانغا چۈشۈۋاتقاندا بىز قانداق قاراپ تۇرىمىز . قاچانغىچە بۇ جاننى ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ساقلايمىز . قېنى ، يول بېرىڭلار !— دەپ شاپ بۇرۇتلۇق يىگىت مۈرىسىگە ئارتىۋالغان پەشمىتىنى قولىغا ئېلىپ سىقىمداپ تۇتتى – دە ، ئۆزىنى نۇزۇگۇملار تەرەپكە ئاتتى .

بىر قولىدا ئېرىنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ ، ئىككىنچى قولىدا قىزىنى يېتىلىۋالغان نۇزۇگۇم ئېتىلىپ ئالدىغا چىقتى – دە :

— خالايىق ، بۇلار ھەممىمىزنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ . قەددىڭلارنى پۈكمەڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى ، ئاندىن چېرىكلەرگە قاراپ توۋلىدى ، — يوقىلىش كۆزىمىزدىن ! سەنلەر غوجامنى قەپەسكە سولىغان بىلەن پۈتكۈل قەشقەر خەلقىنى سولىشالمايسەن .

نۇزۇگۇم بىلەن باقەم قەپەسكە سەل يېقىنلىشىۋىدى ، جامائەت چېرىكلەر ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولدى دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى . ئۇلار نۇزۇگۇمنى ئاياپ ، ئەگەر چېرىكلەر بۇ قىزغا قول كۆتۈرسە ، ھەممىمىز ئۇلارغا يېپىشىمىز دېگەندەك ، بارغانسېرى يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى . خەلق بىلەن كۈچ ئېلىشالمايۋاتقان چېرىكلەر : «ئەمدى بۇ خوتۇننى نېمە قىلىمىز» دېگەندەك ئات ئۈستىدىكى مانجۇ باشلىققا قا-

راشتى. بۇ چاغدا ئىلگىرى - كېيىن مۇنداق گۈزەل ئايالنى كۆرۈپ باقمىغان چېرىك بېشى نۇزۇگۇمدىن كۆزىنى ئالالماي قالدى - دە، ئۇنىڭغا كۆڭۈل رىشتىنى ئىزھار قىلماقچى بولغاندەك ھىجىيىپ يوغان چىشلىرىنى كۆرسەتتى. لېكىن نۇزۇگۇم ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ دۈشمىنىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتى ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئاتتىكى چېرىك نۇزۇگۇمغا ياخشىراق سەپسېلىپ قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاۋۇ كۈنى «گۈلباغ» ئالدىدىكى جەڭدە ئەي جياڭجۈننىڭ ياردەمچىسىنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتكەن ئايال ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. چېرىك بېشى دەرھال ئەس - ھوشىنى يىغىپ، چېرىكلەرگە قاراپ ۋارقىرىدى. باياتىن قورشاپ، قىسىپ كېلىۋاتسىمۇ، پەقەت باشلىقىنىڭ ئەمرى - پەرمانى بويىچە ئىش قىلىپ كېلىۋاتقان چېرىكلەر ئەمدى نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ توپلانغان خەلقنى قوغلاشقا باشلىدى.

— ماڭ، يوقال، بولمىسا ھازىر ھەممىڭنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ دەرۋازىغا ئېسىپ قويىمىز!

بىر - ئىككى چامداپ، شىپقاپ ئىلگىرىلەۋاتقان خەلق چېكىنسىمۇ باقى بىلەن نۇزۇگۇم چېكىنمىدى. چېرىكلەر يەنە ئات ئۈستىدىكى باشلىقىغا قارىۋىدى، تېخىچىلا نۇزۇگۇمنىڭ چىرايىغا مەھلىيا بولۇپ تۇرغان بۇ مانجۇ جياڭجۈننىڭ چىرايلىق قىز - جۇۋانلارنى ئىچكىرىگە پالاش ھەققىدىكى بۇيرۇقىنى ئەسلىدى - دە، ئۇنىڭدىن بۇ جۇۋاننى تىرىك تۇتقانلىقى ئۈچۈن مۇكاپات ئالىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ چېرىكلەرگە: «ئۇنى تۇتۇپ چەتكە ئاچىقىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. ئۈچ - تۆت چېرىك ئۆزلىرىدىن ئىگىز جۇۋاننىڭ

قوللىرىنى قايرىپ تۇتۇپ ، ئۇنىڭ كەينىگە تىرەجەپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە قارىماي ، سۆرەشتۈرۈپ چەتكە ئېلىپ ماڭدى . قالغان چېرىكلەر باقىغا ياماشتى .

— باقەم !

— نۇزۇگۇم !

بارغانسېرى بىر - بىرىدىن يىراقلىشىۋاتقان بۇ ئىككىسىنىڭ چىلىڭ چېرىكلىرىنى تىللاپ ۋارقىرىغان سۆزلىرى ئادەملەرنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىپ ، چىلىڭ ئەمەلدارلىرىغا بولغان غەزىپىنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە ئىدى .

— بۇ نېمە بالا - قازادۇر ، ئەمدى بىز كۆرمىگەن مۇشۇ كۈن قالغانمىدى . بۇلار ئەرلەرنى ئازابلىغىنىنى ئاز دېگەندەك ، قىزلىرىمىزغىمۇ كۈن كۆرسەتمەيدىغان ئوخشايدۇ .

باياتىن بېرى جاھانگىر غوجا ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىۋاتقان قەيسەرلەرنى كۆرۈپ ئاھ ئۇرۇۋاتقان خەلقنىڭ غۇلغۇلىسى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى .

— هاي ، يىگىتلەر ، ئۇلار مۇشۇنداق قىزلارنى ئاردىمىزدىن ئەكېتىپ بارسا قانداق چىداپ تۇرىسىلەر ؟

بېشىغا داكا ياغلىق تاڭغان مەزلۇمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنى تۇتۇپ تۇرالمىغان يىگىتلەر نۇزۇگۇمنىڭ كەينىدىن يوپۇرۇلۇپ مېڭىشىدى ، ئۇلاردىن يەنە تۆتىنىڭ مەيدىسىگە نەيزە سانجىلىپ يىقىلدى . بۇ چاغدا نۇزۇگۇمنى ئېلىپ ماڭغان چېرىكلەر بىرنەچچە سەپ بولۇپ ئۇلگۇرگەنىدى . قۇرۇق قول يىگىتلەر چېرىكلەرگە قارشى كۈچ ئىشلىتەلمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئاستا - ئاستا كەينىگە چېكىنىشتى .

— قىزىم !— ئاتاۋۇل بوۋاينىڭ يىغا ئارىلاش بوغۇلۇپ

چىققان ئۇنى خەلقىنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭنىنى بېسىپ ئاڭلان-
دى ، — قىزىمنى قويۇۋېتىڭلار ، ئىپلاسلار ! شۇنچە ئەرنىڭ
قانلىرىنى ئىچىشكىنىڭنى ئاز دەپ ، ئەمدى قىزىمنىڭ قېنىد-
نى ئىچىشكۈڭ كەلدىمۇ ؟

— دادا... ئارزۇگۇلگە قارىسىلا... ،— نۇزۇگۇمنىڭ ئا-
ۋازى بىلەن تەڭلا ئۈچ ياشلىق ئارزۇگۇل ئۆزىنى تۇتۇپ
تۇرغان ئايالنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ، ئاپىسىنىڭ
كەينىدىن يۈگۈردى :

— ئاپا...

نارەسىدىنىڭ ئاۋازى ئۇزاق سوزۇلمايلا «ئاپا» دېگەن
پېتى توختاپ قالدى . ئۇنىڭ ئورنىغا كىمدۇر بىرىنىڭ :

— ۋايجان ! — دەپ ۋارقىرىغان ئېچىنىشلىق ئاۋازى
ئاڭلاندى .

— مۇنۇ قانخورلار كىچىككىنە بىر نارەسىدە قىزنىڭ
مەيدىسىگە نەيزە ئۇرۇۋەتتى !بۇ قانخورلارنىڭ كىچىك بالىنى
ئۆلتۈرۈشكە قانداقمۇ قولى بارغاندۇر !

مەيداندا يىغا ـ زار ئارىلاش ۋاڭ ـ چۇڭلار كۆتۈرۈلۈپ
كەتتى . ئادەملەر بۇ قېتىم يەنە دۈكۈرەپ كەلگىنى بىلەن
چېرىكلەرگە قول كۆتۈرەلمىدى . ئۇلار نۇزۇگۇمنىڭ كەيند-
دىن بىر ئاز يەرگىچە مېڭىپ ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئېسەن-
گىرەپ قالدى .

— ئىپلاسلار ... نەۋرەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ...
ۋىجدانسىزلار ،— ئاتاۋۇل بوۋاي قارشىسىدىكىلەرنى ئىتتىر-
رىپ ، سۇنايلىنىپ ياتقان نەۋرىسىنىڭ قېشىغا باردى ـ دە ،
ئۇنى ياتقان يېرىدىن دەس كۆتۈرۈۋالدى . نەۋرىسىنىڭ ئاغزىد-
دىن ئېقىۋاتقان قاننى يېڭى بىلەن ئېرتىپ ، ئۇنى مەيدىسىگە

باستى ـ دە ، تەقدىرنىڭ بۇ قىسمىتىگە نالە ئوقۇپ ، ئۆزىنى
تۇتالماي يىغلىۋەتتى . بوۋاينىڭ قۇلىقىغا يىراقلاپ كېتىۋات-
قان كۇيئوغلى باقى بىلەن نۇزۇگۇمنىڭ ۋارقىرىغان ئۈنلىرى
ئاڭلانماقتا . ئەمما ، ئۇ ئەمدى ئاس ـ ھوشىنى يوقىتىپ
قويغان ئادەمدەك غەمكىن تۇراتتى . پۈتكۈل ھاياتىدا قەشقەر
غوجىلىرى بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ
ئۆتكەن بۇ قېرى پەنساد بىگۇناھ نەۋرىسىنىڭ جەسىتىنى
قۇچاقلاپ يىغلىماقتا . ئەمدى ئۇ ، زادى ئاددىي پۇقراغا ھېچ-
كىمدىن ياخشىلىق كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ ، ئۆزىنىڭ
شۇلارغا خىزمەت قىلىپ ئۆتكىنىگە پۇشايمان قىلاتتى .

مەيداندىكى خەلقنىڭ نارەسىدە بالا بىلەن بۇ قېرى بوۋاي-
غا ئىچى ئاغرىپ كەتتى . كىملەردۇر بوۋاينىڭ قولتۇقىدىن
يۆلىدى . ئەمما خەلقنىڭ دىققەت ـ نەزەرى قەپەستىكى جاھان-
گىر غوجىدا ئىدى .

V

كۆز ئايلىرىنىڭ كىرگىنىگە قارىماستىن يازىچە خۇم-
دان تەپتىدەك ئىسسىغان ھاۋا ھارارىتى تۆۋەنلەيدىغاندەك
ئەمەس ئىدى . بىر ئايدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن بېرى ، بىر تامچە
يامغۇر تاممىغاچقا ، قۇمساڭغۇ يەرنىڭ توپىسى سەل شامال
چىقسا ئۇپىدەك توزۇپ ، ھاۋانى تېخىمۇ مانانلاشتۇرۇۋې-
تەتتى . شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى خۇددى تاسقاپ قوي-
غاندەك قۇملار يالاڭ ئاياغ ئادەم دەسسىگۈسىز دەرىجىدە قى-
زىپ كەتكەنىدى . بۇ ئىسسىقتا چىدىيالمىغان ھەتتا كەسلەن-

چوڭ ئوخشاش يەر بېغىرلاپ يۈرىدىغان جان - جانىۋارلارمۇ يەر ئاستىدىكى ئىنلىرىغا يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. تالا - تۈزدە كۆزگە چېلىققۇدەك ھېچ نەرسە يوق، جىمجىت. ئۇرۇش جەريانىدا شېھىت بولغانلارنىڭ جەسەتلىرى دەپنە قىلىنمىغان-لىقتىن، ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە سېسىپ، قۇرت - قوڭغۇزلا-رغا يەم بولۇپ ياتاتتى. ئىتلار ئاتلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى سې-پىلدىن نېرىراق يەرگە سۆرەپ ئاپىرىپ، يۇلۇپ - تارتىپ يېمەكتە. ئۆلگەنلەرنىڭ باشلىرى ئۆتكەن جەڭلەردىكىگە ئوخشاش بۇ قېتىممۇ كېسىۋېلىنىپ، شەھەر سىرتىدىكى تۈزلەڭگە دۆۋىلەپ قويۇلغان، بەزىلىرى سېپىل دەرۋازىلىرى-نىڭ باشلىرىغا ئېسىپ قويۇلغانىدى. كۈن تىك كۆتۈرۈ-لۈپ، ئىسسىقى تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىغاندا قەشقەر خەل-قى خۇددى قاپقىسى ئېچىلىپ كەتكەن توسمىنىڭ سۈيىگە ئوخشاش دەرۋازىدىن دۈكۈرلەپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭمىدىن ئۈركۈگەن كەپتەرلەر مۇنارلار ئۈستىدە توپ - توپ بولۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە. چىڭ چېرىكلى-رى شەھەر خەلقىنى ھەرقانچە تۇتۇپ تۈرمىلەرگە سولىدۇق دېگەنبىلەنمۇ، ئەمما بۇ يەرنىڭ خەلقى كېمىيىشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممى-سىلا پالانغانلارنى ئۇزىتىپ، خوشلىشىپ كېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئادەملەر ئىدى. بۇلارغا شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلار-دىن كەلگەنلەر قوشۇلۇپ بۇ يەر قالايمىقان بولۇپ كەتكەچكە، ھەتتا پالانغانلارنى ھەيدەپ ماڭغان چېرىكلەرمۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي قايمۇقۇپ قېلىشقانىدى.

— يولىمىزغا كاشىلا قىلماڭلار، — دەپ ۋارقىرايتتى چېرىكلەر نەيزىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — ئەمدى يېقىن

كېلىدىغان بولساڭلار ئەجىلىڭلاردىن بۇرۇن ئۆلىسىلەر !

لېكىن ئۇزۇن يۇرمىلىك كۆڭلەكلىرى بىلەن پەرىجىلىرى يۇتلىرىغا يۆگىلىپ، يۇتلىشىپ مېڭىۋاتقان بوۋاي - مومايلار ۋە ئۇششاق باللار چېرىكلەردىن تاياق يېسىمۇ سۇرگۈنلەرنىڭ كەينىدىن قالمايتتى. ئۇلار بۇ پالانغانلارنى قايتا كۆرەلىشىگە كۆزلىرى يەتمىگەنلىكتىن، يىقىلىپ چۈشسىمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قېرىنداشلىرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى. بەزىلىرى ئولجا قىلىنغان قىزلىرىنى ئايرىپ ئېلىپ قېلىش ئىمكانىيىتى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ھەربىر چېرىككە بىر يالۋۇرۇپ، ئۇلارنىڭ رەھىم قىلىشىنى تىلەيتتى.

— ئاغزىڭنى ئېشەكنىڭ ئاغزىدەك ئېچىشىپ تۇرغىچە چاپسانراق ھەيدىمەمسەن !— خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋالسا، يەنە بىر بالاغا ئۇچرايدىغىنىنى ياخشى بىلىدىغان چېرىك باشلىقلىرى چېرىكلىرىنى تىللاپ، ئالدىراتماقتا، — ماڭماي قارشىلىق كۆرسەتكەنلىرىنى شۇ يەردىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىڭلار !

قەشقەر سېپىلى سىرتىدىكى گۈمبەزلەرگە ئوخشاش چوقچىيىپ تۇرغان قۇم دۆۋىلىرى ئارقىلىق ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ يولغا چىققان پالانغۇچىلارغا كەينىدە قېلىۋاتقان شەھەرنىڭ ئېگىز مۇنار، مەسچىت، مەدرىسىلىرى، ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ ئۆسكەن قاپاق تېرەكلىرى ئالاھىدە ئىسسىق كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مانجۇ خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھى داۋگۇاڭ خاننىڭ چېرىكلىرىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزلىرى يەتكەندىن كېيىن، شەھەر سىرتىدىكى مازارلارغا، شەھەردىن بەش - ئالتە چاقىرىمدەك يەردىكى ئاپ-

ئاق غوجا مازىرى تەرەپكە قاراپ ، خۇددى ئۆزلىرىنىڭ كۆز
ياشلىرىنى كۆرسە ، يىغا - زارىسىنى ئاڭلىسا ، غوجامنىڭ
مېھىر - شەپقىتى تېگىپ قالىدىغاندەك ، چاچلىرىنى يۇلۇپ
ئاۋازىنىڭ بارىچە ئۈن سېلىپ يىغلىشاتتى . ئۆز زامانىسىدا
بۇ تەۋەدىكى مۇسۇلمان ئەھلىنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان ئورنى
بولۇپ ھېسابلانغان بۇ مازار دىندارلارنىڭ چۈشەنچىسىدە
چوڭ غازاتلارغا ئاتلانغانلارغا روھىي كۈچ ئاتا قىلاتتى . شۇ-
نىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك ، جاھانگىر غوجا قارا كىيىملىك
تاجىكلار ، قوقەنتلىكلەر ۋە قىرغىزلاردىن تەشكىل تاپقان
لەشكەرلىرىنى مازارنى تاۋاپ قىلدۇرۇپ ، غازاتقا ئاتلاندۇ-
رۇپ ، چىڭ چېرىكلىرىنىڭ قېنى بىلەن تۇمەن دەرياسىنىڭ
سۈيىنى بويىغان . ئۆزلىرىنىڭ غالىبىيىتىنىمۇ ئاشۇ ئاپئاق
غوجا مازىرىنىڭ مەدىتىدىن دەپ جاكارلىغانىدى . بۇنى ئاڭ-
لىغان خەلق بىزنى مۇشۇ پالاكەتتىن ھازىرمۇ ئاشۇ غوجىنىڭ
ئەرۋاھى قۇتۇلدۇرۇپ قالامدىكىن دېگەن ئۈمىدتە مازارغا
قارىۋىدى ، ئۇ تەرەپتىن ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرىدىغان لەشكەر-
لەرنىڭ ئورنىغا ساقاللىرى ئۆسۈپ ، چاچلىرى گەجگىلىرىگە
چۈشكەن ، ئۇچىسىغا كۇلاھ بىلەن جەندىلەر كىيگەن بىر توپ
دەرۋىش - قەلەندەرلەر كېلىۋاتقىنىنى كۆردى . ئۈچ يۈز
ئاتمىش كۈن خۇددى جىن - شەيتانلار كۆچكەندەك داقا -
دۇمباقلىرى بىلەن خۇرجۇن - خالتىلىرىنى دۈمبىلىرىگە
ئارتىۋېلىپ ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ يۈرىدىغان بۇ
ئادەملەرنىڭ رەڭگى گويا ئېگىردەك قارىداپ ، تەنلىرى ئاپ-
تاپتا قالغان تارىموشتەك قېتىشىپ كەتكەنىدى . باشقا ۋاقىت-
لاردا توپ - توپ بولۇپ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى يوللار
بىلەن خۇدا يولىدا زىكىر سوقۇپ چەت - ياقىلاردىكى

مازارلارغا كېتىدىغان بۇ دەرۋىشلەر ئەل بېشىغا كۈن چۈ-
شۈپ ، كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ يىراق يۇرتلارغا پالانغىنىنى
ئاڭلاپ ئەمدى ئۇلار تەرەپكە كېلىۋاتاتتى . ئۇلار پالانغانلار-
نىڭ يېرىمى دېگۈدەك قىز - جۇۋانلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ،
كۆزلىرىگە ئىشەنمەي بىر دەقىقىدەك تۇرۇپ قالدى .
— ئۆلۈپ كەتسەكمۇ مۇشۇ مەزلۇملار بىلەن بىللە ئۆ-
لۈپ كېتەيلى ، كەتتۇق ، ئاداش ، — دېدى يىرتىق پەرىجىسىد-
ىنى مۇرىسىگە ئارتىۋالغان چاڭگا ساقاللىق دەرۋىش قولىغا
سىرى چۈشۈپ كەتكەن كونا راۋابنى تۇتۇۋالغان ياش يىگىتكە
قاراپ .
— يۈرەكتىكى پاراڭنى قىلدىلا ، — دېدى راۋابچى يى-
گىت رازىمەنلىك بىلەن . ئۇلارنىڭ سۆزى پەرىجىسىنىڭ پې-
شىنى لاتا بەلۋېغىغا قىستۇرۇپ ، خۇرجۇنىنى مۇرىسىگە ئار-
تىۋالغان ئېگىز بويلۇق ، چىشاڭ دەرۋىشكىمۇ يېقىپ كەتكەن
بولسا كېرەك ، ئۇلارنى چىن دىلىدىن قوللىدى :
— ۋۇ ، بەللى ، مانا بۇ گېپىڭلار بولدى . بىز مۇنداق
گۈزەللەرگە ھەمسەپەر بولۇپ ، سەددىچىن سېپىلىغا بولسىمۇ
بىللە بېرىشقا تەييار .
— ئۇستىخىنىمىز چۆللەردە قېلىپ ، قۇزغۇنلارغا يەم
بولسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ ، — دېدى يەنە بىر دەرۋىش .
كالپۇكلىرى گەز باغلاپ ، قۇرۇپ كەتكەن دەرۋىش ئاغ-
زىنى تامشىپ :
— مۇنداق خېنىملارنى مانجۇ چېرىكلىرىگە تارتقۇزۇپ
قويۇپ ، بۇ شەھەردە قانداق باش كۆتۈرۈپ يۈرىمىز ، — دەپ
ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە قارىدى ، — كىمنىڭ ئۇشۇق -
تۇشۇك نان - پىنى بار ، بېرىڭلار ! ئۇزاق سەپەرگە ماڭغان

ئوغۇل ـ قىزلىرىڭلارنىڭ بېشىدىن سەدىقە بولسۇن .
پالانغان بالىلىرىغا ئاتاپ ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى بېرەل-
مىگەن بوۋاي ـ مومايلار ئەمدى ئۇ نەرسىلىرىنى قەلەندەر-
لەرگە بېرىپ ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىغا ياخشىراق
قاراپ قويۇشىنى جېكىلەشكە باشلىدى .
پالانغانلارنى خەلقتىن ئايرىيالماي ئاۋارە بولۇۋاتقان چې-
رىكلەر بۇ بىر توپ دەرۋىشلەرنى كۆرۈپ ئۆز ئىشلىرىنىڭ
تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ ۋارقى-
رىشىۋاتاتتى .
— سەنلەرنى ھېچكىم چاقىرغىنى يوق . ئادەمگە پۇتلى-
كاشاڭ بولماي نېرى بېرىش !— چېرىكلەر دەرۋىشلەرنى
نەيزىلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن نوقۇپ ، ئىتتىرىپ قوغلايتتى .
ئەمما يىلنىڭ تۆت پەسلىدە تالا ـ تۈزدە يۈرۈپ ، تەنلىرى
چېنىقىپ كەتكەن دەرۋىشلەر ئۆزلىرىگە نەيزە ـ قىلىچلارنىڭ
تېگىۋاتقىنىغا قارىماي توپنىڭ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ
كېتىپ باراتتى .
— قايت كەينىڭگە ، قايت دەيمەن !
بىر چاغدا چېرىكلەرنىڭ ئۆرۈپ قوغلىغىنىغا قارىماس-
تىن ، توپنىڭ ئىچىدىن بېغىررەڭ كۆڭلىكىنىڭ ئۇستىگە
يېشىل كەمزۇل كىيىۋالغان ، ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان
قارا چېچى چۇۋۇلۇپ كەتكەن زىلۋا بويلۇق قىز ئايرىلىپ
چىقتى ـ دە ، ئۆزىنى كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان خەلق-
نىڭ ئىچىگە ئاتتى . ئۇ چېرىكلەرنىڭ : «قايت كەينىڭگە ،
قايت !»دېگەن ۋارقىراشلىرىغا پەرۋامۇ قىلمايتتى .
يېشى ئەمدىلا ئون توققۇزغا تولغان بۇ قارىقۇمچاق قىز
خۇددى ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمىغاندەك بىر خىل مېڭىپ ،

يىغا ـ زار قىلىشىۋاتقان قېرى ـ چۆرىلەرگە يېقىنلىدى .

— بۇياق كىم بولىدۇ ؟ — دەپ سورىدى يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماستىن بىرچاغلاردا نۇزۇگۇم ئوقۇغان مەدرىسىدە ئوقۇغان ، شەھەردىكى ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ مەسچىتى ئالدىدىكى كوچىدا تۇرىدىغان ئابدۇللا قاراقچىنىڭ قىزى گۇلنىسا كېلىۋېتىپ .

— ۋىيەي ، بىلمەيتتىڭىزمۇ ؟ ھېنىپەمغۇ . بۇ ياقنىڭ تويى بولغىلىۋاتقاندا جاھانگىرغوجا قوزغىلىڭى باشلىنىپ كەتتى ، سۆيگەن يىگىتى جەڭدە قازا بولدى . ھېنىپەم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كۈندىن باشلاپ ئېسىدىن ئادىشىپ قالغاندى . ئۇنى «ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ» ، «شەھەر ئەتراپىدىكى مازارۇ قەبرىستانلارنى كېزىپ يۈرۈپتۇ» دەپ ئاڭلايتتۇق . بۈگۈن بۇ بىچارىنىمۇ ئېلىپ مېڭىپتۇ .

— ھېنىپەم ، بۇلار يەنە سىزگە نەيىزە ئۇرۇۋەتمىسۇن ! — دېدى باياتىن قىزنى ھىمايە قىلىپ يۈرگەن ياش دەرۋىش . ئەمما قىز ئۆزىگە قارىتىپ سۆزلەۋاتقان دەرۋىشنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغىنى يوق . ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا يوغان كۆزلىرىنى يىراقتا قېلىۋاتقان قەشقەر شەھىرىدىن ئالماي ئىلگىرىلىمەكتە .

— پەخەس بولۇڭ ، ھېنىپەم ، — بۇلجۇڭ گۆشلىرى تارىمۇشتەك قاتقان يەنە بىر دەرۋىش ھەممىدىن ئىلگىرى قىزنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپ ، ئۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالماقچى بولۇۋىدى ، بىرنەچچە چېرىك ھەر تەرەپتىن ھۇرپىيىشىپ كېلىپ ، ھېنىپەمنى پالانغانلار تەرەپكە تارتتى . قىز چېرىكلەرنىڭ ئۇرۇپ ئىتتىرىشلىرىگە قارىماي شەھەر دەرۋازىسىدا ئىسقىلىق تۇرغان كاللىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى . لېكىن

سەپراسى ئۆرلىگەن چېرىكلەردىن بىرى ئادەملەرنىڭ ۋارقىـ
ـراشلىرىغا قۇلاق سالماي قىزنىڭ دولىسىغا نەيزە سانجىۋەتـ
ـتى .

— ۋايجان ! ماۋۇ ۋەھشىي قىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتىغۇي !

— ئېسىدىن ئاداشقان بالىغا قول كۆتۈرۈشكە قانداقمۇ
ۋىجدانى چىدىغاندۇر بۇ قانخورنىڭ ؟ !

— يا ئاللا !

— جىم تۇرۇپ بەرسەك بۇلار ھەممىمىزنى قىرىپ
تۈگىتىدىغان ئوخشايدۇ ، خالايىق ؟ !

بۇ پاجىئەلىك ۋەقەدىن كېيىن قورقۇشۇپ كەتكەن
بىر ـ نەچچە قىز :

— ھەممىمىزلا شۇنداق ئۆلۈپ كېتەرمىزمۇ ؟ —
دېيىشىپ ئۆزلىرىگە بىردىنبىر يار ـ يۆلەك بولۇپ كېلىۋاتـ
ـقان نۇزۇگۇمنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىۋالدى .

ھېنىپەمگە نەيزە سانجىغان چېرىك ئەمدى توپلىشىۋالـ
ـغان دەرۋىشلەرنى قوغلاشقا باشلىدى .

قەشقەردىن پەقەت مۇشۇ ئۆلگەن قىزغا بىللە ئەگىشىپ
كېلىشىۋاتقان ئۈچ ـ تۆت ياش دەرۋىش يىراق سەپەردىن
بىراقلا كېچىپ ، تىرىك چېغىدا تۇتۇشقا ئەيمىنىپ پېتىنالـ
ـماي يۈرگەن گۈزەلنىڭ يۈز ـ كۆزىنى سىلاپ ، ئۇنى چۆرىدـ
ـەپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى . ئۇزۇن كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ
تۇرغان قىز ئۇلارغا گويا ھازىر كۆزىنى ئېچىپ ، ئورنىدىن
تۇرۇپ كېتىدىغاندەكلا سېزىلەتتى . قىزلار خۇددى بۆرىدىن
قورققان قويلاردەك غۇژمەكلىشىپ ئىلگىرىلىدى .

# ئىككىنچى باب

## I

پالانغۇچىلار قەشقەر ۋادىسىنىڭ قۇمساڭغۇ توپىسىنى
توزۇتۇپ ، بارغانچە يىراقلىماقتا . ئەمدى بايىقى يىغا ــ زار ،
ۋاڭ ــ چۇڭلارمۇ بىرئاز پەسىيىپ ، ئاتا ــ ئانا ، ئۇرۇق ــ
تۇغقانلاردىن ئايرىلىپ چىققان قىزلار ئۆزلىرى ئۇچۇن قا-
راڭغۇ دۇنيادەك كۆرۈنگەن ناتونۇش يوللاردا قانداق بالايىئا-
پەتلەرگە ئۇچرايمىزكىن دېيىشىپ ، ئالدىدىكى ھەر نەرسە-
دىن بىر چۆچۈپ كېلىشىۋاتاتتى . ئۇلار شەھەرنى زەنجىرگە
ئوخشاش قورشاپ تۇرغان سېپىلدىن يىراقلىغانسېرى جەڭ-
دىن كېيىن پايمال قىلىنىپ ، خانىۋەيران بولۇپ ، ئېغىر
جۇدالىققا ئۇچرىغان يېزىلارنى بېسىپ ئۆتمەكتە ئىدى . مۇن-
داق يېزىلاردىن دەسلەپ ئۇچرانقىنى قەشقەر شەھىرىدىن
بار ــ يوقى ئون چاقىرىمدەك يىراقتىكى بەشكېرەم يېزىسى
بولدى . ئەمما بۇ يېزىنىڭ ئانار بىلەن ئەنجۇرگە تولغان
ئاجايىپ چىرايلىق باغلىرى ئات تۇيىقىدا چەيلىنىپ ، ئۆيلى-
رى بۇزۇلۇپ ، ئادەملىرىنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۇپ ، قاچقىنى
قېچىپ كېتىپتۇ . خارابلىشىپ ، ئىگىسىز قالغان ھويلىلار-

دىن پەقەت ئىتلارنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازلىرىلا ئاڭلىنىدۇ . پالا-
نغانلارنىڭ بەزىلىرى مۇشۇ يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكىنى ئۇ-
چۇن ، ئۇلار بۇ يەرنىڭ قىشىدىن ئۆتكەندە يىغا - زار قى-
لىپ ، تېخىمۇ ئېغىر مۇڭ ۋە ھەسرەتكە چۆكۈشتى . پالانغان-
لارنى كۆرۈپ كېلىش ياكى ئۇزىتىش ئۇچۇن يول بويىدىكى
مەھەللىلەردىن پىيادە ، بەزىلىرى ئات - ئېشەكلەرگە مىنى-
شىپ خۇددى تاغدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇلاردەك كېلىش-
مەكتە ئىدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆز
يۇرتلىرىدىن چىقىپ كېتىپ ، ئىز - دېرەكسىز يوقالغان
ئەرلىرىنى پۇت - قوللىرىغا كويزا - كىشەن سېلىنغانلارنىڭ
ئارىسىدا بارمىكىن دېگەندەك سىنچىلاپ قارايتتى . لېكىن
پالانغانلار ئارىسىدىن يېقىنلىرىنى تاپالمىغانلار بىر - بىرلەپ
توپتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتاتتى . بىرچاغدا پالانغانلار ئارىسى-
دىن كىمدۇر بىر ئايال ئىنچىكە ، زىل ئاۋاز بىلەن ناخشا
باشلىدى . بۇنى ئاڭلاپ باياتىن بېرى ئۆپكىسىنى باسالماي
كېلىۋاتقان قىز - جۇۋانلار ، ھەتتا ئاتقا ئارتىلغان تاغاردەك
ماكچىيىپ ئولتۇرغان يايىلارمۇ سەگەكلىشىپ قالدى . ناخشا
بولسا ھەممىنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىپ ، ئاجايىپ مۇڭلۇق
ئېيتىلىپ توختىدى .

ناخشا توختىغىنى بىلەن ئۇنىڭ سېھىرلىك كۈچى پالان-
غۇچىلارغا كۈچلۈك تەسىر قىلىپ ، ئۇلارنى ئوي - خى-
ياللارغا چۆمدۈرۈۋەتتى . بەزىلەر ناخشا ئېيتقان جۇۋاننى
كۆرمەكچى بولۇشۇپ توپنىڭ ئالدىغا بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ
قارىشاتتى . بەزىلەر : «بۇ كىمكىنە ؟» دەپ يېنىدىكىلەردىن
سورىشاتتى . لېكىن پالانغانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇستى يېشىل
مەخمەل بىلەن تاشلانغان سۆسەر تۆپىسىنى بىر يېنىغا سىڭا-

يان كېيىۋالغان زىلۋا بويلۇق، بىلەكتەك ئىككى ئۆرۈم چېچى ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان قاڭشارلىق جۇۋاننى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار:

— ھېلىقى بۇلاقبېشىدىكى ئاتاۋۇل پەنسادنى بىلىدىغانسىلەر، ئۇ شۇ ئادەمنىڭ قىزى نۇزۇگۇم ئەمەسمۇ؟ — دەيتتى.

— ھوي، بۇ قىز باقى ئىسىملىك ياش پەنسادقا تۇرمۇشقا چىقىۋېدىغۇ؟

— ھە، توغرا ئېيتىدىلا، قايسى كۈنى ھېيتگاھدا چېرىكلەر بۇ بىچارە جۇۋاننىڭ ئۈچ - تۆت ياشلىق قىزىنى ئۆلتۈرۈپ، يولدىشىنى تۇتۇپ كەتتى ئەمەسمۇ؟

— يائاللا، راستتىنلا قەيسەر جۇۋانكەن ئۇ جۇمۇسلا! — دەيتتى شۇ ۋەقەنىڭ شاھىتى بولغانلار، — ھازىرمۇ بىرەر ئەركەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىيالماي كېتىۋاتسا، بۇ خېنىمنىڭ قورقماستىن ناخشا ئېيتىۋاتقىنىنى قارىمامدىلا.

— بۇ دېگەنلىرى راست. ئەگەر ئەرلىرىمىز ئاشۇ نۇزۇگۇمغا ئوخشاش قەيسەر بولىدىغان بولسا، بىز بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايتتۇق دېسىلە.

نۇزۇگۇمنىڭ ناخشىسى يالغۇز ئۇلارنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئەمەس، پالانغان ئەر خەقلەر بىلەن بۇ توپنى ئەگىشىپ ماڭغان دەرۋىشلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېزىپ، كۆزلىرىنى ياشقا تولدۇردى. بىر چاغدا:

— سىزمۇ باركەنسىزغۇ، سىڭلىم. بۇ دەردلەرنى بىزنىڭ تارتقىنىمىزمۇ يەتمەسمىدى، — دېگەن بوم ۋە يىغلامسىراپ چىققان ئاۋاز ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. قىزلار توپى

ئەرلەر تەرەپكە قارىدى .

— ئاكا !

قولىغا كويزا سىلىنغان نۇزۇگۇم ئاكىسىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئىلىغا پالانغىنىنى كۆرگەندە ، قىزلار توپىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ، ئۇنىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇۋىدى ، چېرىكلەر ئۇنى توختىتىۋالدى . چېرىكلەر سىڭلىسىنىڭ قېشىغا كەلمەكچى بولغان ئابدۇللانىمۇ تورىۋالدى . ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى خېلى يەرگىچە بىر ـ بىرىگە تەلپۈنۈپ ، بىر ـ بىرىدىن كۆز ئۈزمەي مېڭىشتى .

— سەن قانداقلارچە بۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىڭ ، ئاكا ! مەن تېخى ئاكام بولسىمۇ يۇرتتا قالدىغۇ دەپ ، ساڭا ئۈمىد باغلاپ يۈرۈپتىمەن .

— بۇلار بىزنى جەڭدە ، ئاۋۇ كۆنكى ئوتۇن بازىرىدا بولغان جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈرۈۋالغان ، سىڭلىم .

— دادامنىڭ ئەھۋالى قانداق ؟— سىڭلىسى ئېيتقان سۆزنى ئاكىسى ئاڭلاپ ئۈلگۈرمىدى . ئابدۇللامنى چېرىكلەر ئۇرۇپ ، دۈشكەلەپ سۆرەپ ئەكەتتى .

— خەير ، سىڭلىم نۇزۇگۇم !— دېدى سىڭلىسىدىن ئايرىلىپ كېتىۋېتىپ ئابدۇللام .

— مېنىڭدىن ۋايىم قىلما ، ئاكا . بىر ـ بىرىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرايلى . خەير ، ساق بول .

* *

قىزلاردىن تۆت ـ بەش يۈز قەدەم ئالدىدا كېتىپ بارغان ئەرلەر ئىلدام مېڭىپ ئىلگىرىلىگەنسېرى ئۇلارنىڭ ئاۋازى

بىر ــ بىرىگە ئاڭلانماي پــەسىيىپ ئۆچۈشــكە باشــلىدى . ئاكا ــ سىڭىل ئىككىسىنىڭ بىر ــ بىرى بىلەن ئارامخۇدا پاراڭلىشالماي جۇدالاشقىنىنى كۆرگەن قىزلارنىڭ يۈرەك ــ باغرى ئۆرتىنىپ كەتكەندەك بولدى .

— ھەي ، بۇ دۇنيادا بىزنىڭ خەلقىمىزلا قېرىنداشلىرىدىن مۇشۇنداق جۇدا بولۇپ ، قاڭغىر قاقشاپ ئۆتمەس ، بۇلارنىمۇ قاقشىتىدىغانلار چىقار ، — دېدى بىر دەرۋىش . ئۇنى بىر جىرتاق كۆزلۈك چېرىك نەيزىسى بىلەن نوقۇشتۇرۇپ قوغلاشقا باشلىدى :

— ماڭ نېرى ، كۆزۈمگە كۆرۈنمەي يوقال ، بولمىسا ئەجىلىڭدىن بۇرۇن ئۆلىسەن .

نۇزۇگۇم ئۆزىنى چۆرىدەپ كېلىۋاتقان دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن يەنە يىراقتا قېلىۋاتقان دەرياغا قاراپ ناخشا باشلىدى .ناخشا ئاشۇ دەريا بويىدا بولغان چوڭ جەڭنى ، جەڭ ۋاقتىدا شېھىت بولغان ئوغلانلارنى ئەسكە سالدى :

تۆمەن دەريا نەرە تارتتى ،
سۇ ئورنىدا قانلار ئاقتى .
شاھىت بولۇپ شۇ تارىخقا .
مىڭلاپ نۇزۇك نەزمە قاتتى .

## II

سۇرگۇنلەر قۇملۇق چۆل ـ دالالارنى بېسىپ ئىچكىرى-

لىگەنسېرى بۇ ۋادىنىڭ يېشىل مەنزىرىلىك باغلىرى ئارقىدا
قېلىپ ، ئەمدى ئۇلارنىڭ كۆزىگە يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ ،
پەقەت شېخىلا قالغان ياتاق تىكەن بىلەن ئادراسماندىن باشقا
ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى . كۈن چۈشمەيدىغان ئۈزۈم باراڭلى-
رى ، شامال ئۆتكۈزمەيدىغان قاراڭغۇ باغلار بىلەن پېشايۋان-
لىق ھويلىلاردا ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن قىز - جۇۋانلارنىڭ
مەڭزلىرى بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدىلا كۆيۈپ ، قارىداپ كەت-
كەندى . ئۇلارنىڭ پات - پاتلا تاڭلايلىرى قۇرۇپ ، ئۇسسى-
غاندا ئۆزلىرىنىڭ باغلىرىدا ، چاققانغىنە ھويلىلىرىدا مەي
باغلاپ پىشىدىغان ئۈزۈم ، ئالما ، شاپتۇل ، ئانار ، ئەنجۈرگە
ئوخشاش مېۋىلەرنى ئەسلەپ ، ئېغىزلىرى تامشىپ قوياتتى .
بەزىلەر : «ئەمدى ئۇنداق مېۋىلەرنى يېيىش يوق گەپ» دەپ
چوڭقۇر نەپەس ئالاتتى .

قىزلارنىڭ كەينىدىن قالماي ئەگەشكەن دەرۋىشلەر بول-
سا خۇددى تەبىئەتنىڭ بۇ ئىسسىقى كۈندە كۆيگەن تەنلىرىدىن
ئۆتمىگەندەك كېلىشمەكتە . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پۇتلىرىغا پۇ-
رۇم چورۇق كىيىۋالغان . ئۆمرىدە ئايىغىغا بىر نەرسە كى-
يىپ باقمىغان بەزى دەرۋىشلەرنىڭ تاپانلىرى بولسا خۇددى
تۆگىلەرنىڭ تاپانلىرىدەك قېتىپ كەتكەنىدى . شۇڭلاشقىمۇ
ئۇلار يا چوغدەك قىزىپ كەتكەن قۇمنىڭ ئىسسىقىغا ، يا
شېغىللىق يولدىكى قىياق ، تاشلارنىڭ ، ياتاق تىكەنلەرنىڭ
پاتقىنىغا پەرۋا قىلماي ، ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن مۇشۇ يولدا
مېڭىپ ئۆگىنىپ كەتكەنىدەك كەلمەكتە . دەرۋىشلەرنىڭ بار-
لىق ئوي - خىيالى قىز - جۇۋانلاردا . ئۇلارغا قەشقەرنىڭ
بەرىكىتى مۇشۇ گۈزەللەر بىلەن بىللە شەھەردىن چىقىپ
كېتىپ بارغاندەك بىلىنەتتى . شۇڭلاشقا بۇلار چېرىكلەرنىڭ

قوغلاشلىرىغا قارىماستىن، ئۇلارغا ئەگىشىپ بارماقتا. بولۇپمۇ ئۆمرىدە ئايال كۆرمەي ئۆتۈۋاتقان بەزى دەرۋىشلەرگە سۈرگۈن قىلىنغان بۇ قىز - جۇۋانلار ئاللاتائالانىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاتا قىلغان نېسىۋىسىدەك ۋە رىزقىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار جۇۋانلارنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ تەبەسسۇم ئەيلىگىنىنى كۆرۈپ قالسا، باشلىرى كۆككە يېتىپ، خۇشاللىقى تەنلىرىگە سىغماي قالاتتى.

چىڭ چېرىكلىرى بۇ دەرۋىش - قەلەندەرلەرنى قوغلاپ، يېقىن يولاتماي كېلىۋاتاتتى. ئۇلاردىن قولغا چۈشۈپ قالغانلىرىنى بولسا شۇ يەردىلا نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. بەزىلەرنى تۇتۇۋېلىپ، ئىچكىرىگە سۈرگۈن قىلىنغان ئەرلەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇۋېتەتتى. ھە، تېخى تەركىدۇنيا مۇھىتىغا تولۇق چۆكۈپ، قەلبىدە مۇھەببەت ئوتى ئۆچۈپ ئۈلگۈرمىگەن قادىر دەرۋىشكە ئوخشاش قەلەندەرلەرنى بولسا خېلىچە خېنىمدەك جەزبىسى كۈچلۈك گۈزەل چوكانلار ئۆزلىرىگە مەھلىيا قىلىۋالغانلىقتىن، يايلارنىڭ ئاز - تولا خىزمىتىنى قىلىپ، ئۇلارغا يېقىنراق يۈرەتتى، چېرىكلەرمۇ ئۇنداقلارغا ئانچىۋالا قارشىلىق كۆرسىتىپ كەتمەيتتى. ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ھېيىقماي ئۆزلىرىنى ئەركىن تۇتۇپ ئۆسكەن قەشقەرلىك جۇۋانلار چىڭ چېرىكلىرىنى كۆزلىرىگە ئىلماي، دەرۋىشلەرگە ھال - مۇڭىنى ئېيتاتتى. بەزىلىرى بولسا:

— بىزنى ئىلىخوغا ئاپىرىپ، قالماقلارغا خوتۇنلۇققا بېرىدىغان ئوخشىمامدۇ. ئۇلارغا تەگكۈچە سىلەرگىلا تېگىپ، چۆل - باياۋانلاردا قالغىنىمىز تۈزۈك ئەمەسمۇ. قولۇڭلاردىن كەلسە بىزنى چېرىكلەردىن ئاجرىتىپ ئېلىپ قېلىڭلار! — دەيتتى.

ئەسلىدە ھاۋاسى ئىسسىق يەرنىڭ چوكانلىرىنىڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرى كۈچلۈك بولامدۇ ياكى تۇمەن ۋە قىزىل دەريالىرىنىڭ سۇلىرى بىلەن قۇياش نۇرى ئالاھىدە سىڭىپ، مەي باغلاپ پىشىدىغان مېۋىلەرنىڭ يۈرەك ئوتىنى كۈچەيتىدىغان ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيىتى بارمۇ، ئۇلارنىڭ يۈرەك ئوتلىرى باشقىچە، ئانا ۋەتەنگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمۇ كۈچلۈك ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلار بۇرۇن - بۇرۇندىنلا تەڭسىزلىككە قارشى توختاۋسىز كۆرەش قىلىپ كەلگەن.

مانا بۈگۈنمۇ شۇ چوكانلار چىڭ چېرىكلىرى ئالدىدا قەددىنى پۈكمەستىن، بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇشۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار باشتا ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىلغىنىچە، كۆز ياش قىلىشىپ، قايغۇ - ھەسرەت چەككىنى بىلەن ئەمدى بىر - ئىككى كۈن يول مېڭىپ، ئەس - ھوشىنى يىغقاندىن كېيىن، بۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ يولىنى ئىزدىمەكتە. قىزلار بىزگە پاناھ بولسا مۇشۇ دەرۋىشلەر بولۇشى مۇمكىن دېيىشىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە يېقىن كۆرەتتى. ئېپى كېلىپ قالغاندا قايغۇ - مۇڭلىرىنى ئېيتىشىپ، قەدىناس دوستلاردەك مۇڭدىشىپ كېتەتتى. چېرىكلەر پۇت - قوللىرىدىكى كىشەن - كويزىلارنى يېشىپ، ئازاد قىلىشقا ۋەدىلەر بېرىشىپ مىڭ بىر قەسەم ئىچىشسىمۇ قىز - جۇۋانلار ئۇلارغا ئوچۇق چىراي ئاچمايتتى، يېقىنمۇ يولىمايتتى. بەزى چېرىكلەر قەشقەردىن بۇلاپ - تالاپ يىغقان ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇ زىننەتلەرنى كۆرسىتىپ، قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆزلىرىگە قاراتماقچى بولاتتى، لېكىن قىزلارنىڭ چېرىكلەرنى كۆرەرگە كۆزى يوق.

— سەنلەرنى سۆيگەندىن كۆرە ئاۋۇ چاڭگا ساقاللارنى

سۆيگىنىمىز ياخشى . كۆزىمىزگە جىن ـ شەيتانلاردەك كۆ-
رۈنمەي يوقىلىش !— ئاغزىغا كەلگەن سۆزلەر بىلەن چىرىك-
لەرنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق تىللايتتى قىزلار .
— توختاپ تۇرۇش ، سەنلەرنىڭ مۇشۇ دېگەن سۆزلى-
رىڭنى بۇرنۇڭلاردىن بۇلاق قىلغۇزمايدىغان بولساق ، —
دېيىشىپ پوپوزا قىلاتتى قىزلارغا چىرىكلەر . باشتا ئۇلارنىڭ
پوپوزىسىدىن قورقۇپ يۈرگەن قىزلار بىرنەچچە كۈن يول
مېڭىپ ، هامان بىر ئۆلۈم ئىكەنغۇ دېگەن ئويغا كېلىپ ،
چىرىكلەرنىڭ پوپوزا ـ تەهدىتلىرىدىن قورقمايدىغان ، مۇن-
داق قورقۇتۇشلىرىغا پىسەنت قىلمايدىغان بولۇپ قالدى .
هەتتا چىرىكلەرگە :
— بىزنى قاقشاتتۇق دەۋاتامسىلەر ، سەنلەرنىمۇ قاقشى-
تىدىغانلار چىقار ، — دەپ ئۇلار بىلەن تەڭ تاكاللىشاتتى .
ئىلگىرى مۇنداق كۈز كۈنلىرى دېهقانلار كېچە ـ كۈن-
دۈز ئات ـ قېچىرلارنى هارۋىغا قوشۇۋېلىپ ، قوغۇن ـ
تاۋۇز ، مېۋە ـ چېۋە ، ئاشلىق توشۇيدىغان بۇ يوللاردا بۇ
يىل چىڭ چىرىكلىرى قىز ـ چوكانلار بىلەن ياش يىگىتلەر-
نى هەيدەپ ماڭماقتا . باسقۇنچى چىرىكلەر شۇنچە كۆپ ئادەم-
نى قۇل قىلىپ هەيدەپ ماڭغىنىنى ئاز دېگەندەك ، قەشقەر
تەۋەسىدىن بۇلاپ ـ تالىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش ، زىبۇ زىننەت
ۋە رەختلەرنىڭ هەممىسىنى خۇرجۇن ـ خالتىلارغا سېلىپ
تۆگىلەرگە ئارتىۋالغانىدى .
قەشقەر شەهرىگە خۇددى چوڭ كۆلگە قۇيۇلغان دەرياغا
ئوخشاش قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي كارۋانلار ئارقىلىق كېلىدىغان
ماللار بىلەن يىللار بويى توپلىنىپ قالغان ئالتۇن ـ كۈمۈش-
لەرنىڭ هەممىسىنى چىڭ چىرىكلىرى شەرققە ئەكېتىپ بار-
ماقتا . چوڭ ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ باشلىرىنىڭ

ئامان قالغانلىقىغا خۇش بولغانلار مال ـ دۇنياسىنىڭ تالان ـ تاراجىغا ئۇچراۋاتقىنى بىلەن كارى يوق. بەزىلەر بۇ قېتىم يەنە ھەرەم سارايلار بىلەن مەڭگۇ كۈن چۈشمەيدىغان ئۇزۇمزارلىقلاردا، ئۇستى يېپىق پېشايۋانلاردا ئۆزلىرىنى ئۇپا ـ ئەڭلىكتە پەرداز قىلىپ، تاۋار ـ دۇردۇنلارغا يۆگىنىپ ھايات كەچۈرۈۋاتقان بايۋەچچىلەرنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى قېلىپ، يەنىلا كەمبەغەل دېھقان بىلەن شەھەر مەدىكارلىرىنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى، ئەرلىرى جەڭدە قازا بولۇپ يار ـ يۆلەكسىز قالغان چوكانلار قوللىرىغا كويزىلار سېلىنىپ مال ئورنىدا ھەيدىلىپ كېتىپ بارغىنىغا ئېچىناتتى. ئىچكىرىگە سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ ئارىسىدا قەشقەرگە ئاقىغان، قوقەنت ۋە باشقا شەھەرلەردىن سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن كېلىپ، ئەرلىرى بۇ قاينامدا قازاغا ئۇچراپ، ئۆزلىرى تۇيۇقسىز ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان مىللىتى ھەرخىل جۇۋانلارمۇ، ياپياش ئوغۇل ـ قىزلارمۇ كۆپ ئىدى. بايلارنىڭ قىزلىرىغا ئوخشاش ئۆزلىرىنى بۇ سۈرگۈندىن ئايرىپ قالغۇدەك ئادەملەرنىڭ يوقلۇقىغا ئاھ ئۇرۇپ، ھەسرەت چەككەن تۇتقۇنلار بولسا باش ـ ئاخىرى يوق ئۇزۇن يولدا قايغۇ ـ مۇڭىنى ناخشا بىلەن يېنىكلەتمەكتە. ئۇلار سەل ھاردۇق ئېلىش پۇرسىتى بولسىلا يولنىڭ چېتىگە چىقىپ، تۆت ـ بەشى بىر يەرگە يىغىلىپ، قەشقەردە ئۆتكۈزگەن ئاجايىپ گۈزەل كۈنلىرىنى ئەسلەپ ناخشا ئېيتاتتى:

مەن ئېلىغا ماڭغاندا،
يايرىم ئۆگزىدە قالغان.
قاچان كېلىسەن يار دەپ،
قارا كۆزىگە ياش ئالغان.

نەچچە كۈندىن بېرى جەبىر ـ جاپا چېكىپ كېلىۋاتسى-
مۇ ، ئەمما روھىنى چۈشۈرمەي ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش قى-
لىپ ، ناخشا ئېيتىۋاتقان ئۇتتۇرا بوي ، قارىقۇمچاق گۈلنىسا
يولغا چىققاندىن بېرى نۇزۇگۇمنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېقىن
دوستى ھېسابلاپ ، ئىچ ـ سىرىنى شۇنىڭغا ئېيتاتتى . تې-
پىشماققا ئوخشايدىغان ھايات تەقدىرى ھەققىدە پات ـ پات
سوراپ ، ئۆزىنى قىيناپ كېلىۋاتقان سوئاللارغا جاۋاب ئىز-
دەيتتى . نۇزۇگۇم چوڭ ئۇرۇش ئالدىدىلا تۇرمۇشقا چىقىپ
ئۇلگۇرگەن بۇ قىزنىڭ نالىسىنى ئاڭلىغاندا ، ئۆزىنىڭ
قايغۇ ـ ھەسرىتىنى ئۇنتۇپ قالاتتى . ئۇ گۈلنىسانىڭ تۇمەن
دەرياسى بويىدىكى جەڭدە ئاتتىن يىقىلىپ بىر پۇتىدىن ئاي-
رىلغان ئېرىنى ئەسلىدى . ئۇ يىگىت بۇلارنى شەھەردىن
ھەيدەپ ماڭغاندا ، بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن پاكار
ئۆگزىلەرنىڭ بىرىدىن ئىككىنچىسىگە ئۆمىلەپ ئۆتۈپ ، خې-
لى يەرگىچە سۆرىلىپ كېلىۋېتىپ ۋارقىراپ ، خۇددى قۇ-
دۇققا چۈشۈپ كەتكەندەك جىم بولغانىدى . ئېرىنىڭ ئۆمىلەپ
ئۆگزە ئۈستىدە سۆرىلىپ كېلىۋاتقىنىنى بايقاپ تۇرغان گۈل-
نىسا ئۇنىڭ يەرگە يىقىلغىنىنى كۆرۈپ ، ئۇنىنىڭ بارىچە
ۋارقىراپ يىغلىۋەتكەنىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىلىچ بىلەن
نەيزە تۇتۇپ ئۆزلىرىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان شالاڭ ساقاللىق
چېرىكنى ئىتتىرىپ ، ئۆزىنى ئېرى يىقىلغان ئۆگزە تەرەپكە
ئاتقاندا ، بىرقانچە نەيزىنىڭ تىغى ئۇنىڭ توپىنى ئايرىلىپ
چىقىپ كېتىشىگە يار بەرمەي توختىتىۋالغانىدى . گۈلنىسا
بەدىنىگە نەيزە سانجىلىۋاتسىمۇ ، كەينىگە داجىماي تۇردى .
شۇ چاغدا ئات ئۈستىدىكى چېرىك ئۇنىڭ ئۇزۇن چېچىدىن

تۆتۆپ خۆددى ئوغلاق تارتقاندەك كەينىگە سۆرىگەندى ، لېكىن گۆلنىسا ئۆنىڭغىمۇ بوي بەرمەي تىرەجەپ تۆردى . ئاتلىق چېرىك بىردىنلا ئۆنىڭ چېچىنى قويۇۋەتكەندى ، تو-پىلىق يولغا يىقىلىپ يېتىپ قالدى .

نۆزۆگۆم شۆ چاغدىلا بۆ قىزنىڭ ئۆزى بىلەن مەدرىسىدە بىللە ئوقۆغان ، ئۆزىدىن ئىككى - ئۆچ ياش كىچىك گۆلنىسا ئىكەنلىكىنى تونۆپ ، قېشىغا باردى - دە :

— سىلىگە نېمە بولدى ، گۆلنىسا ، ئۆزلىرىنى يوقاتمى-سىلا ، قېنى تۆرسىلا ، — دەپ بۆ قىزنى ئورنىدىن يۆلەپ تۆرغۆزغانىدى . گۆلنىسا سۆرگۆن قىلىنغانلار ئارىسىدا نۆ-زۆگۆمنى كۆرگەندە ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنمەيۋاتقاندەك ، توپا - چاڭ بولۆپ كەتكەن يۆز - كۆزىنى جىيەكلىرىگە زەر تۆتۆلغان بېغىررەڭ كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۆرتۆۋېتىپ ، يەنە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئۆنىڭغا قارىدى ، ئاندىن ئاغ-زىدىكى قۆم - توپىلارنى تۆكۆرۆۋېتىپ ، ئورنىدىن دەس تۆردى - دە :

— جېنىم هەدە ، بۆ زاماندا ياخشى هايات كەچۆرەرمىز دەپ شۆنچە يىل مەرىپەت يولىغا ئىنتىلىپ تەلىم ئالغىنىمىز هاۋاغا ئۆچۆپ كەتتىمۆ ياكى بىزنىڭ پېشانىمىزگە مۆشۆنداق قىسمەت پۆتۆلگەنمىدى ؟— دېگەن پېتىچە نۆزۆگۆمنى قۆچاقلاپ يىغلىدى .

* *

··· ئەمدى مانا شۆ گۆلنىسانىڭ مۆڭلۆق ناخشىسى ئۆ-نىڭ قۆلىقىغا بەكمۆ يېقىملىق ئاڭلانماقتا . نۆزۆگۆم نامازنى

قازا قىلغۇسى كەلمەي ، چۆرىسىگە ئىككى ئىلىك بىغىر رەڭ مەخمەل تارتىلغان پەشمىتىنى تويلاڭ يولىنىڭ چېتىدىكى يانتاق تىكەنىنىڭ يېنىغا يېيىپ ، ناماز ئۆتەشكە كىرىشتى . ئەمما ئوي ـ خىيالى ئاناردەك پىشىپ ۋايىغا يەتكەندە ، ئۆزى-نىڭ سۆيگەن يىگىتى بىلەن يۇخادىن چىققۇچە ئويناپ ـ كۈلەلمەي ، چۆل ـ باياۋانلاردا بوزلاپ كېلىۋاتقان گۈلنىسا قىزنىڭ ناخشىسى بارغانچە ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىپ ، كۆپ نەرسىلەرنى ئېسىگە سالماقتا .

... ھە ، ئۇمۇ باشتا گۈلنىساغا ئوخشاش ئاھ ئۇرۇپ يۈرگەنىدى . لېكىن شەھەردىن چىققاندىن كېيىن ، پاكار موڭغۇل ئېتىغا مىنگەن ياپلاق يۈز ، جىرتاق كۆز دورغىنىڭ نېرى كەتمەي ، يامان نىيەت بىلەن ھىجىيىپ قاراشقا باشلى-غانلىقىنى سېزىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى . شۇ پەيتتىن باش-لاپ ئۇ ئىلاجى بار سەگەك بولۇشقا تىرىشىپ كەلمەكتە . ئەمدى ئۇ ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا دەرھال جانغا ئەسقاتار دەپ ، كەمزۇلىنىڭ ئىچىدىكى يانچۇقىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان ، ئېرى باقىدىن بىردىنبىر خاتىرە بولۇپ قالغان سېپى مۈڭگۈزدىن ياسالغان كىچىك خەنجىرىنى تۇتۇپ قوياتتى . نۇزۇگۇم مۇشۇ خەنجەرگە قولى تەگكەندىلا ، ھەرقانداق يامان ئوي ـ خىيالدىن ئايرىلىپ ، ئۆزىنى يولدىشى ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقاندەك سېزەتتى . ئاندىن ھىجىيىپ كۈلىدىغان يايىغا باشقىچە غەزەپلىنىپ قارايتتى ـ دە : «سەنلەرنىڭ قو-لىدا خار بولغاندىن كۆرە ، ئۆلۈپ كەتكىنىم ئەلا . ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا بىر ـ ئىككىڭگىنىغۇ كۈچۈم يېتەر »دەپ قوياتتى .

نۇزۇگۇم يولغا چىققاندىن بېرى ئىككى نەرسىگىلا ئى-

شەنچ قىلدى :بىرى ، قولىدىكى تەسۋىسى ، يەنە بىرى ، «مەن
يوق چاغلاردا ساڭا ھەمراھ بولسۇن»دەپ ئېرى باقى بەرگەن
غىلاپلىق خەنجەر . شۇڭا ئۇ «مېنى بۇ قىسمەتتىن قۇتۇلدۇر-
سا مۇشۇ ئىككىسى قۇتۇلدۇرار»دەپ ، بۇ نەرسىلەرنى كۆ-
زىنىڭ قارىچۇقىدەك ساقلاپ كەلمەكتە . ئۇ ئاغزىغا ئىلىم
چۈشكەندىن بۇيان بىرەر قېتىم نامىزىنى قازا قىلغان بەندە
ئەمەس . ھازىرمۇ پۈرسەت تاپسىلا ئاللانىڭ سۆزى دەپ ھې-
سابلىنىدىغان قۇرئاندىكى سۈرىلەرنى يېنىپ - يېنىپ تەك-
رارلاپ ، ئۆزىنى خۇدا ئالدىدا قىلچە گۇناھى يوق ، ئۆزىنى
ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ كېلىۋاتقان بىردىنبىر
پاك بەندىسى ھېسابلايتتى . ئەمدى بولسا ياراتقان ئىگەم مۇشۇ
تەڭسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈۋاتىدىغاندۇ دەپ ، ئۇ-
نىڭ چاپسانراق ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىنى كۈتەتتى . ئەم-
ما ، نېمىشقىدۇر ، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ، خۇداغا سېغى-
نىپ ، ناماز ئوقۇپ ، قولىدىكى تەسۋىسىنى تاشلىماي كېلى-
ۋاتسىمۇ بىرەر غەيرىي كۈچ ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولمايۋاتات-
تى .

نۇزۇگۇم ئۆزىنىلا ئەمەس ، مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىپ ئول-
تۇرغان گۈلنىساغا ئوخشاش قىزلارنىڭ ھېچقايسىسىغا مۇشۇ
ۋاقىتقىچە ياراتقان ئاللانىڭ رەھمى كەلمەي ، ئۇلارنى خۇددى
بەرگىدە تۇرۇپ سولاشقان گۈلگە ئوخشاش سارغايتىۋەتكەن-
لىكى ھەققىدە ئويلىدى .

بەزىدە ئۇ باقىنى ئويلايتتى . ئۇنىڭ بىلەن پەقەت
تۆت - بەش يىللا بىللە ھايات كەچۈردى . ئۇ ئىنچىكە ، ئېگىز
بوي ، قارا قاشلىق يىگىت ئىدى . ئۇنىڭ يادىغا ئېرىنىڭ
تىزىغا بېشىنى قويۇپ ، قىزىنى ئەركىلىتىپ ، ئۆيدە

غەم - قايغۇسىز ئۆلتۈرغان كۈنلىرى، قان تۆكۈشلەر، خېلى يەرگىچە ئاپئاق ساقىلىنى تىترىتىپ يىغلاپ ماڭغان ئاتىسى، ئادەملەرنىڭ ئايىغىدا قانغا مىلىنىپ قالغان قىزى كەلدى.

نۇزۇگۇمنىڭ بۇ نامىزى ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن خېلى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. ئۇ ناماز ئۆتەپ بولۇشى بىلەن ئۆزىنى چېرىكلەردىن قاچۇرۇپ، يانتاق بىلەن يۇلغۇن ئۆسۈپ چىققان ئېرىق بويىدا خېلى ۋاقىتقىچە ئولتۇردى. لېكىن گۈلنىسانىڭ غېرىبلىق ناخشىسى توختاۋسىز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، توپلىشىپ ئولتۇرغان قىزلارغا يېقىنلىدى.

قەشقەر شەھرىدىنلا ئۆزىنىڭ ناخشا - قوشاقلىرى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تارتقان نۇزۇگۇمنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن قىزلار ئۇنى خۇشال قارشى ئېلىشتى.

— گۈلنىسانىڭ ناخشىسى بەكمۇ مۇڭلۇقكەن، — دېدى ئۇ قىزلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ.

— بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى بەزلىگۈدەك ناخشىمىزدىن باشقا نېمىمىز بار دەيدىلا؟! — دېدى گۈلنىسا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ.

— ئانچىۋالا ئاھ ئۇرۇپ كەتمىسىلە، سىڭلىم، — دەپ تەسەللى بەردى نۇزۇگۇم، — بىزنىڭمۇ كۈلۈپ ئوينىغان چاغلىرىمىز بولغان. ئۇستازىمىز ئابدۇرېھىم داموللىنىڭ خەلقىمىزنىڭ تارىخى ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرى ئەسلىرىدىن چىقىپ قالدىمۇ؟ بىزمۇ ئۆز تارىخىمىزدا سەلتەنەت سۈرۈپ، جاھان ئەھلىنى ھەيران قالدۇرغان خەلق ئىدۇق. تەتۈر

پەلەك بۇگۈنكىگە ئوخشاش مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم قىپتۇكەن ، ئۈمىدسىزلىككە بېرىلىش ياخشى ئەمەس .

— بۇ دېگەنلىرىڭىز راست ، ئەمما مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا ئاھ ئۇرۇپ ، ھەسرەت چەكمەي قانداق چىدايمىز ، — دېدى قىزلارنىڭ بىرى .

— تارىخ چاقى بىر خىل ماڭمايدىكەن - دە . ئاشۇ تارىخ سەھىپىلىرىگە زېھىن سېلىپ قارىساق ، بۇ دۇنيانىڭ تالاي ۋەقەسىگە شاھىت بولىمىز . كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى دەپسەندە قىلىشى ، ئۇجۇقتۇرۇشقا ئىنتىلىشى تەبىئىي قانۇن ئوخشايدۇ دەپ قالىمىز . لېكىن مۇنداق روھىي چۈشكۈنلۈككە بېرىلىش ياخشى ئەمەس . بۇ كۈنلەرمۇ ئۇنتۇلۇپ ، يەنە ياخشى كۈنلەر كېلىپ قالار .

— راستىنلا شۇنداق كۈنلەر يەنە قايتىپ كېلەرمۇ ، نۇزۇگۇم ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن پارلىغان گۈلنىسا . نۇزۇگۇم بۇ قىزنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگۈچە بىر دەرۋىش :

— نۇزۇگۇم راست ئېيتىدۇ . خۇدايىمنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن . ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولغىنى بىلەن ئون بەشى يورۇق . ئانچىۋالا ئۆزىڭىزنى يوقاتماڭ ، سىڭلىم ، — دېدى نېرىدا تۇرۇپ . باياتىن بېرى بۇلارغا يېقىن كېلىشكە ئەيمىنىپ چەتتە يۈرگەن دەرۋىش ياماق سېلىنغان پەرىجىسىنى مۈرىسىگە ئارتىۋالغانىدى . دەرۋىشنىڭ يېشى ئوتتۇز بەشلەر ئەتراپىدا بولسىمۇ ، لېكىن ئۇستىرا تەگمەي تەرتىپسىز ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتلىرى بىر قارىغان ئادەمگە ئۇنى قېرى بوۋايدەك كۆرسىتەتتى ، — ئادەمنىڭ جان بېقىش ئۈچۈن ھەرنېمە قىلمىقى ھەق ئوخشايدۇ . بىز خەق جان بېقىش

ئۇچۇن نېمىلەرنى باشتىن كەچۈرمىدۇق دەيسىز . ئادەمنى
ھايات قانچە ئېزىپ قىيىنىغانسېرى شۇنچە ئىشلەمچان ، شۇنچە
تىرىشچان بولۇپ ياشاشقا ئۆگىنىپ كېتىدىكەن . قىزلار ،
مانا سىلەر مۇشۇ ئەۋلادنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن ھەرقانداق قى-
يىنچىلىققا چىدايسىلەر .

دەرۋىشنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان قىز - جۇۋانلار
ئويلىنىپ قالدى . ئۇلار ئىلگىرى بۇ ئېگىز بويلۇق ، قاتاڭ-
غۇر ئادەمدىن قېچىپ ، ئۇنىڭغا يېقىن كېلىشتىن ئەيمىنىپ
يۈرگەن بولسا ، ئەمدى ئۇ بۇلارغا بۆلەكچە ئەقىللىق ، مېھرى-
بان كۆرۈنۈپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ بەزى ياش قىزلار ئۇنىڭ-
دىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالاتتى . بۇنى بايقىغان نۇزۇگۇم :

— قىزلار ، ئۆز ۋاقتىدا دەرۋىشلەر ئاپئاق غوجامغا
چوڭ - چوڭ خىزمەتلەرنى قىلغانىكەن ،— دەپ ئۇلار توغرۇ-
لۇق بىلگەنلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى ،— ئاپئاق غوجامنىڭ
دەرۋىشلىرى جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى كېزىپ ، بارلىق ۋەقە-
لەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتىكەن . مانا نەچچە كۈندىن
بېرى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى چىڭ چېرىكلىرىدىن قېچىپ ،
جان ساقلاشنىڭ كويىدا يۈرگەندە ، بۇلار ھېچ نەرسىدىن
قورقماي ، بىز بىلەن ئەگىشىپ كېلىۋاتىدۇ . مۇشۇ يالاڭ-
ۋاشتاق ، يالاڭ ئاياغ ، چىرايلىرىدىن تۇپا يېغىپ تۇرغان ،
كىيىملىرىنىڭ يىڭنە ئىلغۇدەك يېرى قالمىغان بەندىلەرنىڭ
ئىچىدە ئۆلىما ، سازەندە ۋە دىندار ئادەملەركۆپ .

نۇزۇگۇم نەچچە كۈندىن بېرى چېرىكلەرنىڭ ئۇرۇپ
قوغلىغانلىرىغا قارىماي كەينىدىن مېڭىپ ، ئۆزلىرىگە ئۇس-
سۇزلۇق بېرىپ يۈرگەن دەرۋىش - قەلەندەرلەر ھەققىدە
ئۇزاق سۆزلىدى . ھە ، كۆپلىگەن تەركىدۇنيا بولۇپ كەتكەن

دەرۋىشلەرنىڭ قىزلار بىلەن ئىشى يوق .
— ئۇ دېگەنلىرى راست ، سىڭلىم ،— دېدى دەرۋىش ئۇزۇگۇمنىڭ سۆزىگە مەنە بېرىپ ،— بىز شەھەرنىڭ بەگلىرىگە ئوخشاش سالقىن سارايلاردا ئولتۇرۇپ ، هايات كەچۇرۇپ ، مال - دۇنيا يىغىپ تىرىكچىلىك قىلمايمىز . بىز سىلەرگە ئوخشاش غېرىب - مۇساپىرلار بىلەن يېتىم - يېسىرلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولساق ئۆزىمىزنى بەختلىك هېسابلايمىز . بۈگۈن سىلەر كېتىپ بارغان بۇ يوللاردا مۇساپىرلارنىمۇ ، ئوغرى - ساتقۇنلارنىمۇ ، ۋەتىنىدىن تەقىب قىلىنغان ئۆلىمالارنىمۇ ، ئانىسىغا پىچاق ئاتقان ياۋۇز جاللاتلارنىمۇ كۆردۇق . تالاي ئادەملەر مال - دۇنيا يىغىپ ، باي بولىمىز دەپ قەشقەرنىمۇ تاشلاپ چىقىپ كەتتى . بىز بولساق يۇرتىمىزغا بىرى بەند قىلىنۋەتكەندەك يىراق كېتەلمەي يۈردىمىز . بۇ يەردىن سودا كارۋانلىرىنى ئەگىشىپ كەتكەنلەر قانچە ؟ ! مانا مۇشۇنداق ئېغىر جەڭلەردىن كېيىن نەچچە مىڭلىغان ئوغلانلار چەت يۇرتلارغا پالىنىپ ، ئاخىر شۇ ياقلاردا ماكان تۇتۇپ قالدى . ئەمما ياخشى يېرى ، شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ تەرەپلەردە قانچە ئۇزاق هايات كەچۇرمىسۇن ، هامان ئانا يۇرتىغا پەرۋانىدەك ئىنتىلمەكتە . مەن ئېسىمگە كەلگەندىن بېرى مۇزداۋان ئېشىپ قىرغىزلار يۇرتىغا ، ئىلىخوغا بارغىنىمدىمۇ ياكى ئەركەشتام ئارقىلىق پەرغانە ۋادىسىنى كەزگىنىمدىمۇ يۇرتىمىزنىڭ شۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئادەملىرىنى كۆرگەنىدىم .
— قادىر ئاكا ،بۇ تارتقۇلۇقنى ياراتقان ئىگەم بىزنىڭ بېشىمىزغىلا سالغان ئوخشايدۇ . ئۇنى تارتماسقا ئىلاجىمىز يوق . ئەمدى سىلەر بىزنى دەپ ئاۋارە بولۇشماي يۇرتقا قايتىـ

ۋېرىڭلار ،— دېدى نۇزۇگۇم بايا ئۆزلىرىگە كۆپ ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەرگەن دەرۋىشكە قاراپ .

— بارىكاللا ، سىڭلىم !— دېدى قادىر دەرۋىش ،— پەقەت سىلەردىن تىلەيدىغىنىم ئانا يۇرتۇڭلارغا بولغان مېھىر — مۇھەببىتىڭلار ئۆچمىسۇن ! بۇ يۇرتنىڭ خەلقىنى قانچە ئۆلتۇرۇپ ، ھەر تەرەپكە تىرىپىرەن قىلمىسۇن ، قولىغا قورال ئېلىپ ، يېرىنى دۈشمەندىن قوغداشقا ئاتلىنىدىغانلار كۆپ . قەيسەرلەر يەر تېگىدىن ئۇرغۇغان سۇدەك چىقىدۇ . ئۇ يەرنىڭ خەلقى قىرقىپ تۇرساڭ ئۆسۈۋېرىدىغان گىياھقا ئوخشايدۇ . بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن قەشقەر خەلقى چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قۇللىرى بولۇپ قالامدىكىنە دەپ ئويلىماڭلار . ئەۋلادلار بەرىبىر ناھەق ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدۇ . تارىخمۇ ئۇلارنى تىنچ ياتقۇزمايدۇ .

— بىزنىڭ سىلەرگە ئوخشاش گۈزەللىرىمىز بۇنىڭدىن ئېغىر كۈنلەرگە مۇپتىلا بولسىمۇ چىڭ ئەمەلدارلىرىغا باش ئەگمىگەن .ئىپارخانغا ئوخشاش گۈزەللەر چىڭ پادىشاھى يالۋۇرۇپ ، ئايىغىغا باش قويۇپ ، دېگىنىنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنداپ بەرگەن بولسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئار - نومۇسىنى تۆكۈپ ئۇلارغا خوتۇن بولمىغان . كۆپ قىزلار جېنىنى قۇربان قىلغانۇ ئەمما پاك مۇھەببىتىنى ساقلاپ قالغان .قەشقەر قىزلىرى ئۆزلىرىنىڭ سۆيگەن يارىغا ساداقەتلىكى ، ۋىجدانىنىڭ پاكلىقى ، ئەل - يۇرتىغا مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن داڭقى چىققان... تارىختا مۇنداق ۋەقەلەر كۆپ .

ئۇلار قادىرنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن ئۆزلىرىگە ئەگەشىپ كېلىۋاتقان دەرۋىشلەرگە بۆلەكچە سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدى . بولۇپمۇ يېڭىدىن تۇرمۇشقا چىقىپ ئەرلىرىدىن

بىرمەزگىل ئايرىلىپ كەتكەن ياش جۇۋانلارغا دەرۋىشلەرنىڭ چاقچاقلىرى بەك يېقىملىق ئاڭلىناتتى.

— بىزنى چېرىكلەرگە خار قىلغىچە ئۆزۈڭلارلا قۇملۇق چۆللەرگە ئەكەتسەڭلارچۇ،— دەپ ئۆز نۆۋىتىدە چاقچاق قىلاتتى قىزلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېگىز بويلۇق خېلىچە خېنىم،— ئېيىق بولسىمۇ ئېرىك بولسۇن دەپتۇكەن، زادى مۇشۇنداق خارلىنىپ يۈرگىچە سىلەرگىلا تېگىۋالايلى.

چېرىكلەردىن قورقۇپ بۇلارغا يېقىنلىشالماي يۈرگەن دەرۋىشلەر مۇنداق سۆز - چاقچاقلارنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپ كېتەتتى. مانا ھازىر ئۇلارغا سەل يېقىنلاپ كەلگەن دەرۋىش:

— كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ سۇلتان بولغاندىن كۆرە ئۆز يۇرتۇڭلاردا ئۇلتان بولغىنىڭلار تۈزۈك،— دەيتتى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قەشقەرنىڭ قۇم - چۆللىرىدە جاھاندارچىلىق قىلىپ يۈرگەن سىلەرگە ئوخشاش قەيسەرلەرنىڭ تىرنىقىغا ئالمايمىز. ھەركىم ھەرنېمە دېيىشى مۇمكىن. ئەمما قەشقەر قىزلىرى بوينىنى جادۇدا چاپسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئار - نومۇسىنى ھېچقاچان ئاياغ ئاستى قىلمايدۇ. ئۇلار ئەزەلدىنلا مۇھەببەتكە سادىق ئىدى، ھېلىمۇ سادىق، مۇنىڭدىن كېيىنمۇ سادىق بولۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ قەلبىمىزنى ھېچقانداق قارا كۈچ ئىگىلىيەلمەيدۇ. زادى يورۇق دۇنيادىن ئەر كۆرمەي ئۆتسەك ئۆتىمىزكى، ئەمما يىگىتلىرىمىزگە سادىق بولۇپ قالىمىز. بىزنىڭ يىگىتلەرگە دەپ قويۇڭلار، بىز ئۇلارنىڭ كېلىشىنى ھەرتاڭدا بىتاقەت كۈتىمىز!

— ھە، نۇزۇگۇم توغرا ئېيتىدۇ. بىز بوينىمىزغا

سېيرتماق سېلىپ ئۆلسەك ئۆلىمىزكى ، لېكىن مانجۇ ، قالماقلارغا خوتۇن بولمايمىز…

نۇزۇگۇمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ روھلىنىپ كەتكەن قىزلار ھەر تەرەپتىن ۋاڭ - چوڭ كۆتۈرۈپ ، كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى . قىزلار بەزىدە خوش چاقچاق گەپلەرنى قىلىپ ، ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئۆزلىرى كۆتۈرەتتى .

يولغا چىققاندىن بېرى يىگىتلەرنىڭ پارىڭىنى كۆپرەك قىلىپ ، قىزلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ، كۈلدۈرۈپ كېلىۋاتقان خېلىچە خېنىم دەرۋىشنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە ئىلگىرىكى سۆزىنى تەكرارلىدى :

— ھەي ، دەرۋىش ، ئىلىخوغا بېرىپ ، قالماق ، مانجۇلارنىڭ قوينىدا تاۋار - دۇردۇنغا ئورىنىپ ياتقۇچە ، سىلى بىلەن ماۋۇ قۇملارنى بېشىمىزغا ياستۇق ، ئاستىمىزغا كۆرپە قىلىپ ياتايلى . چامىلىرى كەلسە مېنى ئېلىپ قېچىپ كېتەلىسىلىچۇ ؟ ئۆزلىرىنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكىنى بىلەن كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ تۇرىدىكەن . قەشقەر شەھىرىدە قازىكالان ، بەگ دېگەنلەر بولغىنى بىلەن باشقا كۈن چۈشكەندە ئۇلارنىڭ بىرەرىمۇ ئەسقاتمىدى .

قىزلارنىڭ خېلىدىن بېرى دەرۋىشلەر بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغانلىقىدىن كۆڭلىگە گۇمان چۈشكەن چېرىكلەر نەيزە - قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كېلىشتى . ئۇلارنىڭ قاپاقلىرىدىن قار يېغىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن قىزلار بۇرۇنقىدەك چۇرقىرىشىپ قېچىشنىڭ ئورنىغا قەددىلىرىنى رۇسلاپ تۇرۇشتى .

— ھە ، قېنى ، كاپىرلار ، ئۆلتۈرسەڭلار مانا ھازىر ئۆلتۈرۈڭلار ! ياقا يۇرتلارغا بېرىپ سەنلەرگە قول بولغاندىن

كۆره ئۆز يۇرتىمىزدا قۇزغۇنلارغا يەم بولايلى !

بايا مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرغاندا بەكمۇ ياۋاشتەك كۆرۈنگەن گۈلنىسا قىزلارنىڭ ئارىسىدىن بىرىنچى بولۇپ ئېتىلىپ چىقىپ ئىلگىرىلىۋىدى ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى . ئۇچلىرىغا قىزىل ، كۆك رەڭدىكى كۆڭلەك ، يېشىل ئىشتان ، باشلىرىغا چىمەندوپپا كىيىپ ، ئۇزۇن چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈگەن ياش قىزلار بولسا هاياتىدا مۇنداق هادىسىنى كۆرمىگەچكە ، كۆزلىرى چاناقلىرىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قورقۇشۇپ ، ئۆزلىرىنى نۇزۇگۇمنىڭ دالدىسىغا ئېلىشتى .

بۇلارنىڭ قورقۇش دېگەننى بىلمەي مۇنداق ئۆملىشىپ تۇرغىنىنى كۆرگەن چېرىكلەر نېمە قىلارىنى بىلمەي هودۇقۇپ قالدى . بولۇپمۇ ئۇلار نۇزۇگۇمغا ئوخشاش گۈزەل جۇۋانلارنى ئىلى جياڭجۇنگە ۋە باشقا ئامباللارغا سوۋغا قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئابرۇي ، مەنسەپلىرىنى كۆتۈرۈشنى ئويلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ، مۇمكىنقەدەر ئۇلارنى بۇ تەۋەدىن ساق - سالامەت ئەكېتىشنىڭ كويىدا ئىدى . شۇڭلاشقا بۇ قىز - جۇۋانلارنىڭ تەنتەكلىكىگە يارىشا ئۇلارنى ئۇرۇپ - سوقماي كۆپىنچە پوپوزا قىلىپ قورقۇتاتتى .

— ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق شاۋ - شۇۋ كۆتۈرىدىغان بولساڭلار ھەممىڭلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ تاشلايمىز !— دەپ ۋارقىرىدى ئۇچىسىغا ئۇزۇن سۇر چاپان ، بېشىغا چۇچىسى بار مىس[1]دۇبۇلغا كىيگەن قارا گىر ئاتتىكى يايى . ئۇ سەپراسىنى سەل باسقاندىن كېيىن باشلىرىدا ئۇستى ياپىلاق كىگىز قالپاقلىرى بار چېرىكلىرىگە بۇرۇلدى - دە ، ئۇلارغا بۇنىڭدىن كېيىن قىزلارنى قىلىچ - نەيزىلەر بىلەن

ئەمەس ، كۆپرەك قامچا ـ تاياقلار بىلەن ئۇرۇپ ھەيدەشنى جېكىندى .

— بۇلارنىڭ قولتۇقىغا سۇ پۈركۈپ قۇترىتىۋاتقان ئاۋۇ قەلەندەرلەر . ئۇلار قەشقەردىن چىققاندىن بېرى قىزلارنىڭ كەينىدىن خام گۆش كۆرگەن قۇزغۇنلاردەك قالماي كېلىۋاتىدۇ ،— دېيىشىپ ، ئۆز باشلىقىغا دەرۋىشلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى چېرىكلەر . قىزلارنىڭ سىرتىدىن خۇددى قويلارنى بۆرىلەردىن قوغداپ يۈرگەن سىرتلانلاردەك ئەگىشىپ كېلىۋاتقان دەرۋىشلەر يايىنىڭ قولىغا قاتلاپ تۇتۇۋالغان قامچىسى بىلەن ئۆزلىرى تەرەپنى كۆرسىتىپ ، ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەندە ھەر تەرەپكە پېتىراپ قېچىشتى .

بۇ چاغدا قىزلاردىن خېلىلا يىراقتا كېلىۋاتقان ئەرلەر ۋارقىرىشىپ كەتتى . چېرىكلەر ئالاھىدە ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ كېلىۋاتقان ، قوللىرىغا كويزا سېلىنغان ئەرلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا قىلىۋاتقانلارمۇ كۆپ ئىدى . چېرىكلەر مۇزداق ئىسيانكارلارنى قىزلارغا ئوخشاش ئاياپ تۇرماي ، شۇ يەردىلا كۆكسىگە نەيزە ئۇرۇپ ئۇجۇقتۇراتتى . شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلۈپ ، جەسەتلىرى چۆل ـ جەزىرىدىكى قۇزغۇنلارغا يەم بولغانلىرىمۇ نۇرغۇن ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يايىنىڭ قىزلارنى ئەگىشىپ كېلىۋاتقان دەرۋىشلەرنى قوغلىغىنىنى كۆرۈپ ، تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىراشتى :

— ھەي ، كاپىرلار ، ئەگەر ئىلىغا بارغىچە بىزنىڭ قىزلىرىمىزنىڭ بېشىدىن بىر تال چېچى يەرگە چۈشىدىغان بولسا سەنلەرنىڭ مىڭ تال چېچىڭنى يۇلۇۋالىمىز !

— ۋا ، بەللى ، كۆردۈڭمۇ ئاۋۇ شۇمپەننىڭ ئۆزىنىڭ

ئۆلگىلىۋاتقىنىنى بىلەن ئىشى يوق ، چوڭ سۆزلەۋاتقىنىنى ،— ئات ئۈستىدە سىڭايان ئولتۇرغان چېرىك بېشى قورساقلىرىنى سىلاپ كۈلۈپ كەتتى ،— ھەي ، سەن بۇلارنىڭ غېمىنى يېمەي ئۆزۈڭنىڭ پاشاڭنى قورۇۋاله !

— ئالدىرىما ، بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن بۇ كۈن سەندەرگىمۇ كېلەر ،— قولىغا كويزا سېلىنغان ئاق يۈزلۈك ، كۆزلىرى يوغان يىگىتنىڭ چېرىكلەرنىڭ زاڭلىق قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرىگە غەزىپى ئۆرلەپ كەتتى . ئۇمۇ بەشكېرەم يېنىدىكى قاتتىق جەڭدە چېرىكلەر قولىغا چۈشۈپ قالغىنىغا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كېلىۋاتقان ياشلارنىڭ بىرى ئىدى . بۇ يىگىتلەر باشتا چېرىكلەرنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ قارشى چىققانىدى ، لېكىن چېرىكلەر بېشىغا ئۈچ ـ تۆتتىن ئۇرۇپ ئېسەنگىرىتىپ قويغاچقا ، ئۇ خېلى يەرگە كەلگۈچە ئۆزىنى بىر بىلىپ ، بىر بىلمەي قالدى . پەقەت كېچىسى قونالغۇغا كېلىپ يېتىپ ، دەم ئالغاندىن كېيىنلا ئەس ـ ھوشىنى يىغىشقا باشلىدى .

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا تەڭرىنىڭ پېشانىسىگە يازغىنىنى تارتماسقا ئامالى يوق ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ ، بىر ـ ئاز ياۋاشلاپ قالدى . ئۇمۇ ھە دېگەندە باشقا يىگىتلەرگە ئوخشاش ئىلى تەرەپكە بېرىپ ، مانجۇ ئەمەلدارلىرىغا قۇل بولۇپ ئىشلىگەندىن كۆرە ، مۇشۇ يەردىلا چېرىكلەر بىلەن ئېلىشىپ ئۆلۈشنى ئويلايتتىيۇ ، بىراق سىڭلىسىنى ياقا يۇرتلارغا يالغۇز ئەۋەتىشكە كۆزى قىيماي ، بۇ ئويىدىن يالتىيىپ قالاتتى . شۇڭا ئۇ ئەمدى نېمە بولسىمۇ سىڭلىم ئىككىمىز بىللە بولايلى دەپ ، ھەممە قىيىنچىلىققا باش ئېگىپ كېلىۋاتاتتى . مۇنداق ئەسىرگە چۈشۈپ پالانغاندىن كۆرە ،

ئۆز جەسەتلىرىنىڭ تۇمەن دەرياسى بويىدا قالمىغىنىغا مىڭ
بىر پۇشايمان قىلاتتى . ئۇلار ئەگەر قوللىرىمىزنى كويزىلار-
دىن بوشىتىپ قالسا بىرەردىن چىرىك ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈپ
كەتسەك ئارمىنىمىز يوقتى دېيىشىپ ، ئەنە شۇنداق پەيتنى
پايلاپ كېلىۋاتاتتى . چىڭ چېرىكلىرىمۇ جاھانگىر غوجىنىڭ
قولغا چۈشكەن لەشكەرلىرىنىڭ پەيلىنى سېزىپ ، ئامالىنىڭ
بارىچە ئۇلارنى قاتتىقراق تۇتۇشقا تىرىشاتتى ، تۆمۈر كىشەن-
لەر سۇرگۈنلەرنىڭ تېرىلىرىنى شىلىپ ، گۆشلىرىنى شال-
ۋەرتىپ ، يېغىر قىلىۋەتكىنىگە پەرۋا قىلماي ئۇلارنى ھەي-
دەيتتى . يىگىتلەر ئارىسىدىكى بېشىغا دوپپا ، ئۇچىسىغا
كۆل رەڭ چەكمەن چاپان كىيىۋالغان ، مۇرىسىگە خۇرجۇن
ئارتىۋالغان ئابدۇللامۇ بەزىدە ئۆزلىرىدىن بەش - ئالتە يۇز
قەدەم ئارقىدا قالغان قىزلار ئارىسىدىكى سىڭلىسى نۇزۇ-
گۇمدىن كۆز ئۇزمەي كېلىۋاتاتتى . ئۇمۇ قىزلار توپى تەرەپ-
تىن ناخشا ئېيتقان سىڭلىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ، كۆڭ-
لى سەل خاتىرجەم بولۇپ قالاتتى . ئەمما يايلار ئەرلەرنى
بارغانسېرى تېز مېڭىشقا مەجبۇرلايتتى . ئۇلار يىراقلىغانسې-
رى ئابدۇللامغا سىڭلىسىنىڭ ئېيتقان ناخشىسى پەسىيىپ
ئاڭلانماي قالدى .بۇلارنىڭ ئالدىدىمۇ ، كەينىدىمۇ بىرنەچچە
توپ كەلمەكتە . ئابدۇللام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تونۇش-بىلىش-
لىرىدىن كىملەرنىڭ بارلىقىدىنمۇ بىخەۋەر . سىڭلىسىنىڭ
ئېرى باقىنىمۇ ھېيتگاھدىكى جەڭدە چېرىكلەرنىڭ قولىغا
چۈشۈپتۇ دەپ ئاڭلىغان . ئەمما ئۇنىڭ قۇتۇلۇپ كەتكىنىدىن
يا سۇرگۈنلەر ئارىسىدا كېلىۋاتقىنىدىن بىخەۋەر ئىدى . ئۆزى
بولسا ئاۋۇ كۈنى ئۇلارنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ ئوتۇن بازىرىدا
چېرىكلەرگە تۇتۇلغىنىدىن كېيىن قۇتۇلالمىدى .

*                    *

قىزلارنىڭ دىققىتىنى چۇرقىرىشىپ ئالدىغا كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ۋاڭ ــ چۇڭى بۇلىۋېتى . ئادەملەر يېقىنلىشىشىغا قوۇما تېغى تەرەپتىن بوش توپىنى توزۇتۇپ چىققان شامال تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى . چۇشتىن كېيىن پات ــ پاتلا تاغ چاتقاللىرىدىن چىقىپ ، قاتلام ــ قاتلام بوش توپىلارنى ئۇچۇرۇپ ، ئالەمنى مالەم قىلىۋاتقان شامال ھە دېگەندىلا توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى .

— بۇ شامال خەلقنىڭ غەزەپ ــ نەپرىتىنى ئىزھار قىلىۋاتىدۇ . جۇمۇڭلار ،— دېدى سۇرگۇنلەرنىڭ بېرى .

ئادەملەر سۇرگۇنلەرگە يېقىن كېلىشكە چاڭ ــ توزان خۇددى شۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى كۇتكەندەك بېسىلىپ ، يىراق يېزىنىڭ نېرىسىدىكى قوۇم تاغلىرى بىلەن ئېدىرلار ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى .

سەللىسىگە تۇتى قۇشنىڭ پېيىنى قاداپ ، چىپار ئات مىنگەن بەگ سۇرگۇنلەرنى باشلاپ كېلىۋاتقان ئامبالنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ، قولىنى كۆكسىگە تۇتقان ھالدا سالام بەرگەندىن كېيىن تۆش يانچۇقىدىن مۆھۈر بې-سىلغان قەغەزنى ئېلىپ كۆرسەتتى . ئامبال ئۆزىنىڭ بۇيرۇ-قىنى كۇتۇپ زىچچىدە تۇرغان چېرىكلەرگە :

— بۇلار ئاتۇش تەرەپتىن كەپتۇ ، تەگمەڭلار . ئۇلارنىڭ قولىدا ئۇلۇغنىڭ قولى بىلەن مۆھۈر بېسىلغان قەغىزى بار ئىكەن ،— دېدى ــ دە ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ،— بۇلار بىزنىڭ ئىشەنچىمىزنى ئاقلاپ ،ئۇلۇغقا سادىق خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان بەندىلەر . ئۇلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىزنى

مېھمان قىلىمىز دېسە مەرھەمەت !

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئاتۇشلۇقلار قوللىرىدا كۆتۈرۈپ كەلگەن نەرسىلىرىنى سۈرگۈنلەرگە بېرىشكە باشلىدى .

— ئەزىز قېرىنداشلار ، بۇلار سىلەرنى نېمە كۈنلەرگە سېلىۋەتكەن - ھە . قېنى يەڭلار ،— ئۇلار سۈرگۈنلەرگە ئالما ، ئۈزۈم ، قوغۇن - تاۋۇزلارنى يېگۈزۈشتى . بەزىلەر ئۈستىدىكى كىيىملەرنى يېشىپ ، نېپىز كۆڭلەك بىلەنلا كېلىۋاتقان خوتۇن - قىزلارنىڭ ۋە ياش بالىلارنىڭ ئۈچىسىغا ئارتىپ قويدى .

— ئۇزاق يولغىمۇ مۇشۇنداق يېلىڭ ماڭغان بارمۇ . مۇشۇ ھالدا ماڭساڭلار مۇزداۋاندىن ئۆتكىچە ئۈششۈپ قالماسىلەر .

— جېنىم ئاكا ، ئىلىخوغا بارغىچە ئاشۇ داۋاندا ئۈششۈپ قالساق ياخشى بولاتتى ،— دېدى ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىن خۇش بولۇپ قالغان خېلىچە خېنىم .

— پېتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سېلىشقا بولمايدۇ ، سىڭلىم . زامان مۇشۇنىڭ بىلەنلا تۈگەپ قالماس ، ئالدىمىزدا تېخى ياخشى كۈنلەرمۇ بار . بۇ جان شۇ كۈنلەرگىمۇ كېرەك بولۇپ قالار ،— دەپ ئاتۇش تەرەپتىن كەلگەنلەر سۈرگۈنلەرنىڭ كۆڭلىنى ياساپ سۆزلىدى . باشتا چېرىكلەرنىڭ قورسىقىنى تويدۇرىمىز دەپ ، توپىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغانلارنىڭ پەقەت قەشقەردىن سۈرگۈن قىلىنغانلارغا قوشۇلۇپ كېتىشى چېرىكلەرگە ياقماي قالغان بولسا كېرەك ، بىردىنلا ئۇلار :

— قېنى ، ئەمدى قايتىڭلار ،— دەپ ئۇلارنى قوغلىدى ،— بولمىسا سىلەرنىمۇ قوشۇپ ھەيدەپ كېتىمىز .

— بىر يۈرەكنى ئىككىگە بۆلۈپ نېمە قىلىسىلەر .

ھەيدىگەندىن كېيىن ھەممىمىز نىلا قوشۇپ ھەيدەپ كېتىڭ-
لار ، ھازىر زامان سىلەرنىڭ بولغاندىن كېيىن ،— دېدى
سۇرگۈنلەردىن ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقان سالاپەتلىك ئادەم .
چېرىكلەر خېلى ۋاقىتقىچە سۇرگۈنلەر ئارىسىغا قوشۇ-
لۇپ كەتكەن ئادەملەرنى ئۇلاردىن ئايرىيالماي ئاۋارە بولۇش-
تى . يېقىن تۇغقانلىرىنى تېپىۋالغان بوۋاي ـ مومايلار بىلەن
بالىلىق ئاياللار ، قىزلار كەينىدە كېلىشمەكتە .
— ئاتۇشلۇقلار ياشاشنى بىلىدۇ ، جۇمۇسىلا ،— دېدى
يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان سۇرگۈنلەر ئارىسىدى-
كى خېلىچە خېنىم .
— مانا كۆردىلىمۇ ، بىز يولغا چىققاندىن بېرى ئاتۇش-
تىن باشقا ھېچبىر يۇرتنىڭ خەلقى بىزنى مۇنداق مېھمان
قىلغىنى يوق . ھە ، ئاتۇشلۇقلارزە چېرىكلەرنىڭمۇ كۆڭلىنى
ئېلىپ ، بىزنىمۇ رازى قىلىپ ئۇلگۇردا !
— ھە ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئاتۇشلۇقلاردەك بول-
سا ، ئىش باشقىچە بولاتتىغۇ ،— دېدى سۇرگۈنلەر ئىچىدىكى
ئاتۇشلۇق چوكان .

## Ⅲ

بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ تاغ قاپتاللىرىغا يېقىنلاشقان-
سېرى ، سۇرگۈنلەرگە غوللاردىن ئېقىپ چىقىۋاتقان سۇلار
ئۇچراشقا باشلىدى . ئەتراپتىكى بۇغداي ، قوناق ، شال تېرىل-
غان ئېكىنزلىقلار چۆللۈك يەرلەردە كۆزگە ئالاھىدىلا كۆرۈ-
نەتتى . كۆز شامىلى كۆچىيىپ ، كۆپتىن بېرى يامغۇر ياغ-

ماي قاغجىراپ كەتكەن دالانىڭ چاڭ ـ توزانلىرى تۇتقۇنلار ـ نىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلۇپ ، ئۇلارنىڭ بۇنىڭسىزمۇ توپا يېغىپ تۇرغان چىرايلىرىنى تېخىمۇ مىسكىنلەشتۇرۇۋەتكەنىدى . ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا سىرىق توپىلىق شېغىللىق يول باش ـ لاندى . ئىلگىرى يۇمشاق قۇم ـ توپىدا يالاڭ ئاياغ كېلىۋات ـ قان تۇتقۇنلارغا تاشلىق ، شېغىللىق يوللاردا مېڭىش بەك ئېغىر كېلىۋاتاتتى . ئېڭىزلار سارغىيىپ ، گىياھى ئاپئاپتا كۆيۈپ كەتكەن تاغلار قارىيىشقا باشلىغىنى بىلەن تۇتقۇنلار ـ نىڭ كەينىدە قېلىۋاتقان مەھەللىلەر خۇددى تەبىئەتنىڭ قارام كۆچىگە بىـوي بەرمىگەندەك كۆكىرىپ ، ياشناپ تۇراتتى . ئۇلار مۇنداق مەھەللە ـ يېزىلارغا يېقىنلىغاندا بۇ يەرنىڭ باغلىرىدىكى ھەر خىل مېۋىلەرنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرى بۇزۇ ـ لاتتى ـ دە ،تېخىمۇ مىسكىنلىشىپ كېتەتتى . چېرىكلەر بول ـ سا خۇددى تۇتقۇنلار بىلەن زىتلاشقاندەك ئاتلىرىنى چاپتۇ ـ رۇپ بېرىپ ھېلىقى مېۋىلەرنىڭ شاخلىرىنى يېرىپ ، سۇن ـ دۇرۇپ ، چىرايلىق باغلارنى بىردەمدىلا ۋەيران قىلىۋېتەت ـ تى . ئۇلارغا بىرەر ئېغىز گەپ ياندۇرسا كالللىسى ئېلىنىد ـ غانلىقىنى بىلىدىغان باغۋەنلەر خۇددى نەچچە يىلدىن بېرى پەپىلەپ ئۆستۇرگەن بالىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولغاندەك ، بىردەم ئۇ دەرەخنىڭ ، بىردەم بۇ دەرەخنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ باراتتى . ئەمما چارىسىز ئىدى . بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىچى ئۆرتەنگەن سۇرگۇنلەردىن بىرى :

— ھەي ۋەھشىي ھايۋانلارەي ، ئادەملەرنى قىينىغىنى ئازدەك ئەمدى مۇنۇ دەل ـ دەرەخلەرگىمۇ ئارام بەرمەيۋاتقى ـ نىنى ،— دەپ قارغاپ تىلىلدى .

— ھە ، ھازىر ئۇلارنىڭ قولى قىچىشىپ ، قىلىدىغان

قىلىق تاپالمايۋاتىدۇ ئەمەسمۇ ؟— دەپ قوشۇمچە قىلدى زىلۋا بوي ، ئاق يۈزلۈك جۇۋان .

— بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ ، سىڭلىم . ھەرقانداق ئەرسىنىڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سورىقى بولىدۇ .

باشقىلاردىن بوي - تۇرقى بىلەنمۇ ، يېشى بىلەنمۇ پەرق قىلىپ تۇرىدىغان بۇغداي ئۆڭلۈك ، قاشلىرى قېلىن ، دوغدى- لاڭ كەلگەن بۇۋىئايشەمنىڭ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئېيتقان سۆزى قىزلارنىڭ دىققىتىنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلدى .

— قاچان سورىقى بولىدىكىنتاڭ ، بۇۋىئايشەم . مانا ئەل - يۇرتىمىزدىن ئايرىلىپ ، چۆل - باۋايانلارغا چىقىپ كەتكىنىمىزگە خېلى بولدى ، يا كەينىمىزدىن بىرەرى ئىز- دەپ كەلمىدى ، يا بىزنى قۇتۇلدۇرغۇدەك بىرەر كىشى چىق- مىدى . بارغانسېرى ئىلگىرىلەپ كېتىپلا بارىمىزغۇ ؟— دېدى ئىچىگە تۇشۇپ كەتكەن دەرد - ئەلەمنى سەپەرداشلىرىغا بولسىمۇ ئېيتىپ ئىچىنى بوشىتىۋالاي دېگەندەك ئۇھ تارتقان گۈلنىسا .

— شۇ چاغدا بۇ تەرەپتىكى ئەر خەقلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۇتۇۋەتتىمىكىنە ؟— دېدى باياتىن گەپ - سۆزگە ئارىلاش- ماي شۈك كېلىۋاتقان خېلىچە خېنىم ،— ماڭا ئۇخشاش بەش - ئون يىل ئەرلىرىمىز بىلەن بىللە ياشاپ بىرئاز بولسىمۇ ھاياتنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرگەنلەرنىڭ كارى چاغلىق . بولار ئىش بولغاندىن كېيىن ئەمدى تەقدىرىنىڭ پېشانىمىزگە يازغىنىنى كۆرەرمىز . بىزاق مۇنۇ ياش قىزلىرىمىز مانجۇ ، موڭغۇللارغا زايە كېتىدىغان بولدى - دە .

قولىغا مىلتىق تۇتۇۋالغان يايى چۆل - جەزىرىدە توخ- تىماي مېڭىپ ، ئۇسساپ كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن

سۈرگۈنلەرگە ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم
تونۇتۇپ قوياي دېگەندەك قارا گىر ئېتىنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا
بىرنەچچە قېتىم چاپتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن چېرىكلەرگە
قاراپ :

— ھاي ، تۇتقۇنلارنى توختىتىڭلار ، ھاردۇق ئال-
سۇن ،— دېدى ئۇ گويا تۇتقۇنلارغا رەھىم قىلغاندەك ھەممىگە
ئاڭلىتىپ ۋارقىراپ .

كېچىسى ماڭساق قاراقچىلار ھۇجۇم قىلىپ ، ئىلىدىكى
جياڭجۇن بىلەن ئىچكىرىدىكى خانغا ئەكېتىۋاتقان ئالتۇن ـ
كۈمۈش ۋە باشقا قىممەتلىك نەرسىلەرنى بۇلىتىپ قويمايلى
يەنە دېگەن ئوي بىلەن ئامبال كۈن ئولتۇرۇپ ، كۆز باغلان-
غاندىن كېيىن يول يۈرۈشنى توختاتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ كەل-
گەنلىكىنى ئالدىنئالا چاپارمەنلەر ئارقىلىق يەرلىك ئەمەلدار-
لارغا خەۋەر قىلدۇردى . ئەمەلدارلار ئۆز نۆۋىتىدە ئاددىي
پۇقرالارغا قوشۇمچە سېلىقلارنى سېلىپ ، ئۇلارنىڭ يې-
مەك ـ ئىچمىكىنى تەييارلاپ تۇردى . ئامبال ئۇچۇن مال
سويۇپ ، لەززەتلىك تائاملارنى تەييارلاتقۇزدى . ئاتلارنى بېدە
بىلەن يەمگە تويدۇرۇپ ، بەزى ئاتلارغا تاقا قاقتۇردى . بەزى-
لەرنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى يېڭىلاپ ، كەم قورال ـ ياراغلى-
رىنى تەخلەپ تۇردى . جەڭدىن قايتقان چېرىكلەرنى ياخشى
كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇزىتىپ قويۇش ھەققىدە ئىلى جياڭجۇنى
بىلەن قەشقەردىكى ئىسھاق ۋاڭدىن مەخسۇس بۇيرۇق ئالغان
يەرلىك بەگلەر ئۆزلىرىنىڭ سادىقلىقىنى مۇشۇنداق پەيتى
كەلگەندە كۆرسىتىپ كۆزگە كۆرۈنۈۋېلىش مەقسىتىدە ، ئۇ-
لارنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە ئاشۇرۇپ
ئورۇنداشقا تىرىشاتتى . ھەتتا ئۇلار چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ

قەشقەرلىك قىز - جۇۋانلارنى ئەكېتىپ بارغىنىنى ئاز دېگەن-
دەك ئۆز تەۋەسىدىكى يېزىلاردا ياشىغۇچى كەمبەغەل دېھقان-
لارنىڭ چىرايلىق قىزلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۆز نامىدىن
سوۋغا قىلاتتى. يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ مۇشۇنداق
«ئىززەت - ھۆرمىتى» گە ئۆگىنىپ قالغان ئامبال يول
ئۈستىدىكى ھەربىر يېزىغا كەلگەندىلا ئەنە شۇنداق نەرسىنى
تەمە قىلاتتى. شۇڭلاشقىمۇ چېرىكلەر سۇرگۈنلەرنى ھەيدەپ
ئۆتكەن يېزىلار خۇددى چۆچەك - ئەپسانىلەردىكى كېچىلى-
رى جىن - شەيتانلار ئارىلاپ ئۆتكەن مەھەللىلەردەك چۆلدە-
رەپ قالاتتى.

— بۇگۈن مۇشۇ يەردە تۈنەيمىز. تۆگىلەردىكى تېڭىق-
لارنى چۈشۈرۈپ، ئات - تۆگىلەرنى دەم ئالغۇزۇڭلار. تۇت-
قۇنلارنى كۆزىتىدىغان چېرىكلەرنىڭ سانىنى ئاشۇرۇپ،
ھوشيار تۇرۇڭلار!— دەپ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق بې-
رىۋاتقان ئامبال نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئالدىدا قول
قوشتۇرۇپ تۇرغان يەرلىك ئەمەلدار بىلەن كارۋان توختىغان
تۈزلەڭدىن بىرەر چاقىرىم نېرىدىكى يېزىغا قاراپ يول ئال-
دى.

ئەتىدىن - كەچكىچە توختىماي مېڭىپ، ھېرىپ كەتكەن
تۇتقۇنلار پەشمەت - پەرىجىلىرىنى يېيىپ ھاردۇق ئېلىشقا
تۇتۇندى. بۇ چاغدا ھاۋامۇ سالقىن تارتىپ قالغانىدى.
بىر - بىرىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇرغان قىزلار يەنە
بارغانسېرى ئارقىدا قېلىپ قېلىۋاتقان ئەل - يۇرت، يارۇبۇ-
رادەر، قوۋم - قېرىنداشلىرىنى ئەسلەپ پاراڭغا چۈشكەن-
دى.

— بىزنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىمىز بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر قى-

يىنچىلىقلارغا باش ئەگمىگەنىكەنغۇ . كۆپ بىلەن كۆرگەن كۆن توي دەيدىغان گەپ بار . ھەممىدىن يالغۇزچىلىققا قىپ-لىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن . مەسىلەن ، دەرۋىشلەر دەپ بەرگەن بىزنىڭ ئىپارخاننىڭ ھاياتىنىلا ئالايلى ،— دېدى نۇ-زۇگۇم بايا دەرۋىشتىن ئاڭلىغانلىرىنى ئەسلەپ .

قىزلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى ئىپارخان ھەققىدە بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ھاياتىنى تولۇق بىلمىگەنلىكتىن ، ئۇلار نۇزۇگۇمدىن شۇ قىز ھەققىدە تەپسىلىي ھېكايە قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ سوراشتى .

— ئاڭلىشىمچە ، بۇنىڭدىن ئاتمىش - يەتمىش يىللار ئىلگىرى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىل-لىي ئازادلىق ھەرىكەت باشلانغاندا ئىپارخان تېخى يىگىرمە ياشقىمۇ تولمىغانىكەن . ئۇنىڭ ئېرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى جەڭگە كىرگەندە ئۆزىمۇ قولىغا قو-رال ئېلىپ بىللە جەڭ قىپتۇ . ئىپارخان ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن چىڭ چېرىكلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ . ئۇلار ئىپارخاننى بېيجىڭدىكى پادىشاھقا ئەۋەتىپتۇ . لېكىن ئۇ پادى-شاھقا خوتۇن بولۇشقا ئۇنىماي ئۆلۈۋالغانىكەن .

— ئۇ قالتىس قىز ئىكەندۇق - ھە !— دېدى ھېكايىنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپ كەتكەن قىزلاردىن بىرى .

— شۇنداق قەھرىمان بولغىنى ئۈچۈن خەلق ئۇنىڭ جەسىتىنى بېيجىڭدىن قەشقەرگىچە پىيادە كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ ئاپئاق غوجام مازارىغا دەپنە قىلغان - دە !— دېدى بۇۋىئايشەم سۆزگە ئارىلىشىپ ،— ئالەمدە ئۇنىڭدەك گۈزەل ۋە باتۇر قىز بولمىغانىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەممە ئادەم

ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشىدۇ - دە.

— بۇ چىلىق ئەمەلدارلىرى بىلەن موڭغۇللار شۇ چاغلاردىمۇ ئۇيغۇر قىزلىرىنى بۇلاپ - تالاپ كەلگەنمىكەن - دە؟— دېدى نۇزۇگۇمنىڭ ھېكايىسىگە بەك قىزىقىپ كەتكەن گۈلنىسا.

— قەشقەرنىڭ قىزلىرىدەك گۈزەل قىزلار كەم ئۇچرىسا كېرەك. شۇڭا ئۇلارغا مۇزداۋاننىڭ نېرىسىدىكى موڭغۇل بىلەن مانجۇلارلا ئەمەس، يەتتە ئىقلىمنىڭ ھەممە ئەركەكلىرى مەھلىيا بولۇپ كەلگەن،— دەپ سۆزگە ئارىلاشتى خېلىچە خېنىم. ئۇ يول بويى قانچە جەبىر - جاپا تارتسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئىسكەتىنى ساقلاشقا تىرىشىپ، قېشىغا سۈرمە سۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

— راست دەيدىلا، مانا شۇ ئىپارخاننى كىچىك چاغلىرىدا دادىسى تاغ قىرغىزلىرىنىڭ ئارىسىغا ئاپىرىپ، ئاتقا مىنىشنى، قىلىچ چېپىشنى، نەيزە ئۇرۇشنى ئۆگەتكەنىكەن. كېيىنرەك ئەرەنچە كىيىندۈرۈپ، ئوغۇل باللار ئوقۇيدىغان مەدرىسىدە تەلىم ئالدۇرغان دېيىشىدۇ.

— ئۇ قىزنىڭ ھاياتىمۇ، نۇزۇگۇم، سىلىنىڭكىگە ئوخشايدىكەن،— دېدى بۇۋىئايشەم.

— ئەلھەمدۇلىللا!— نۇزۇگۇم ئورنىدىن قوزغىلىپ ئىككىنچى يېنىغا ئۆلتۈردى،— ئىپارخاندەك بولغانغا نېمە يەتسۇن. بولۇپمۇ مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئاق - قارىنى ئىلغا قىلىپ قالغان ئادەم مۇنداق تەڭسىزلىككە چىدىمايدۇ دېسىلە. بۇ دۇنيادا ھەممىگە بىپەرۋا قاراپ، مالغا ئوخشاش ياشىغان ئادەمدىن خۇدا ساقلىسۇن. بەزى پادىشاھلار ئۆز

قارىمىقىدىكى پۇقرالارنى نادانلىقتا تۇتۇشقا تىرىشىدۇ.
— چۈنكى پۇقرالار ئوقۇپ، ساۋاتلىق بولۇپ كەتسە، پادىشاھنىڭ ناھەق ئىشلىرىنى چاپسان بىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىدىغان گەپ ـ دە. ئۇلارنىڭ خەلقنى قاراڭغۇلۇقتا، نادانلىقتا تۇتۇشىمۇ شۇنىڭدىن بولسا كېرەك.
— ئۇ دېگەنلىرى توغرا،— دېدى بۇۋىئايشەم ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئىزھار قىلىپ،— راستتىنلا ئوقۇغان ئادەم تەڭسىزلىكنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايدىكەن. ئىپارخانمۇ ئەنە شۇنداق قىزلاردىن دېسىلە.
— قىزلار، بىردەم جىم ئولتۇرۇڭلارا، نۇزۇگۇمنىڭ شۇ ئىپارخان ھەققىدىكى ھېكايىسىنى تىڭشايلى.
— گۈلنىسا توغرا دەيدۇ، خەپشۇك.
قىزلار يەنە بىر ـ بىرىگە مۇرىلىرىنى يېقىشىپ جىم بولۇشتى. نۇزۇگۇم بولسا پەس ئاۋازدا، چېرىكلەر ئاڭلىمىغۇدەك قىلىپ، ئىپارخان ھەققىدىكى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:
— ئىپارخان ئېرىگە پەقەت سادىق يارلا ئەمەس، بەلكى دانا مەسلىھەتچى. ھەرقانداق جەڭگە قورال ئېلىپ ئېرى بىلەن تەڭ ئاتلانغۇدەك جەڭچى ئىكەن. شۇڭا بۇنى كۆرگەن خەلقنىڭ ئۇلارغا بولغان ئىشەنچىسىمۇ ئېشىپ، ھەممە بىر ـ دەك ۋەتىنىنى قوغداشقا چىقىپتۇ.
— ھە، بۇ خەلقىمىز تارىخىدىكى چوڭ ۋەقە ئىكەن،— قىزلارنىڭ ئۈيقۇلىرى قېچىپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلار بۇ ھېكايىگە قىزىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ قايغۇسىنى بىر پەس ئۇنتۇغانىدى.
— ئىپارخان تۇرمۇشقا چىقىپ، ئىككى پەرزەنتلىك

بولغاندىن كېيىنمۇ قەشقەر خەلقىگە چىڭ لەشكەرلىرى خەتەر تۇغدۇرغان پەيتلەردە ، كۇمۇش ساپلىق خەنجىرىنى يېنىغا ئېسىپ ، قولىغا قىلىچ ـ قالقان ئېلىپ جەڭلەردىن قالماپتۇ ،— دەپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى نۇزۇگۇم ،— خوتۇن كىشىنىڭ مۇنداق جەسۇرلۇقىنى كۆرگەندە باشقىلار قاراپ تۇرالىسۇنمۇ ؟ ! ئۇلارمۇ ئاخىرقى بىر قوشۇق قېنى قالغۇچە جەڭ قىپتۇ . شۇ چاغدا دۈشمەن ئەسكەرلىرى بۇ تەۋەدە راسا زەربىگە ئۇچراپتۇ . قىلىچۋازلىق بىلەن داڭقى چىققان بۇ قىزنى دۈشمەنلەر تىرىك تۇتۇش مەقسىتىدە بىرنەچچە قېتىم قورشاۋغا ئاپتۇ ، بىراق بۇ قىز چەبدەسلىك بىلەن ئېلىشىپ ، دۈشمەنگە تۇتۇلماي قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپتۇ .

— قەھرىمانلىق دېگەن مانا مۇنداق بولمامدۇ ،— دەپ ھاياجانلىنىپ كېتىشتى قىزلار ،— ئۆزىمىز ھازىر يوق نەرسىلەردىن ئەنسىرەپ ئالىقورقاقلىق قىلىپ كېتىۋاتىمىزا .

— ۋەتەن ئۈچۈن ، خەلق ئۈچۈن كۆيسە ئەنە شۇنداق كۆيسە بولىدۇ !— نۇزۇگۇم يەنە ھېكايىسىنى داۋام قىلدى ،— چېرىكلەرگە موڭغۇللارنىڭ خۇڭتەيجىسىگىلا ئەمەس ، ھەتتا خاقانى چىنغىمۇ مەشھۇر بولۇشقا باشلىغان ئىپارخاننى ھېچ يېرىنى زەخمىلىمەي تۇتۇش تاپشۇرۇلۇپتۇ . مۇنداق بۇيرۇق بىرنەچچە قېتىم چۈشۈرۈلگىنى بىلەن ئىپارخاننى چېرىكلەر خېلىغىچە قولىغا چۈشۈرەلمەپتۇ . ئۇلار ئاخىرى ئىپارخاننى سالما تاشلاپ ئاتتىن يىقىتىپ تۇتۇۋاپتۇ . بۇ قېتىم جەڭگە قاتناشقان ئانا ـ بالىلارنى چېرىكلەر بوغۇزلاپ ، ۋەھشىيلەرچە قىيناپ ئۆلتۈرۈپتۇ . شۇ چاغلاردا زالىملارغا قارشى كۆرەش قىلغان خەلقىمىز بۇ ۋادىغا كۆپلىگەن قانلىرىنى تۆككەنىكەن . مۇنۇ تاغنىڭ ئۈستى نىمىشقا قىزىل

دېسەڭلار ، ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەسىرلەر بو-يى تۆككەن قېنى، سىڭگەن . خەلقىمىز قانچە جەبىر - جاپا ، ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرىسىمۇ ، بالا - چاقا ، ئاتا - ئانىلىرى بىلەن قىرىلىپ كەتسىمۇ دائىم دېگۇدەك ئانا ۋەتىنى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلگەن . بۇ جەڭلەر لەشكەرلىرىمىز-نىڭ تەسلىم بولۇپ چېكىنىشى بىلەن توختاپ قالمايدۇ . بۇ زاماندا تەڭسىزلىك ، باسقۇنچىلىق داۋام قىلىۋېرىدىكەن ، كۈرەشمۇ توختىماي داۋام قىلىۋېرىدۇ .

— ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىدىكى گەپنى قىلدىڭىز ،— دېيىشىپ قىزلار ھەر تەرەپتىن نۇزۇگۇمنى قوللاپ سۆزلەپ كەتتى .

— مانا قاراڭلارەي ،— دېدى بۇۋىئايشەم .

— پادىشاھ ئىپارخانغا قانچە - قانچە يالۋۇرۇپ يېلىنى-سىمۇ ، بىرنەچچە يىلغىچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالالماپتۇ ،— دەپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى نۇزۇگۇم ،— ئۇنىڭغا ئاتاپ بېيى-جىڭگە قەشقەردىن مېمارلارنى ئەكەلدۈرۈپ خۇددى ئىپارخان-نىڭ ئۆز يۇرتىدەك ئۇيغۇرچە ئىمارەتلەرنى سالدۇرۇپتۇ ، يەنە قەشقەردىن ئاشۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈنلا ئىككى يۈز ئۆيلۈك ئادەمنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ، كىچىككىنە شەھەرچە ياسىتىپ بېرىپتۇ .

— شۇنىڭغا قارىغاندا ئىپارخان راستىنلا تەڭدىشى يوق گۈزەل ئىكەن - دە !— دېدى ھەيران بولۇشقان قىزلارنىڭ بىرى .

— ھە ، ئىپارخان پادىشاھنىڭ ئۆزىگە ئاتاپ شۇنچە ئىمارەتلەرنى سالدۇرغىنىنى ئاز دېگەندەك ، ئۇ يەنە تېنى تۆمۈر ، يوپۇرمىقى كۈمۈش ، مېۋىسى ئالتۇن دەرەخ ئۆستۇ-

رۇپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ .
— مانا قاراڭلار ، ئۇ نېمىدۇ ئەمدى ؟ — دېدى ياش قىز-
لارنىڭ بىرى .
— ئۇ بىزنىڭ جىگدە دەرىخىمىز ئەمەسمۇ !
— پادىشاھ نەچچە يۈزلىگەن ئادەم ئەۋەتىپتۇ ، ئۇلار
ئۈچ تۇپ جىگدىنى يىلتىزى بىلەن يوغان قاچىغا كۆچۈرۈپ ،
بېيجىڭگە ئەكېلىپ ، ئىپارخان تۇرغان ئۆينىڭ ئالدىغا تى-
كىپتۇ .
— بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىپارخاننىڭ گۈزەللىكىگە شەيدا
بولغانلىقتىنلا قىلىنىۋاتقان ئىشلار دەڭا ؟
— ھە ، شۇ - دە . ئەمما لېكىن ھېلىقى جىگدىلەرنىڭ
ھېچقايسىسى تۇتماپتۇ .
— ۋاي ، توۋا !
— خەپشۇك ، ئاخىرىنى تىڭشايلى .
— شۇ چاغدا ئىپارخان : «كۆردۈڭمۇ ، ھەتتا جىگدىنى-
مۇ ئۆز يېرىدىن باشقا ياققا كۆچۈرسەڭ تۇتمايدۇ . ئۇنىڭغا
قارىغاندا مەن ئادەمغۇ»دەپ ، پادىشاھتىن ئىككى يىلدىن بې-
رى كۆرمىگەن بالىسىنى كۆرسىتىشنى ئىلتىماس قىپتۇ .
بۇ ئىلتىماسى ئورۇندالغان چاغدا ئىپارخان ئوغلىنى باغرىغا
بېسىپ ، يىغلاپ تۇرۇپ : «ئوغلۇم ، بۇ خان سېنىڭ داداڭ-
نىڭ بېشىنى كېسىپ ئەكەلدۈرگەن . سېنى بېقىپ ئاسراۋاتى-
قانلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداشلىرىڭنى ئۆلتۈرگەنلەر . مەن
سېنى قايتا كۆرەلمىسەم مۇشۇ سۆزلەر ئېسىڭدە بول-
سۇن !»دەپتۇ . بۇ سۆزلەرنى خېلىلا ئېسىگە كىرىپ قالغان
ئوغلىنىڭ قۇلىقىغا قوغۇشۇندەك قۇيغان ئانا ئۆزىنى ئەل -
يۇرت ، ئەرۋاھلار ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ بۇرچۇمنى ئادا قىل-

ـدىم ، ئەمدى بۇ خانغا خوتۇن بولغاندىن كۆرە ئۆلۈپ كەتكەـ
ـنىم ئەلا دەپ ئويلاپتۇ . بىراق ئۇ جەڭدە بېشى كېسىلگەن
ئېرىنى ، قېيىنئىنىسى ، شۇنىڭدەك قەشقەر ئەتراپىدىكى نارەـ
سىدىلەر بىلەن ئانىلارنىڭ ناھەق تۆكۈلگەن قىزىل قانلىرىنى
كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە ، شۇلار ئۈچۈن بولسىمۇ خاندىن
ئىنتىقام ئالماي ئۆلۈپ كېتىشنى راۋا كۆرمەپتۇ . ئۇ شۇ
مەقسەتتە يۇرگەندە قويىنىدىكى خەنجىرى سېزىلىپ ، سىرى
پاش بولۇپتۇ ـ دە ، ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان ئەمەلدارلارنى
ئۆلتۈرۈپ ، ئاخىرى خەنجىرىنى ئۆز كۆكسىگە ئۇرۇپتۇ .
ئەمما ئىپارخانغا ئوخشاش گۈزەل ، جەڭگىۋار چوكانىنىڭ
قەشقەردىكى ئاپئاق غوجام مازارىغا ئەكېلىپ دەپنە قىلىنىشى
بۇ ئەتراپتىكى خەلقنىڭ چىڭ ئەمەلـدارلىرىغـا بولغـان
غەزەپ ـ نەپرىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ، ئۇلارنىڭ كۈرەشـ
لەرگە ئاتلىنىشىغا سەۋەبچى بولماقتا .

*　　　*

نۇزۇگۇمنىڭ ھېكايىسى تۈگىگەندە قىزلار دېمى ئىچىگە
چۈشۈپ كەتكەندەك بىرئاز ۋاقىت گەپ ـ سۆز قىلماستىن
جىمجىت ئولتۇرۇشتى . بۇ پاجىئەلىك ۋەقە ئۇلارنى چوڭقۇر
ئويغا سېلىپ قويغانىدى .

— ئىپارخاننىڭ چىڭ پادىشاھىنىڭ قولىدا قالغان ئوـ
غۇللىرى ئابدۇخالىق ۋە ئافغان تەرەپكە كەتكەن سېيىتمۇھەمـ
مەدلەرنىڭ تەقدىرى نېمە بوپتۇ ؟ — دەپ سورىدى گۈلنىسا .

— ئابدۇخالىق ئانىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن چوڭ بولـ
غاندا خاندىن ئىنتىقام ئالماقچى بولغانىكەن ، لېكىن خان

ئۇنى ئۈمۈرلۈك زىندانغا سولىۋېتىپتۇ - دە ، ئۇ شۇ ياتقان پېتىچە ، تا ئاتمىش ئىككى ياشقىچە ئوردا بالىقتىكى زىنداندىن چىقماپتۇ .

— ھاياتتا مۇنداقمۇ ۋەھشىيلىكلەر بولىدىكەن - ھە ، نۇزۇگۇم ؟

— دېمەك ، جاھانگىر غوجا بۇرھانىددىن غوجىنىڭ نەۋرىسى ئىكەن - دە . شۇڭلاشقا مانجۇلار جاھانگىر غوجىنى تەرىپلەپ : «جاھانگىر غوجا مىدىرلىسا ، زېمىنمۇ مىدىرلايدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن - دە .

— غوجىلار بارغۇ ، قۇيرۇقىنى كېسىۋەتسىمۇ ئۆلمەيدىغان يىلانغىلا ئوخشايدۇ .

نۇزۇگۇمنىڭ قىزىق گەپلىرىگە بېرىلىپ كەتكەن قىزلار ئۆزلىرىنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى . ئىپارخاننىڭ ھاياتى ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ ، قوللىرىغا قىلىچ - نەيزە تۇتۇپ يۇرگەن چىڭ چېرىكلىرىگە قورقماستىن قارشى تۇرۇشقا ئۈگەتتى . بايا بۇۋىئايشەم ئېيتقاندەك ، نۇزۇگۇمنىڭمۇ كىچىكىدىنلا ئاشۇ ئىپارخانغا ئوخشاش ئۆسۈشكە تەلپۈنگىنىمۇ راست ئىدى . بېشىغا ھەرقانداق قىيىن كۈن چۈشكەندە كۆز ئالدىغا ئىپارخاننىڭ ھاياتىنى كەلتۈرەتتى .

— بىزنىڭمۇ قەھرىمان قىزلىرىمىز كۆپ ئىكەن - ھە ، — دېدى چېچەندىسى ئۇششاق ئۆرۈۋالغان قىزلاردىن بىرى .

— نېمە دېگىنىڭىز ، سىڭلىم ! بىزدە ئۇنداق قەھرىمان قىزلارچۇ ئۇنلاپ سانىلىدۇ . ئۇلارنىڭ كۆپى ئۆلۈپ كەتسىمۇ ھېچقاچان نومۇسىنى تۆكمىگەن دەڭا . قەشقەردە ئۇنداق مەز-

لۇملار مازارلىرى ئاز ئەمەس .

— توغرا ئېيتىسىز ، نۇزۇگۇم ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزدىنى قۇۋۋەتلىدى بۇۋىئايشەم ، — بىزنىڭ قىزلار ئەزەلدىنلا مۇھەببەتكە ، نىكاھىغا سادىق .

— مەنمۇ شۇنى ئېيتاي دېۋىدىم ، — دېدى گۈلنىسامۇ بۇ ئايالنىڭ سۆزىنى قوللاپ .

IV

— چىڭ چېرىكلىرىدىن بىزمۇ قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمىز ، — دېدى بىر پەس سوزۇلغان سۈكۈناتنى يەنە گۈلنىسا بۇزۇپ .

— شۇنداق ئوخشايدۇ ، — ئۇنىڭ سۆزىنى بېشىغا كەشمىر ياغلىق تېڭىپ ، ئۇچىسىغا شايە كۆڭلەك كىيگەن ئىنچىكە ، ئورۇق قىز قۇۋۋەتلىدى ، — مانا يولغا چىققىنىمىزغا خېلى كۈنلەر بولدى ، كەينىمىزدىن كەلگەن بىرەر ئەركەك يوق .

— كەلمىسە نېمە بوپتۇ ، قەشقەرنىڭ ئەرلىرىگە خوتۇن كېرەك ئەمەسمىكەن ؟ ! — دېدى نۇزۇگۇمنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ غەزەپ - نەپرىتى ئۆرلەپ ئولتۇرغان خېلىچە خېنىم ، — ياكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى كاتەكلىرىدىن چىقالماي قالدىمۇيە ؟ باشقىڭلارمۇ چىدىساڭلارمۇ مەن ئەرسىز ياشىيالمايمەن . بۇ دۇنيادا ئەرسىز ئۆتكەن كۈننى كۈن دېگىلى بولامدۇ . ياراتقان ئىگەم مېنى ئاچ - يالىڭاچ قويسا قويسۇنكى ئەرسىز قويمىسۇن .

— ئۆپكىلىرىنى بېسىپ ، سەۋر قىلسىلا ، خېلىچەم . مانا ئىلىغا يەتكەندە ئەرگىمۇ تويارلا . مۇنۇلار بىزنىڭ جامالىمىزنى كۆرگىلى ئەمەس ، مانجۇلار بىلەن موڭغۇللارغا خوتۇنلۇققا بەرگىلى ئەكېتىۋاتقىنىدىنى بىلمەمدىلا ، — بۇۋىئايشەم خېلىچە خېنىمنىڭ گېپىگە رەنجىگەندەك جاۋاب بەردى .

— بۇۋىئايشەم ، مەن سىلىگە ئوخشاش ئېرىمنى جاھاندارچىلىق قىلغىلى ئەۋەتىۋېتىپ ، ئايلاپ يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆگىنىپ قالغان خوتۇن ئەمەس . ئەر دېگەن ۋاقتىدا ئەسقاتمىسا كېرىكى نېمە ؟ !

باشقا جۇۋانلار ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى يوشۇرۇپ كېلىۋاتسىمۇ ، لېكىن ئىچىدە سىر ساقلاپ تۇرالمايدىغان خېلىچە خېنىم بۇ قېتىممۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغان ئويلىرىنى دەرھال ئېيتىۋەتتى .نەچچە كۈندىن بېرى بىللە مېڭىپ ئېچەكىشىپ ، بۇ جۇۋاننىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىپ قالغان قىزلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچىۋالا ھەيران بولۇپ كەتمىدى . ئەكسىچە ئۇلار خېلىچە خېنىمنىڭ خوش چاقچاق سۆزلىرىنى ئېيتىپ ، كۆڭۈللىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقىنىدىن خۇشال ئىدى .

— ئۆزۈممىغۇ مۇشۇ موڭغۇللارنى كىچىكىمدىنلا بەك ئۆچ كۆرەتتىم . پىرىڭ بولغان ئېرىڭ بولار دېگەندەك ، ئەمدى بۇلارنىڭ قوينىغا چۈشۈپ قالمىسام بولاتتىغۇ ، — خېلىچە خېنىم قىزلارنى كۈلدۈرۈپ سۆزلىدى ، — ھازىرغۇ زادى ئەر تاللىغۇچىلىكىم قالمىدى . ھازىر مانا ئېرىمنى كۆرمىگىنىمگە تۆت ئايدىن ئېشىپ قاپتۇ .

— سەۋر قىلسىلا ، خېلىچەم . قەشقەرنىڭ چوكانلىرى-

نىڭ ئابرۇيىنى تۆكمىسىلە. ئۇنىڭسىزمۇ قەشقەرلىك چو-
كانلار ھەققىدە ھەر يەردە ھەرخىل گەپلەر كۆپ ئوخ-
شايدۇ، — دېدى بۇۋىئايشەم سەۋرلىك بىلەن.

— كۆپ بولسا بولمامدۇ، بىزنىڭ ئاشۇنداق ئېتىمىز
ئۇلۇغ. باشقىلارنىڭ قەلبىدە ئەركەكنى ئىسسىتقۇدەك ئوت
يوق تۇرسا، بىزگە نېمە ئامال. مۇنۇ مانجۇلارمۇ بىزنىڭ
ئاشۇنداق خىسلەتلىرىمىزگە قاراپ ھەيدەپ كېتىپ باردۇ.
بولمىسا ئۇياقتىمۇ خوتۇن خەق ئاز ئەمەستۇ.

باشقا ئاياللارغا قارىغاندا ئەر كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن
قىلىش نازى كۈچلۈك خېلىچە خېنىم چىرىكلەرنىڭ كۆزىگە-
مۇ كۆپرەك چۈشەتتى. ئۇ دۇردۇن كۆڭلەك ئۈستىگە كىيى-
ۋالغان قىزىل بەرقۇت پەشمەتنىڭ ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈپ
تۇرغان كۆكسىنى سىيپاپ، مامۇقتا ئوخشاش يۇمشاق
پۇت - قوللىرىنى سوزۇپ كېرىلدى - دە:

— بىر زامانلاردا چېچىمىزنى ئىككى يانپىشىمىزدا ئوي-
نىتىپ، ھېيتگاھنى ئارىلاپ ماڭساق، ھەرقانداق ئەركەك
قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ بىزگە قارايدىغان. ئەمدى ماۋۇ
ھاياتنىڭ گەردىشىنى قارىمامسىلەر، شۇلارنىڭ بىرەرىمۇ يو-
قا؟ مەن تېخى ھاياتىمىزنى شۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىدىغان چېغى
دەپتىمەن.

خېلىچە خېنىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈشكەن قىز-
لار بىرپەس ئۆزلىرىنىڭ غەم - قايغۇسىنى ئۇنتۇپ، قەشقەر-
دە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئەسكە ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ شەھلا
كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى پارلاپ، تەنلىرى بوشىشىپ،
نازۇك سېزىملىرى ئويغاندى. بىر - بىرىگە يېقىن يۆلىنىپ
ئولتۇرغان قىزلار قەشقەرنىڭ ئەنجۈر - ئانارغا تولغان باغلى-

ـرىدا ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك چاغلىرىنى ئەسلەپ ، غۇبارسىز
چىرايلىرى تېخىمۇ مىسكىنلىشىپ كەتتى . هاياجانلىنىپ
كەتكەن قىزلارنىڭ خۇمارلىشىپ يۇمۇلۇشقا باشلىغان كۆز-
لىرىمۇ ئېچىلىپ ، ئۇيقۇلىرى قاچقانىدى .
نۇزۇگۇمنى ئۇتتۇرىغا ئالغان هالدا يېزا چېتىدىكى ئو-
چۇقچىلىقتا تۈنەۋاتقان قىزلار هېلىدىن - هېلى يانلىرىغا
كېلىپ يۇرگەن چېرىكلەردىن قورقۇپ ، بىر - بىرىگە كاند-
ەك چاپلىشىپ ئولتۇراتتى . ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ئۆزلىرىدىن
خېلىلا يىراقتىكى ئەر تۇتقۇنلارنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى
بىلەن خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك غىڭشىپ ئېيت-
قان مۇڭلۇق ناخشىسى كېلەتتى . سۇرگۇنلەرنى خۇددى كاك-
كۇك بىلەن زەينەپنى ئايرىغان قاراتازدەك ئايرىپ ، چىڭ
چېرىكلىرى ئۇ ياقتىن - بۇياققا مېڭىپ كۆزىتىپ يۇرەتتى .
ئامبال بىلەن چېرىكلەر بولسا يەرلىك خەلقلەردىن تارتىۋال-
غان بوزىلارنى ئىچىپ ، نەشە چېكىپ كەيپ سۇرەتتى . چې-
رىكلەر باشلىرىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ ، باش - ئاخىرى يوق
چەكسىز خىياللارغا بېرىلىپ ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقىمۇ را-
يى يوق ئۇ يەر - بۇ يەردە توپلىشىپ ئولتۇراتتى . بوزا
ئىچىپ شىر كەيپ بولۇۋالغان بەزى چېرىكلەرنىڭ قانلىرى
قىزىپ ، كەيپى كۆتۈرۈلگەندە ، تۇتقۇنلار ئارىسىدىكى كۇندۇ-
زى كۆزى چۈشكەن قىزلارنى ئىزدەپ هەربىر توپنى بىر
ئاختۇرۇپ چىقاتتى . تۈن قاراڭغۇ كېچىدە ئۇلارنىڭ چالۋاقاپ
ۋارقىراشقان ئاۋازلىرىنى بېسىپ ، يېقىنلا يەردىن دەرۋىش-
لەرنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى ئاڭلىناتتى . ئۇلار چېرىكلەر
قوغلىغاندا نېرىراق كېتەتتى - دە ، بىرئازدىن كېيىن يەنە
قىزلارنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلەتتى . كېچىدىكى قاراڭغۇلۇق

قويۇقلىشىپ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭى بېسىلغاندا، دەرۋىشلەرنىڭ ناخشىلىرى تۇتقۇنلارنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىپ بۆلەكچە مۇڭلۇق ئاڭلىناتتى. بولۇپمۇ كۇندۇزى چېر-رىكلەرنىڭ قوغلاپ تۇرغىنىغا قارىماستىن پات - پاتلا قىز-لارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ھەر تۈرلۈك گەپ - سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ كەتكەن قادىر قەلەندەرنىڭ بوم ئاۋازى ئالاھىدە چىقاتتى. سۇرگۇنلەر ئۇنى ھاپىز دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدى. دەرۋىش قۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇۋې-لىپ، گويا چۆلدە يالغۇز قالغان بۆرىدەك ھۇۋلاپ ناخشا ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا قىزلارنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالاتتى.

— ئاشۇ ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدىمۇ كۆپ ھۈنەربار جۇمۇسىلا، — دېدى ناخشا تىڭشاپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر نە-پەس ئالغان خېلىچە خېنىم.

— ھە، ھۈنەرنىڭ ھەممىسى دەرۋىش، باخشىلاردا. مانا ئاشۇ ئادەم بىز يولغا چىققاندىن بېرى، كېچە - كۇندۇز دېگۇدەك ناخشا ئېيتىپ تۇرسىمۇ ناخشىسى توگىمەيدۇ، — دېدى ئۇنىڭ بىلەن ئۇخلىماي ناخشا تىڭشاپ ئولتۇرغان قىز-لارنىڭ بىرى.

— ئەسلىدە ئەرنىڭ ئېرى مۇشۇ دەرۋىش - قەلەندەرلەر جۇمۇ. قولدىكى ئالتۇننىڭ قەدرى يوق دېگەندەك، بىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا سەركەردىلەردىن تەمە قىلىپ، بۇلارغا پەرۋا قىلمىغاندۇق. ئەمدى مانا بۇلارغىمۇ يېتىشەلمەيۋاتىمىز. ماڭا قويۇپ بەرسە ھەرقانداق دەرۋىشنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن كۆڭلىنى ئويغىتاتتىم.

كۇزنىڭ شامىلى تېزلىشىپ، چۆلدىكى قىزىغان قۇم-نىڭ ئىسسىقىنى ئەكەلمەكتە. يېرىم كېچىگىچە پاراڭ سىلد-

شىپ ئولتۇرغان قىزلار بىرىدىن كېيىن بىرى كۆزلىرىنى
يۇمۇپ ئۇيقۇغا كەتتى . بەزى قىزلار بىردەم ئۇ يېنىغا ،
بىردەم بۇ يېنىغا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدى . يۇمشاق كۆرپى-
لەردە يېتىپ ئۆگىنىپ قالغان بەزى قىزلار يانپاشلىرىغا
تاشلار پېتىپ ، قامغاق ، تىكەنلەر سانجىلىپ ئۇخلىشالمايۋا-
تاتتى . خېلىچە خېنىمغا ئوخشاش چوكانلارنىڭ ئۇيقۇسى قې-
چىپ ، قادىر دەرۋىشنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئىچىدىن ھەس-
رەت چەكمەكتە . ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئانچىمۇ يىراق بولمىغان
يەردىكى بىرتۇپ يانتاقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ، گويا ئۆزلىرى-
نى چاقىرىۋاتقاندەك ، دەرۋىشنىڭ ناخشىسىغا ئىچ - ئىچىدىن
قوشۇلۇپ جور بولاتتى . قادىر قەلەندەر بولسا خۇددى ئۇلارنى
ئۆز يېنىغا چاقىرغاندەك ناخشىدىن توختىمايتتى . خېلىچە
خېنىم ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشقا قانچە تەلپۈنسىمۇ يېتەلمەيۋات-
قىنىغا ھەسرەت چېكەتتى . ئۇ ئوتتۇرىدا چوقچىيىپ تۇرغان
چېرىكلەردىن ئۆتۈپ ، ئەرنىڭ ئىشقىدا يانغان يۈرەك ئوتىنى
بېسىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى ، ھېرىپ كەتكىنىگە قارىماي
ئۇيقۇسىمۇ كەلمەيتتى . بۇ چوكان ئۆزىنى بىئارام قىلىۋاتقان
كۆڭلىنى بەزلەپ ، ئەمدى ئۇخلاي دېيىشىگە دەرۋىشنىڭ ناخ-
شىسى يەنە ئاڭلاندى - دە ، يۈرەك - باغرىنى پارە - پارە
قىلىۋەتتى . ئۇ ئوتقا چۈشكەن قىلغا ئوخشاش ياتقان يېرىدە
بىرنەچچە قېتىم تولغىنىپ كەتتى . خېلىچە خېنىمنىڭ ئېرى
قوقەنتكە سودا ئىشى بىلەن كېتىپ ، خەت - خەۋەرسىز
يوقىلىپ كەتكەندى . ئۇنىڭ مال - دۇنياسى بىلەن چېرىك-
لەرنىڭ قولىغا چۈشكىنىنىمۇ يا قەشقەردىكى قالايمىقانچىلىق-
تىن قېچىپ ، بىرەر جايدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگىنىنىمۇ ھېچ-
كىم بىلمەيدۇ . شەرىئەت بويىچە تۆت ئاي ، ئون كۈن ئېرى

بىلەن بىر ياستۇققا باش قوشۇپ ياتمىغان ئايال باشقا ئەر بىلەن نىكاھلىنىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدى-غان خېلىچە خېنىم ئەمدى باشقا ئەر كىشى بىلەن ئۇچراشسا ئۆزىنى گۇناھسىز ھېسابلايتتى . بىراق شۇنچە ۋاقىتتىن بې-رى ئۆزىنى چېرىكلەر ئۈچۈن پاك تۇتۇپ كەلگەندىمەنمۇ دەپ ئويلىسا پۇت - قوللىرى تىترەپ ، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ كېتەتتى . شۇڭا ئاشۇ ساقال - بۇرۇتى خۇددى سۈيى تارتىلىپ ، قاغجىراپ كەتكەن يەرنىڭ قومۇشى-دەك پاخپىيىپ كەتكەن چىلىڭ چېرىكلىرىگە خوتۇن بولغاندىن كۆرە مۇشۇ دەرۋىش بىللە ئۆتۈشنى ئەلا بىلەتتى . بۇ ئوي ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچسىزلاندۇرماقتا ئىدى .

نۇزۇگۇم بولسا مەخمەل كەمزۇلىنىڭ ئاستىدىكى خەن-جىرنى مەھكەم تۇتۇپ ئېرى باقى ھەققىدە ئويلايتتى . جا-ھانگىر غوجىنىڭ قوشۇنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا ، ئۇنىڭ ئېرىمۇ ئىز - دېرەكسىز كەتكەنىدى . نۇزۇگۇم ئۇنىڭ بىلەن پەقەت چىلىڭ چېرىكلىرى شەھەرگە بېسىپ كىرىپ ، خەلقنى بۇلاپ - تالاپ ، ئۆي - ئىمارەتلىرىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىغان-دا ئۇچراشقان ، لېكىن ئۇ چاغلاردا ھەممە ئۇپۇر - تۇپۇر بولۇۋاتقاچقا ، ئىككىسى تۈزۈك پاراڭلىشىپ مۇڭدىشالمىغان-دى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تەڭلا تۇتقۇن قىلىنىپ ، بىر - بىرىنى قايتا كۆرمىدى . ھازىر بولسا ئۇنىڭ يا تىرىك ، يا ئۆلۈپ كەتكىنىدىن خەۋەر يوق . ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان-لار ئىچىدە كېلىۋاتقان ئاكىسىمۇ باقىنىڭ نېمە بولغىنىنى بىلمەيدۇ . جاھانگىر غوجا ھېيتگاھ مەيدانىغا ئەكېلىنگەندە ، ئادەملەر قاتتىق جەڭ قىلىپ ، قۇتۇلغانلىرى قۇمشەيدان چۆللىرىگە ، تاغ قىرغىزلىرى تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ دې-

گەن گەپنى ئاڭلىغان، بەلكىم باقدىم شۇلار بىلەن بىللە
كەتكەندۇ. ئۇ ئاكىسىنىمۇ بىر - ئىككى قېتىم تۇتقۇنلار
ئارىسىدا كۆرۈپ قالدى - دە، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇچراتمى-
دى. نۇزۇگۇم يولغا چىققاندىن بېرى ئۆز دەردى بىلەن
بولۇپ، نەچچە كۈن ئاھ ئۇرۇپ باش كۆتۈرەلمەي قالغانىدى.
ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى سەل ئورنىغا چۈشۈپ، تۇتقۇنلار ئۇيقۇغا
كېتىپ، ئەتراپتا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندە، يەنە ئۆت-
كەن - كەچكەننى ئويلاپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزمەكتە. جەڭ-
لەردە ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ باشلىرىدىن تاغلار ھاسىل بولغان-
لىقىنى ئەسلىدى. شۇ جەڭلەردە ئادەملەرنىڭ باشلىرىنى
كېسىپ ئۆلتۈرۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار دائىم ئازادلىققا
ئىنتىلىپ كۈرەشنى توختاتمىغانىدى. ئەمما نۇزۇگۇم بۇ
جەڭلەردە كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكى توغرى-
سىدا كۆپ باش قاتۇراتتى. ئويلاپ كۆرسە بۇ جەڭلەرنىڭ
ھەممىسىلا بەگلەر ئارىسىدا تەخت تالىشىپ، مال - دۇنيا
تالىشىپ بولۇۋاتقان جەڭلەر ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقاي-
سىسى ئاددىي پۇقرالارنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇلارنى ئازادلىققا
چىقىرىش ئۈچۈن كۈرەشمەپتۇ. جەڭلەردە ئۆلۈۋاتقانلار يەنىلا
شۇ ئاددىي خەلق، ھازىر ئىلىغا پالانغانلارمۇ يەنىلا باشپاناھ-
سىز كەمبەغەللەرنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى. ئەمما بۇ جەڭلەر-
دە يۈز بەرگەن ساتقۇنلۇقلار ئۆز غېمىنى ئويلىغان بايلار
ئىچىدىن چىقىپتۇ. بولۇپمۇ بۇ قېتىم يەنە چىڭ خاندانلىقى
خەلقنى بىر - بىرىگە قارشى قويۇپ، بۆلگۈنچىلىك سىياسى-
تىنى يۈرگۈزۈپ، ئاشۇنداق ساتقۇنلاردىن پايدىلانغانىكەن.

نۇزۇگۇمنىڭ كۆزى ئەمدىلا يۇمۇلۇۋېدى، ئۇنى يېنىدا
ياتقان قىزلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭ ئويغىتىۋەتتى، قارىسا

قىزلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتكەن .

— ۋاي ، نېمە بولدۇڭلار ؟— دېدى قېشىدىكى گۇلنىساغا قاراپ .

— خېلىچە خېنىم قېچىپ كېتىپتۇ ! — دېدى قورققىنىدىن تىترەپ ئاغزى سۆزگە كەلمەي قالغان قىز .

— قانداقچە ؟...

— بىلمىدىم . بىزنى چېرىكلەر : «نەدىن بولسىمۇ تاپىسىلەر . بۇنى سىلەر چوقۇم بىلىسىلەر» دەپ ئورۇنلىرىمىزدىن تۇرغۇزۇۋەتتى .

بىر چاغدا ئۇلارنىڭ قېشىغا قىرلىق دۇبۇلغا كىيگەن چېرىك يېتىپ كەلدى - دە :

— قېنى ، سەپكە تۇرۇش ، سەن قانجۇقلارنىڭ ھەممىسنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسە تىنچ بولۇشمايدىغان ئوخشايسەن ،— دېدى .

— نۇزۇگۇم ھەدە ، راستىنلا ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ ؟ — دېدى گۇلنىسا تېخىمۇ تەشۋىشكە چۈشۈپ .

— پوپوزا قىلىۋاتىدۇ . ئەگەر بۇلارنىڭ بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئويى بولسا شۇنچە يىراق يەردىن ھەيدەپ كېلەتتىمۇ . چېرىكلەرنىڭمۇ غوجىلىرى بار ،— دېدى نۇزۇگۇم قىزلارنىڭ كۆڭلىنى بېسىپ ،— قورقماڭلار ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ .

ئۇيقۇسىنى ئېچىپ ئۇلگۇرمىگەن قىزلار بوپىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ سەپكە تۇرۇشماقتا . ئەتراپ تېخى قاراڭغۇ . شۇڭا ئاياللار بىللە كېلىۋاتقان دوستلىرىنىڭ قايسىسى بار ، قايسىسى يوق ئىكەنلىكىنى ياخشىراق ئايرىۋالالمايتتى .

— چاپسان - چاپسان !— ئۇنلىرى ئىنچىكە چىقىدىغان

چىرىكلەر كىچىكىپ قالغان قىزلارنى نەيزە بىلەن ئۇرۇپ ، ھەيدەپ ئاپىرىپ سەپكە تۇرغۇزۇپ ساناپ كۆردى . ئەھۋالدىن قارىغاندا خىلىچە خېنىمدىن باشقىسى باردەك قىلاتتى . بايا بۆلەكچىلا ئەزۋەيلەپ ۋارقىراپ كەتكەن چىرىك خۇشياقمىغان ھالدا قولىنى شىلتىپ ، بىرنېمىلەرنى دېدى ـ دە ، ئاندىن ئۆزىنىڭ بارىگاھىغا كىرىپ كەتتى . قىزلار قايتىدىن ئورۇن-لىرىغا بېرىپ ئولتۇردى ، بىراق خېلى ۋاقىتقىچە ئۇيقۇلىرى كەلمىدى .

— قېچىشنى خىلىچە خېنىم قېچىپ ، بالاغا بىز قالدۇق-مۇ نېمە ؟— دەپ كايىدى بۇۋىئايشەم ،— چىرىكلەرنىڭ تايىن-قىنى يەپ ، مۇنداق جاپا تارتقۇچە خىلىچە خېنىمغا ئوخشاش قېچىپ كەتكەن ياخشى ئەمەسمۇ . قۇتۇلۇپ كەتسە ئۆزىنىڭ بەختى ، تۇتۇلۇپ قالسا جاننى قىيىنغاندىن كۆرە بۇرۇنراق قارا يەرگە كىرىپ ئارام ئالىدۇ ، ئەڭ بولمىغاندا جەسىتى يولسىمۇ ئۆز يېرىنىڭ تۇپرىقىدا قالىدۇ .

— بۇ دېگەنلىرىڭىز توغرا ،— دېدى ئۇنىڭ سۆزىنى يېنىدىكى ئايال قوللاپ .

ئۇيقۇسى قاچقان ئاياللار ئەمدى خىلىچە خېنىمنىڭ غەي-ۋىتىگە چۈشتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ خوتۇننىڭ قېچىپ كېتىشىنى ماقۇل كۆرسە ، بەزىلىرى ئۇنى ئاغزىغا كەلگەن سۆزلەر بىلەن تىللىدى . بىر چاغدا ئاياللارنىڭ پارىڭىنى بۆلۈپ ، يىراقتىكى ئەرلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ ۋاڭ ـ چۇڭ كۆ-تۈرۈلدى .

— بۈگۈن كېچىدە ئەرلەر ئىچىدىنمۇ بىرمۇنچە ئادەم قې-چىپ كېتىپتۇدەك ،— دېدى مۇنداق چاغلاردا ھەممىدىن بۇرۇن خەۋەر تاپىدىغان بۇۋىئايشەم .

— هه ، يۈرىكىمدە ئۆتى بار ئادەم بولسا بۇ تەڭسىزلىككە چىداپ ياتىدۇ دەمسىز ؟— دېدى نۇزۇگۇم .

يايى ـ چېرىكلەر ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن كۆرە ئايالىلارنى ياخشى كۆرىدىغان ئەمەلدارلارغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل چوكانلارنى پايلاقچى چېرىكلەر ئارقىلىق كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتى . ئامبال خېلىچە خېنىم قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ئايال تۇتقۇنلارنى نازارەت قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى . بۇنىڭ ھەممىسىنى سېزىپ ، بىلىپ كېلىۋاتقان نۇزۇگۇم بۇ چېرىكلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ باشقا يوللىرىنى ئويلاشقا باشلىدى : «قاچسامۇ قىزىمنى ئۆلتۈرۈپ ، دادامنى قاڭغىر قاقشاتقان چېرىكلەرنىڭ بىرىدىن بولسىمۇ ئىنتىقام ئالماي قويماسمەن» دېدى ئىچىدە . ئۇ ھاياتتا قىينىلىپ ياشاپ ، باشقا سەل ئېغىر كۈن چۈشكەندە كۈرەش قىلماي ، بىكاردىن ـ بىكار ئۆلۈۋېلىشنى ئادەمنىڭ ئاجىزلىقى دەپ بىلەتتى .

نۇزۇگۇمنىڭ ئويىنى گۈلنىسانىڭ :

— قاراڭا ، چېرىكلەر خېلىچە خېنىمنى تۇتۇۋاپتۇ !— دېگەن سۆزى بۆلۈۋەتتى ،— ئەنە سۆرەپ ئەكېلىۋاتىدۇ .

ئولتۇرغان ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرغان قىزلار جىم بولۇشتى . خېلىچە خېنىمنىڭ قۇندۇزدەك قارا چاچلىرى چۇۋۇلۇپ ، كىيىم ـ كېچەكلىرى توپا ـ چاڭ بولۇپ كېتىپتۇ . قىزىل تاۋاردىن تىكىلگەن ئىشتىنىنىڭ پۇچقاقلىرى يىرتىق ، پاچاقلىرى قىپىالىڭاچ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇچىسىدا يالاڭ كۆڭلەكتىن باشقا ھېچنېمە يوق . بۇ كۆڭلەكنىڭمۇ مۈرىسى يىرتىلىپ ، ياقا تۈگمىلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەچكە مەيدىسىنىڭ يېرىمى ئوچۇق ئىدى . بۇ چوكاننى چېرىكلەر خېلىلا ئۇرغان بولسا كېرەك : ئاغزى ـ بۇرنى قان ، يۈز ـ

كۆزلىرى كۆكىرىپ ساق يېرى قالمىغانىدى .
— قادىــر دەرۋىش بىلــەن ياتقــان يېرىدىــن تۇتۇۋاپ-
تۇدەك ،— دېدى بۇ گەپنى چېرىكلەردىن ئاڭلىغان بۇۋىئاي-
شەم ،— چېرىكلەر دەرۋىشنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ-
تۇ .
— ئەمدى خېلىچە خېنىمنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسە بولاتتىغۇ .
قورقۇپ كەتكەن قىزلار چېرىكلەر بىلەن خېلىچە خې-
نىمنىڭ ھەربىر قەدىمىگىچە سەپسېلىپ قاراشماقتا . ئۇلار-
نىڭ يۈرىكىدىكى ئاغرىقىنى ، لېكىن ھېچقايسىسىغا
ئېغىز ئېچىشقا تىلى بارمايتتى ، قىسقىسى پېتىنالمايتتى .
— بۇلار مېنى تۇتقۇن قىلغىنى بىلەن قەلبىمنى بوغۇش-
لمىيالمايدۇ . سەنلەر قادىر دەرۋىشنىڭ تىرىنقىغىمۇ ياراشماي-
سەن . مېنى ئۆزلىرىڭگە خوتۇن بولىدۇ دەپ ئويلاشما . قو-
لۇڭدىن كەلسە ئېمىشقا مېنىمۇ ئۆلتۈرۈشۈۋەتمەيسەن ؟
چېرىكلەر خېلىچە خېنىمنىڭ دولىسىغا نەيزە بىلەن
ئۇرۇپ ئىتتىرىۋىدى ، ئۇ توپلىنىپ تۇرغان قىزلارنىڭ ئوت-
تۇرىسىغا يىقىلدى .
— سەۋر قىلىسىلا ، خېلىچىخان ،— ئاياللار بېشىنى كۆ-
تۈرمەي يىغلاۋاتقان چوكانغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى .
بۇ پاراڭ سەل بېسىلىپ قىزلار تىنچلىنىۋىدى ، كىم-
لەرنىڭدۇر چوڭ يولدا قارا - كۆرەڭ بولۇپ كېلىۋاتقىنى
كۆرۈندى .
— ھــەي ، چەتــتە تۇرۇۋاتقانلار ، ئات ھارۋىــلار كېلىۋا-
تىدۇ !— دېگەن ۋاڭ - چۇڭ ئاڭلىنىشىغا سۈرگۈنلەر يەنە
ئۆپۈر - توپۇر بولۇپ كېتىشتى .
— بۇ يەنە نېمە بالا - قازادۇر ،— سۈرگۈنلەر شۇنداق

دېيىشىپ يولنىڭ چېتىگە چىقىشىغا ، قارا بوراندەك كۆرۈنگەن توپ ئادەملەرنىڭ قېشىدا توختىماي ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتى . ئۇلار تۆت تەرىپىنى چېرىكلەر قورشىۋالغان ئات هارۋىنىمۇ تۈزۈكرەك كۆرۈپ ئۈلگۈرگىنى يوق . سۈرگۈن قىلىنغانلار چوڭ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى كەلگەنلەر ئوخشايدۇ دەپ ئاتلىقلارغا يېقىنلىشىۋىدى ، چېرىكلەر ئۇلارنى قىلىچ - نەيزىلەر بىلەن ئۇرۇپ قوغلاشقا باشلىدى .

— هەي ، قىزلار ، هازىر چېرىكلەر قەپەس ئورنىتىلغان هارۋىدا ئېلىپ ماڭغان جاهانگىر غوجا ئىكەنغۇ !— دېدى بۇۋىئايشەم .

— هوي ، مۇنۇ خوتۇن نېمە دەيدۇ !— ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى گۈلنىسا .

— ئۇلار ئۆزلىرىچە بىزنى ئۇخلاۋاتىدۇ دەپ ، غوجىمىزنى قېشىمىزدىن تاڭ سەهەردە ئېلىپ ماڭغانىكەن - دە . بۇنى ئەرلەر كۆرگەن بولسا غوۋغا چىقىرىشى مۇمكىن .

— هە ، راست دەيسىز . ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقى هەققىدە ماڭا دەرۋىشلەر ئېيتقان ،— دېدى سۆزگە ئارىلىشىپ خېلىچە خېنىم ،— غوجامنى ئىسهاق ۋاڭ چىڭ چېرىكلىرىگە ئالاي دېگەن يەردە تۇتۇپ بەرگەنىكەن . شۇنىڭدىن كېيىن ئەي جياڭجۈن ئۇنىڭغا : «خانغا سادىقلىقىڭنى كۆرسىتىش ئۈچۈن جاهانگىر غوجىنى ئۆزۈڭ بېيجىڭغا ئاپىرىسەن» دەپ بۇيرۇپتۇ . شۇڭلاشقا هازىر غوجامنى قەپەسكە سولاپ ، ئىسهاق ۋاڭنىڭ ئۆزى ئېلىپ مېڭىپتۇدەك .

— خۇشامەت قىل دېسە ، شۇنچىلىكمۇ قىلغان بارمۇ ؟— دېدى بۇۋىئايشەم .

— جاھانگىر غوجىدىن چۆچۈپ قالغان چىڭ چېرىكلىرى ئۇنى ئۆزلىرى يالغۇز ھەيدەپ مېڭىشتىن قورقىدۇ ئەمەسمۇ ،— دېدى ئۇلارنىڭ گېپىدىن تىڭشاپ تۇرغان نۇزۇگۇم .

چېرىكلەر جاھانگىر غوجىنى ھەيدەپ ماڭغان ئىسھاق ۋاڭنىڭ لەشكەرلىرى ئۆتۈپ كەتكۈچە سۇرگۈنلەرنى ئۇرۇپ ، قوغلاپ چوڭ يولغا يېقىن كەلتۈرمىدى . پەقەت ئۇلار خېلىلا ئۇزاپ ، كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىنلا بىر يايى بۇگۈن كېچە قادىر دەرۋىشنىڭ قىلغان ئىشىنى ئەسلەپ غەزەپ بىلەن سۆزلىدى :

— مەن قەشقەردىن چىققاندىلا دەرۋىشلەرنى يېقىن يولاتمايلى دېۋىدىم ، ئامبال جانابلىرى بىزگە ئۇ قەلەندەرلەردىن نېمە يامانلىق كېلەتتى ، دەپ ئىشقا بىپەرۋالىق قىلدى . مانا ئەمدى ئۇلار بېشىمىزغا چىقتى ،— دەپ چېرىكلەرگە مۇراجىئەت قىلدى ،— تاڭ ئاتقۇچە بىرمۇ دەرۋىش - قەلەندەر قالمىسۇن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىڭلار . قولغا چۈشكەنلىرىگە كىشەن سېلىپ ، سۇرگۈنلەرگە قوشۇپ ھەيدەپ مېڭىڭلار ، بولمىسا ئۇلار ئىشىمىزنى بۇزىدۇ .

يايىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان چېرىكلەر قىزلارنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان دەرۋىشلەرنىڭ قولغا چۈشكەنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، قالغانلىرىنى ئىككىنچى سۇرگۈنلەر تەرەپكە كەلمەس قىلىپ قاچۇرۇۋەتتى .

## V

كېچىسى دەم ئالغان تۆگىلەرگە تېڭىقلار ئارتىلىپ ،

پۈتلىرىغا زەنجىر كىشەنلەر سېلىنغان تۇتقۇنلار بىر قېتىم ساناقتىن ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار يەنە يولغا چىقتى . لېكىن بۇ يەردىمۇ ئۆتكەن كۈنلەردىكىگە ئوخشاش بىرنەچچە ئادەمنىڭ جەسىتى كۆمۈلمىگەن قالدى . تۇتقۇنلار دالانىڭ چاشقان ، كەسلەنچۈك ئويۇۋەتكەن پورپاڭ توپىسىنى توزۇتۇپ ، باشلىرىنى تۆۋەن ساڭگىلاتقان ھالدا ئىلگىرىلەپ ماڭماقتا . تاغ تىزمىلىرى بىلەن يېزىلار بارغانچە يىراقتا قالماقتا .

ئۆتكەن كېچە يۈز بەرگەن خېلىچە خېنىم ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇلارنى ئەگەشكۈچى دەرۋىشلەرمۇ قالمىدى .

يۈز - كۆزى ئىششىپ كەتكەن خېلىچە خېنىم بولسا ، گەپ - سۆزلەرگە ئانچە ئارىلاشماي ، چېرىكلەردىن يېگەن تايىقنى ئەمەس ، قادىر قەلەندەر بىلەن بىر - ئىككى سائەت بولسىمۇ بىللە ئۆتكۈزگەن دەقىقىلىرىنى ئويلاپ كېلىۋاتات- تى . يىراقتىن ساپايىلىرىنى شاراقشىتىپ ناخشا ئېيتقان دەرۋىشلەرنىڭ ئۈنى ئاڭلىنىپ قالسا ، بېشىنى دەس كۆتۈ- رۈپ شۇلار تەرەپكە قارايتتى . خېلىچە خېنىم ۋەقەسىدىن كېيىن بۇ تۇتقۇن ئاياللارنى ھەيدەپ مېڭىش ئاسان ئەمەس ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئامبال نازارەت قىلىشنى تېخىمۇ چىڭىتىۋەتكەنىدى . ئاياللارنىڭ يېنىغا دەرۋىش - قەلەندەرلەر تۇرماق يولدا ئۇچراشقان يېزىلىق ئادەملەرنىمۇ يولاتمايتتى .

— ئالدىمىزدا يىگىتلەر كۆرۈنۈپ ماڭسا كۆڭلىمىز توق تۇراتتى ، بېشىمىزغا كۈن چۈشسە شۇلار ئەسقېتىپ قالىدى- غاندەك بىلىنەتتى . مانا ئەمدى ئۇلار ئۇزاپ كېتىۋىدى يې- تىمسىراپلا قالدۇق ،— دېدى بۇۋىئايشەم .

سۇرگۇنلەرنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان بەش يۈز ئاتلىق چې-

رىكمۇ يولدا يەرلىك خەلقلەردىن بۇلاپ ـ تالاپ ئىچكەن بوزنىڭ ۋە چېكىنۋالغان نەشىلىرىنىڭ تەسىرىدە ئېزىلىپ، ئاتلارنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالىدىغاندەك ئارانلا ئولتۇراتـتى. ئۇلار پەقەت سۇرگۈنلەر ۋاڭ ـ چۇڭ چىقارغاندىلا باشلىرىنى كۆتۈرمىسە باشقا ۋاقىتتا بېشىنى كۆتۈرىدىغاندەك ئەمەس. ناگان ـ ناگاندا چېرىكلەرنىڭ كەيپىنى بۇزۇپ ئامـبالنىڭ توۋلىغىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئۇمۇ پەقەت مەھەللـلەرگە يېقىنلاشقاندىلا ئەس ـ هوشىنى يىغىسا، باشقا ۋاـقىتتا هېچ نەرسە بىلەن كارى يوق، ئۆز ئوي ـ خىيالى بىلەنلا ئىدى.

— مۇنۇ خارابلاشقان شەهەر، يېزىلاردىن ئۆتكەندە قىـشىمىزدا ئەركەكلەر بولمىسىمۇ دەهشەتلىك ئىكەن، — دېدى يېشى ئوتتۇزلارغا بېرىپ قالغان، ئەمما ئۆزىنى يوقاتمىغان ئېگىز بويلۇق، ئاق سېرىق ئايال. ئۇ تېگى بېغىررەڭ، گۈللۈك نېپىز كۆڭلىكىنىڭ جىيەكلىرىگە زەر تۇتۇۋالغان. ئەمما ئۇ يولغا چىققاندىن بېرى مۇشۇ كۆڭلىكىنى سالماي كىيىۋەرگەنلىكتىن ئۆڭۈپ، پۈرلىشىپ كەتكەنىدى. ئايالـنىڭ ئەگرى تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان توم قارا چېچىغا قامغاق بىلەن ياتناق تىكەنلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى چاپلىشىپ قالغان، نەچچە كۈندىن بېرى ئۇنىڭ مۇشۇنداق كېلىۋاتقىنىغا هېچكىم سەپسالمىغانىدى. هە، هازىر سۆز قىلغان چاغدىلا ھەممىنىڭ كۆزى بۇ ئايالنىڭ كالتىراپ كەتكەن كۆڭلىكىگە چۈشتى.

— مۇنۇ كۆڭلىكىڭىزنى سېلىۋېتىپ، باشقا بىر كۆڭـلەك كىيىۋالسىڭىزمۇ بوپتىكەن، ئالمىخان هەدە، — دېدى ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا كېلىۋاتقان گۈلنىسا.

— هاي ي ··· سىڭلىم ، مۇنداق كۆنلەرگە قالىدىغىنىمـ
نى كىم بىلىدۇ دەيسىز . مەن تېخى ئاياللارنى ھېيتگاھقا
يىغىۋېتىپتۇ دېسە ، جەڭدىن غەلىبە بىلەن قايتقان ئوغلانلارنى
قارشى ئالىدىغان چېغىمىز دەپ ، ئۆزۈمچە ئۇيا - ئەڭلىكلىـ
رىمنى سۈركەپ ، چىرايلىقراق مۇشۇ كۆڭلىكىمنى ئۇچامغا
ئارتىپلا چىقىپتىمەن . غوجام بىلەن غازاتتىن قايتقان ئەرـ
كەكلەرنىڭ ياخشىسىنى ئىزدەيمەن دەپ ، ماۋۇلارنىڭ قولىغا
چۈشۈپ قالدىم ئەمەسمۇ ؟ !
— ھە ، مانا ئەمدى ياخشى ئەركەككە تازا يېتىشتىلا !—
دېدى خېلىچە خېنىم تەنە ئارىلاش ھېلىقى خوتۇنغا .
— بۇلارنىڭ ئونىنى قوشۇپ قازاندا قايناتسىمۇ بىر ئەرـ
كەكنىڭ شورپىسى چىقمايدىغاندەك ئەمەس . ئۇلارنىڭ ھەربىـ
رى مېنىڭ بىر يانپىشىمغا تەڭ كەلمىگۈدەك .
— بويىـى كىچىك بولغىنىـى بىلەن قىلىقى چوڭدۇر
بەلكى ،— دېدى يەنە بىر جۇۋان گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرـ
ماقچى بولۇپ .
— ھەي تاڭەي ··· ئاتتا پورلىشىپ ئولتۇرغىنىغا قارىـ
غاندا ، ئۇلارمۇ چاغلىقتەك قىلىداي .
خوتۇن - قىزلار بىر ئاز كۈلۈشۈپ ، چاقچاق قىلىشىۋىـ
دى ، كۆڭۈللىرى كۆتۈرۈلگەندەك بولۇپ قالدى . بەزىدە يىغـ
لاپ ، بەزىدە چوڭقۇر غەم - قايغۇدا كېلىۋاتقان قىزلارنى
ئۆزۈگۈمغا ئوخشاش قوشاقچىلار ناخشا ئېيتىپ كۆڭۈللىرىـ
نى خۇش قىلاتتى .

*　　　*

تۇتقۇنلار دەل ـ دەرەخلىرى كۆكىرىپ كۆرۈنگەن ئاقسۇغىمۇ يېقىنلاشتى . بۇ چاغدا قاچان هاردۇق ئالىمىزكىن دېيىشىپ كۆزلىرى تۆت بولۇۋاتقان تۇتقۇنلار پۇت ـ قوللىرى بوشىشىپ ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنىدى .

— ئاقسۇنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمىز ، بۇ پەلەكنىڭ گەردىشىدە ، مانا ئەمدى ئۇنىمۇ كۆرىدىغان بولدۇق ،— دېدى بۇۋىئايشەم .

— هە ، ئاقسۇنى كۆرمىگىنىڭىز بىلەن ئىدىشلىرىدە تالاي قېتىم چاي ئىچكەن بولغىيدىڭىز . مانا شۇ ئىدىشلەرنى مۇشۇ يەردە چىقىرىدۇ ،— دېدى نۇزۇگۇم بۇۋىئايشەمگە قاراپ ،— ئاقسۇلۇقلار كېگىز بېسىشقىمۇ بەك ئۇستا كېلىدۇ .

— قانچە قىلغان بىلەن چارۋىچى خەلق ئەمەسمۇ ،— دەپ سۆز قىستۇردى بىر ئايال ،— ئۇلارغا تاغ قىرغىزلىرى يېقىن ـ دە .

— ئاۋۇ شەهەر چېتىدە تۇرغان نېمىكىنە ؟— دېدى ئۇ ياق ـ بۇ ياققا قىزىقىپ قاراۋاتقان گۈلنىسا .

— سېپىلغۇ ،— دېدى بۇ ئەتراپنىڭ يەر ـ شارائىتىنى بىلىدىغان بىر قىز .

— بۇ يولدا مۇنداق نەرسىلەرگە كۆپ شاهىت بولىدىغان ئوخشايمىز . مانا بۇنىڭدىن ئاتمىش ـ يەتمىش يىل ئىلگىرى بولغان جەڭدە مۇنۇ ئاقسۇ دەرياسىدىمۇ مىڭلىغان يىگىتلەرنىڭ قېنى ئاققان . ئۇنىڭ نېمىسىنى ئېيتىسىلەر ، شۇ جەڭلەردە چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئاقسۇلۇقلار كۆپ

نەرسىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپتىكەن . بۇ يۇرتنىڭ خەلقى ئەزەل-
دىن جاپانى كۆپ تارتىپ كېلىۋاتقان جەڭگىۋار خەلق .
تۇتقۇنلار ئىككى دەريانىڭ قوشۇلغان يېرىگە جايلاشقان ،
ئەتراپى ئېگىز سېپىل بىلەن قورشالغان ئاقسۇ شەھىرىگە
سەپسېلىپ قاراشماقتا .
ئۇلار شەھەرنى ئىككىگە بۆلۈپ ئۆتىدىغان چوڭ يولنىڭ
ئۈستىدىكى دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەندە بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى
ئۇلارنىڭ ئالدىغا كۆچۈپ دېگۈدەكلا چىقىشتى . ئەمما بەش
يۈز ئاتلىق چېرىككە بۇ يەردىكى تېز ئېتىلىدىغان مىلتىقلار
بىلەن قوراللانغان چېرىكلەر قوشۇلىۋىدى ، ھېچكىمنى تۇت-
قۇنلارغا يېقىن كەلتۈرمىدى .
چوڭ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆرۈلگەن ئىمارەت-
لەر ، كېسىلگەن دەرەخلەر بۇ يەرگىمۇ يېقىندىلا قەشقەر
تەرەپتە يۈز بەرگەن چوڭ جەڭنىڭ شالتىقى تەگكەنلىكىنى
كۆرسىتىپ تۇراتتى . ئەمما چوڭ كوچىدىكى رەستىلەردە
تۇرغان سودىگەرلەر كىيىم - كېچەك ، يېمەك - ئىچمەك ،
يەل - يېمىشلەرنى تىزىۋېلىپ ، گويا مۇنۇ تۇتقۇنلارغا سېتى-
ۋالايلى دېگەندەك ، ماللىرىنى ماختاپ ۋارقىراشماقتا . قازان-
لاردىن ھورلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تاماقلارنىڭ خۇش پۇ-
راقلىرى نەچچە كۈندىن بېرى ئۆي تامىقىنى كۆرمىگەن تۇت-
قۇنلارنىڭ ئىشتىھالىرىنى قوزغىماقتا . ئۇلار كۈننىڭ ئىس-
سىقىدا ئۇسساپ قۇرۇپ كەتكەن كېكىردەكلىرىنى قىرىشتۇ-
رۇپ ، تۈكۈرۈكلىرىنى يۇتۇپ قوياتتى . قورساقلىرى ئاچقان
قىزلار قازانلاردىن ئۇسۇپ ئېلىنىۋاتقان پولۇلارنى ، تونۇر-
لاردىن سويۇلۇۋاتقان سامسىلارنى ئويلىماسلىققا تىرىشىپ ،
يوغان دەرەخلەر سايىسىدە كىشىلەرنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرۈ-

ۋاتقان ساتىراشلارغا ، رەستىلەردىكى تىزىلىپ كەتكەن
ياڭزا ـ ياڭزا كىيىم ـ كېچەكلەرگە ، ساقاللىرى ئۆسۈپ ،
كىندىكىگە يېتەي دەپ قالغان مۇزدۇزلارنىڭ تىككەن
مەسە ـ چېتىكلىرىگە ، يول چەتلىرىدىكى كۆزگە ئالاھىدە
تاشلىنىپ تۇرىدىغان مەسچىت ـ مەدرىسىلەرگە ۋە كارۋان
سارايلارغا قارايتتى . لېكىن بەربىر ئوي ـ خىياللىرى ئاشۇ
ئالدىغا پەرتۇق تارتىۋېلىپ ، قوللىرىغا يوغان كەپكۇر ۋە
ساپلىقلارنى تۇتقان ، يۈزلىرى پوكاندەك قىزارغان يوغان
قورساقلىق ئاشپەزلەرنىڭ ئېشىدا ئىدى . تۇتقۇنلار شەھەر-
نىڭ قاق ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يول بىلەن
مېڭىپ ، چارسۇ مەيدانىدىكى يايما بازارغا يېقىنلاشقاندا ، باش-
لىرىغا ياغاق دوپپىلارنى كىيىپ ، يەكتەكلىرىنىڭ سىرتىدىن
پوتا باغلىۋالغان مەدىكارلار بىلەن باشلىرىغا سەللە ئورىۋال-
غان موللىلار ، چوڭ ياشلىقلار قوللىرىنى كۆكسىلىرىگە
قويۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈ-
دەك قايغۇلۇق ، كۆزلىرى ياش ئىدى . كىيىم ـ كېچەكلىرى
قەشقەر خەلقىنىڭكىگە قارىغاندا بەك ئاددىي ، ئۆزلىرى بولسا
خۇددى ۋەيرانىلىشىپ ، خارابلىشىپ كەتكەن ئىمارەتلەردەك
تۇزۇپ ، ئۇپراپ ، قانداقتۇر ئېغىر غەم ـ قايغۇغا كۆمۈلۈپ
قالغاندەك كۆرۈنەتتى .

— بۇ يەردە خەنزۇلارمۇ كۆپ ئوخشىمامدۇ ؟ — دېدى
قىزلار مۇرىلىرىدىكى ئەپكەشلەرگە سېۋەتلەرنى ئېسىپ ،
پۇتلىرىغا لاتا خەي كىيىپ ، چاچلىرىنى قىسقا قىلىپ كەس-
تۈرگەن جۇغى كىچىك ئادەملەرگە قاراپ .

— ھە ، ئاقسۇغا كىملەر كەلمىدى دەيسىز . جاھانگىر
غوجا بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مانجۇلارنىڭ ئاساسىي كۈچى

مۇشۇ شەھەرگە توپلاندى ئەمەسمۇ .

— ئۇ دېگىنىڭىز راست ، ئەمما كېيىنكى يىللىرى
كەينى - كەينىدىن يۈز بېرىۋاتقان ئۇرۇشلار بۇ يەرنىڭ خەل-
قىنىمۇ گادايلاشتۇرۇپ ، نامراتلاشتۇرۇۋەتسە كېرەك ، —
دېدى نۇزۇگۇمنىڭ سۆزىگە قوشۇلغان بۇۋىئايشەم ، —
رەستىلەردىكى دۇكانلاردا نەرسىلەر كۆپ بولغىنى بىلەن خې-
رىدارى ئاز ئىكەن ئەمەسمۇ . شۇڭا ئۇ نەرسىلەر توپا بېسىپ
ياتامدۇ . ئاۋۇ دەرەخلەرنىڭ سايىسىدە ئاچتىن ئاچ يېتىپ
كەتكەن ئادەملەرنى كۆردۈڭلارمۇ ؟

— قەشقەرگە يېتىدىغان يەر يوق ئوخشايدۇ - دە :

— ماۋۇ يەردە قوي ساتىدىكەن . ئاۋۇ قويلارنى قاراڭلا-
را ، — دېدى بۇۋىئايشەم خېلىچە خېنىمنىڭ ئاغزىغا لوقما
سېلىپ .

— هاي ، قېرىنداش ، قويۇڭ قانچە پۇل ؟ — دەپ
ۋارقىرىدى ئىلگىرىكىدەكلا چەتتىن بىرىنى كۆرۈپ قالسا
جانلىنىپ كېتىدىغان خېلىچە خېنىم .

— سىزدەك جانانلار ئالىدىغان بولسا بىكارغا بېرىۋېتى-
مەن ، خېنىم ، — قالپاق كىيىۋالغان قىرغىز يىگىت ئۆزد-
دىن يىراقلىشىۋاتقان خېلىچە خېنىمنىڭ كەينىدىن ۋارقى-
راپ .

— قولۇڭدىن كەلسە بىزنى ماۋۇ چېرىكلەردىن ئايرى-
ۋالامسەن ، — دېدى خېلىچە خېنىم بۇرۇلغان پېتىچە ۋار-
قىراپ .

— ئۇنىڭدىن ۋايىم قىلماڭ ، بەربىر ئارقاڭلاردىن
قوغلاپ يېتىمىز . سىز تاغ قىرغىزلىرىنى بوش چاغ-
لىماڭ ، — دەپ جاۋاب بەردى قىرغىز يىگىت .

— قويسىلىرا ، خېلىچەم ، ئاۋۇ يىگىت كەينىلىرىدىن
ئەگىشىپ كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى بۇۋىئايشەم .

— مەيلى ئەمەسمۇ . ھېيتگاھدىن بىر ئۆتسەك كەيند-
ىمىزدىن ئۇنلاپ ئەركەك ئەگىشەتتى . ئاقسۇنىڭ بازىرىدا بىر
ئەركەك ئەگەشسە نېمە بوپتۇ !

خېلىچە خېنىم بۇ يىگىتكە ئۆزىنىڭ يېقىپ قالغىنىغا
مەمنۇن بولدى .

— بۇ جان غەم - قايغۇ ئۇچۇنلا يارالغانمىدى . ئوين-
ساقمۇ ، ئوينىمىساقمۇ بەربىر ئۆلۈپ كېتىمىز .

ئۇلار بىر ئاز ئالدىغا ئىلگىرىلەش بىلەنلا ئالدىلىرىدىن
قوللىرىنى سوزۇشتۇرۇپ ، تىلەمچىلەر چىقىشقا باشلىدى .

— ئۆلگەنىنىڭ ئۇستىگە تەپمەك دېگەندەك مۇنۇلارنى
قاراڭلارا ! ئۇلار بىزدىن خەير - سەدىقە سوراۋاتقىنى نېمد-
سى ؟ — دەپ سۆز قىستۇردى خېلىچە خېنىم .

— ھـە ، بـۇلارنىڭ ئەھۋالـى بىزدىنمـۇ يامـان ئوخ-
شايدۇ ، — دېدى نۇزۇگۇم .

ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئاقسۇ خەلقد-
مۇ ئۆزئارا سۆزلىشەتتى ، ئۇلار مۇنچىۋالا كۆپ قىزنى ھەي-
دەپ ماڭغانلىقىنى ئىلگىرى كۆرمىگەنلىكتىن ھازىر ھەيران
بولۇپ قېلىشىۋاتاتتى .

— ۋىيەي ، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى تۇرمۇشقا چىقىشقا
ئۈلگۈرمىگەن ياپياشلا قىزلارغۇ . بىچارىلەرنىڭ كالپۇكلىرى-
نى گەز باغلاپ كېتىپتۇ ؛ بەزىلىرىنىڭ پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ
ئىكەن . ئۇلار مۇشۇ تۇرقى بىلەن ئىلىغا يېتىپ بارالماستىن
ھەممىسىلا مۇزداۋاندىن ئۆتكىچە قىرىلىپ كەتمىسىلا...

— نېمانچە چىرايلىق قىزلار بۇ ! ئۇلار چېرىكلەرگە زايە

كېتىدۇ جۇمۇسىلا .

بىر چاغدا تېرەك سايىسىدە سۇ سېتىۋاتقان ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى چاچلىرى ئۇششاق ئۆرۈلگەن قىزچاق قاپاقنى كۆتۈرۈپ تۇتقۇنلار تەرەپكە يۈگۈردى .

— مەڭلار ، ئىچىڭلار ! — دېدى ئۇ تۇتقۇنلارنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىشى بىلەنلا قولىدىكى قاپاقنى ئۆزى دېمەتلىك قىزغا تۇتقۇزۇپ . قىز قاپاقتىكى سۇنى يۈز - كۆزلىرىگە چېچىشتۇرۇپ ، بىر - ئىككى يۇتۇم ئىچە - ئىچمەيلا باشقىلار ئەكەتتى .

— ئىچىڭلار ، تويمىساڭلار يەنە ئەكېلىپ بېرىمەن . ئۇسسۇزلۇقۇڭلار قانغىچە ئىچىڭلار !

— دادام ئاقسۇلۇقلارنى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئەڭ ئاق كۆڭۈل ، مەرد خەلق دەيدىغان ، راست ئېيتىپتىكەن ، — دېدى نۇزۇگۇم قېشىدىكىلەرگە بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى ئەسلەپ .

يولنىڭ چېتىدىكى خەلق چېرىكلەرنىڭ يېقىنلاتمىغىنىغا قارىماستىن كوچىدىكى تەنزىلەر بىلەن داق يەرلەرگە يېيىپ قويۇپ سېتىۋاتقان ئالما ، نەشپۈت ، نان - توقاچ ۋە قورۇتلىرىنى سېۋەتلىرى بىلەنلا «يەڭلار ، قېرىنداشلار !» دەپ ، تۇتقۇنلارغا بېرىشكە باشلىدى . لازا ، پىياز سېتىۋاتقان يېشى چوڭراق بىر ئايال ئۇچىسىدىكى چاپىنىنى يېشىپلا تۇتقۇنلار ئارىسىدىكى كۆڭلىكى يىرتىلىپ ، تەنلىرى كۆرۈنۈپ قالغان بىر قىزغا :

— مەڭ ، قىزىم ، كىيىۋېلىڭ ، — دەپ تاشلاپ بېرىۋىدى ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا ئاقسۇلۇقلارمۇ چاپان - چارسىسى بىلەن پۇتلىرىدىكى مەسە - كالاچلىرىنى يېشىپ ، تۇتقۇن-

لارغا بېرىشتى. بايىقى كىچىك قىز بولسا بىرنەچچە قېتىم يۈگۈرۈپ سۇ توشۇدى. ئۇنى كۆرۈپ قالغان بىر چېرىك:

— ھاي، شۇمتەك، بۇياققا ئۆت! — دېگەن پېتى كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، كىچىك قىزنىڭ بېشىغا نەيزە بىلەن ئۇرۇۋەتتى. قىز چەتكە چىقىپ ئۈلگۈرمەستىنلا يىقىلدى.

— ۋىيەي، ئۇرۇۋەتتى، يائاللا، بۇ نائىنساپلار نارەسىدىلىكىگىمۇ قارىمىدا، — باياتىن بېرى تۇتقۇنلارغا خېلى يېقىنلىشىپ قالغان خەلق ۋارقىرىشىپ ئۆزلىرىنى چەتكە تارتتى.

يول بويلىرىغىلا سېلىنغان تونۇرلارغا نان، سامسا يېقىۋاتقان ناۋاي، سامسىپەزلەر بىلەن تاماق ئېتىۋاتقان ئاشپەزلەر ئاخىرقى يىللاردا ئىچكىرىدىن چىققان مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ نۇرغۇن ۋەھشىيلىكلىرىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما نارەسىدە قىزلارغا مۇنداق قول كۆتۈرگىنىنى كۆرمىگەنىدى. بۇ ۋەقە ئۇلارنىڭ ئىچىنى ئېچىتتى:

— يا ئاللا، بۇ نارەسىدە بالىدا نېمە گۇناھ! ئىنسان بالىسىمۇ مۇشۇنداق ۋەھشىي كېلىدىكەن-ھە!

— ھەدە، ئاۋۇ خەنزۇ قىزنى قاراڭلا. ئۇ بايىقى كىچىك قىزنىڭ قولىدىكى قاپاق بىلەن سۇ ئەكېلىۋاتىدۇ، — دېدى مۇشۇ توپتىكى ھەممىدىن جۇغى كىچىك قىز چېچىنى ئوغۇل بالىلارنىڭ چېچىغا ئوخشاش كالتە قىلىپ ياسىتىۋالغان ئون ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى خەنزۇ قىزنى كۆرسىتىپ.

خەنزۇ قىز تۇتقۇنلارغا قولىدىكى قاپاقنى شەرەت قىلىپ نېمىلەرنىدۇر دەيتتى. بۇ قىزنىڭ كەينىدىن، ئېھتىمالىم ئانىسى بولسا كېرەك، تاينىڭ تۇيىقىدەك كىچىككىنە پۇتى بار خوتۇن ئۇششاق چاماداپ، تايتاڭلاپ، ۋارقىراپ كېلىۋاتات-

تى .

— ئۇنىڭ قولىدىكىنى ئالساق چىرىكلەر ئۇرۇپ كېتەرمۇ ؟ — دەپ سورىدى نۇزۇگۇمدىن ئۇسساپ تاقىتى قالمىغان ياش قىز . ئىككى ياشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قولىغا نەيزە تۇتقان چېرىك خەنزۇ قىزىغا ۋارقىراپ بىرنېمىلەرنى دېدى . ئەمما خەنزۇ قىزى ئۇنىڭ تىللاپ قوغلىغىنىغا قارىماي تۇتقۇنلارغا قاپاقتىكى سۇنى تەڭلىدى .

— ئېلىڭ ، — دېدى نۇزۇگۇم يېنىدىكى قىزغا .

خەنزۇ قىز قولىدىكى قاپاقنى تۇتقۇنلارغا تاپشۇردى - دە ، ئۆزىنى چەتكە ئاتتى . شۇ چاغدا چېرىكلەرنىڭ نەيزىسى بۇ خەنزۇ قىزنىڭ دۈمبىسىگە تەگدى . يەنە بىر چېرىك تۇتقۇنلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ، ئۇلاردىن قاپاقنى تارتىۋالدى - دە ، يەرگە ئۇرۇپ چېقىۋەتتى .

بۇ ۋەقەگە چەتتە تۇرۇپ قاراۋاتقان خەنزۇ ۋە ئۇيغۇرلار ۋارقىرىشىپ ، چۇرقىرىشىپ نارازىلىق بىلدۈرۈشكە باشلىۋىدى ، ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن ئامبالنىڭ چىرقىراپ چىققان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەممىسى جىم بولۇشتى . تۇتقۇنلار شەھەردىن چىقىپ كەتكۈچە ماتەم تۇتقاندەك ، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ ، گەپ - سۆز قىلماي مېڭىشتى . قولىدىن قاپاقنى تارتتۇرۇپ قويغان ئۇششاق ئۆرۈمە چاچلىق قىز خېلى يەرگىچە ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلىدى .

# ئۇچىنچى باب

I

قەشقەردىن چىققاندىن بېرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چۇۋالىشىپ كېلىۋاتقان سۇرگۇنلەرنى چېرىكلەر ئاقسۇغا كەلگەندە بىرنەچچە توپقا بۆلۇۋەتتى. كۆپلىگەن ياش بالىلار بىلەن ئەرلەرنىڭ بىر توپى قۇل ئورنىدا ئىشلىتىش ئۇچۇن لەنجۇغا، يەنە بىر توپى چۆچەك تەرەپكە، خوتۇن - قىزلار- نىڭ تولىسى مۇزداۋان ئارقىلىق ئىلىخوغا ھەيدەلدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىر - بىرىگە ئۆگىنىپ قالغان سۇرگۇنلەرگە بۇ ئايرىلىش تېخىمۇ ئېغىر كەلدى.

كېچىلىرى ھاردۇق ئالغىلى توختىغاندا چېرىكلەر چې- دىر - بارگاھلىرىنى تىكىپ، مال سويۇپ، قازانلىرىنى قاينىتىشقا كىرىشكەندە خوتۇن - قىزلار ئۆزلىرىنى زەي يەرگە ئۆلۇكتەك تاشلىۋېتەتتى. چېرىكلەر قوغلىمىسا ئۇلار مۇشۇ ياتقان پېتى مەڭگۇ ئۇخلاشقا رازى ئىدى. ئەمما ئۇنداق يەردىن ئەتىسى تۇرماق ئاھايىتى تەسكە توختايتتى. تۇتقۇن قىلىنغان بۇ قىزلار ئاقسۇغا يەتكۇچە ئۆزلىرىنى نەگە قويار- نى بىلمەي تەرلەپ - پىشىپ كېتەتتى. ئەمما مۇزداۋانغا يېقىنلاشقاندا كېچىلىرى بىر - بىرگە چاپلىشىپ ياتسىمۇ

پۈت ـ قوللىرىنى ئىسسىتالماي ئاۋارە بولاتتى . ئەتىسى بولسا ئۇلار ئورۇنلىرىدىن شۈمشەرىشىپ تۇرۇپ يەنە يولغا چۈشەتتى .

سۇرگۈنلەر چوڭ سايدىن چىقىپ ، سوقما تام بىلەن ياسالغان بىكەتكە كەلگەندە مۇنار ئۈستىدە تۇرغان پايلاقچى ئىمىنىدۇر دەپ ۋارقىرىۋىدى ، يالغۇز دەرەخ سايىسىدە مەيدە- لىرىنى ئېچىۋېتىپ ئۇخلىسىغا ياتقان ئون بەشچە چېرىكنىڭ ھەممىسى دەرھال ئورۇنلىرىدىن تەڭ تۇرۇشۇپ سەپكە تىزىل- دى . ئۇلارنىڭ كۆپى نەشە چېكىۋالغانلىقتىن چىرايلىرى تاتىرىپ ، چانىقىغا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى پارقىراپ قالغانىدى . لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇلار سۇرگۈنلەر ئۆتۈپ كەت- كۈچە ئۆزلىرىنىڭ كەيپ ئىكەنلىكىنى سەزدۈرمەسلىككە تى- رىشىپ ، سەپتە قېتىپ تۇرۇشتى .قىزلار بۇ بېكەتتىن ئۆ- تۈپ ، تاغ قاپتاللىرىغا يېقىنلاشقانسېرى ئۇچلىرىغا چەك- سەن ، بېشىغا دوپپا كىيگەن ئۇيغۇرلار ئازىيىپ ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئاچا مالخايلىق قىرغىزلار كۆپىيىشكە باشلىدى .

بۇ ئەتراپنىڭ تەبىئىتىمۇ باشقىچە ئىكەن . قانچە يۇقىرى ئۆرلەپ ، تاغ ئىچىگە كىرگەنسېرى تەكچىلەر بىلەن ئېدىر- قىرلار باشلىنىۋاتاتتى . مال ئوتلايدىغان بۇ يايلاقلارنىڭ ئوت ـ چۆپىنى قوي يەپ توپىسىنى چىقىرىۋەتكەن بىلەن بۇلاق بويلىرىدىكى چىملىقلار ئەتىياز كۈنلىرىدىكىدەكلا كۆ- كىرىپ تۇراتتى .

ئېدىر ـ قىرلاردىكى توپ ـ توپ ئۆسكەن تېۋىلغىلاردىن باشقا ھېچ نەرسە يوق . ئۇلار خۇددى يولۇچىلارنى ئۇزىتىپ بېرىپ ئۆزلىرى كەينىدە قالغان بويناقلاردەك قاپتاللاردا يام- راپ ئۆسكەنىدى . تاغ چاتقاللىرىدىكى سۈيى مول ساي ـ

جىرالاردا ئاسمان بىلەن بوي تالاشقاندەك ئىنچىكە، ئېگىز ئۆسكەن تېرەكلەر، تاللار، ياۋا ئالما ـ ئۆرۈكلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرى كۆز كېلىپ، قىش يېقىنلىشىۋاتقىنىدىن خەۋەرى يوقتەك باھار ئايلىرىدىكىدەك ياپيېشىل تۇراتتى. چوڭ سايغا كىرىپ يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى مۇنداق تال ـ تېرەكلەر ئازىيىپ تېۋىلغا، دولانا دەرەخلىرى بىلەن ئارچىلار كۆپەيمەكتە. يانباغىردىكى كۆلچەكلەردە توختاپ قالغان سۇلار خۇددى يەر تېگىدىن قايناپ چىققاندەك غۇژمەك بولۇپ، چوقچىيىپ تۇرغان تاشلار كۆزگە ئالاھىدە چۈشۈپ تۇراتتى.

بۇ يوللار بىلەن جەنۇبنىڭ ئادەملىرى تېكەس، نارىن ئەتراپىدىكى قىرغىزلار، قارقارىلدىكى ئالبانلار ۋە ئىلى تەرەپتىكى ئۇيغۇرلار بار يەرلەرگە بېرىپ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى ئېلىپ باراتتى. تەڭرىتاغدىكى قار ئېرىپ يوللار ئېچىلغاندا سودىگەرلەر ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن قەشقەرىيەدىكى شەھەرلەرگە تارقىلىدىغان يىپەك ماللارنى، تاشچايلارنى، تاماق سىڭدۈرىدىغان خۇش پۇراقلىق دورىلارنى ئېلىپ ماڭاتتى. ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ يەردىن ئايىغى تارتىلغانىدى. «بىر ئۆينىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرساڭ، مىڭ ئۆينىڭ مۆڭگۈزى سىرقىرايدۇ» دېگەندەك 1825 ـ يىلىدىكى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بۇ تەرەپتىكى ئۇيغۇر، قىرغىزلارغىمۇ يەتكەنىدى.

نۇزۇگۇم تاغ قىرغىزلىرىنىڭ قەشقەرلىكلەر بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئاۋۋالمۇ ئاۋۋال يۈرۈپ، قولىدا قىلىچ تۇتقۇدەك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سەپكە تۇرۇپ ياردەمگە كەلگەنلىكى، غەلىيانچى لەشكەرلەر ئۇچۇن ئاتلارنى ئەۋەتىپ بەر-

گەنلىكى ھەققىدە كۆپ ئاڭلىغانىدى. خەقلەرنىڭ گېپىگە قارىغاندا، نارىن دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىرغىزلار غوجا بىلەن ئاغىنە بولۇپ ئۆتكەن دېيىشىدۇ. جەڭ قىلىشتىن ئىلگىرى قوقەنتتىن بۇركۇت ئالغىلى كەلگەن جاھانگىر غوجا قىرغىزلار بىلەن يېقىن ئاغىنە بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇمىدا ئېزىلىپ، ئېغىر جاپا چېكىۋاتقان بۇ قىرغىزلارنىمۇ ئۆزى بىللە جەڭ قىلىشقا تەييارلىغانىكەن. قىرغىزلارمۇ جاھانگىر غوجىغا ياردەملىشىپ چوڭ جەڭلەرگە قاتناشقاندىن باشقا، دۈشمەنلەرگە كېرەكلىك ئات ـ ئۇلاغلارنى قەشقەر تەرەپكە ئەۋەتمەسلىك ئۈچۈن يوشۇرۇن جەڭلەرنى ئويۇشتۇرغانىكەن.

«قەشقەرنىڭ چىرايلىق خوتۇن ـ قىزلىرىنى مانجۇ جياڭجۇنلىرى ئىلىدىكى ئامباللىرىغا قول قىلىپ بەرگىلى ھەيدەپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەر تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ چىققان ساداغا ئوخشاش بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا بۇ تەرەپتىكى قارا قىرغىزلار ئارىسىغا تارقىلىپ كەتكەنىدى. بۇ خەۋەرنى ئاقسۇ بازىرىغا مال ئېلىپ چۈشكەن قىرغىزلار تاغ ـ دەريالارنىڭ بويلىرىغا جايلاشقان ئاۋۇللارغا، ئەمدى قالغانلىرى بولسا خانتەڭرىنىڭ شەرقىدىكى چالكۆدە، سىرت، سارجاز يايلاقلىرىنىڭ ئادەملىرى بىلەن مۇشۇ يايلاقلارغا قېتىق قىزىل سەتىن، شايە، تاۋار ـ دۇردۇن ۋە مەرغىلاننىڭ ئەتلىسىنى ئەكېلىپ داڭق چىقارغان بۇخارالىقلارغىمۇ يەتكۈزۈپتۇ. تاغ خەلقلىرى ئىلگىرى بۇ تەۋەگە جاھاندارچىلىق قىلىپ كېلىدىغان قەشقەرلىكلەرنىڭ ئەرلىرىنى كۆرسىمۇ، لېكىن ئاياللىرىنى ئاز ئۇچراتقان، ئەمما ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدە نۇرغۇن تەرىپلەرنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇلار

قەشقەردىن تۇتقۇن بولۇپ كېلىنىۋاتقان قىز - چوكانلارنى كۆرۈش ئۈچۈن قىرلاردىكى بېقىنىۋاتقان ماللىرىنى تاشلاپ، تەڭرىتاغنىڭ قاپتاللىرىنى بويلاپ تۆۋەنلىمەكتە.

تۇتقۇنلار تاغ چاتقاللىرىغا ئۇلاشقاندا يول بويىدىكى مەھەللىلەردە مال بېقىپ يۈرگەن چارۋىچىلارنىڭ يالاڭ ئاياغ، يالاڭتۆش بالىلىرى چۆپلۈك دۆڭلەرگە تىكىلگەن قارا ئۆيلەردىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، توپلىشىپ ماڭغان قىزلارغا ئاغزىنى ئېچىپ ھەيران بولۇپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەلگەن جىلىتكىلىرىگە ۋە چاچلىرىغا كۈمۈش تەڭگە ۋە ياقىلارنى قادىۋالغان قىرغىز ئاياللىرىمۇ: «بۇ نېمە ئالامەتتۇر؟» دېگەندەك قاراپ، ياقىلىرىنى تۇتۇشاتتى. ئۇلار:

— قەشقەردە ئاياللار تاپتىن چىقىپ كېتىپتۇدەك دېيىشىدىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقان ئىگەم بۇلارنىڭ بېشىغا مۇشۇ كۈنلەرنى سالغاندىمۇ؟— دېيىشىپ ئۆزئارا سۆزلىشەتتى. بەزىلىرى:

— ئاۋۇ چوڭلىرى خۇدايىمنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغان بولسا بەلكى ئۇچرىغاندۇر. ئەمما ماۋۇ چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈۋالغان، ئاغزىدىن ئانىلىرىنىڭ سۈتى كەتمىگەن ياش قىزلاردا نېمە گۇناھ؟! ئۇلارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئانىلىرى قارا يەرنى قۇچۇپ، قاڭغىر قاقشاپ قالغاندۇر،— دەپ بالاغەتكە يەتمىگەن قىزلارنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ قالاتتى.

يول چېتىدە ئۆزئارا پاراڭلىشىپ تۇرغان قىرغىز ئاياللىرىغا سەپسېلىپ كېلىۋاتقان خېلىچە خېنىم تاغقا يېقىنلاشقانسېرى باشلىرىنى تېخىمۇ ساڭگىلىتىپ، ئېغىر غەمدە كېلىۋاتقان سەپەرداش دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قوياي

دېگەندەك :

— ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ئاقسۇنىڭ سارىيىدا سوقۇلغان كۈمۈش تەڭگىلەر نېمىشقا يوقىلىپ كەتتىكىن دېسەم ، ئۇ-نىڭ ھەممىسىنى مۇنۇ خوتۇنلار مەيدىلىرى بىلەن چاچلىرىغا قاداپ تۈگىتىپتىكەن - دە ،— دېدى .

قىزلار قىرلاردىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن قىرغىزلار بىلەن يول چېتىدىكى ئاياللارغا زەن سېلىپ قاراشتى . ئۇلار-نىڭ ئۆزلىرىگە مۇڭلۇق قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ :

— بۇ تاغلارنىڭ ئىچىدىمۇ بىزگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار ياشايدىغان ئوخشىمامدۇ ،— دېيىشتى .

ئىككى قاتار سەپ تۈزۈپ كېلىۋاتقان چېرىكلەردىن قور-قۇپ تۇتقۇنلارغا يېقىنلىشالماي چۆرىدەپ يۈرگەن قىرغىزلار ئارىسىدا ياش يىگىتلەرمۇ خېلى كۆپ ئىدى . قەشقەر قىزلى-رىنى بىر كۆرۈش ئارزۇسىدا يۈرگەن بۇ يىگىتلەر ئاتلىرى-نىڭ ئۈستىدىن بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قارىشاتتى . ئەمما بىرنەچچە كۈندىن بېرى قۇم - چۆللەردە مېڭىپ ، كۈندە ئۆڭۈپ ئاقىرىشقا باشلىغان كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىق بۇ قىزلار ئۇلارغا قانچە قارىسىمۇ ئانچىۋالا گۈزەل ئەمەستەك كۆرۈندى . قىزلارنىڭ ئىلگىرى بەللىرىدە سويلاپ تۇرىدىغان چاچلىرى بۇدۇشقاق بىلەن قامغاق تىكەن چاپلىشىپ ، ئال-ۋاستىنىڭ چاچلىرىدەك پاخپىيىپ كەتكەنىدى . چىرايلىرىمۇ پۇچۇلۇپ ، قارىداپ ، ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلىپ يۈرگەندىكىدىن باشقىچە ئىدى .

— مەن تېخى قەشقەر قىزلىرىنى بۇنىڭدىنمۇ گۈزەل دەپ ئويلاپتىكەنمەن ،— دېدى بېشىغا ئاچا قالپاق ، ئۈچىسىغا يېڭى يوق كالتە جۇۋا كىيگەن ، قەلەمدەك ئىنچىكە بۇرۇتى

بار يىگىت .

— هاي ، يىگىت ، ئادەم ماغدۇردىن كېتىپ هالسىراشقا باشلىغاندا ئۇنىڭ گۈزەللىكىمۇ يوقىلىپ كېتىدۇ دېگىنە . سەن يۇقىرى - تۆۋەن يۈرگەندىن كۆرە ، ئېگەردىن چۈشۈپ ، مۇنۇ يۈزلىرىنى ياغلىققا يۆركىۋالغان قىزلارنىڭ چىرايىغا بىر قارىغىنا . شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ چىرايىنىڭ قانداق ئىكەن-لىكىنى بىلەلەيسەن ، — ئاق ساقاللىق ، ياشانغان قىرغىز سۆزگە ئارىلاشتى ، — گۈزەل ئىمارەتلەرنى سېلىپ ، ئىلىم - پەن ، ئەقىل - ئىدراكىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرغان قەدىمكى شەهەرنىڭ قىزلىرى چىرايلىق بولمىسا ، چېرىكلەر ئۇلارنى مانجۇ جياڭجۈنى بىلەن ئەمەلدارلىرىغا سوۋغا قىلغىلى ئېلىپ ماڭاتتىمۇ ؟

ئاقساقالنىڭ بۇ گېپىنى قەشقەرنى كۆرگەن باشقا چار-ۋىچىلارمۇ قۇۋۋەتلىدى .

— ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىدە گەپ يوق . تەڭرىتاغدىن تالاي قېتىم قەشقەرنىڭ بازىرىغا مال هەيدەپ باردۇققۇ . گۈلنىمە-چۇ ئۆز مەزگىلىدە سۇغىرىپ ، پەرۋىش قىلىپ بەرسەڭ ئېچىلىدۇ ، بولمىسا قۇرۇپ ، قوراي بولۇپ كېتىدۇ . مۇنۇ يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن كىيىملەر ئىچىدە هەر - هەر گۈزەللەر بار دېگىنە . مانجۇلارمۇ ئادەم تونۇي-داي . بولمىسا ئۇلار بۇلارنى هەيدىگەندىن كۆرە مال هەيدى-مەيتتىمۇ ، — دېدى قولىدا ئۇزۇن تاياق تۇتقان يىلقىچى ، — هاياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بۇ خەق بىلەن يېقىن بولۇپ قالساڭ ، شۇ چاغدا ئاندىن كۆرىسەن . ئۇلار ئىشلەشنىمۇ ، ياشاشنىمۇ بىلىدۇ . گۈزەللىك دېگىنىڭمۇ ئەنە شۇ قەشقەر-دە .

— جاقاننىڭ ئىيتقىنى توغرا ،— دەپ يىلقىچىنى باشقى-
لارمۇ قوللاپ سۆزلەشكە باشلىدى .
— ئەنە ئاۋۇ ياغلىقىنى چۆكۈرۈپ تېڭىۋالغان زىلۋا بويى-
لۇق قىزنىڭ چىرايى نېمىدېگەن سۈزۈك . قارىغىنا ،
قاش - كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ . پۇتلىرى نېمىدېگەن
تۈز . بىزنىڭ ئەتىدىن - كەچكىچە ئات مىنىپ يۈرگەن
قىزلىرىمىزنىڭ پۇتلىرىغا ئوخشاشمايدۇ . قەشقەر قىزلىرى
ئىنچىكە ، زىلۋا بويلۇق ، قارا قاش ، قاڭشارلىق كېلىدىغان
ئوخشىمامدۇ . چاچلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى قارا ، مانا شۇنداق
قىزلارنىڭ كەينىدە يۈگۈرمەي كىمنىڭ كەينىدە يۈگۈرە-
سەن .
— هاي ، قېچىڭلار ، كىملەردۇر بۇ تەرەپكە ئات چاپتۇ-
رۇپ كېلىۋاتىدۇ ،— دېدى بىرى . بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭلا يول
ياقىسىدا تۇرغان چارۋىچىلار ئىككىگە بۆلۈندى - دە ، ئۇلار-
نىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر توپ يىگىت ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ
كەتتى . قىزلار بۇ تۇيۇقسىز ئات چاپتۇرۇپ كەلگەنلەرنى
كۆرۈپ ، ئۇلارنى بەلكىم بىزنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن
ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاشتى . خېلىچە خېنىم
بىردىنلا قاشقا جىرەن ئاتتىكى ئاچا قالپاق كىيگەن يىگىتنى
تونۇدى - دە :
— ۋاي ، ئاۋۇ قىرغىز بالىنى بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىل-
گىرىلا ئاقسۇدىكى مال بازىرىدا كۆرگەنىدۇققۇ ، ئېسىڭلاردى-
مۇ ، ئۇ يىگىت قوچقار تۇتۇپ تۇراتتىغۇ !— دېدى ئۇ بۇ
يىگىتنى كۆرگەندە گويا ئۆزىنىڭ يېقىنىنى كۆرگەندەك خۇ-
شال بولۇپ كەتتى .
— قېنى ، قېنى ؟— دەپ بۇۋىئايشەممۇ بويىنىنى سوزۇپ

قارىدى .

— ئاۋۇچۇ ، ئاۋۇ ، ئەنە بىزنى قامچىسى بىلەن شەرەت قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ ، كۆردىڭىزمۇ ؟— خېلىچە خېنىم ئات ئۈستىدە سىڭايان ئولتۇرۇپ ، يېڭى بىلەن ماڭلاي تەرىنى ئېرتىۋاتقان يىگىتنى كۆرسەتتى .

— قاياقلاردىن يېتىپ كەلگەندۇر ؟

— قەيسەركەن جۇمۇسلا ! كەينىمىزدىن ئات چاپتۇرۇپ يۈرگىنىنى قارىسىلا .

— مېنىڭ ئېرىم خۇرجۇن - كۆرپىسىنى ئېلىپ ، باھاردا ئەنجان تەرەپكە كەتكەن ، بولمىسا مۇشۇلارغا ئوخشاش كەينىمدىن كېلەتتى . بەلكى بىزنىڭ ئىلىغا پالانغىنىمىزنى ئاڭلىماي قالغاندۇر ،— دېدى قىزلارنىڭ پارىڭىنى تىڭشاپ كېلىۋاتقان بۇۋىئايشەم .

— ھەي ، دوستۇم ، ئۇنداق ئەرلەرگە خوتۇن ئەمەس ، دۇنيا كېرەك . بىز بەش تىيىننىڭ كۆزىگە قارايمەن دەپ خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قالغان تالاي ئەرلەرنى كۆرگەن . بولمىسا سىزدەك گۈزەل جۇۋاننى تاشلاپ كېتىدۇ دەمسىز ؟

— ئۇنچىۋالا ئاشۇرىۋەتمەڭ مېنى ؟— دەپ بۇۋىئايشەم سەل خىجالەت بولۇۋىدى ، خېلىچە خېنىم ئۇنى تېخىمۇ شەرھلەپ سۆزلىدى :

— ئاشۇرۇۋەتكەن گەپ ئەمەس ، ئەگەر مەن ئەر كىشى بولسام سىزدەك جۇۋاننىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتەتتىم . ئۇنداق ئەرلەر تاشلاپ كەتكۈدەك سىزنىڭ نەرىڭىز كەم شۇنچە ؟

— شۇنى دەڭا ! ئۆزۈمچە كۈزلۈككە ئالتۇن ئۈزۈك ، ھالقا ئېلىپ بېرىمەن دېسە خۇش بولۇپ كېتىپتىمەن تېخى .

— قىرغىزلار بىزگە نېمىلەرنىدۇر دەۋاتىدۇغۇ ،— دېدى

ئالمىخان پۈرلىشىپ قىسقىراپ كەتكەن يىپەك كۆڭلىكىنى تىزىغا تارتىپ ، تۈزەپ قويۇپ .

ئۆزئارا پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىككى جۇۋان چىرىك-لەردىن قورقۇپ ، ئۆزلىرىگە يېقىنلىشالمايۋاتقان يىگىتلەرگە قارىدى .

— مانا ، مانا ، ئاقسۇدا كۆرگەن قىزلار مۇشۇلار !— دېدى ئاچا قالپاق كىيگەن ئېگىز بويلۇق يىگىت . ئۇ ئېتىنى دېۋىتىپ ، قىزلارغا تېخىمۇ يېقىنلىدى ـ دە ،سۆزىنى داۋام-لاشتۇردى ،— ئامانمۇسىلەر ؟ بىز مۇنۇ تاغدا تۇرىمىز ، سى-لەرنى ئەكەتكىلى كەلدۇق ، قاچامسىلەر ؟

— ۋىيەي ، خېلىچەم ، ئېلىپ قېچىپ كېتىمىز دەيدىغۇ . قانداقمۇ قىلارمىز ،— دېدى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قور-قۇپ قالغان ئالمىخان .

— خۇدايىم ئىشىمىزنى ئوڭلاپ ، ئېلىپ قېچىپ كەتسە كېتىۋېرىمىز ،— دېدى دوستىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ خېلىچە خېنىم .

— بىر قېتىم قادىر دەرۋىش بىلەن قاچىمەن دەپتۇ ، ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈپ ، ئۆزلىرى لەختە ـ لەختە قان بولۇپ تىندىلا . ئەمدى تاغ قىرغىزلىرى بىلەن قاچىدىغان بولسىلا چېرىكلەر ھەممىمىزنى جادۇدا توغراپ ئۆلتۈرەر . سىلى زا-دى پەندىياد يېمەيدىغان خوتۇنكەنلا جۇمۇسىلا ،— دېدى بۇۋۇ-ئايشەم دوستىنىڭ ئەلپازىدىن چۆچۈگەن ھالدا .

— ھەي ، دوستۇم ، بىزگە قەشقەرنىڭ يىگىتلىرىگە خو-تۇن بولۇشقا نېسىپ قىلمىغاندىن كېيىن ، ئەمدى كىم بىلەن كەتسەكمۇ بەرىبىر ئەمەسمۇ ؟ مانجۇلارغا قارىغاندا قىرغىزلار دېگەن قان ـ قېرىنداشقۇ ،— باياتىن جۇۋانلارنىڭ گەپلىرىنى

تىڭشاپ تۇرغان نۇزۇگۇم گەپكە ئارىلاشتى .

— قىرغىزلار ئۆزلىرىنى بىز بىلەن تېگىمىز بىر دېيىدىشىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار جاھانگىر غوجا بىلەن مارالبېشىدىمۇ ، تۇمەن دەرياسىدىمۇ ئاخىرقى دەقىقىگىچە بىردەك جەڭ قىلدى ـ دە ، ئۇلار غوجىغا ياردەم قىلغىنى ئۈچۈنلا چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى ئۇلارنى قىرىپ ، ئالۋان ـ ياساق تۆلىتىپ ، باشلىرىنى كۆتۈرگۈزمەس قىلىۋەتتى ئەمەسمۇ ؟ ئۇلارنىڭ تاغ ئىچىدىكى بەزىبىر قەبىلىلىرى چېرىكلەرگە بوي بەرمەي تېخىچە قېچىپ يۈرىدۇ .

— ئۇ دېگەنلىرى راستتۇ نۇزۇگۇم ، شۇڭلاشقا بۇلارغا ئۇقاق تارتىپ كېلىۋاتىمىزغۇ ،— دېدى خېلىچە خېنىم .

قىرغىز يىگىتلىرى قىزلارغا نېمىلەرنىدۇر دەپ ئۈنلۈك سۆزلىشىپ كەلمەكتە .

— ئاراڭلاردا نۇزۇگۇم دېگەن چوكان بارمۇ ؟ — ئاقسۇدىن تارتىپ قىزلار كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ، بېشىغا ئاچا قالپاق كىيگەن قىرغىز يىگىتنىڭ ئاۋازى بىردىنلا سۇرگۈنلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى .

— هەي ، نۇزۇگۇم ، ئاۋۇ يىگىت سىزنى سوراۋاتىدىغۇ ،— دېدى دوستىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا خۇش بولغان بۈۋىئايشەم ،— يۇرتتىن بىرەر خەۋەر كەلدىمۇ يە ؟

— بۇ يىگىتنىڭ ماڭا كۆزى چۈشتىمۇ دېسەم ، سىلىگە چۈشكەن ئوخشىمامدۇ ، نۇزۇگۇم !— دەپ سۆزگە ئارىلاشتى خېلىچە خېنىم .

— بار ، بار ! سىلەرگە نۇزۇگۇم نېمە كېرەك بولۇپ قالدى ؟— دېدى بۈۋىئايشەم ئۆزلىرىگە چېرىكلەردىن قورقۇپ يېقىنلىشالمايۋاتقان قىرغىز يىگىتكە .

ئاچا قالپاق كىيگەن قىرغىز يىگىت بوۋىئايشەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى بىلەنلا ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ قايرىلدى - دە، كەينىدە كېلىۋاتقان سەپداشلىرىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— باقەم، بار ئىكەن، بار. چاپسان كېلىڭلار!

— نۇزۇگۇم، باقەمنىڭ ئىسمىنى ئاتاۋاتىدىغۇ! — بوۋىئايشەم تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى.

قىزلار يىگىتلەرگە چاقچاق قىلىپ سۆزلىشىۋاتسىمۇ، نۇزۇگۇم ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە ئارىلاشماي، ئۆز ئوي - خىيالى بىلەن بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما ئۇمۇ قىرغىز يىگىتنىڭ ئاغزىدىن ئېرى باقەمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا، بۇ ئىسمىنى راست ئاڭلىدىمۇ، يالغانمۇ دېگەندەك تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن كۆزىنى يۇمۇپ «ئارقامدىن ئىزدەپ كەپتۇ. كۆڭلۈممىغۇ ئۇ ياقنىڭ كېلىشىنى تويغان» دەپ پىچىرلاپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى. لېكىن ئۇ قىرغىز يىگىتنىڭ ئاۋازى چىققان تەرەپكە قاراشقا جۈرئەت قىلالماستىن، بىردەم تۇگۇچىنى مەيدىسىگە چىڭ بېسىپ، ئۈنچىقماي ماڭدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا بايىقى يىگىتنىڭ:

— باقەم، ئايالىڭ مۇنۇ قىزلارنىڭ ئارىسىدىكەن، — دېگەن سۆزى ئوچۇق ئاڭلاندى.

— قېنى؟ نۇزۇگۇم!

باقەمنىڭ سەل ئىنچىكىرەك، لېكىن جاراڭلىق چىققان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، نۇزۇگۇمنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ قاتتىق سوقتى. ئۇ بېشىنى دەس كۆتۈرۈپ، ئوڭ يېنىغا قارىغاندا قۇلا ئاتقا مىنگەن باقەمنىڭ ئۆزىگە يانداشىپ كېلىپ قارىغىنىنى كۆردى - دە، ۋارقىرىۋېتىشكە ئاز قالدى. ئەمما

ئېرىنى چېرىكلەر بىلىپ قېلىپ تۇتۇۋالمىسۇن دەپ چاقىرماسلىقنى نىيەت قىلدى، لېكىن چىداپ تۇرالمىدى - دە:

— باقەم! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

نۇزۇگۇم ئۆزىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ كېلىۋاتقان قىزلاردىن ئايرىلىپ چىقماقچى بولۇپ ئىنتىلگەنىدى، لېكىن ئۇنى مەيدىسىگە تېرەلگەن نەيزە توختىتىۋالدى. قىزلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى باقەمنى تونۇيدىغانلىرى ئۆزلىرىنىڭ قەشقەردە قالغان بالا - چاقا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى سوراشتۇرۇشقا باشلىدى. پالانغانلاردىن خېلىلا يىراقتا تۇرغان باقەمنىڭ:

— مەنمۇ سىلەر بىلەن تەڭلا قەشقەردىن چىقىپ كەتكەنىدىم، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ ھازىر قانداقلىقىنى بىلمەيمەن، — دېگىنى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە ۋارقىراپ تۇرۇپ، — ماڭا سىلەرنى مۇشۇ قىرغىز يىگىت تېپىپ بەردى. ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭلار، ئېپى كەلسە سىلەرنى قۇتۇلدۇرۇۋالىمىز، — دېدى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، قۇتۇلدۇرۇۋالىمىز دەيدۇ. ھاي، يىگىت، قۇتۇلدۇرساڭلار مېنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، — خۇشال بولۇپ كەتكەن خېلىچە خېنىم قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى.

— مېنىڭ ئېرىممۇ بۇ تەرەپلەرگە كەتكىنىمنى ئاڭلىغان بولسا يېتىپ كېلەتتى، — دېدى چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويۇپ بۇۋىئايشەم.

— ئەر بولسا شۇنداق بولسا - ھە، — دېدى خېلىچە خېنىم قەددىنى رۇسلاپ.

نۇزۇگۇم قىزلارنىڭ ئارىسىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىۋىدى،

ئۇنى :
— قايت كەينىڭگە ، بولمىسا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن !— دەپ
نۇزۇگۇمنىڭ قېشىغا ھۆرپىيىپ يېتىپ كەلگەن چېرىك بۇ
جۇۋاننى قورقۇپ ئارقىغا يانىدىغۇ دەپ ئويلىۋىدى ، بىراق
نۇزۇگۇم مەيدىسىگە تىرەلگەن نەيزىنى قولى بىلەن قېقىۋې-
تىپ ئالدىغا ئىلگىرىلىدى .
— ھوي ، مۇنۇ خوتۇننىڭ ئۆلگىسى كەلدىمۇ نېمە ؟—
چېرىك نەيزىسى بىلەن نۇزۇگۇمنى ئۇرۇپ ئارقىغا چېكىن-
دۈرمەكچى بولۇۋىدى ، لېكىن نۇزۇگۇم كۆنمىدى . چېرىك
ئىككىنچى قېتىم يېقىنلىغاندا ، نەيزە تىغى نۇزۇگۇمنىڭ
قولىغا تەگدى . ئېھتىمال ، نۇزۇگۇم باشتا بۇ چېرىكنى توخ-
تار دەپ سەۋر - تاقەت قىلغان بىلەن ئەمدى تۇرالمىسا
كېرەك ، ئۇ ئۆزىگە قارشى كەلگەن چېرىكنىڭ قولىدىكى
نەيزىنى چەبدەسلىك بىلەن يۇلۇۋېلىپ ، ئۇنى ياندۇرۇپلا جۇ-
غى ئۆزىدىنمۇ كىچىك چېرىكنىڭ مەيدىسىگە ئۇردى .
— نۇزۇگۇم چېرىكنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ،— گۇلنىسانىڭ
ئاۋازى ئەرشكە چىقتى .
نۇزۇگۇممۇ قان قىزىقىدا چېرىككە قانداق نەيزە ئۇرۇ-
ۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالسا كېرەك ، ئەمدى ئۇ ئويلى-
مىغان يەردىن بېشىمغا بالا تاپتىم دەپ ئويلىدى ۋە چېرىكلەر
ئەمدى باقەمنى تۇتۇۋالمىغىدى دەپ ئېرىنىڭ غېمىنى يېدى .
ئەمما نەيزە چېرىككە بوش تەگكەن بولسا كېرەك ، ئۇ بىرئاز
يەرگىچە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ، قانغا
بويالغان مەيدىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ يېنىغا
چېرىكلەرمۇ توپلىشىپ كەتتى .
— ھاي ، بۇ نېمە تۇرۇش !— دەپ ۋارقىرىدى ئۇلارنىڭ

قېشىغا ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن يايى .

— مۇنۇ خوتۇن بىر چىرىككە نەيزە ئۇرۇۋەتتى ،— دېدى توپلانغان چىرىكلەردىن بىرى .

— خوتۇنلارغا ئىگە بولالمىغاندىن كېيىن بۇنىڭ ئۆزىگە ئاز ،— يايى ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن يەنە سەپنىڭ ئالدىدا كېتىپ بارغان ئامبالنىڭ قېشىغا ئات چاپتۇرۇپ ماڭدى .

— نۇزۇگۇم !

نۇزۇگۇم قىرغىز يىگىتىنىڭ قېشىدىكى باقىنىڭ چىرىكلەرنىڭ ئۇرۇپ قوغلىغىنىغا قارىماستىن ئېتىنى دېۋەتىپ ، ئۆزىگە يېقىنلىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى .

— باقەم ، قېچىڭلار ! ھازىر بۇلار سىلەرنىمۇ تۇتۇۋالىدۇ ،— دەپ ۋارقىرىدى نۇزۇگۇم . بۇ چاغدا بايىقى ئامبالنىڭ قېشىغا ئات چاپتۇرۇپ كەتكەن يايى قايتىپ كېلىۋاتاتتى .

— چاپسان قېچىڭلار !— نۇزۇگۇمنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى خېلىچە خېنىم ،— ھەي يىگىت ، باقەمنى چاپسانراق ئەكەتسەڭچۇ ؟

قىرغىز يىگىت چىرىكلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، نۇزۇگۇمدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي تۇرغان باقەمنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى .

چىرىكلەر نۇزۇگۇمنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ھۇرپىيىپ كېلىشكە بايىقى ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ قايتقان يايى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى :

— ھە ، بىز بۇ باتۇر خوتۇننى ئىلىدىكى جياڭجۇنغا تىرىك ئاپىرىشىمىز كېرەك . شۇڭا ئۇنىڭغا قول كۆتۈرگۈچى بولماڭلار !

باشلىقنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چېرىكلەر نەيزىلىرىنى تۆۋەن چۈشۈرۈپ كەينىگە داجىدى.

— خۇدايىم بىر ساقلىدى - دە! — يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەن قىزلار بىر - بىرلەپ نۇزۇگۇمنىڭ قېشىغا يىغىلدى.

— ھەممىنى قۇترىتىۋاتقان ئاۋۇ ئاتلىقلار، — دېدى يايى چېرىكلەرگە، سۇرگۇن قىلىنغان قىزلارنىڭ يېنىدىن يىراق كەتكەن يىگىتلەرنى كۆرسىتىپ، — ئەنە شۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش كېرەك.

ئەمدى چېرىكلەر ئاشۇ تەرەپكە قاراپ ئات سېلىشتى، لېكىن بۇ چاغدا باقەم بىلەن قىزغىنز يىگىتلەر سايدىن ئېشىپ ئۆتۈپ خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى.

بىر كۈن يول ماڭغان تۇتقۇنلارنىڭ ئاددىي تاغ ئېچىگە كىرىپ، ئۇ يەردىكى ئېگىزلىكى بەش - ئالتە گەز كېلىدىغان چوڭ قورغانغىمۇ ئۇلىشىپ قالدى. بۇ چاغدا بارغانسېرى يوغىناپ، سارغۇچ نۇرىنى تاغ قاپتاللىرىغا چېچىۋاتقان كۈنمۇ ئۇۋىسىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.

— بۈگۈن مۇشۇ يەردە تۈنەيمىز، — دېدى ئامبال چېرىكلەرگە، ئاندىن ئۇلارغا تاغ قاپتاللىرىنى ئەگىپ يۈرگەن قىرغىزلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ جېكىدى، — ئۇلارغا پەخەس بولۇڭلار!

ئامبالنىڭ بۇيرۇقىنى ئات چېپىپ يۈرگەن جاكارچىدىن ئاڭلىغان قىزلار بىردىنلا پۇتلىرىدا ماغدۇرى تۈگەپ مۈرىلىرىدىكى خۇرجۇن - خالتىلىرى بىلەن تۇرغان يېرىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇلار سەل ھاردۇق ئېلىپ، ئۆپچۆرىسىگە سەپسېلىپ قارىۋالغاندىن كېيىن، يېنىدىكى ئېرىقتا تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىدە يۈز -

كۆزلىرىنى يۇدى ، كىيىملىرىنى قېقىپ تۈزەشتۈردى . ئام-
بال بىرنەچچە چېرىكنى ئەگەشتۈرۈپ قورغان ئىچىگە كىرىپ
كەتتى . سىرتتا بولسا سۈرگۈنلەرنى كۆزىتىشكە ئايرىلغان
چېرىكلەر ئەتراپتىكى تاغ تاشلارغا چىقىپ ، توپ - توپ
بولۇپ ئولتۇرۇشتى .

يول بويى ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم بولسىمۇ ، نامىزىنى
قازا قىلماي كېلىۋاتقان نۇزۇگۇم بۇ قېتىممۇ دۇخاۋا پەشمە-
تىنى ئېرىق بويىدىكى پاكىز يەرگە سېلىپ ناماز ئۆتىدى .
ئۇ يارانقان ئاللاغا نالە قىلىپ ، مىڭلىغان مەزلۇملارنىڭ
نامىزىنى قازا قىلىشقا سەۋەبچى بولغان چېرىكلەرگە جازا
بېرىشنى تىلىدى . نۇزۇگۇم ھەر قېتىم ناماز ئۆتىگەن چاغدا
ئاللاتائالاغا مۇشۇنداق يالۋۇرۇپ بىگۇناھ بەندىلەرنى ھەيدەپ
كېتىۋاتقان ئامبال بىلەن چېرىكلەرنى جازالاشنى تىلەيتتى .
ئەمما ئۇنىڭ بۇ تىلىكىنى خۇدايىم ئىجابەت قىلمىدى . ئەمدى
ئۇ ئاللاتائالادىن قىرغىزلار بىلەن مۇشۇ تاغلار ئىچىگە قې-
چىپ كىرىپ كەتكەن ئېرى باقەمنى بولسىمۇ ئامان ساقلاپ
قېلىشنى تىلىدى . تاغلارغا قانچە زەن سېلىپ قارىسىمۇ
ئۇنىڭ ئېرىگە ئوخشاش ئادەم كۆرۈنمەيدۇ . ئۇلار نەگە كەت-
كەندۇر ؟

نۇزۇگۇم بىر تۇرۇپ ئۆزى بىلەن بىر قاتاردا كېلىۋات-
قان خېلىچە خېنىم ۋە بۇۋىئايشەمگە ئوخشاش ئاياللارنىڭ
بىھايا پاراڭلىرى بىلەن قىلىقلىرىنى بىلىپ تۇرغان ئاللاتائالا
بىزگە رەھىم قىلمايۋاتامدىكىن دەپمۇ ئويلايتتى . ئۇ ھازىر
قولىدىكى تەسۋىسىنىڭ تاشلىرىنى بىر - بىرلەپ سىيرىۋات-
قاندىمۇ خۇداغا يالۋۇرۇپ رەھىم - شەپقەت قىلىشنى ، تاغ
ئىچىدە قېچىپ ، مۆكۈنۈپ يۈرگەن باقەمنىڭ ئامان قېلىشى-

نى ئۆتتۈندى . خۇدايىم مېنىڭ ئاھۇزارىمنى ئىلگىرى پاسكد-
نىلىقلار كۆپلەپ يۈز بەرگەن قۇم - جەزىرە ، دالالاردا ئاڭ-
لىمىغان بولسا ، بەلكى ساپ ھاۋا ، سۈزۈك سۇنىڭ بويىدا
ئىبادەت قىلسام قۇلاق سېلىپ ، ئۆزىنىڭ مۇبارەك قولىنى
سوزار دەپمۇ ئويلىدى . بەزىدە : «خۇدانىڭ مۇشۇنداق ماڭا
ئوخشاش جاپا چېكىۋاتقان كۈرمىڭلىغان قۇلى باردۇر ، شۇڭا
ماڭا نۆۋەت كەلمەيۋاتقاندۇر » دەپ كۆڭلىنى بەزلەپمۇ قويد-
دۇ .

— نۇرۇزگۇم ھەدە ، چوڭقۇر خىيالغا چۈشۈپ كېتىپ-
سىزغۇ ؟ !— دېدى گۈلنىسا نامىزىنى ئۆتەپ بولسىمۇ ، ئور-
نىدىن تۇرماي ئولتۇرغان نۇرۇزگۇمنىڭ قېشىغا كېلىپ . تاغ
سۈيىدە يۈزىنى يۇيۇپ ، چېچىنى تاراپ ئۇلگۇرگەن قىزنىڭ
چىرايى ئېچىلىپ كەتكەنىدى .

— ھە ، گۈلنىسا ، سىلىمۇ ، كەلسىلە ، ئولتۇرسىلا ،—
نۇرۇزگۇم ئورنىدىن تۇرۇپ جايناماز ئورنىدا ئىشلەتكەن پەش-
مەتنى قېقىشتۇرۇپ ئۇ قىزغا قېشىدىن ئورۇن بەردى ،—
بىرئاز ھاردۇق ئېلىپ قېلىۋىدۇق ، يەنە ئۆتكەن كۈنلەر
ئېسىمگە چۈشۈپ كەتتى . ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق ؟ يول
ئازابى گۆر ئازابى دەپتىكەن كونىلار . تولىمۇ قىينىلىپ
كەتتىلىغۇ دەيمەن .

نۇرۇزگۇم گۈلنىسا دېمەتلىك قىزلارنىڭ بىر - بىرد-
گە يار - يۆلەك بولۇپ كېلىۋاتقىنىدىن خۇشال ئىدى . بەزىدە
ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ ، ناخشا ئېيتىپ ، كۆڭلىنى كۆتۈ-
رۈپ قوياتتى . ھازىرمۇ بۇ قىز قېشىغا كەلگەندە ، بايىقى
ئويلىغان ئويلىرىنى ئېيتىپ بەردى .

گۈلنىسانى كۆرۈپ نۇرۇزگۇمنىڭ چۆرىسىگە باشقا قىز-

لارمۇ كېلىشتى . سۆزگە چېچەن ، قوشاقچى جۇۋاننىڭ ئاقد-
لانە پاراڭلىرىنى ئاڭلاشقا ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك
خۇشتار ئىدى .

— ھە ، قىزلار ، كېلىڭلار ،— دېدى نۇزۇگۇم ئۆزىنى
قوچاقلاپ يېقىنلاشقان قىزلارغا ،— تاغ سۇلىرىنى ئىچىپ ،
يۇرەكلەرنى قاندۇرغاندىن كېيىن بۆلەكچىلا چىرايلىق بولۇپ
كېتىپسىلەر . مۇشۇ تۇرقىدا سىلەرنى قەشقەر يىگىتلىرى
كۆرسىدى .

— ئەمدى ئۇ يىگىتلەر كۆرەلمەيدۇ ـ دە .

— قەشقەردىكى چېغىمىزدىمۇ كۆڭلىمىز قانغۇچە ئوي-
نىيالماي ئۇ شەھەر بىلەن خوشلاشتۇق ، — قىزلار يەنە
قايغۇ ـ مۇڭلىرىنى ئىزھار قىلىشقا باشلىدى .

— ئۇنىڭدىن كۆرە ، نۇزۇگۇم ھەدە ، باقى ئاكام بىلەن
بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭا .

— ھە ، شۇنداق قىلىڭا . بۇگۈن قونالغۇغا خېلى ئەتە-
گەن كەلدۇقمۇ . بىر ئاز بولسىمۇ پاراڭلىشىپ كۆڭۈل ئاچاي-
لى .

— نېمە ھەقتە ئېيتىپ بېرەيكىنتاڭ سىلەرگە ، —
قىزلارنىڭ تۇيۇقسىز بەرگەن سوئالى نۇزۇگۇمنى ناقولاي
ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى . شۇنىڭدىمۇ ئۇ ئۆتكەن كۈن-
لەرنى ئەسلەپ ، قىزلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشنى ماقۇل
كۆردى . قەشقەردە ئالما ـ ئۆرۈكلەر چېچەكلىگەن باھار
ئايلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى . ۋۇجۇ-
دىنى نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلار ئىگىلىدى .

— ئۇ چاغلار قالتىس ياخشى چاغلار ئىدى ،— دېدى نۇ-
زۇگۇم ھاياجانلىنىپ ،— بولۇپمۇ سىلەردەك ۋاقىتلىرىمىزدا

ئوغۇل ـ قىزلار ئاقياغاچ ئويناپمىز دەپ يېرىم كېچىگىچە
ئۆيگە كىرمەيتتۇق... باغلاردا ئالما ، ئۆرۈك ، شاپتۇللار چې-
چەكلەپ ، ئەتراپ يېشىل كىمخابقا ئورالغاندا قىزلار بىلەن
باھار سەيلىسىگە چىقىپ ، قاراڭغۇ باغلاردىكى يوغان قاپاق
تېرەكلەرگە يىگىت ـ قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى يې-
زىپ ، گۈل ـ چېچەكلەر تېرىپ ، ئەتىدىن ـ كەچكىچىلا
ئىلەڭگۈچ ئۇچىدىغان . باھار ئايلىرى كېچىسى ئاغۇ تېغى
تەرەپتىن چىقىدىغان سالقىن شامال جانغا راھەت بېغىشلاپ ،
ئادەمنىڭ ئوي ـ ئارمانلىرىنى قاناتلىتىپ ، خىيالىمىزغا
كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئەكېلەتتى . ئۇ چاغلاردا بىز ئۆزد-
مىزچە ھايات مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىدىغان چېغى دەپتىكەن-
مىز . ھەر ھالدا تۇغۇلغان يۇرتلارنىڭ تەبىئىتى ۋە قىزنىنى
كۆرۈپ ، بىرئاز بولسىمۇ ئويىنىۋالغانىكەنمىز .
— بىزگە ئۇ كۈنلەرنىمۇ كۆرۈشكە نېسىپ قىلمىغانىد-
كەن .
— راستتىنلا تۇغۇلغان يۇرتلارنى قايتا كۆرمەي ئۆلۈپ
كېتەرمىزمۇ ؟— كىمدۇر بىرى شۇنداق دېۋىدى ، قىزلارنىڭ
بىردىنلا ئۆڭى ئۆچۈپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتتى .
— ئانچىۋالا چۈشكۈنلۈككە بېرىلمەڭلار . سىلەر تېخى
ياش ، زاماننىڭ نېمە بولىدىغىنىنى كىم بىلسۇن . ئەڭ ياخ-
شىسى ئاشۇ يۇرتلارغا ، تارىخىمىزغا بولغان ئېتىقادىمىزنى
يوقاتمايلى . ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن كۆز ياش تۆكمەي ، كۈ-
رەش قىلىش كېرەك . بۇ ھاياتتا ھەممە نەرسىنى قارام كۈچ
بىلەن بېقىندۇرۇش مۇمكىنۇ ، لېكىن كۆڭۈلنى بېقىندۇ-
رۇش مۇمكىن ئەمەس .
— ئۇ دېگەنلىرى توغرا . ئاشۇ غەم ـ قايغۇلاردىن بىرئاز

بولسىمۇ ئايرىلىپ كۆڭۈل كۆتۈرەيلىچۇ، نۇزۇگۇم، — دېدى ئاياللارنىڭ بىرى سۆزنى باشقا ياققا بۇراپ، — ناخشا ئېيتىپ بەرسىلە؟ ئەتە مۇزداۋاندىن ئۆتكۈچە قايسىمىزنىڭ ئامان قا- لىدىغىنىنى بىر ئاللانىڭ ئۆزى بىلىدۇ. بۈگۈن ناخشىلىرىنى بىر ئاڭلايلىچۇ.

قىزلار بىر پەس شۈك بولۇپ قېلىشتى. نۇزۇگۇم ئۆلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغۇسى كەلمەي پەس ئاۋازدا ناخشا باشلىدى.

مۇزداۋاننىڭ يولىدىن،
ئۆتمەسكە ئامال بارمۇ.
ئىلىخوغا بارغۇچە،
جانلار ئامان قالارمۇ...

— هەي، شۇنى دېمىسىڭىزچۇ، — دېيىشتى قىزلار ئالدى- دىكى مۇزداۋاننىڭ گېپىگە چۈشۈپ.

— بۇ جاننىڭ ئايىغۇدەك هېچنېمىسى قالمىدى. ئۇنى ئالسا ئاشۇ داۋانغا ئاپىرىپ قىيناپ ئالغىچە مۇشۇ يەردىلا ئالسا بولمامدۇ؟

قىزلار يەنە چوڭقۇر ئويلارغا بېرىلىپ ئولتۇرۇپ نۇزۇ- گۇمنىڭ ناخشىسىنى تىڭشىدى. ئۇنىڭ تاشتىن - تاشقا ئۇ- رۇلۇپ ئاققان تاغ سۈيىگە ئوخشاش ساپ ئاۋازى دەسلەپتە پەسرەك چىقىپ، كېيىن بارغانسېرى كۈچىيىپ، نەچچە كۈندىن بېرى قۇم - جەزىرىلەردە مېڭىپ، هاردۇقى يەتكەن قىزلارنىڭ بارلىق غەم - قايغۇسىنى تاغ شامىلىغا قوشۇپ ئۇچۇرۇۋەتكەندەك بولدى. نۇزۇگۇمنىڭ ناخشىسى ساينى يا-

قىلاپ ئۆسكەن قاپاق تېرەكلەرگە ، تاغ دولانلىرىغا ، ئارچى-لارغا ۋە قاپتالدىكى ھاك تاشلارغا ئۇرۇلۇپ تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ياڭرىماقتا . بۇ ناخشا خۇددى ئەسىرلەر بويى مۇڭ-قايغۇغا چۆمۈپ ، مەڭگۈ ئۇيقۇغا كەتكەن تاغنىمۇ جان كىر-گۈزمەكتە ئىدى . شۇڭلاشقا ئېيتىلىۋاتقان ناخشا تاغ كامار-لىرىدا ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىمۇ ئىسسىق ئىنلىرىدىن سىرتقا چىقىرىشقا باشلىدى . ئەتىگەن-دىن بېرى تۇتقۇنلارغا ۋارقىراپ ، ئۇنلىرى بوغۇلۇپ كەتكەن چېرىكلەرمۇ ئەمدى قىلىچ - نەيزىلىرىگە تايىنىپ ھاردۇق ئالماقتا . تۇتقۇنلارغا يېقىن كېلەلمەي ئېگىز دۆڭلەردە ئاتلى-رىدىن چۈشۈپ شۇك ئولتۇرغان قىرغىزلارمۇ قىزلارنىڭ شۇنچە ھەسرەت چېكىۋاتقىنىغا قارىماي ناخشا ئېيتىۋاتقىنىغا ھەيران بولۇشماقتا .

نۇزۇگۈمنىڭ ناخشىسى خېلى ۋاقىتقىچە توختىمىدى . ئۇ ناخشا ئارقىلىق قەشقەردىكى قارلىغاچنىڭ ئۇۋىسىدەك ئىسسىق ئۇۋىلىرىنى توزغاقتا ئوخشاش توزۇتۇپ ، ۋەيران قىلىپ ، بالا - چاقا ، قوۋم - قېرىنداشلىرىدىن ئايرىپ ، چۆل - باياۋانلارغا پالىغان مانجۇ ئەمەلدارلىرىغا لەنەت ئوقۇ-ماقتا . بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنىڭ مۇشۇ تۆت تەرىپىنى ئېگىز تاغلار قورشىغان جىرا - سايلارغا ئوخشاش تار قىس-تاڭدا قالغىنىنى قوشاققا قاتماقتا . مانجۇ چېرىكلەردىن قور-قۇپ يېقىنلىشالىماي يۈرگەن ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ غەم - قايغۇسىنى تەڭ تارتىشىۋاتقىنىغا رازىلىقىنى بىلدۈر-مەكتە .

كۈن ئۆز نۇرلىرىنى تاغ چوققىلىرىغا چېچىپ ، ئۇۋىسى-غا ئولتۇرۇشىغا چوڭ سايىنىڭ ئىچىنى قويۇق قاراڭغۇلۇق

باستى . بۇ چاغدا باياتىن بېرى جاراڭلاپ ئاڭلىنىپ تۇرغان
نۇرۇگۇمنىڭ ئاۋازىمۇ خۇددى بالىسىنى تەۋرەتكەن ئانىنىڭ
ئاۋازىغا ئوخشاش ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ توختىدى . ئەمدى
بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ ئولتۇرغان قىزلارمۇ پۇت ـ قوللى-
رىنى يىغىشىپ ، يېتىشقا تايىن تاپماقتا ئىدى . ئۇلار كۈندۈ-
كىدەك ، ئۇخلاپ قالغاندا چېرىكلەر سۆرەپ ئەكەتمىسۇن
دېگەندەك بىر ـ بىرىدىن ئۇزۇلمەي بىر يەرگە غۇژمەك
بولۇپ يىغىلىۋالدى .
سۇرگۇنلەر ئەمدىلا يول چېتىدىكى تۇزلەڭدە قۇلايلىق
ئورۇن تېپىپ يېتىشىغا خېلىچە خېنىمنىڭ : «ۋايجان !» دەپ
ۋارقىرىغان ئاۋازى ھەممىنى چۆچۈتۈپ ، ئورۇنلىرىدىن دەس
تۇرغۇزۇۋەتتى . ئۇ چۆرىدەپ ياتقان قىزلارنى دەسسەپ ـ
چەيلەپ يۇقىرى كۆتۈرگەن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى قېقىش-
تۇرۇپ ۋارقىرىغان پېتىچە توختىماي سەكرىمەكتە . بۇنى
كۆرگەن قىزلار ئۇنىڭ قوينىغا چېرىكلەر كىرگەن ئوخشايدۇ
دېيىشىپ ، تېخىمۇ ۋارقىرىشىپ ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلى-
دى . چېرىكلەرمۇ ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇشۇپ خېلىچە
خېنىم تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى . شۇنچە كۈندىن بېرى مۇنداق
غۇلغۇلا چىقارمىغان تۇتقۇنلارنىڭ ئورۇنلىرىدىن ، خۇددى
قازاندا قورۇغان قوماچىنەك چاچراپ تۇرۇۋاتقىنىنى كۆرگەندە
چېرىكلەرمۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قال-
دى .
— ۋاي ، ئۆلىدىغان بولدۇم ، مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار !—
توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن خېلىچە خېنىم كى-
يىملىرىنى قېقىشتۇرۇپ يېشىۋاتاتتى .
— ھاي نېمە بولدى ؟ بىرنەرسە دېسىڭىزچۇ ؟— دەپ ۋار-

قىرىدى قىزلار . لېكىن بۇ گەپلەرگە قۇلاق سالمايتتى خېلد-
چە خېنىم . ئۇ بۇۋۇئايشەم : « توختىسىلا ، خېلىچەم » دەپ
ئىككى قوللاپ قۇچاقلىۋالغاندىن ,كېيىنلا ئاران توختىدى .

— ئىچىمگە بىر نەرسىلەر كىرىپ كەتتى . بىرى پۇچقد-
قىمدىن ، بىرى ئېتىكىمنىڭ ئاستىدىن كىرىپ يۇقىرىلاۋاتد-
دۇ··· ۋاي مانا مەيدەمنى چىمداپ كېتىپ بارىدۇ . ئۆلىدىغان
بولدۇم ، كۆڭلىكىمنى سالدۇرۇۋېتىڭلار .

ئاياللار تېپىرلاپ بىر ئورۇندا تۇرالمايۋاتقان خېلىچە
خېنىمنى تۇتۇۋېلىپ ، كۆڭلىكىنى قايرىپ يۇقىرى كۆتۈرۈ-
ۋىدى ، كۆڭلەك ئىچىدىن ئىككى چاشقان يەرگە چۈشتى .

— هەي ، ئەخمەق خوتۇن ، ئىچىلىرىگە چاشقان سولىۋې-
لىپ ، بىزنى شۇنچىۋالا قورقۇتقان بارمۇ ؟— دېدى بۇۋۇئاي-
شەم .

— چاشقانىكەن ، مەن تېخى··· ئاشۇنىڭغىمۇ شۇنچىلىك
ۋارقىراپ كەتكەن بارمۇ ؟— قورقۇپ كېتىشكەن قىزلار مەي-
دىلىرىنى تۇتۇپ كۈلۈشكە باشلىدى .

— ئاقسۇ تاغلىرىدا نېمە تولا — چاشقان تولا .

— ئىلگىرى يىلان ۋە كەسلەنچۈكلەردىن قورقۇپ ئۇخ-
لىيالمايتتۇق . ئەمدىزە چاشقانلار ئارام بەرمەيدىكەن ـ دە .

قىزلار كۆڭلى تىنغاندىن كېيىن يەنە ئورۇنلىرىغا كې-
لىپ ئولتۇرۇشتى . بۇ تەرەپنىڭ ئاقىرىپ تۇرغان كىچىك
دۆڭلىرىدە چاشقان كۆپ بولغاچقا ، يولۇچىلارنىڭ كىيىم ـ
كېچەكلىرىنىڭ ئارىسىغا ، نان ۋە باشقا يېمەكلىكلىرىنىڭ
ئىچىگە كىرىۋېلىپ ، ئۇلارنى ئارامخۇدا ياتقۇزمايتتى .

— بۇ نېمە ۋاڭ ـ چۇڭ ـ هە !

كەچكى جىمجىتلىقنى بۇزغان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن

كۆڭلى بىئارام بولۇپ، قورال - سايمانلىرىنى بويىنىغا ئې-
سىپ چىققان ئىنچىكە، ئېگىز بويلۇق ئامبال بىرئاز تىنچ-
لىنىپ قالغان تۇتقۇنلارغا سەپسېلىپ قارىدى - دە، ئاندىن
چېرىكلەرگە قاراپ دېدى:

— سەنلەردىن نېمە قىلغان ۋاڭ - چۇڭ بۇ دەپ سوراۋا-
تىمەن، قىرغىزلار ھۇجۇم قىلمىغاندۇر؟

— ياق، خاتىرجەم بولسىلا، جانابلىرى، — كۆزەتچىكى
چېرىكلەرنى چارلاپ، ئەمدى سېپىل يېنىدا باشلىقلىرىنىڭ
چىقىپ قالىدىغىنىنى بىلىپ سەپراس تۇرغان چېرىك ئامبال-
نىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. لېكىن بولغان ۋەقەنى قانداق
بايان قىلىشنى بىلمەي سەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

— تاڭگازا چىشلىۋالمىغان بولساڭ، گەپ قىلمامسەن،
نېمە بولدى؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئامبال.

— بىر خوتۇننىڭ قويىنىغا چاشقان كىرىپ كېتىپتۇ،
جانابلىرى، — دېدى ھېلىقى چېرىك.

— نېمە؟... چاشقان دەمسەن؟! ئەمدى بىزنىڭ خاتىر-
جەملىكىمىزنى بۇزمىغان چەنتۇلارنىڭ چاشقىنى قاپتىمە-
كەن، — ئۇ بۇنىڭدىن باشقا سۆز قىلىشقا تىلى بارمىغاندەك
بىرئاز جىم تۇرۇۋالدى، — ئەخمەقلەر، توت خوتۇنغىمۇ تو-
زۇكرەك ئىگە بولالمايدۇ!

— بۇ يەرنىڭ تاغلىرىدا چاشقان كۆپ بولىدىكەن، جانابى-
لىرى، چاشقانلار سۆرگۈنلەرنى تىنچ ئۇخلاتمايۋاتىدۇ.

— بەس!

ئامبال ئۆيدىن قانداق غەزەپ بىلەن چىققان بولسا،
ئىچكىرىگىمۇ شۇنداق غەزەپ بىلەن كىرىپ كەتتى.

— ئۆلۈپ كېتىپ بارساڭلارمۇ ئاغزىڭلارنى يۇمۇپ، قى-

سىپ ئۇلتۇرساڭلار بولامدۇ؟ مانا جانابلىرىنىڭمۇ كەچكى ئۇيقۇسىنى هارام قىلدىڭلار، — دېدى تەنە ئاهاڭدا ئاياللاردىن بىرى خېلىچە خېنىمغا.

— تېنىمنى غىدىقلاپ، ئىچىمگە كىرىپ كېتىپ بارسا قانداق قىلىمەن؟! — دېدى خېلىچە خېنىم بايىقى چېرىكنى ئاڭلىسۇن دېگەندەك قىلىپ، — ئايدالىدا يەر تېپىلمىغاندەك بىزنى چاشقان ئوردىسىغا ياتقۇزغۇچە تۈزۈكرەك يەرگە ياتقۇزسا بولامدۇ. بۇ جاندىن چاشقانلارغا تالاتمىساقمۇ باشقىلارنىڭ تالاۋاتقىنىمۇ يېتەتتىغۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم، قانجۇق. ھەممىڭ دەرھال يېتىش!

تۇن كېچىدە مەسىلىنى تەگەپ، تۇتقۇنلار ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆپىيىشنى خالىغۇسى كەلمىگەن چېرىك ئارتۇق گەپ قىلمىدى. بۇ ۋاڭ-چۇڭ سېپىل ئىچىدە كەيپ سۈرۈپ، تاماشا قىلىۋاتقان باشلىقلارنىڭ غەزىپىنى ئۆرلىتىۋەتمىسە بولاتتىغۇ، دەپ قورقتى چېرىك. شۇڭا ئۇ تۇتقۇنلارنى چاپسانراق جىمىقتۇرۇشقا ئالدىرىدى.

— ھەي خېلىچەم، بىزگە يېقىنراق ياتسىلا، ئۆزلىرىدىمىغۇ چاشقان ئۇۋىسىنىڭ ئاغزىدىلا يېتىپتىكەنلا، — دەپ ئالمىخان قېشىدىن ئورۇن بەردى.

— شۇنى دېسىلە، جېنىم دوستۇم، ئاخىر زامان دېگەن مۇشۇ ئوخشىمامدۇ؟ ئەمدى قوينىمىزغا ئېلىپ ياتمىغان چاشقان قاپتىكەن، ئۇنىمۇ كۆرۈپ قويدۇق.

— ئۇنى بىر دېمىسىلە، كۆرگۈلۈكلا بولسا كۆرۈۋاتىمىزغۇ، — قىزلار چېرىكلەر ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك پەس ئاۋازدا سۆزلىدى. بۇ ۋەقەگە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەسرەت چېكىپ يىغلىغۇدەك بولۇۋاتسا، بەزىلىرىنى كۈلكە

قىستايتتى. ياشلار بۇ ئىشلارغا ھەيران بولاتتى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ياش قىزلار ئاستىلىرىغا سالغان چاپان - چارسىنى يەنە بىر قېتىم قېقىشتۇرۇپ ياتسىمۇ، بىر نەرسىنىڭ تىۋىشى چىقسىلا ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇشاتتى - دە باشقىلارنىمۇ ئويغىتىۋېتەتتى. پوت - قوللىرى قاپىرىپ كەتكەن بەزى جوۋانلار ياتقان پېتىچە قوزغالماي ئۇخلاۋېرەتتى. ئۇلار ئۈستىدە چاشقانلار مېڭىپ، قوينىغا كىرىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي، پۇتلىرىنى يىغىپ، قولىلىدەك تۈگۈلۈۋېلىپ ئۆلۈكتەك ئۇخلايتتى.

Ⅱ

كېچىسى غار، تاشلار ئارىسىدىكى قېرى سۆگەتلەرنىڭ ئۈچىغا چىقىۋېلىپ ھۇۋۇلىغان ھۇۋۇقۇش بىلەن تاغ چوققىلىرىدىكى ئۇلارنىڭ ئۈنى بىرەر - يېرىم قېتىم ئاڭلىنىپ قالمىسا، ئەتراپ ئاۋازسىز، جىمجىت ئىدى. بەزىدە سۇرگۈنلەر ئۈستىدىن شەپەرەڭلەر ئۇچۇپ ئۆتۈپ، تاشلارنىڭ كامارلىرىغا كىرىپ يوقىلىپ كېتەتتى. ھەممە خاتىرجەم. چېرىكلەرمۇ نەيزىلىرىگە تايانغان پېتىچە ئۇخلاۋاتاتتى. بۇ جىمجىتلىقنى پەقەت تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىنىڭ شاۋقۇنىلا بۇزۇپ تۇراتتى.

بىر چاغدا گويا تاغدىن تاش چۈشكەندەك، ئەتراپنى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك قاتتىق چىققان ئاۋازلار تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن سۇرگۈنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەندىشىگە سېلىۋەتتى.

— بۇ يەنە نېمە بالادۇر؟ !زادى تارتقۇچىلىقىمىز كۆپ

ئوخشايدۇ ،— دېيىشىپ ئورۇنلىرىدىن يەنە چۆچۈپ ئويغانغان قىزلار بىر ئاز ۋاقىتقىچە ئۇيقۇلىرىنى ئاچالماي مەڭدىشىپ تەمتىرەپ قېلىشتى .

— يائاللا ، تاغ غۇلاۋاتامدۇ نېمە ؟— دېدى كىمدۇر بىرى ئېگىز چوققىدىن گۈلدۈرلەپ چۈشۈۋاتقان تاشلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا .

— تاغقا يېقىن كېلە ـ كەلمەيلا مۇنچىلىك بالا ـ قازالارغا ئۇچراۋاتىمىز . ئىچكىرىرەك بارغاندا يا ئۇياققا ، يا بۇياققا چىقالماي جەستىمىز تاشلارنىڭ ئارىسىدا قالمىسا بولاتتىغۇ .

— شۇنى دېسىلە ،— دېدى بۇۋىئايشەمنىڭ سۆزىنى خۇددى تويى بولۇپ ئۈزىتىلىپ كېتىپ بارغاندەك ئۈچىسىغا ئاق چۈچۈنچىدىن كۆڭلەك كىيىپ ، بېشىغا گۈللۈك كەشمىر ياغلىق تېڭىپ ، ئۆيدە بار زىبۇزىننەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بويىنىغا ئېسىۋالغان ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خەزىنىچىسى ئىمىنئاخۇننىڭ توقال خوتۇنى قوللاپ . ئۇنىڭ ئېرى جەڭنىڭ دەسلەپكى كۈنىلا خەزىنىدىن بايلىقنى ئېلىپ ، ئەنجانغا قاچقان يېرىدە ئۆلتۈرۈلگەنىدى . ئۆزى بولسا ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرغاندا تۇتۇلۇپ ، سۈرگۈنلەر قاتارىغا قوشۇلغانىدى ،— مەن ئەخمەق بۇنىڭ ھەممىسىنى باشقىچە پەرەز قىلغانىكەنمەن .

— ئاتلان !— بىرنەچچە ئادەمنىڭ تەڭلا ۋارقىرىغان بۇ ئاۋازى غار ، تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ، ھەممە ياقنى جاراڭلىتىۋەتتى . ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ تاغدىن غۇلىغان تاشلار تەگكەن چېرىكلەرنىڭ «ۋايجان !» دەپ توۋلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى . بىر چاغدا بىر توپ چېرىك بارگاھ ئىچىگە كىرىپ ، چاپسانلا

قايتىپ چىقىپ باشقا چېرىكلەرگە ۋارقىرىدى ، ئۇلارمۇ ھەر تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى .

— غوجىنىڭ قىرغىزلارغا قوشۇلۇپ تاغقا قېچىپ كەتــ كەن لەشكەرلىرى ھۇجۇم قىلىشۋاتسا كېرەك . ئۇلار كۈندۈزى بۇ يەرنىڭ ئۇيغۇرلىرىغا قوشۇلۇپ ، توپلىشىپ يۈرگەن بولۇ شى مۇمكىن ،— دېدى قىزلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلـ ماقچى بولۇپ نۇزۇگۇم . دەرھاللا ئۇنىڭ ئېسىگە قىرغىزلار بىلەن كەتكەن باقەم چۈشتى .

— تاغدىن سەل ئاققاندەك چۈشۈپ كېلىۋاتقان قىرغىز ـ لارنىڭ پەيلى يامان ئىدى ،— گەپكە ئارىلاشتى خېلىچە خې ـ نىم ،— بىزنى چېرىكلەرنىڭ پالاپ ماڭغىنىنى ئۇلارمۇ غەزەپ ـ لەنسە كېرەك . سىلىنىڭ جورىلىرى بىلەن كەتكەن قىرغىز يىگىتى سىلەرنى قۇتۇلدۇرۇۋالىمىز دەۋاتاتتى ، شۇلارمىكىن يە ؟

— بەلكى ،— نۇزۇگۇم ئۇشۇق سۆز قىلمىدى .

— ئەمما تاغ ئىچىدە چۇمۇلىدەك قاپساپ كەتكەن چېرىك ـ لەر ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدۇ .

تۇتقۇنلار ھەيدىلىپ ماڭغاندىن بېرى يەرلىك خەلق مۇز ـ داق توقۇنۇشقا بېرىپ باقمىغان . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋەقەنى كۆرگەن مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆڭۈللىرى بىئارام بولۇپ قالدى . ئەسلىدە ئۇلار ئاقسۇ تەۋەسىدىن ئۆتۈپ تاغقا كىرد ـ ۋالساق سەل خاتىرجەم بولىمىز دەپ ئويلىغانىدى . ئەمدى مانا بۇ غۇلغۇلا كۈتمىگەن يەردىن چىقتى . قورغاندىن چىققان چېرىكلەر ھۇجۇم باشلىغان قىرغىزلارغا قارشى ئەمەس ، تاغقا ئۆرلەپ ئەرلەرنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان چېرىكلەردىن يار ـ دەم ئەكېلىش ئۈچۈن ماڭغانىدى . باشقىلىرى بولسا ئۇلار

كەلگۈچە قورغان ئىچىدىن چىقمىدى .

تاغلاردىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان قىرغىزلارنىڭ ۋارقىراشلىرى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا . بىر چاغدا دۆڭلەرنىڭ تاش ـ شېغىللىرى قىيان ئاققاندەك شارقىراپ كەتتى ـ دە ، ئۇنىڭ كەينىدىن چۈشكەن ئون بەشچە ئاتلىق قىزلار تەرەپكە چاپتى . يىراقتىن ئۇزۇۇگۈمنى ئىزدىگەن باقەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى .

قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ كەلگەن قىرغىزلار ئالدىغا ئۇچرىغان قىزنى يەردىن يۇلۇۋېلىپ ئىككىنچى قاپتالغا چىقىپ كېتىشتى .

— ۋىيەي ، قىزلارنى ئەكەتتى !

— هاي ، بىر ـ بىرىڭلارنى چىڭ تۇتۇۋېلىڭلار !— دەپ قىزلار يىغلاپ ۋارقىراشماقتا . بىر چاغدا قوللىرىغا مىلتىقلارنى تۇتقان چېرىكلەر ھەر تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىشىپ تۇتقۇنلارنى قورشىۋالدى . ئۇلار كەينى ـ كەينىدىن ئاتقان مىلتىق ئاۋازىدىن كېيىن ئەتراپتىكى ۋاڭ ـ چۇڭ بىردىن بېسىلىپ دېۋىدى ، بىراق دۆڭلەردىن شاراقلاپ چۈشۈۋاتقان تاشلار ئاۋازى خېلى ۋاقىتقىچە توختىمىدى . بىر ئازدىن كېيىن قىرغىزلارنىڭ «ئاتلان !» دەپ ۋارقىرىغان ھەيۋەتلىك ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى ـ دە ، ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي ئوت تۇتاشتۇرۇۋالغان تاياق ـ توقماقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ، بىرنەچچە ئادەم سايغا چۈشتى . بۇ چاغدا ساينى بويلاپ غۇژمەكلىشىپ كېتىپ بارغان چېرىكلەرمۇ كۆچ توپلاپ ئۆلگۈرگەنىدى . چېرىكلەر قىرغىزلارغا قارىتىپ مىلتىق ـ ئوقيالىرىنى ئېتىشقا باشلىدى . قانچە ھۇجۇم قىلغىنى بىلەن چېرىكلەرنىڭ سېپىنى بۇزۇپ ، قىزلارغا يېقىن كېلەلمىگەن قىرغىزلارنىڭ

بەزىلىرى چېرىكلەرنىڭ نەيزىسىگە ئۇچراپ ئاتلىرىدىن يىقىلـ
دى . ساق قالغانلىرى چېرىكلەر سېپىنى بۇزۇپ ئۆتەلمەيدىـ
غانلىقىغا كۆزلىرى يېتىپ دۆڭ تەرەپكە قېچىشتى .

شەرق تەرەپ يېڭىدىن بوزىرىپ كەلمەكتە . تۇتقۇنلارغا
يول بويى چېرىكلەر ئازدەك كۆرۈنۈۋىدى ، ئەمدى ئۇلار چوڭ
سايىنىڭ ئىچىگە پاتماي قالغانىدى .

— دۇنيادىكى مانچۇ چېرىكلىرى بېسىپ كەتكەنمۇ
نېمە ؟ ! بۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس ئوخـ
شايدۇ . ھېلىمۇ بىزنىڭ غوجىمىز ئالتە ئاي داۋامىدا مۇشۇـ
لارغا بەرداشلىق بېرىپ كەپتۇ ، جۇمۇڭلار .

خېلىچە خېنىم ھەر تەرەپتىن كېلىپ توپلانغان ، چوڭ
سايىنىڭ ئىچىگە پاتماي قالغان چېرىكلەرنى كۆرۈپ ھەيران
قالدى .

— بىزنىڭ بۇلاردىن قۇتۇلۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن ئەـ
مەس ئوخشايدۇ ،— چېرىكلەرنى كۆرۈپ گۇلنىسانىڭمۇ روھى
چۈشۈپ كەتتى .

قىرغىزلارنىڭ ئامان قالغانلىرى تاغ ئېشىپ كۆزدىن
غايىب بولۇشتى . تۇتقۇنلار ئىلگىرىكى ئورۇنلىرىغا كېلىپ
ئولتۇرسىمۇ لېكىن ئۇيقۇسى كەلمىدى . چېرىكلەر ئارىسىدىـ
كى ۋاڭ - چۇڭ بېسىلىدىغاندەك ئەمەس . ئاخشام يەرگە
كۆكۈم چۈشكەندە يېيىلغان قورغاننىڭ دەرۋازىسى پەقەت
ئەتراپ يورۇنلەي جىمىپ ، كۈن ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەندىلا
ئېچىلدى .

— ۋاي ، خېلىچەم ، ماۋۇ ئۆلۈككە قارىسىلا ، تونۇشتەكـ
لا قىلىدىغۇ .

كېچىسى قۇربان بولغان قىرغىزلارنىڭ ئۆلۈكلىرى

سايىنىڭ قاپتىلىدا ياتسىمۇ ، ئەمما ئۆز ھەلەكچىلىكىدە قالغان تۇتقۇنلار ئۇلارغا ئانچە سەپسېلىپ قاراپ كەتمىگەنىدى .

— قېنى ، قايسىنى دەيدىلا ؟ — دېدى ئۆزىدىن بەش ـ ئالتە قەدەم نېرىدا ياتقان ئۇلۇكلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ خېلىچە خېنىم .

— ئاۋۇ بېشىدىكى قالپىقى چۈشۈپ كەتكەن يىگىتكە قارىسىلا ! ئۇ ھېلىقى ئاقسۇنىڭ بازىرىدا قوي سېتىۋاتقان قىرغىز يىگىتكە بەك ئوخشايدىكەن .

— راست ، ھە ، قەلەم تارتىپ كېلىۋاتقان ئىنچىكە بۇ-رۇتى بار يىگىت شۇدەك قىلىدۇ . راستتىنلا شۇ يىگىت بولۇپ قالمىسۇن ، ئۇ تۇنۇگۈن ئاغىنىلىرىگە خېلىچە خېنىم-نى كۆرسىتىپ خېلى يەرگىچە كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋىدى .

— ھە ، شۇ ئوخشايدۇ ! بۇ بىچارە بىزگە ئىچ ئاغرىتىپ ئاقسۇغا ساتقىلى ئاپارغان ماللىرىنى تاشلاپ قايتىپ كەلگەنى-دى .

— تاغ قىرغىزلىرىنى يىغىپ ، بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن چېرىكلەرگە ھۇجۇم قىلغانمۇ مۇشۇ يىگىت ئوخشاي-دۇ ، — دەپ گەپنى يەكۈنلىدى بۈۋىئايشەم ، — تۇنۇگۈن كۆز قىسقىنىغا قارىغاندا سىلىگە كۆيۈپ قالغان بولسا كېرەك .

خېلىچە خېنىم دوستىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنى قولايسىز ئەھۋالدا قالغاندەك سەزدى .

— بۇ يىگىت سىز ئۈچۈنلا قۇربان بولدىغۇ .

— يۇرسىلە ، بېرىپ تۇز ياتقۇزۇپ قويايلى ، — بۈۋىئايشەم خېلىچە خېنىمنىڭ قولىدىن تۇتتى .

— قورقۇۋاتىمەن !

— سىلى ئۇچۇن جېنىنى قۇربان قىلغان يىگىتتىنمۇ قورقامدىلا؟— دوستىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان خېلىچە خېنىم يەرنى پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ، تاش ئۇستىدە سۇنايلىنىپ ياتقان قىرغىز يىگىتىنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، ئىچىدە ئايەت ئوقۇپ، ئۇنىڭ پۇتىنى تۇزىدى.

— قانچە قىلغان بىلەن مۇسۇلمان بالىسى ئەمەسمۇ، ياتقان يېرى بېهىش بولسۇن،— دېدى بۇۋىئايشەم.

— ئېهتىمالىم، ئۆيلەنمىگەن بولسا كېرەك،— چوڭقۇر نەپەس ئالدى خېلىچە خېنىم. ئۇ بوينىغا باغلىۋالغان ياغلىقىنى يېشىپ يىگىتنىڭ يۈزىگە يېپىپ قويدى. ئۇلارنىڭ قېشىغا باشقا قىزلارمۇ كېلىپ قوشۇلدى.

— كېچە قولىغا مەشئەل تۇتۇپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بىرى مۇشۇ كىشى ئوخشايدۇ،— دېدى قىزلارنىڭ بىرى،— چىرايلىق يىگىت ئىكەن.

تۇتقۇنلارنىڭ كەينى - كەينىدىن كېلىپ ئۆلۈكنى كۆرۈۋاتقانلىقى چېرىكلەرگە ياقمىغان بولسا كېرەك، ئۇلارنى قوغلىغىلى تۇردى.

— تېز بۇ يەردىن يوقىلىڭلار. هازىر يولغا چىقىسىلەر، تەييارلىنىڭلار!

ئادەتتە سەهەردىلا قورساقلىرىغا ئاندا - مۇندا بىر نەرسىلەرنى يەپ يولغا چىقىدىغان تۇتقۇنلار بۇ قېتىمقى قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن پېشىن مەزگىلىدە قوزغالدى. قورغاننىڭ ئۆپچۆرىسىدە بولسا ئاپتاپقا قاقلىنىپ تۇرغان نۇرغۇنلىغان جەسەتلەر قالدى. خېلىچە خېنىم بىلەن بۇۋىئايشەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يۈزىگە نېپىز قىزىل ياغلىق يېپىلغان قىرغىز يىگىتنىڭ جەسىتىگە پات - پات قاراپ قوياتتى.

داۋانغا يەتمەي تۇرۇپلا ئۇچراشقان بۇ پاجىئەلىك ۋەقەدىن كېيىن قورقۇپ قالغان خوتۇن - قىزلار ئەمدى ھەربىر چوققا بىلەن چاتقاللىقتا قارىشىپ، كېلىۋاتاتتى . نۇزۇگۇم ئۆلگەنلەر ئارىسىدا باقەمنى ئۇچرىتىپ قالىمەنمىكىن دەپ بەك تەشۋىشلەندى . بىراق ئۇ يوق ئىدى .

III

تاغنىڭ بارى - يوقى ئىككى - ئۈچ ئادەم قاتار ماڭالايدىغان قىيا تاشلار بىلەن سۇ ئېقىنلىرى كۆپ يوللىرىدا مېڭىش شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قىزلارغا ئاسان دەمسىز ؟ قەشقەر تەرەپتىن ئىلىغا ئۆتۈشكە بىردىنبىر يېقىن بولغان بۇ يولدا چېرىكلەر سەپنىڭ ئالدىغا ئەركەكلەرنى سېلىپ ، ئاندىن شەھەر خەزىنىلىرى بىلەن خەلقتىن بۇلاپ - تالاپ ئالغان مال - دۇنيالار ئارتىلغان يۈزلىگەن ئات - قېچىرلارنى ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن خوتۇن - قىزلارنى ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى . جاھانگىر غوجىنى يېڭىپ ، جەڭدىن قايتقان چېرىكلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇلاردىن ئاۋۋال كېتىپ بولغان . بىرەر يۈزدەك چېرىك بولسا قېچىرلارغا ئارتىلغان ئوق - دورا ، قورال - ياراغلارنى ئەكېتىۋاتاتتى . شۇڭا بۇ ئۇزۇن سەپنىڭ ئالدى مۇزداۋاندىن ئۆتۈپ خانىيايلاققا يەتكىنى بىلەن ئاخىرى ئەمدىلا ئاقسۇنىڭ تېغىغا ئۇلاشقانىدى . ئاخشامقى غۇلغۇلا ، قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن مانجۇ ئەمەلدارلىرى ئات چاپتۇرۇپ خوتۇن - قىزلارنى باشقىچىلا نازارەت قىلماقتا ئىدى . ئۇلارنى كۆزىتىدىغان چېرىكلەرنىڭ سانى ئىلگىرىكىگە قارى-

غاندا بىرنەچچە ھەسسە كۆپەيتىلدى .
— مۇنۇ چىرىكلەر بىزنى ساقلىماق تۇگۇل ، ئۆزلىرى شامالدا ئۇچۇپ كېتىدىغان شەپەرەڭلەردەك ئارانلا كېلىۋاتىدىغۇ .
— ۋاي ، بىزگە شۇنداق كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇلارنىڭ جېنى چىڭ . «كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق» دېگەندەك ، ئۇلارنى بىز مەنسىتمەسەي يۈرۈپ مۇشۇ ئەھۋالغا قالدۇق ئەمەسمۇ ، — دېدى بۇۋىئايشەم دوستىنىڭ سۆزىگە ئانچە قوشۇلماي .
— بۇۋىئايشەم توغرا دەيدۇ . ئۇلاردا كۈچ بولمىسا غەلىيانچى لەشكەرلەر يېڭىلەتتىمۇ ، — دەپ بۇ ئايالنىڭ سۆزىنى قوللىدى ئالمىخان ، — جاھاننى چېكەتكىدەك قاپلاپ كەتكەن بۇ چىرىكلەرگە كىممۇ تەڭ كەلسۇن .
باياتىن بېرى ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ كېلىۋاتقان نۇزۇگۇم ئۆزلىرىنى مۇشۇنداق سەرسانچىلىققا سېلىپ ، ۋەيران قىلغان ئادەملەر ھەققىدە ئويلاپ :
— خەقلەر ئوتتۇرىسىدا ئوت تۇتاشتۇرۇپ جەڭ باشلىغان ئەمەلدارغۇ يەنە بۇرۇنقىدەكلا قەشقەردىكى ئىسسىق ئۆيلىرىدە ئولتۇرىدىغاندۇر . ئەمما قەشقەرنىڭ يىگىتلىرى بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالماي قالمايدۇ ، — دېدى .
— راست ئېيتىدىلا ، — قىزلار نۇزۇگۇمنىڭ سۆزىدىن كېيىن بۇ ھەقتە ئۆزلىرىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتكەندەك ، خېلى ۋاقىتقىچە جىم مېڭىشتى .
بىر داۋاندىن ئۆتۈپ ، ئىككىنچى داۋانغا ئۇلاشقانسېرى تاغلارمۇ ئېگىزلەپ ، قىزلارنىڭ مېڭىشى قىيىنلاشماقتا ئىدى . ئۇلار بىردەم پەسكە تۆۋەنلىسە ، بىردەم يۇقىرىغا

ئۆرلەيتتى. پۇتلىرىنىڭ يىلىكلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى. ئۇلار:

— ياراتقان ئىگەم بىزنى قايسى گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن مۇشۇنداق قىينايدىكىنتاڭ؟ — دەپ ھەسرەت چېكىشىپ، ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرىدىغان غەيرىي تەبىئىي كۈچنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى.

— ۋاي قىزلار، مەن بۇنىڭدىن نېرىغا ماڭالمايمەن. زادى ئۆلتۈرسە مۇشۇ يەردىلا ئۆلتۈرسۇنلا، — دوستلىرى قولتۇقىدىن يۆلەپ كېلىۋاتقان ئىنچىكە، ئېگىز بويلۇق، ئورۇق قىز ئورنىدىن تۇرالماي ئولتۇرۇپ قالدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئاينىسەم، چېرىكلەر بىزنىڭ ئولتۇرغىنىمىزنى كۆرسە ئەتەي تەرسالىق قىلىۋاتىدۇ دەپ، شۇ يەردىلا مەيدىڭىزگە نەيزە ئۇرۇپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. كەچمۇ كىرىپ قالدى. يەنە بىر ئاز چىداپ ماڭساق قونالغۇغىمۇ يېتىپ بارىمىز، — دەپ نۇزۇگۇم ئارىدىكى ھەممىدىن كىچىك قىزنى روھلاندۇردى.

نۇزۇگۇم كىچىكىدىنلا ئوغۇل بالىلار بىلەن ئويناپ، ھەربىي مەشقلەرگە قاتنىشىپ چېنىققانلىقى ئۈچۈنمۇ باشقىلارغا قارىغاندا تاغنىڭ قىيا تاشلىق يانتۇ يولىدا ئەركىن مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قىزلار دەردىنى ئېيتىشقا باشلىغاندا، ئۆزىنىڭ غەم - قايغۇسىنى ئۇنتۇپ، شۇلارنىڭ غېمىنى قىلاتتى. قىزلار تاغ ئىچىگە كىرگەن ئىككى كۈندىن بېرى كۆپ داۋاندىن ئۆتتى. ئەمما داۋانلار تۈگەيدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇلار بىر داۋانغا كۆتۈرۈلگەندىلا، ئەمدىغۇ بولغاندۇ دەپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىشقا ئىككىنچى داۋان باشلىنىدۇ. سۈرگۈندىكى بۇ قىزلار ئالدىدا تۇرغان قاتمۇقات ئېگىز تاغ-

لارنى كۆرگەندە ئۆگە - ئۆگىلىرى بوشىشىپ، پۇت -
قولىدا جان قالماي تىترەپ كېتەتتى. مۇنداق چاغلاردا نۇزۇ-
گۇم قىزلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ
بېرەتتى، بەزىدە قوشاق قېتىپ ناخشا ئېيتاتتى.
ئۇنىڭ ئادەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى پارە - پارە قىلىۋې-
تىدىغان ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندا كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇشقا ئا-
ران تۇرغان قىزلار يىغلىماي تۇرالىسۇنمۇ؟ ئەمما شۇنىڭدىمۇ
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆز ياشلىرىنى نۇزۇگۇمغا كۆرسەتمەي
يەڭلىرىگە سۈرتۈۋېتەتتى.
— بەزىدە ئادەمنىڭ جېنىدىن كېچىپ، ئۆزىنى غارلار-
دىن تاشلىۋەتكۈسى كېلىدۇ، — دەيتتى نۇزۇگۇمنىڭ ناخشى-
سىنى تىڭشاپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ قالىدىغان بۇۋىئايشەم. ئۆز
قايغۇسىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقان نۇزۇگۇم دوستلى-
رىغا ھەممىدىن غەيرەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قەددى نەچچە
كۈندىن بېرى چۆلنىڭ ئاپتىپى بىلەن تاغ شامىلىدا ھەر خىل
قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ كېلىۋاتسىمۇ پۈكۈلمىگە-
نىدى. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىغا يىغىلىپ قال-
غان ياش مەڭزىگە ئېقىپ چۈشتى. نۇزۇگۇم ئۇنى ئالىقىنى
بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، چاچلىرىنى بېشىغا تۈردى - دە، ئۇس-
تىدىن كىيىۋالغان قۇندۇز تۆپىسىنى سەل تۈزەپ چوڭقۇر
نەپەس ئالدى؛ لېكىن ئۆزىنىڭ دەردىنى دوستلىرىغا ئېي-
تىپ، ئۇلارنى روھسىزلاندۇرغۇسى كەلمىدى.
— قەشقەردىن چىققاندىن بېرى بىر تالاي دوستلىرىمىز-
دىن ئايرىلدۇق. بەزىلەر سۆيگەن يارلىرىدىن ئايرىلىپ، ياقا
يۇرتلارغا بېرىپ، مانجۇلارغا خوتۇن بولغاندىن كۆرە ئۆلۈم-
نى ئەلا كۆرۈپ، يولغا چىقا - چىقمايلا ھايات بىلەن خوش-

لاشتى . بىرقانچىسى پۈتلىرىدىكى تۆمۈر كىشەنلەرنىڭ ئې-
غىرلىقىدىن ماڭالماي يوللاردا يىقىلىپ قالدى . بەزىلىرى
ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ كەلگەن دەرۋىشلەر بىلەن قېچىپ
قۇتۇلدى . ئۆتكەن كېچە ھۇجۇم قىلغان تاغ قىرغىزلىرى
ئۇنىغا يېقىن قىزىمىزنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ . مانا بۈگۈن-
لا تۆت - بەش قىز تاغ يوللىرىدا ماڭالماي ، ھاڭلاردىن
غۇلاپ كەتتى . بەزى قىزلارنى ئامبال كۆڭلى تارتقان ئادەم-
لىرىگە سوۋغا قىلىپ بېرىۋەتتى . بۇنىڭ ھەممىسىگە ئاھ
ئۇرۇپ ، روھىمىزنى چۇشۇرۇۋەرسەك ئۆز - ئۆزىمىزدىن
ئۆلۈپ تۈگىشىمىز مۇمكىن . ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ تاغ چات-
قاللىرى بىلەن كېلىۋاتقاندا قۇتۇلۇپ كېتىشنى ئويلايلى .
ئىلاجى بولسا قېچىپ قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلايلى ، قىزلار .
بۇلارغا خوتۇن بولۇپ ، ئۇلاردىن بالا تۇغقىچە ئۆلگىنىمىز
ئەلا .

— مەنغۇ موڭغۇللاردىن بالا تۇغۇپ قالسام ئۇنى بوغۇپ
ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ،— دېدى نۇزۇگۇمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قې-
نى قىزىپ كەتكەن پاكار بويلۇق جۇۋان ،— بۇلارنىڭ بىزنىڭ
ئۆيگە بېسىپ كىرگەندە دادام بىلەن ئاپامغا نەيزە سانجىپ
ئۆلتۈرۈپ ، بۆشۈكتىكى ئوغلۇم بىلەن تىلى چىقىپ ئوبدانلا
سۆزلەپ قالغان قىزىمنى زار يىغلىتىپ ئۆزۈمنى بۇ ياققا
ھەيدەپ ماڭدى . ئاشۇ قىلغانلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر
چېرىكنى ئۆلتۈرمەي قالمايمەن . مېنى ھەيدەپ ئاپىرىپ
موڭغۇللارغا تۇتۇپ بەرگىنى بىلەنمۇ بەربىر قەشقەرگە قې-
چىپ كېلىپ بالىلىرىمنى تاپىمەن . ئەمدى يولنى كۆرۈۋال-
دۇق . ئۇ تەرەپلەردىمۇ ئۇيغۇرلار ياشايدۇ دەيدۇ . بېشىمنى
ئوڭشاپ ، يولغا سېلىپ قويغۇدەك بىرەر ئادەم چىقىپ قالار .

ئىشقىلىپ ، ئۆلۈكۈم تاغدا قالمىسىلا بولدى .
— راست ئېيتىدىلا ، رابىيەم ، بۇلارنىڭ بىزگە كۆرسەت-
مىگىنى قالمىدىغۇ ،— دېدى قىزلارنىڭ بىرى ئۈنى قوللاپ .
— ئاغرىپ - تارتىپ ماڭالمىغانلارنى يۆلەشتۈرۈپ يار-
دەم قىلايلى . بىزمۇ دۈشمەنلەرگە خوش دەپ جان بەرمەس-
مىز . سىلەردىن سورايدىغىنىم ، هاياتنىڭ مۇنداق ۋاقىتلىق
قىيىنچىلىقىغا قاراپلا جاندىن كېچىپ ، ئۆزۈڭلارنى ياردىن
تاشلاپ ، ئۆلۈۋېلىشتىن ساقلىنىڭلار ،— دېدى نۇزۇگۈم قىز-
لارنى جىملەپ ،— بىز قەشقەردە ئۆلگەن نارەسىدىلەر ، ئاتا -
ئانىلىرىمىز ، يار - بۇرادەرلىرىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ ياشى-
شىمىز كېرەك . بىزنىڭ خەلقىمىزنى مانجۇ ئەمەلدارلىرى-
نىڭ مۇشۇنداق قىيناپ ، تاغ - چۆللەردە قاڭغىر قاقشاتقان-
لىقىنى كېيىنكى ئەۋلادقا ئېيتىپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن بولسى-
مۇ هايات كەچۈرەيلى ، بىز ئۆلۈۋالغىنىمىز بىلەن بۇ تارتقان
جاپالىرىمىزنى ئەته - ئۆگۈن باشقىلارغا كىم ئېيتىپ يەتكۈ-
زىدۇ . مۇشۇ كۈنلەرنى ناخشا - قوشىقىمىز ، سۆز - هېكايە-
مىز ، قەهرىمانلىقىمىز بىلەن بولسىمۇ تىرىك قالغانلىرىمىز
كېلەچەكنىڭ ئادەملىرىگە يەتكۈزەيلى . كەلگۈسى ئەۋلادنىڭ
بىزنىڭ تارتقان جاپالىرىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ ، بۇ دۈشمەن-
لەرگە بولغان غەزەپ - نەپرىتى ئويغانمايدۇ .
نۇزۇگۇمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۇت -
قوللىرىنىڭ ئاغرىقىنى بىرپەس ئۇنتۇپ روهلىنىپ قالغان
قىزلار ئەمدى ئالدىدىكى بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقان ئاق
قار ، كۆك مۇزلۇق تاغ چوققىلىرىغا قانداقتۇر بىر كۈچ -
غەيرەت بىلەن ئىنتىلدى .
— مۇزداۋانغا يەتمەي تۇرۇپ مۇنچىلىك قىينىلىۋاتى-

مىز، ئۇ يەرگە بارغاندا قانداقمۇ قىلارمىز؟ — دېدى ئەمدى تاغ باغرىدىكى قىيپاش يول بىلەن خۇددى يىپقا تىزىلغان مونچاقتەك قاتار كېلىۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ بۇ مۆجىزىگە ھەيران بولغان خېلىچە خېنىم.

بىر چاغدا خېلىچە خېنىمدىن بىرەر يۈز قەدەم ئىلگىرى كېتىپ بارغان قېچىر خۇددى بىرى ئىتتىرىۋەتكەندەك شوخ-شۇپ تېيىلىپ يىقىلدى. ئۇنىڭ كەينىدە ئولىشىپ كېلىۋاتقان چېرىكلەر بىلەن تۇتقۇنلار ۋارقىرىشىپ كەتتى.

— ھاي قىزلار، قاراڭلار، ئاۋۇ قېچىر غۇلاپ كەتتى، — خېلىچە خېنىمنىڭ ئاۋازى ھەممىنى چۆچۈتىۋەتتى.

قېچىر ئۈستىگە ئارتىلغان يۈك بىلەن بىر - ئىككى قېتىم ئاستا دومىلىغاندىن كېيىن تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، خېلى يەرگىچە سىيرىلىپ باردى - دە، ئاندىن تىك غار تېگىدىكى سۇغا سايىنىڭ ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ غۇلىدى. ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ چىققان سادا توختا - توختىمايلا بىر - بىرىگە ئارانلا ئىلىشىپ تۇرغان تاشلار ئېگىز ياردىن تۆكۈلۈشكە باشلىدى. تاغ ئىچىگە تارقالغان ۋاڭ - چۇڭ چوققىلاردىكى تاشلارغا تەسىر قىلغاچقىمۇ ئۇلارمۇ شاراقلاپ پەسكە دومىلىدى. سادا چىققاندا قاغا - قۇزغۇنلار بىلەن بۆرە - ئېيىقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزغان ئادەملەرگە نەپرەت ئوقۇپ، ئۇۋا - ئۇۋىلىرىدىن ئۈركۈپ چىقىپ، جانلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئېگىز چوققىلارغا قاچتى.

— يائاللا، ياراتقان ئىگەم، ئۆزۈڭ ساقلا!

— بۇ نېمە بالا - قازادۇر. ھايۋانلار ماڭالمايدىغان تاغلاردىن بىزنى قانداق ئۆتىدۇ دەيدىغاندۇر بۇ شۇملار.

خوتۇن ـ قىزلار نېمە بولساقمۇ بولايلى دېگەندەك، بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇشۇپ، يانباغىردىكى يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ئاران مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى سەللا تېيىلىپ كەتسە ئوڭ تەرەپتىكى تېگى كۆرۈنـ مەيدىغان تىك يارغا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

— تاغدىن غۇلىساق ئۆلۈكىمىزنى ئادەم كۆرمەي، يىرتـ قۇچلارغا يەم بولۇپ تۈگەيمىز ـ دە، — دېدى خېلىچە خېـ نىم.

— ئۇنداق گەپلەرنى قىلماي بىسمىللا دەپ ماڭايلىلا، — دېدى يولغا چىققاندىن بېرى ئىچىدە بىر نەرسىلەرنى پىچىرـ لاپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئالمىخان. ئۇنىڭ ئوچۇق قالـ غان پۇت ـ قوللىنىڭ ھەممىسىنى تاش قىيىپ قانىتىۋەتكەنـ دى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىغۇچىلىكى يوق.

سۇرگۈنلەر يانباغىردىكى يول بىلەن يەنە بىر داۋان ئېشىپ، چۆرىسى تاش بىلەن قورشالغان كىچىك مەھەللىگە دۇچ كەلدى. ئۇلار ئالدىغا ئۇيغۇرچە پاراڭلىشىپ چىققان يالاڭ ئاياغ، يالاڭتۆش باللارنى كۆرۈپ، كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى پارلىدى. باقەمنى ئۇچرىتىپ قالارمەنمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن كېلىۋاتقان نۇزۇگۈمنىڭ يۈرىكى سوقۇپ كەتتى.

— بۇ يەردە ئۇيغۇرلار ياشايدىغان ئوخشىمامدۇ، — دېيىشتى قىزلار خۇددى كۆپتىن بېرى كۆرمىگەن قېرىنداشـ لىرىنى ئۇچراتقاندەك خۇشال بولۇپ.

— خۇدايىمنىڭ يېرى يەتمىگەندەك، ئۇلارغا بۇ يەردە نېمە باركىنتاڭ، — خېلىچە خېنىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بۇۋىئايشەم گەپكە قوشۇلدى.

— بىزگە ئوخشاش يولدىن ئۆتكەن مۇسۇلمانلارغا بىر چىنە سۇ بېرىپ بولسىمۇ ساۋابىنى ئالايلى دەپ ياشاۋاتقان بىرلىرىدۇر بەلكى .

— ھەيتاڭەي ، ئاۋۇ سايدىكى كىڭىز ئۆيلەرنى كۆردۇڭ-لىمۇ؟ بۇ يەردە قىرغىزلارمۇ بار ئوخشايدۇ ،— دېدى ئالمە-خان .

— قىرغىزسىز تاغ بولامدۇ ،— خېلىچە خېنىم ئەرلەر-نىڭ پارىڭى چىقىشۇېدى . يۈز - كۆزىنى ، چاچلىرىنى سىلاپ ، كىيىم - كېچىكىنى تۈزەپ قويدى .

— بۈگۈن مۇشۇ يەردە تۈنەيمىز ، توختاڭلار !— بەستىنى ئات كۆتۈرەلمەي كېلىۋاتقان ، كۆزلىرى كىچىك جاكارچى كەڭ سايىنىڭ ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ۋارقىرىدى .

— خۇدايا شۈكرى ، دەم ئالىدىغان بولدۇق ،— دېيىشىپ قىزلار تۈرغان يەرلىرىدىلا ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئېلىشتى . نۇزۇگۇم سايىنىڭ تېگىدە ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بويىغا يېقىنلاش-ماقچى بولۇۋېدى ، ماڭالماي ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ باشتا پۇتى قانچە ئاغرىسىمۇ ، دەردىنى قىزلارغا ئېيتىپ ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلغۇسى كەلمىدى . ئەمما ھازىر ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئېقىپ ، ئۆپكە - ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلىۋەتتى .

— نۇزۇگۇم ، بىز سىلىنى قەيسەر خوتۇن دەپ ئۆزىمىز-گە يار - يۆلەك قىلىپ كېلىۋاتساق يىغلاۋاتقانلىرى نېمىسى؟ سەۋر قىلسىلا ،— دېيىشتى ئاياللار ، بىردىنلا ئۇلار نۇزۇ-گۇمنىڭ گۆشى سۇرۇلۇپ ، شەلۋەرەپ كەتكەن پۇتلىرىنى كۆرۈپ چۇرقىرىشىپ كەتتى ،— ۋاي ، بۇ نېمە بالادۇر؟ شۇن-چىلىك بولۇپ كەتكىچىمۇ گەپ قىلماي مېڭىۋەرگەن بارمۇ؟

قىز ـ جۇۋانلارنىڭ بىر يەرگە توپلىشىپ چۇرقىرىشى-ۋاتقىنىنى ئاڭلىشى بىلەنلا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ چېرىك-لەر يېتىپ كەلدى ـ دە ،ۋارقىرىدى :

— نېمە ۋاڭ ـ چۇڭ قىلىشىسەن ، ماڭ تارقىلىش !

— نېمىدەپ ۋاڭ ـ چۇڭ قىلمىغۇدەكمىز ،— دېدى چې-رىكلەرنىڭ ئالدىغا بىرىنچى بولۇپ چىققان خېلىچە خې-نىم ،— سەنلەرنىڭ بىزنى ئۆلتۈرىدىغان نىيىتىڭ بولسا ، جاننى قىينىماي مۇشۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈش ، بولمىسا هال ـ ئەهۋالىمىزغا قاراپ تۇزۇك ئېلىپ مېڭىش ،— ئۇ ئۆزىدىن خېلىلا پاكار چېرىككە يېقىن كېلىپ سۆزىنى داۋاملاش-تۇردى ،— سەن مۇنۇ خوتۇننىڭ پۇتىنىڭ قانداق بولۇپ كەت-كىنىنى قاراپ باقە ؟

چېرىك ئەهۋالنى ئۇققاندىن كېيىن خىجالەت بولۇپ قالدىمۇ ، خۇددى «مېنىڭدە نېمە گۇناھ دەيسىلەر ، هەيدە دېدى ، هەيدىدىم ، بولمىسا سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارغا قىلچە ئازاب سالغۇم يوقتى» دېگەندەك بىر پەس شۈك تۇردى ـ دە ، ئاندىن كەينىگە داجىپ كېتىپ قالدى .

خېلىچە خېنىم قىزلار بەرگەن ياغلىقنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ نۇزۇگۇمنىڭ پۇتىنى تېڭىشقا كىرىشتى .

— مانا ، هەدە ، مېنىڭدە قوي يېغى بار ، بەلكى ماي سۇركەپ تاڭساق چاپسانراق ساقىيىپ كېتەر ،— دېدى ئاقسۇ-دا خەنزۇ قىزى سۇ ئەكېلىپ بەرگەن ئايىنىسا مۇرىسىگە ئارتىۋالغان خالتىسىدىن قۇشقاچ گۆشىچىلىك قويرۇق مايىنى چىقىرىپ .

— بۇنى خويما ياخشى قىلدىڭىز ،— دېدى بۇۋىئايشەم .

— ئۆزۈڭلارنىڭ دەردىنى تارتالمايۋاتقاندا سىلەرگە ئىش

تېپىپ بەردىممۇ نېمە ، قىزلار ،— نۇزۇگۇم پاچىقىنى يېپىپ
شايە ئىشتىنىنىڭ پۇچىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۈمۈر كە-
شەن يارا قىلىۋەتكەن پۇتىنى ئۇۋۇلىدى ،— ھېچ ۋەقەسى
يوق ، ئەتە يولغا چىققۇچە قېتىپ[1] قالار .

نۇزۇگۇم پۇتىنى تېڭىپ بولغاندىن كېيىن قىزلارنىڭ
كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۇچۇن تاشنىڭ ئۇستىدە ئولتۇ-
رۇپ ناخشا باشلىدى .

دۇردۇن كىيگەن ئاياغقا ،
تۈمۈر كىشەن بوش كەلدى .
جېنىم دادام قېشىدىن ،
بۇ يوللاردا كىم كەلدى...

ئۇ پۇتىنىڭ ئاغرىۋاتقىنىغا قارىماستىن ئاستا غىڭشىپ
ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى ، باشقا قىزلارمۇ ئۇنىڭ چۆ-
رىسىگە يىغىلدى .

— بارىكاللا ، نۇزۇگۇم . ئۆزىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىمىز
خۇش قىلمىساق كىم خۇش قىلىدۇ ،— دەپ ئۇنىڭ ناخشىسى-
غا خېلىچە خېنىم قوشۇلدى .

ئۇلارغا باشقا قىزلارمۇ قوشۇلۇپ ناخشىنى داۋاملاشتۇر-
دى . كۈن ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان مەزگىلدىكى تاغ ئىچىنىڭ
جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ ، قىزلارنىڭ پەس ئاۋازدا ئېيتىلغان
ناخشىسى ياڭرىماقتا . ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشى بىلەن
كۆپ يىللاردىن بېرى تاغ ئىچىدە ياشاۋاتقان كىچىك مەھەللى-
نىڭ ئادەملىرىمۇ بالا - چاقىلىرىنى يېتىلىشىپ كېلىشتى .
قىرغىز ، قازاقلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاۋاتقان ئادەملەرگە

قىزلارنىڭ ناخشىسى كۆپ يىللاردىن بېرى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن نەرسىلەرنى يادىغا سېلىپ، كۆڭۈللىرىنى سەگىتىپ، يۈرەك ئوتلىرىنى قايتىدىن تۇتاشتۇرماقتا. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن - كەچكەن كارۋانلار - نىڭ ئات - ئۇلىغىنى كۆزىتىپ، بەزىبىر قېچىپ - مۆكۈنۈپ يۈرگەن مۇساپىرلارنىڭ بېشىغا پاناھ بولغاندىن باشقا دۇنيا - نىڭ قىزىقىنى كۆرمەي ياشاۋاتقانلىقىنى ئەمدى سەزگەندەك بولدى.

— بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ قەشقەردىن چىققان. ئۇلار بۇنىڭدىن ئاتمىش - يەتمىش يىل ئىلگىرى، ئۇچتۇرپان پاجىئەسىدىن كېيىن، تاغ ئىچىگە قېچىپ، مۇشۇ يەرگە باغلىنىپ قالغانىكەن. ھازىر قىرغىزلار بىلەن قازاقلارغا قىز بېرىپ، قىز ئېلىشىپ ئارىلىشىپلا كەتتۇق. ئۆتكەن - كەچكەنلاردىن يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى سوراشتۇرۇپ تۇرىمىز. ئەسلىدە بىز خەقنىڭ رىزقىنى ھەرجايغا چېچىۋەتكەن ئوخ - شايدۇ. قانداق قىلىمىز، جان باقماق پەرز ئىكەن.

يېشى توختاپ، ساقال - بۇرۇتىنى ئاق ئارىلىغان سالا - پەتلىك ئادەم بۇ مەھەللىنىڭ تارىخى ھەققىدە ئۇزاق ھېكايە قىلدى. ئۇ بېشىغا قەشقەر دوپپىسى، ئۇچىسىغا يېڭى يوق تېرە كەمزۇل، پۇتىغا تۆگە تېرىسىدىن تىكىلگەن چورۇق كىيىۋالغانىدى. بۇ مەھەللىنىڭ خوتۇن - قىزلىرى ئۇچە - سىدىمۇ داۋاندىن ئۆتكەن سودىگەرلەردىن سېتىۋالغان كىيىم - كېچەكلەر تۇراتتى.

— ھاي قىزلار، نېمە قاراپ تۇرىسىلەر، مۇنۇ ھەدىلە - رىڭلارنىڭ يول مېڭىپ، ئۇسساپ كەتكىنىنى كۆرمىدىڭلار - مۇ؟ قېنى، ئۆيلەردە بار سۈت - قېتىقنىڭ ھەممىسىنى

يىغىپ كېلىڭلار.

سۈرگۈنلەرگە يېقىنلىشايلى دېسە قورقۇپ، ئۇلارغا يىراقتىن قاراپ، ئاياللارنىڭ چىرايلىقلىقىغا، چاچلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا ھەيران قېلىشقان قىزلار سالاپەتلىك ئادەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆيلىرىگە قاراپ يۈگۈرۈشتى - دە، كۆپ ئۆتمەيلا چۆچەك، جاملاردا، بەزىلەر ھەتتا تۇلۇملاردا قېتىق، سۈزمىلەرنى ئەكېلىشتى. بەزى قىزلار ئۆيلىرىدە بار نان - توقاچنىڭ ھەممىنى كۆتۈرۈپ ئەكېلىشتى.

— بىزنىڭ مەھەللىنىڭ بېگى سىلەرنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئامبال بىلەن بەك يېقىن. شۇڭلاشقا ئۇلار ھېچ نەرسە دېمەيدۇ. بىزنىڭ يۇرتتىن رازى بولۇپ كېتىڭلار، قىزلىرىم. سىلەرنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش ئاتا - ئاناڭلار بار بولغىيدى. تارتىنماي يەپ - ئىچىڭلار، — دېدى بوۋاي.

سۈرگۈنلەر تاغ ئىچىدىكى مەھەللە خەلقىنىڭ ئەكەلگەن سۈت - قېتىقلىرىنى ئىچكەندىن كېيىن كۆڭۈللىرى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. باشتا ئۇلاردىن تەپ تارتىپ تۇرغان بۇ يەردىكى قىزلار ئەمدى پالانغانلارغا ئېچەكىشىپ، كۆپ يىللاردىن بېرى كۆرمىگەن قېرىنداشلىرىنى كۆرگەندەك يېقىنلىشىپ كەتتى. بەزىلىرى سۈرگۈنلەرنىڭ يولغا چىققاندىن بېرى تاغاق كۆرمىگەن چاچلىرىنى تارىسا، بەزىلىرى ئۇلارنىڭ چاچتەڭگىلىرىگە، كىيىم - كېچەك، ھالقا - ئۈزۈكلىرىگە تەلمۈرۈپ قارايتتى.

بويىغا يېتىپ قالغان قىزلار مۇنداق ئېسىل زىبۇزىننەتلەرنى نەدىن تېپىشقا بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نەرخى نەچچە پۇل ئىكەنلىكىنى سوراشتۇراتتى.

— مۇنۇ مارجان مېنىڭدىن سىزگە خاتىرە بولسۇن، — دېدى نۇزۇگۇم بوينىدىكى مارجاننى ئېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە بىر چۆچەك قېتىق بەرگەن ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى قىزغا بېرىۋېتىپ، — بۇ داۋاندىن ئۆتكەن بىر ھەدەمنىڭ خاتىرىسى ئىدى دەپ ساقلاپ تاقارسىز.

ھېلىقى قىز بۇ گەپكە ئىشەنمەيۋاتقاندەك، بىردەم مارجانغا، بىردەم ئۆزىنى چۆرىدەپ تۇرغان قىزلارغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. چەتتە تۇرغان ئاياللاردىن بىرى:

— ھەدەڭ بەرگەندىن كېيىن ئالغىن، — دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى كىچىك قىز خۇشاللىقىدىن «رەھمەت» دەپ، نۇزۇگۇمنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

— مەڭلار، ئېلىڭلار، بىز ئۆزىمىزنى پەردازلاپ، ئۈزۈك سېلىپ، ھالقا تاقىغان بىلەن قارىغۇدەك ئەر بولمىسا، ئۇنىڭ نېمە كېرىكى، بۇلارسىزمۇ ياراۋېرىمىز، — دەپ خېلىچە خېنىممۇ ئۈزۈك - ھالقىلىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، بۇ يەردىكى قىزلارغا بېرىۋېدى، ئۇنىڭ كەينىدىن باشقا ئاياللارمۇ ياخشى نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ بېرىۋەتتى. ئۆز نۆۋىتىدە يەرلىك خەلقلەرمۇ شۇنچە كۈندىن بېرى يول مېڭىپ، كۆڭلەكلىرى يىرتىلىپ يالىڭاچ بولۇپ قالغان قىزلارغا ئۆيلىرىدىن ئىسسىق كىيىملەرنى ئەكېلىپ كىيگۈزۈشكە باشلىدى.

— ئاتىلىرىمىز «يازدا[1] يېپىنچاڭنى، قىشتا ئوزۇقۇڭنى تاشلىما» دەپتىكەن. ئىسسىق كىيىنمىسەڭلار مۇزداۋاندىن ئۆتكۈچە ئۈششۈپ قالىسىلەر، — دېدى بايىقى سالاپەتلىك ئايدەم ئاياغ كىيىملىرى يىرتىلىپ يالاڭ ئاياغ قالغان قىزلارغا

پۈرۈم چورۇقلارنى بېرىۋېتىپ ،— ئۆزۈڭلارمىغۇ تويغا ماڭ-
غاندەكلا كىيىنىۋالغانىكەنسىلەر .

— ھە ، چوڭ دادا ، «ئاتامنىڭ ئۆلىدىغىنىنى بىلسەم
بىر تاۋاق كېپەككە سېتىۋالاتتىم» دېگەندەك ، مۇنداق ياقا
يۇرتلارغا پالىنىدىغانلىقىمىزنى كىم بىلىپتۇ دەيدىلا . بۇ چېر-
ىكلەر بىزنى ھېيىتگاھ مەيدانىدىنلا ھەيدەپ ماڭدى ئە-
مەسمۇ ،— دېدى ئالىمخان ئۆز دەردىنى ئېيتىپ .

تۇتقۇنلارنىڭ بىر توختىسا مۇشۇ يەردە توختايدىغانلى-
قىنى ئالدىنئالا بىلىپ ، پەرەز قىلىپ باشقا جايلاردا ياشاۋات-
قان ئادەملەر ساي - جىرالار ئارقىلىق كېلىشمەكتە ئىدى .
دەسلەپتە ، ئادەم ئاز چاغدا ، ئۇلارنى تۇتقۇنلارغا يېقىن قويۇپ
بەرگەن چېرىكلەر ئەمدى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان خەلقنى
قوغلىغىلى تۇردى .

زاۋال بولۇپ كەچ كىرىشكە قىرغىزلار يەنە پەيدا بو-
لۇشقا باشلىدى .

— ئۇلار ئۆتكەن كېچىدىكىگە ئوخشاش بۈگۈنمۇ ھۇجۇم
قىلمىسا بولاتتىغۇ ،— دېدى تاغ چوققىلىرىدا سەپ تارتىپ
يۈرگەن ئاتلىق ئەسكەرلەرنى كۆرگەن بۇۋىئايشەم .

— خاتىرجەم بولۇڭلار ، بىزنىڭ خان ئۆز قىزىنى موڭ-
غۇللارنىڭ دورغىسىغا بەرگەن ، شۇڭلاشقا ئۇلار بىر - بىرد-
گە ھۇجۇم قىلمايدۇ .

— ھە ، شۇ ، ئىلگىرى قېشىمىزغا ئادەم تۇرماق ھايۋان
يولاتمايدىغان چېرىكلەر بىزنى ئەجەب ئەركىن قويۇۋېتىشىغۇ
دەيمەن ،— خېلىچە خېنىمنىڭ چاقچاق ئارىلاش پارىڭى تۈگە-
تۈگىمەيلا چوڭ ساي تەرەپتىن بىر توپ ئاتلىق چىقىپ كې-
لىشتى . ئۇلارنىڭ كۆپى كۈننىڭ تېخى ئىسسىقىغا قارىماس-

تىن باشلىرىغا تولكە تۇماق ، ئۇچىسىغا كۈرەك جۇۋا بىلەن شالۋۇر كىيىشكەن. ھېلىقىلار خۇددى ئاچ بۆرىلەر-دەك ئاتلىرىنى دېۋەيلىتىپ كېلىشتى- دە، ئۆزئارا بىرىنېمە-لەرنى دەپ تاۋاقتەك يوغان يۈزلىرىدىكى شالاڭ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ ھىجايدى. بەزىلىرى قاتلاپ تۇتۇۋالغان قامچىلىرى بىلەن قىزلارنى شەرەت قىلىپ ئۆزئارا نېمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى.

— بۇلار مۇشۇ تاغنىڭ ئاتاي باتۇر دېگەن بۆرىسىنىڭ قاراقچىلىرى بولىدۇ. بۇ يولدىن ئۆتكەن ھەرقانداق كارۋان ئۇنىڭغا تاغ سېلىقىنى تۆلەپ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئىل-گىرى ماڭالمايدۇ. تاغنىڭ ھەربىر كامارىدا ئۇنىڭ قاراقچى-لىرى قوللىرىغا تېز ئېتىلىدىغان مىلتىق ۋە ئوقيالارنى تۇتۇپ ماراپ ياتىدۇ. خۇدادىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىنكى، لېكىن ئاتاي باتۇرنىڭ قاراقچىلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئۆزىنى چەتكىرەك تارتىپ تىنچ بولۇپ قالغان بايىقى سالاپەتلىك ئادەم.

ئاتاي باتۇر دېگىنى قارا مەخمەل چاپاننىڭ تېشىدىن كۈمۈش بىلەن نەقىشلىنىپ ياسالغان كەڭلىكى بەش ئىلىك تاسما پوتا باغلاپ، ئۇستىگە قۇندۇز ياقىلىق بېغىر رەڭ پەرەنجە ئارتىۋاپتۇ. ئۇنىڭ پەشلىرى ئېتىنىڭ ساغرىسىنى يېپىپ تۇراتتى. كۈمۈش ساپلىق يوغان قىلىچىنى سېمىز قولى بىلەن تۇتۇۋالغان ئاتاي باتۇر قىزلارنى بىرئاز كۆزدىن كەچۈردى- دە، ئاندىن ئۆزىنى باشلاپ كېلىۋاتقان نۆكەرلەر-رىنىڭ بىرىگە:

— بۇلارنىڭ خوجايىنلىرى نەدە؟ — دېدى.

— ئاۋۇ تاش ئۆيدە ئوخشايدۇ، — دېيىشتى نۆكەرلەر.

تاغ غوجىسى ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئۇ ياققا بۇرىشى بىلەنلا قاراقچىلار قىزلار تەرەپكە يېقىنلاشتى .

ئاتاي باتۇر ئامبالنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ ، يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ چىققاندىن كېيىن يەنە ئېتىغا مىنىپ ، قېشىغا موڭغۇل دورغىسى بىلەن ئىككى چېرىكنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى ـ دە ، توپلىشىپ ئولتۇرغان تۇتقۇنلار ئارىسىدىكى كوكۇلىسى ئالدىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان ئاق يۈزلۈك خېلىچە خېنىم بىلەن ئاق رەختتىن كۆڭلەك كىيگەن ئالمىخاننى كۆرسىتىپ ئۆزى يۈك ـ تېڭىقلار ئارتىلغان قېچىرلار تەرەپكە كەتتى .

— ۋايجان ، مۇنۇلار نېمە دەيدىغاندۇر . نۇزۇگۇم ، ھەمەمىسىلا مېنى شەرەت قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدىغۇ . ئاۋۇ دورغىغا بىر نەرسە دەپ كۆرسىلىچۇ ، شەرمەندە قىلىپ بىزنى بۇلارغا سېتىۋەتمىسۇن .

خېلىچە خېنىم ئۇمچىيىپ يىغلاي دېيىشىگە ئۇنىڭ سۆزىنى بۇۋئايشەم بۆلۈۋەتتى .

— ئـۆزىڭىزمىغۇ قـاش ـ كۆزىڭىزنى ئوينىتىپ ، كىيىم ـ كېچەكلىرىڭىزنى تۈزەپ كېتىۋىدىڭىز ، شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆزى سىزگە چۈشكەندۇر .

— مەن سىلەرگە ئاتاي باتۇر بۇ توپتىن خالىغىنىنى ئالماي قالمايدۇ دېمىگەنمىدىم ،— دېدى بايىقى سالاپەتلىك ئادەم ئىككى قاراقچى خېلىچە خېنىم بىلەن ئالمىخاننى چەتكە ئېلىپ ماڭغاندا ئـۇ ئىكـكى قولىـنى ئېگىـز كۆتۈردى ـ دە ،— بەرىبىر قىز بالىنىڭ بەختىنى ئاللادىن يارىتقان . بارغان يەرلىرىڭلاردا خورلۇق كۆرمەڭلار !— دەپ دۇئا قىلدى .

— ھەي قىزلار ، مەن سىلەردىن ئايرىلمايمەن ، ئۆلسەك-

مۇ بىللە ئۆلەيلى !— خېلىچە خېنىمنىڭ ۋارقىراپ يىغلىغان
يىغىسى خېلى ۋاقىتقىچە توختىمىدى . ئۇ پەقەت يېنىدا قاتار
كېلىۋاتقان ئالمىخاننىڭ :
— ئەخمەق خوتۇن ، مۇزداۋاندا توڭلىماي ساق قالغانغا
شۈكرى دېسىلە ، قەشقەردىكى شىر سۈپەت ئوغلانلىرىمىزدىن
ئايرىلغاندىن كېيىن ئەمدى كىمگە تەگسەكمۇ بەرىبىر ئەمەس-
مۇ ،— دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندىلا بىر ئاز بېسىلغاندەك قىلدى-
ۋىدى ، لېكىن كەينىگە قاراپ ، ئۆزى بىلەن بىللە كېلىۋاتقان
تۇتقۇنلارنىڭ يىغلىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، يەنە ئۆپكىدەپ كەت-
تى .
نەچچە ۋاقىتتىن بېرى جاپانى بىللە تارتىپ ،باشقا ئېغىر
كۈن چۈشكەن چاغلاردا هال - مۇڭ ئېيتىشىپ ، بىر -
بىرىگە قېرىنداش بولۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ بۇ ئىككى جۇۋاننى
قاراقچىلارنىڭ ئارىلىرىدىن ئەكەتكىنى تۇتقۇنلارغا ئېغىر تۇ-
يۇلدى . يولغا چىققاندىن بېرى بىرىنچى قېتىم دوستلىرىنى
ئۆزلىرىدىن ئايرىپ كېتىۋاتقاندا ، بۇنداق كۈننىڭ ئەتە -
ئۆگۈن ئۆزلىرىگىمۇ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇلار تېخىمۇ
مىسكىنلىشىپ كەتتى .
ئاتاي باتۇرنىڭ قاراقچىلىرى بۇ ئىككى جۇۋانغا چېرىك-
لەر قەشقەردىن ئەكېلىۋاتقان يۇكلەر ئارتىلغان بىرنەچچە
قېچىرنى قوشۇپ هەيدەپ ماڭدى . پەقەت شۇ چاغدىلا خۇددى
تاغ باغىرلىرىدا قاتار ئۆسكەن قارىغايلاردەك قوللىرىغا مىلى-
تىقلىرىنى تۇتۇشۇپ سەپ تارتىپ تۇرغان قاراقچىلار كۆزدىن
غايىب بولدى . بارغانچە يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان خېلىچە خې-
نىمنىڭ ئاۋازى قاراقچىلار ئېقىن سۇنى ياقىلاپ تاغ دوقمۇ-
شىنى ئايلىنىپ ئۆتكەندە ئاڭلانماي قالدى . تۇتقۇنلار چوڭقۇر

نەپەس ئېلىشىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ مېھرىبان بولۇشۇپ نۇزۇگۇمغا يېقىنراق ئولـ تۇرۇشتى.

خېلىچە خېنىم بىلەن ئالمىخاندىن ئايرىلغاندىن كېيىن نۇزۇگۇممۇ ئۆزىنى يېتىمسىراپ قالغاندەك سەزدى. ئۇ پەشـ مىتىنى نەچچە قېتىم تۈزەشتۈرۈپ، ئورنىنى يېپىنىپ باقـ سىمۇ خۇددى ئىچىگە سوغۇق شامال كىرىۋالغاندەك تېنى ئىسسىمايلا قويدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنى تۆت تەرىپىنى ئېگىز تاغ قورشىغان سايىنىڭ ئىچىدە تۈۋى يوق قاراڭغۇ چوڭقۇرغا چۈشۈپ قالغاندەك سېزەتتى. ئۇنىڭغا بۇ يەردىن چىقىش مۇمكىن ئەمەستەك بىلىنەتتى.

## IV

بۇگۈن بىر ئاز ۋاقىت ئالاقزادە بولۇشقان تۇتقۇنلار كەچـ لىك تاماقلىرىنى يەپ بولغاندىن كېيىنلا ئۇيقۇغا كېتىشتى. نۇزۇگۇم بولسا تېخى ئويغاق. ئۇ يول يۈرۈش داۋامىدا تاغ چاتقاللىرىنى، سايدىكى ئارچا بىلەن ھاڭ تاشلار ئارىسىدىكى غارلارنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرۈپ ماڭدى. شۇڭا ئۇ ھازىر قېچىپ كېتىشنى ئويلاپ يېتىپ، قاراڭغۇ چۈشۈشىـ نى، تۇتقۇنلار بىلەن چېرىكلەرنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. «چاپسانراق قېچىپ كەتمىسەم، بۇلار مېنىمۇ بىرەر قاراقچىغا سوۋغا قىلىۋېتىشى مۇمكىن» دېگەن ئوي ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەرمەيتتى.

نۇزۇگۇم ئاي يورۇقىدا ئەتراپقا سەپسېلىپ قاراپ باقـ

تى ، بىراق توٓت تەرىپىنى ئېگىز تاغلار قورشىغان بۇ كىچىك مەھەللىدە قېچىپ موٓككىدەك يەرنى كوٓرمىدى . بىر كېچىدە- نىڭ ئىچىدە بايا قاراقچىلار قاتار تۇرۇپ كەتكەن ئېدىردىن ئېشىپ ، ئۇ تەرەپكە ئوٓتۇپ كەتسىغۇ ياخشى ، ئەگەر ئوٓتۇپ كېتەلمىسە ، ئەتراپنى قورشاپ تۇرغان چېرىكلەر دەرھال تۇتۇۋېلىشى مۇمكىن . بايا قاراقچىلار خېلىچە خېنىمنى ئە- كەتكەن چاتقاللىق سايدىكى چىغىر يولدىن باشقا يول يوقتەك قىلىدۇ . ساي ئىچىدىكى بۇ يول نەگە ئاپىرىدىكىن ؟ شۇنىڭ بىلەن قاچىمەن دەپ ئوٓزىمۇ خېلىچە خېنىمغا ئوخشاش قاراق- چىلارغا تۇتۇلۇپ قالىسىچۇ ؟ ئۇ كوٓپ ۋاقىتقىچە قاراقچىلار خېلىچە خېنىمنى ئەكەتكەن ساينىڭ ئىچىدىكى چاتقاللىققا ، غار تاشلارغا سەپسېلىپ قارىدى . ئاي يورۇقىدا تاغ چوققىلى- رى بىلەن قاپتاللار روشەن كوٓرۇنۇپ تۇراتتى . ساينىڭ ئىچى بولسا قاراڭغۇ ئىدى . نۇزۇگۇمغا ئاشۇ قاراڭغۇلۇققا يېتىۋال- سىلا ئوٓزىنى ھېچكىم تاپالمايدىغاندەك سېزىلدى . ئەمما ئۇ يەرگە قانداق يېتىش كېرەك ؟ ئەتراپتا باشلىرىنى نەيزىلىرىگە يوٓلەپ ، چېرىكلەر ئۇگدەپ ئولتۇرۇشاتتى . ئۇلارنىڭ قايسى- سى ئويغاق ، قايسىسى ئۇخلاۋاتقىنىنى بىلىش تەس . ئەگەر نۇزۇگۇمنىڭ قاچقىنىنى بىرەرى بىلىپ قالسا بولدى ، باش- قىلارغا ئىبرەت ئۇچۇنمۇ شۇ يەردىلا مەيدىسىگە نەيزە سانجىپ ئوٓلتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن .

ئۇ مەھەللىدىكى ئوٓيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاقىدىغان تاغ سۇيىگە سەپسېلىپ قارىدى . مۇشۇ سۇنىڭ ئىچى بىلەنلا ئوٓمىلەپ مېڭىپ ، چېرىكلەردىن ئوٓتۇپ كەتكىلى بولىدىكەن . خېلىچە خېنىمنى ئەكەتكەن سايغا بارىدىغان بۇنىڭدىن باشقا ئىشەنچلىك يەر يوق . نۇزۇگۇم ساينىڭ ئىچىدىكى جىمجىت-

لىقنى بۇزۇپ ، تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ، شاۋقۇن چىقىـ
رىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىگە ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى . سۇمۇ
خۇددى ئۇنى ئۆزىگە چاقىرغاندەك ئاينىڭ يورۇقىدا پارقىراپ
كۆرۈنەتتى .

كۆك ئاسماندا جىمى ئالەمنى يورۇتۇپ تۇرغان ئاي
ئېگىز تاغ كەينىگە مۆكۈشكە باشلىۋىدى ، ئەتراپ قاراڭغۇلىـ
شىپ تېخىمۇ جىمجىت بولۇپ قالدى . پەقەت تۇتقۇنلارنىڭ
خارقىراپ خورەك تارتىشلىرى ، بەزىلەرنىڭ ۋارقىراپ جۆيـ
لۈشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . كۈندۈزى كەلگەن قاراقچىلارـ
نى ئىككى جۇۋان بىلەن ئون قېچىر مال بېرىپ يولغا سالغان
چېرىكلەر «ئەمدى بىزگە ھېچكىم ھۇجۇم قىلمايدۇ» دېگەنـ
دەك ، دۇنيادىن بىغەم ئۇخلاۋاتاتتى .

نۇزۇگۇم پۇت ـ قولىنى سوزۇپ ، تىزىغا بېشىنى قوـ
يۇپ ياتقان قىزنى ئاستا يۆتكەپ ئۆزىنى بوشاتتى . ئۇ قىزلارـ
نى ئويغىتىۋەتمەي دەپ بىرئاز ۋاقىت يېنىچە ياتتى . پەقەت
ھېلىقىلارنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىغا تولۇق كۆزى يەتكەندىلا ئاستا
ئۆمىلەپ ماڭدى ـ دە ، بىرئاز يەرگە بارغاندىن كېيىن يەنە
توختىدى . ئەتراپ جىمجىت ، ھەممە قاتتىق ئۇيقۇدا . ئۇنىڭ
كەتكىنىنى ھېچكىم سەزمىدى . نۇزۇگۇم ئۆرە تۇرۇپ مېـ
ڭىشقا ئەيمەندى ـ دە ، ئۆمىلىگەن پېتىچە ئۆستەڭ ياقىسىغا
باردى . ئۇ ئالدىغا ساڭگىلاپ كاشىلا بولۇۋاتقان كۆڭلىكى ۋە
پەشمىتىنى تۇرۇپ ، شايى ئىشتىنىنىڭ بېغىنى قىستۇردى .
ئۇ ئۆزىنى ئەنە شۇنداق ئەپلەشتۇرۇپ بىرئاز يەرگىچە قىرغاق
ياقىلاپ ماڭغاندىن كېيىن سۇغا چۈشتى ـ دە ، ئۇنىڭ ئېقىـ
شىغا قاراپ تۆۋەنلىدى . باشتا تاغنىڭ سوغۇق سۈيىدە ئەندىـ
كىپ ، پۇت ـ قوللىرى مۇزلاشقا باشلىدى . قىزلار قوي

مېيى بىلەن مايلاپ ، تېڭىپ قويغان پۇتى سۇغا تەگكەندىن
كېيىن ئېچىشىشقا باشلىدى . لېكىن ئۇ بۇنىڭغا بەرداشلىق
بېرىپ ، ئېقىن ئىچىدىكى يوغان تاشلاردىن ئارتىلىپ ئۆتتى .
سايىنىڭ سۈيى ئازدەك قىلىنىۋىدى ، لېكىن بىرنەچچە قېتىم
چوڭقۇر قايىنامغا بېشىچىلا كىرىپ كەتتى . ئۇ بۇلارغا قىلچە
پەرۋا قىلماي ، چېرىكلەر كۆزىتىپ تۇرغان يەردىن ئۆتۈپ ،
تاغ دالدىسىغا يېتىۋېلىشنى ئويلايتتى . ئۇ تەرەپكە ئۆتۈۋالسى-
لا بىر ئامالىنى قىلىپ جېنىنى ساقلاپ قالالايتتى . ئەگەر
ئۇنىڭ سۇ ئىچى بىلەن كېلىۋاتقىنىنى چېرىكلەر بايقاپ قالسا
خۇدانىڭ ئۇرغىنى !

بەزى يەرلەرگە كەلگەندە سۇ يېيىلىپ ئاقاتتى - دە ،
مۇنداق يەردە ئادەم ئاسانلا كۆرۈنۈپ قالاتتى . كاج تەلەي
ئادەمنىڭ ئىشى ھەممىلا يەردە ئوڭغا تارتمايدىغان ئوخشايدۇ .
كاشكى ، تاغ دالدىسىغا يېتىۋالغىچە ئېقىن سۇ چوڭقۇرراق
بولۇپ بەرسىچۇ… ياق «خۇدايىمنىڭ كۆزى بار ئوخشايدۇ» .
ئۇ شۇنداق دەپ ئون - ئون بەش قەدەم ئۆمىلە - ئۆمىلىمەيلا
سۇ چوڭقۇرلاپ ، ئۇنىڭ گىرۋەكلىرىدە ئازادە ماڭغۇدەك قۇ-
رۇقلۇق پەيدا بولدى . نۇزۇگۇم خۇدانى ئەسلەپ ، يانچۇقىنى
سىيپاپ ، بايا قاچىدىغان چاغدا چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ سې-
لىپ قويغان تەسۋىسىنى ئىزدىدى . بار ئىكەن . ئۇ ئۆزىنى
يېنىدا چوڭ ھەمراھى باردەك ھېس قىلدى - دە ، تاغنىڭ
سالقىن ھاۋاسىدا كۆكسىنى تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ نەپەس
ئالدى . ئەمدى ئېقىن ئىچىدىكى پۇتىغا پېتىپ كېتىۋاتقان
قىياق تاشلار تۈگەپ ، بىرى خۇددى ئۇنىڭ ماڭىدىغىنىنى
بىلىپ ، پاياندار سېلىپ قويغاندەك پۇتى يۇمشاق سېغىز
توپىلىق لاتقىنى دەسسىدى . ئادەمنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتسا

مۇشۇنداق بولىدىكەن . ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ مېڭى-
شى يېنىكلىشىپ قالدى . نۇزۇگۇم ئۆرە تۇرۇپ ، كىيىملى-
رىنى قېقىپ تۈزەشتۈرۈپ ، ھۆل بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىنى
سىقىپ ، ئىشەنچلىك ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىدى . چېرىكلەرمۇ
خېلىلا ئارقىدا قالدى . ئەتراپ قاپقاراڭغۇ .

ئۇ سۇدىن چىقىپ يولغا چۈشتى . كۆڭلىكىنى سىقىپ ،
چۈۋۈلۈپ يۈزىنى يېپىۋالغان چېچىنى تۈزىۋالغاندىن كېيىن ،
كەينىدىكى پاكار ئۆيلەرگە ، قاراڭغۇدا غىل - پال كۆرۈنگەن
تۇتقۇنلارغا قارىدى . ھەممە جىمجىت ، ئۇيقۇدا «خۇداغا شۈك-
رى ، ئەمدى قۇتۇلغاندىمەن» دېگەندەك چوڭقۇر نەپەس ئال-
دى . ئۇنىڭ تېنى سۇنىڭ ئىچىدە چاغدا ئىسسىپ كەتكەندەك
قىلىۋىدى ، ھازىر ئوچۇقچىلىققا چىقىشى بىلەن تاغنىڭ سو-
غۇق شامىلى ئۇرۇپ مۇزلاپ كەتتى .

— ۋايجان ، قىزلار ، تۇرۇڭلار !

تۇتقۇنلار تەرەپتىن تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز نۇزۇ-
گۇمنى مەڭدىتىپ قويدى . ئۇ مەھەللە تەرەپكە قولاق سېلىپ
تىڭشىۋىدى :

— ۋىيەي ، نۇزۇگۇمنى قاراقچىلار ئوغرىلاپ
كېتىپتۇ ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . بۇ بايىلا ئۆزى قۇچاقلى-
شىپ ياتقان گۈلنىسانىڭ ئاۋازى ئىدى .

بۇ نېمە بالادۇر ! مۇنۇ ۋارقىراۋاتقان راستتىنلا گۈلنى-
سامىدۇر ؟ نۇزۇگۇم ئۇ قىزنىڭ تىزىغا قويۇپ ياتقان بېشىنى
داق يەرگە چۈشۈرۈپ قويۇپ قېچىپ كېتىۋىدى . گۈلنىسا
نۇزۇگۇمنىڭ يۇمشاق كۆكسىگە قولىنى قويغاندىن كېيىن
ئۇخلاپ قالاتتى . ئېھتىمالىم ، ھازىر ئۇ مەڭدەپ ئويغانغان
بولسا ، قېشىدا ئۆزىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ چۆچۈپ

كەتكەندۇر . نۇزۇگۇم بۇ قىزغا ئۆزى قاچقاندا ۋاڭ ـ چۇڭ چىقارماسلىقى ھەققىدە جېكىپ قويمىغىنىغا ئەپسۇسلاندى . ئەمدى بۇ قىز بالانى تېرىيدىغان بولدى . گۇلنىسانىڭ ئۇنى باشتا پەسرەك چىققاندەك قىلىۋىدى ، ئىككىنچى قېتىم ۋار-قىرىغىنى قاراڭغۇ تۈننى يېرىپ پەلەككە يەتتى .

— ۋاي قىزلار ، تۇرۇڭلار ! نۇزۇگۇمنى قاراقچىلار ئوغرىلاپ كېتىپتۇ !

— يا ئاللا ، نېمە دەيدىغاندۇر مۇنۇ قىز ! راستىنلا ئوغرىلاپ كەتكەنمۇ نېمە ، يوق تۇرىدىغۇ !

نۇزۇگۇم بۇۋىئايشەمنىڭ بوم ئاۋازىنىمۇ تونۇدى .

چۆچۈپ ئويغانغان قىزلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا جىمجىت ئۇخلاۋاتقان چېرىكلەرنى ئويغىتىپ ، ئايدىڭ كېچىدىن تىك تۇرغۇزدى . بىرپەستىن كېيىنلا قىزلارنىڭ يېنىغا چېرىكلەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى قوشۇلدى . پەقەت تاشتىن قوپۇرۇلغان ئۆي ئىچىدىن ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلانغاندىلا ھەممە بىر پەس جىم بولۇشتى . ئاندىن يەنە قىزلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . «ھەي ئەخمەق قىز ، يانپە-شىنى بۆرە يۇلۇپ كەتسىمۇ بىرەر سائەت ئاغزىنى يۇمۇپ ، جىم يېتىپ تۇرسا بولمامدۇ ،— دېدى نۇزۇگۇم ،— مانا ئەم-دى ماڭىمۇ ، ئۆزىگىمۇ قىلدى .»

چېرىكلەر قىلىچ ۋە نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈشۇپ ، تاغنىڭ تۆت تەرىپىگە سوكۇلدىشىپ يۈگۈردى . نۇزۇگۇم ئۆزى تە-رەپكە كېلىۋاتقانلارنى كۆرگەندە ، تاغ ئىچىگە مۆكۈنۈپ ئۇل-گۇرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى ـ دە ، نېمە بولسىمۇ ، بېشىغا كەلگەننى كۆرەرمەن دەپ ، يول چېتىدىكى يوغان تاشنىڭ كەينىگە مۆكتى .

ئۇنىڭ قولى يانچۇقىدىكى تەسۋىگە تەگدى . بايا ئاشۇ
تەسۋىنى تۇتۇپ ، ئاللاتائالاغا يالۋۇرغاندا يار ـ يۆلەك تاپقانـ
دەك بولۇۋىدى . بەلكى هازىرمۇ خۇدا ئۆز پاناهىغا ئېلىپ
قۇتۇلدۇرۇپ قالار دېگەن ئوي بىلەن ئاغزىغا چۇشكەن سۇرىـ
لەرنى تېز ـ تېز ئوقۇشقا باشلىدى .

ئۆستەڭ ياقىلاپ يۇگۇرگەن بىر توپ چېرىك ئۇنىڭ
قېشىدىنلا ئۆتۈپ كېتىشتى . كۆرمىگەن ئوخشايدۇ ! ئۇلار
يوغان تاشنىڭ قېشىدىمۇ توختىماي يىراقلاشتى . نۇزۇگۇمنى
ئۇلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن يۆتەل قىستىدى . ئۇ ئالىقىـ
نىنى ئاغزىغا بېسىپ ئۆپچۆرىسىگە قارىدى ، هېچكىمنى
كۆرمىگەندىن كېيىن ئىشەنچلىك هالدا يۆتەلدى . شۇ چاغدا :

— مانا ئۇ قاچقۇن مۇنۇ يەردە ئوخشايدۇ ! — دېگەن
ئاۋاز تاشنىڭ يېنىدىلا چىقتى . نۇزۇگۇم ئىلگىرىلەپ كەتكەن
چېرىكلەرگە قارايمەن دەپ تاشنىڭ كەينىدىكىلەرنى كۆرـ
مەي قالغان ئوخشايدۇ . نۇزۇگۇم ئورنىدىن تۇرۇپ قېچىپ
ئۈلگۈرە ـ ئۈلگۈرمەستىنلا چېرىكلەر ئۇنى قورشىۋالدى .
بىرىنچى بولۇپ يېتىپ كەلگەن ئېگىز بويلۇق چېرىك ئۇنىڭ
قولىغا ياماشتى . بەزىلىرى نەيزە بىلەن نوقۇپ ، ئۇنى ئاغزىغا
كەلگەن گەپلەر بىلەن تىللاشتى . ئەمدى ئۇنىڭغا ئۇرۇپ
ئۆلتۈرۈۋەتىشمۇ ، تىللىشىمۇ بەرىبىر ئىدى .

— قىزغا قول تەگكۈزگۈچى بولماڭلار . باشلىقلار ئۇنى
ئامبالنىڭ ئالدىغا بېشىدىكى بىر تال چېچىنى يەرگە چۈشۈرـ
مەي تۇتۇپ كېلىشنى تاپشۇرغان ، — دەپ ۋارقىرىدى چېرىكـ
لەردىن بىرى .

ئارىدىن بىرنەچچە دەقىقە ئۆتكەندە نۇزۇگۇمنى تۇتۇۋالـ
غان چېرىكلەر ئۇنى قورۇنىڭ ئىچىگە ئەكەلدى ، يۇزلىرى

چوقايدەك قورۇلۇپ كەتكەن ئامبال كىرپىنىڭ تۈكلىرىگە ئوخشاش تىك بۇرۇتىنى سىلاپ، ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا زەن سېلىپ قاراپ چىقتى - دە:

— پاھ، پاھ، ھەممىڭگە بوي بەرمەي، قېچىپ كەتكەندىن كېيىن راستتىنلا قەيسەر خوتۇن ئىكەن! سىلەرگە ئوخشاش مىڭ ئۆلۈمتۈكنى باققىچە مۇشۇنداق خوتۇندىن بەش - ئوننى باقسام ھەممە چەنتۇنى سىقىمىمدا تۇتاتتىم. بىر خوتۇنغا ئىگە بولالمىدى دېگەن نېمە گەپ! — دېدى ۋە قولىنى كەينىگە قىلىپ، بىرئاز چۆرگىلەپ مېڭىپ چېرىكلەرنى تىللىدى، — قەشقەرنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئەمدىغۇ كۆرگەنسىلەر. بۇنىڭدىن كېيىن قاچۇرۇپ قويىدىغان بولساڭلار جياڭجۈنگە ئۆزۈڭلار خوتۇن بولىسىلەر.

ئامبال ئاغزىغا يىغىلىپ قالغان تۈكۈرۈكنى يۇتۇۋېتىپ، قولىنى بىر شىلتىدى - دە، دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ ياتاقخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ بار چاغدا باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي، تۆۋەن ساڭگىلىتىپ جىم تۇرغان چېرىكلەر ئەمدى نۇزۇگۇمغا نېمىلەرنىدۇر دەپ كوتۇلدىشىپ، ئۇنى مۇرىسىدىن ئىتتىرىشىپ يەنە تۇتقۇنلار ئارىسىغا ئەكەلدى.

— ۋېيىەي نۇزۇگۇم، تىرىككەنلىغۇ. بىز سىلىنى تۇنۇگۈن كەلگەن قاراقچىلار ئەكېتىپتۇ دېيىشىپ ئىمانىمىز قىرىق گەز ئۇچۇۋېدى، — دەپ ئۇنىڭ قېشىغا ھەممىدىن بۇرۇن بۇۋىئايشەم يېتىپ كەلدى، — كىيىملىرى چۆپ - چۆپ سۇغۇ، ۋاي ئۆلدىمەي، چاپسانراق يېشىنىپ كىيىم يۆتكىمىسىلە ئاغرىپ قالىدىلا. ھاي قىزلار، قايسىڭلاردا ئارتۇق كۆڭلەك بار؟

— مانا ، مېنىڭدە .

— مېنىڭدە بار ،— قىزلار خۇرجۇن ـ خالتىلىرىدىن كۆڭلەكلىرىنى چىقىرىپ ، نۇزۇگۇمغا بېرىشكە باشلىدى . پەقەت شۇ چاغدىلا تېنىگە جان كىرگەندەك بولغان نۇزۇگۇم گۈلنىساغا قاراپ :

— ئەخمەق قىز ، نېمانچە ۋارقىراپ كەتتىڭىز . مەن چېرىكلەرنىڭ ئارىسىدىن ئەمدىلا ئايرىلىپ چىقىشىمغا ۋارقىراپ ھەممىنى ئويغىتىۋەتتىڭىز !— دېدى .

— جېنىم ھەدە ، سىلىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكلىرىنى نەدىن بىلەي . مەن سىلىنى قاراقچىلار ئوغرىلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ قورققىنىمدىن ئۆلۈپ قالايلا دېدىم . سىلىنى قاچىدۇ دەپ كىم ئويلاپتۇ دەيدىلا . بىلگەن بولسام ۋارقىرىماق تۇگۇل ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ ئاغزىمنى ئاچمايتتىم .

قىزلارنىڭ بەزىلىرى نۇزۇگۇمنى بەزلىسە ، بەزىلىرى ئەمدى تاڭ سوزۇلەي دېگەندە ئۇشتۇمتۇت ۋارقىراپ ھەممىنى ئويغىتىپ نۇزۇگۇمنى تۇتقۇزۇپ قويۇشقا سەۋەبچى بولغان گۈلنىسانى ئەيىبلەيتتى .

— بىرىنىڭ كېيىملى مىڭغا دەپ ، ئەمدى چېرىكلەر بىزگە كۆرگۈلۈك بولسىلا كۆرسىتىدىغان بولدى ـ دە ،— دېدى قىزلارنىڭ بىرى .

— نېمانچىلا كايىپ كەتتىلا ، يەنە قانچە كۆرگۈلۈك بولسا مۇشۇنچىلىك كۆرەرمىز ،— دېدى ئۇنىڭ سۆزىنى چەكلەپ بۇۋىئايشەم .

# V

ئەتىسى يول تېخىمۇ ئېغىرلىشىشقا باشلىدى . تاغ ئىچى-
گە كىرگەندىن بېرى كەينىدە كۆپ داۋان ۋە ئېقىن سۇلارنى
قالدۇرۇپ ئۆتكەن سۇرگۈنلەرگە بۇ يوللارنىڭ ئاخىرى يوق-
تەك بىلىنمەكتە . ئۆزلىرىمۇ بىر كۈنى شۇ داۋانلاردا قې-
لىپ ، يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ كېتىدىغاندەكلا سېزىلەتتى .
داۋانلار ئېشىپ قانچە ئۆرلىگەنسېرى يېشىل چىمەنلىك مەن-
زىرىلەرمۇ ، ئارچا ، قارىغايلىق تاغلارمۇ ئازىيىپ كېتىۋاتات-
تى . ئەمدى بۇ تەرەپلەردە پەقەت يالىڭاچ دۆڭلەردىكى تەبى-
ئەتنىڭ قارام كۆچىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ، سۇنۇپ ، ئۆۋۈ-
لىپ ، ئۇپراۋاتقان تاشلاردىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى .
كۈزنىڭ دەسلەپكى ئېيى يېڭى باشلانغىنىغا قارىماي ھاۋا
تولىمۇ سوغۇق ئىدى . كۈندۈزى كۈن ئۇپۇققا كۆتۈرۈلگەندە ،
سۇرگۈنلەرنىڭ دۈمبىلىرى بىرئاز ئىسسىپ ، كېچىلىرى
چۈشكەن قىرو بىردىن ئېرىپ ، ئىسسىق بولۇپ قالاتتى –
دە ، كەچقۇرۇنلۇقى يەنە بىردىنلا ھاۋا سالقىن تارتىپ ،
بوران – شىۋىرغان كۆچىيەتتى .

قەشقەر بىلەن ئىلىغا تەڭرىتېغى ئارقىلىق ئۆتىدىغان بۇ
يولغا تۇتقۇنلارنىڭ چۈشكىنىگە بىر تالاي كۈن بولدى . ئۇلار
يالاڭ كىيىملىرىدىن سوغۇق ئۆتۈپ ، دۈگدەرىشىپ كېلىۋا-
تاتتى . يىلنىڭ بۇ پەسلىدە مۇشۇنداق سوغۇققا ئۇچراپ مۇز-
لايمىز دېگەن ئوي ئۇلارنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمىگەن-
دى . ئېگىز ئۆرلەپ چوققىغا يېقىنلاشقانسېرى ئىلگىرىكى
ئۈچ – تۆت ئادەم ئەركىن ماڭىدىغان يولمۇ تارىيىپ ، سۇر-
گۈنلەرنىڭ مېڭىشى ئېغىرلىشىشقا باشلىدى . ھەركىم ئۆز

ھەلەكچىلىكىدە. ئۇلار بىردەم تار قىستاڭغا كىرىپ قالسا، بىردەم تېيىلىپ كەتسىلا تۆت ـ بەش يۈز گەز چوڭقۇر سايغا غۇلايدىغان ئېگىز تاغ باغرىدىن پىچاق بىلەن تىلغاندەك ياتتۇ يولغا ئۇلاشتى. يولدا تۆگىدەك يوغان قورام تاشلارغا دۈچ كېلەتتى. تۇتقۇنلار ئۆز ئېغىرلىقىنى ئاران كۆتۈرۈپ بارغىنىنى ئاز دەپ، بەزىدە مۈشۈنداق يوغان تاشلارنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ قالغان قېچىرلارنى يۆلەپ، ئىتتىرىپ ئۆتكۈزەتتى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئۈستىدىكى يۈكلەردىن ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. چېرىكلەرگە تۇتقۇنلاردىن كۆرە ئۈستىگە يوغان تېڭىقلار ئارتىلغان قېچىرلار مۇھىم ئىدى. شۇڭا ئۇلار داۋانلاردا ماڭالماي ھالاك بولغان تۇتقۇنلارغا قارىغاندا كۆپرەك دۇنيا ئارتىلغان قېچىرلارنى داۋاندىن ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈپ كېتىشكە كۆڭۈل بۆلەتتى. كۈندۈزى قار ـ يامغۇر ئارىلاش يېغىپ تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن ياتتۇ يوللاردىن تۇتقۇنلار تۈزۈك ماڭالمايتتى.

نۇزۇگۇم ئۆزىدىن كۆرە، خۇددى ئىچىگە بىر پارچە مۇز كىرىۋالغاندەك غالىلداپ تىترەپ، ئالدىدا دۈگدەرەپ كېتىۋاتقان گۈلنىسانىڭ ۋايىمىنى قىلاتتى. ئۇ قىز كېچىچە تەرلەپ، تۈزۈك ئۇخلىمىغانىدى. ئەمدى مانا يولدىمۇ يۆتىلىپ ماڭالمايۋاتىدۇ.

— ئۆزىڭىزگە پەخەس بولۇڭ. قورقماڭ، كەينىڭىزدە مەن كېلىۋاتىمەن، — دېدى نۇزۇگۇم بۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، — مانا ئەمدى ئېگىشىپ ماڭىمىز. ئەنە سۇغىمۇ يېقىنلىشىپ قالدۇق.

بۇ مۇزداۋانغا بارىدىغان يولدىكى ئاخىرقى ئۆتكەل ئىدى. قىزلار يەنە بىر داۋاندىن ئۆتۈپ يەر تۆۋىنىگە قاراپ

ماڭغاندا سۇنى كۆرۈپ كېكىردەكلىرىنى قىرىشتۇرۇپ يۆتد-
لىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ھارغانلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بو-
لۇشتى . لېكىن قارنىڭ قېشىدىنلا باشلانغان يۆلەكچە سوغۇق
سۇ ئىلـگىرىكى ئېقىن سۇلارغا قارىغاندا ئۇلۇغ ئىدى . قىز-
لار ئاياغ كىيىملىرىنى سېلىپ ، سۇنى كەچكەندە سوغۇق
ئۇلارنىڭ مېڭىسىدىن چىققاندەك بولدى . ئۇلار بىر ـ بىرد-
نىڭ قوللىرىدىن تۇتۇشۇپ سۇدىن ئۆتۈپ تاغ ئىچىگە كىر-
گەندىن بېرى ئۆزلىرىنى ئىسسىتالماي ، پۇت ـ قوللىرى
تارتىشىپ ، مېڭىشىمۇ ئېغىرلاشتى .
شۇ چاغدا ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن چېرىكنىڭ :
— سۇرگۇنلەر بۇگۇن مۇشۇ يەردە ياخشىراق ئارام
ئالسۇن ، ئەتىگەنلىككە مۇزداۋاندىن ئاشىمىز ! — دېگەن ئا-
ۋازى ئاڭلاندى .
تاغ ئىچىدىكى سوغۇق شامال ئۇنىڭسىزمۇ كۇچىيىپ ،
ماغدۇرىدىن كـەتكـەن سۇرگۇنلەرنـى تېخىمـۇ مۇزلاتماق-
تا . ئۇلار خۇرجۇن ـ خالتىلىرىدىكى بارلىق كىيىم ـ
كېچەكلىرىنى ئۇستىلىرىگە كىيىۋېلىپ ئولتۇرسىمۇ مۇزلاپ
كەتكەن تېنىنى بەرىبىر ئىسسىتالمىدى .
چېرىكلەر بولسا ئەمدى يايلارغا كىگىز ئۆيلەرنى تد-
كىپ ، ئۇلارنىڭ مىنىپ كېلىۋاتقان ئاتلىرىغا قېلىن تاقلار-
نى قېقىشقا كىرىشتى . ئۇلارمۇ سوغۇققا چىدىماي ، يولۇچد-
لار داۋاندىن ئۆتىدىغان چاغدا قونالغۇ قىلغان تاغ كامارلىرىغا
يوشۇرۇنۇپ پۇت ـ قوللىرىنى ئىسسىتىشقا باشلىدى . بەزد-
لەر بۇ تاغنىڭ بىردىنبىر ئوتۇنى — يولدىكى مال تېزەكلد-
رىنى تېرىپ ـ يىغىپ ئوت قالاپ ئىسسىنماقتا . كىيىملىرى
چۆپ ـ چۆپ ھۆل بولۇپ كەتكەن تۇتقۇنلار بولسا چېرىكلەر

ياققان گۈلخانىلارغا يېقىن بېرىشتىن قورقۇپ ، ئوتقا تەلمۈرۈ-
شۈپ قارايتتى . ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئىسسىتىشنىڭ
ئامالىنى تېپىپ ، غارلارنىڭ كامارلىرىغا كىردى ـ دە ،
ئون ـ ئون بەشى بىر ـ بىرىگە ئىزماش ـ چىرماش بولۇپ
چاپلىشىپ يېتىشتى . شۇ پېتىچە ئەتىگەنلىكى ئەتراپ پۈتۈن-
لەي ئاق كىمخابقا ئوخشاش ئاق قار بىلەن كۆمۈلگەندە ئو-
رۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . قىزلار ئەسىرلەر بويى ئېرىمەي كۆ-
كىرىپ ياتقان مۇزداۋانغا ئۇلاشقاندا ، بىر كۈن ئىلگىرىلا
ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەتكەنلەر جوتۇلار بىلەن ئويۇپ ياسىغان
پەلەمپەيلەرنىڭ ئۈستىنى مۇز قاپلاپ كەتكەنىدى .
تۇتقۇنلارنىڭ كېچىچە بىر ـ بىرىنى قولتۇقىغا تىقىپ
ئىسسىتقاندا نەملىشىپ قۇرىغان كىيىم ـ كېچەكلىرى يولغا
چىقىشى بىلەنلا تېرىدەك تاراقلاپ قېتىپ كەتتى . پۈتلىرىمۇ
قار ـ مۇز ئۈستىدە تېيىلىپ ماڭالمايتتى . ئەمما چېرىكلەر
ئۇلارنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ ، ئارقىدا قالغانلىرىنى
نەيزىلىرى بىلەن ئۇرۇپ ، نوقۇشلاپ ھەيدەيتتى . كۈندۈزى
سوغۇق سۇ ئېچىپ ، كېچىلىرى زەي يەرلەردە يېتىپ سوغۇق
ئۆتۈپ كەتكەن قىزلار يۆتىلىپ ، كۆك مۇز ئۈستىدە ئۆمىلەپ
دېگۈدەك ئاران كېلىۋاتاتتى . ئۇلار ئويۇپ ياسىغان يولنىڭ
ئىككى تەرىپىدىكى ئۆزلىرىنىڭ بويىدەك ئېگىز مۇزنى تۇتۇپ
بىرئاز مېڭىۋىدى قوللىرى ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى . بۇ
ئازابقا چىدىيالماي يولنىڭ چېتىگە يىقىلىپ قالغان قىزلار
كۈلتۈك قارغا پېتىپ قالاتتى . بەزى قىزلارنىڭ ماڭالمايدى-
غانلىقىغا كۆزى يەتكەن چېرىكلەر ئۇلارنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىك-
لىكىنى بايقاپ كۆرگەندىن كېيىن نەيزىلىرى بىلەن نېرى
ئىتتىرىپ ، ئۆلگەن ئات ـ ئېشەكلەرنىڭ ئارىسىغا تاشلايتى-

تى . ئادەمنىڭ بېشىغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ئېسىلىپ تۇرغان ھاڭ تاشلارنىڭ ئاستىدىن يىلاندەك تولغىنىپ ئۆتىدىغان يولنىڭ بىر تەرىپى تېگىگە كۆز يەتمەيدىغان چوڭقۇر ساي ئىدى . ئۇ يەرگە غۇلىغان ئادەم تىرىك قالمايتتى . سايىنىڭ تېگىدە بولسا يېڭىلا غۇلاپ كەتكەن ئات - ئېشەكلەر پۇتلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ داردىيىپ ياتاتتى . بارغانسېرى ئېگىزلەپ ، ئادەمنىڭ بېشىدا تۇرغاندەكلا كۆرۈنىدىغان چوققىغا قانچە يېقىنلاشقانسېرى چېرىكلەرنىڭ ئاتلىرىمۇ تۇمشۇقلىرىنى كېرىشىپ ، خارتىلداپ ماڭالماي توختاپ قالاتتى . ئۇلار ئېگىز ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆك مۇزغا ئۇلاشقاندا ، ئۇنى دەسسىگۈسى كەلمىگەندەك كەينىگە داجىپ ، چاپچىپ تۇرۇۋالاتتى - دە ، ئاندىن ئالدى پۇتلىرى مۇزغا تېگىشى بىلەن قارشىسىدا كېتىۋاتقان سۈرگۈنلەرنى دەسسىۋېتىدىغاندەك سەكرەپ ئۆرلەپ چىقىپ كەتتى . مۇنداق چاغدا ئىككى تەرىپى تار ، قىستاڭ يولدا ئاران كېلىۋاتقان تۇتقۇنلار ئۆزلىرىنى نەگە ئېلىشنى بىلمەي ، ئالاقزادە بولۇشۇپ ، بەزىدە ئاتلارنىڭ ئايىغىغىلا يىقىلاتتى . پالتا ھەم جوتۇلار بىلەن يولنى ئويۇپ كېڭەيتىۋاتقان داۋانچىلارمۇ تۇتقۇنلارغا ياردەملىشىپ ، يىقىلغانلىرىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قوياتتى . پەلەمپەي قىلىپ ياسىغان يول بىلەن تىك تاغنىڭ چوققىسىغا چىققۇچە ، ماغدۇرى قالمىغان قىزلار ، باشلىرى قېيىپ تۆۋەنگە قارىيالمايتتى . شۇڭلاشقا ئۇلار نېمە بولساقمۇ بىللە بولايلى دېيىشىپ ، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلەك - پەشمەتلىرىنى قويۇپ بەرمەي ، مەھكەم تۇتۇۋېلىشقانىدى . كۆپچىلىكى خۇددى بۇ يوللارنىڭ ئېپى - جېپىنى نۇزۇگۇم ياخشى بىلىدىغاندەك ئۇنىڭدىن ئايرىلماي كېلىشىۋاتاتتى .

قىزلار مۇزداۋانغا كۆتۈرۈلگەندە ئۆزلىرىنى بىرى تېڭىپ قويغان كۆزلىرىنى ئېچىۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى. باش - ئايىغى يوق كەڭ تۈزلەڭدىكى ئاق قارغا قارىسا كۆز قامىشاتتى. ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن كۈن ئۆز نۇرىنى كۆپلەپ چاچقاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمما نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭ ئىسسىقى تۈگەپ قالغاندەك سۆرۈن ئىدى. مۇزداۋانغا ئۇلاشقاندىن بېرى ھاڭ تاشلار ئارىسىدىكى قىستاڭ يوللاردا مېڭىپ كېلىۋاتقان تۇتقۇنلار تاغ بېشىدىكى تۈزگە چىققاندا تېخىمۇ مۇزلاپ، لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى. كېچىچە قار ئۈستىگە چۈشكەن قىرونى ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقان بوران بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. قىزلار ئەتراپقا ئەرۋاھى ئۇچۇپ ھەيران بولۇپ قارايتتى. ئۇلارغا مۇشۇ داۋانغا چىقىۋالسىلا بارلىق جەبىر - جاپالىرى تۈگەيدىغاندەك قىلىۋىدى، ئەمدى ئەتراپقا سەپسېلىپ قارىسا ئالدىدا يەنە قارلىق ئېگىز چوققىلارنىڭ ئاقىرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ چوڭقۇر غەمگە پاتتى. ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىنى باش - ئۇچى يوق قارلىق ئېگىز چوققىغا چىقىپ قالغاندەك سەزدى. ئاق قار ئۈستىدە تۇرغان قىزلار نەگە ماڭارىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ قېلىشتى. بۇ يەردىن قايتىپ چۈشۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇرىلىرىنى يېپىپ تۇرغان ئۇزۇن چاچلىرىغا مۇز قېتىپ، كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلىپ كەتكەن بەزى قىزلارنىڭ تەنلىرى ئېچىلىپ قالغانىدى. ئىلگىرى ئار - نومۇستىن قورقۇپ، ئەر كىشىگە تىكىلىپ قاراشقا ئەيمىنىدىغان قىزلارنىڭ ئەمدى ئۆزلىرىگە قارىغۇچىلىكى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى سوغۇقتا كۆكىرىپ، پۇتلىرى مۇزلاپ ئۇششۇشكە باشلىدى. قىزلار تاغ بېشىغا چىقىپ بىر ئاز ھاڭ-

ۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ ، ئۆزلىرى-
نى توختىتالماي يىغلىشىپ كەتتى .

— بۇ يەنە نېمە كۆرگۈلۈكتۇر ، نۇرۇۇگۇم ؟ شۇنچە كۈن-
دىن بېرى تارتىۋاتقان جاپالىرىمىز ئازمىدۇ ؟

— ياراتقان ئىگەم بىزنى قايسى گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن
مۇنچىلىك قىينايدۇ ؟

— مۇشۇ كۈنلەرنى كۆرگىچە نېمىشقىمۇ قەشقەردە ئۆ-
لۈۋالمىغاندىمىز ؟

— بۇ يەرلەردە بۆرىلەرگە يەم بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغان
ئوخشايمىز . نەكاشكى ، جاننى ئېلىپ قاچقۇدەك بىرەر يەر
بولسىچۇ ؟ !

شۇنچە يول مېڭىپ كۆپ ئازاب چېكىپ تۇرسىمۇ قىيىن-
چىلىققا بەرداشلىق بېرىپ ، كۆز يېشى قىلمىغان قىزلار
ئەمدى ئاق قار ، كۆك مۇز ئۈستىدە بەزلىگۈدەك ھېچكىمى
يوق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ يىرتىلىپ كەتكەن كۆڭلەكلىرىدىن
ئۆتكەن سوغۇق شامال بەدەنلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ توڭلىتى-
ۋەتكىنىگە قارىماستىن ئۇزاق يىغلاشتى . ئۇلارنى قىلىچ -
نەيزىلەرنىڭ ئاستىدا ئەكېلىۋاتقان چېرىكلەر ئۆز ھەلەكچىلى-
كىدە بولۇپ قالدىمۇ ، خېلى ۋاقىتقىچە قىزلارغا تەگمەي ،
ئۇلارنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بەردى .

تۇتقۇنلار مۇشۇنداق يىغلاپ تۇرۇۋەرسە بەدەنلىرىدىن
سوغۇق ئۆتۈپ ، توڭلاپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسا
كېرەك ، بىر چاغدا ئۇلار ئۆزئارا دوستلىرىنىڭ مۇرىلىرىدىن
قوللىرىنى چۇشۇرۇپ ، كۆز ياشلىرىنى سۇرتۇشكە باشلىدى .

— يۇرۇڭلارا ، قوزغىلايلى ، مېڭىپ تەنلىرىمىزنى ئىس-

ستىمساق بۇ يەردە توڭلاپ قېلىشىمىز مۇمكىن ،— دېدى بىرىنچى بولۇپ ئورنىدىن قوزغالغان نۇزۇگۇم .

پەقەت شۇ چاغدىلا ئەس - ھوشىنى يىغىشقا باشلىغان چېرىكلەرمۇ :

— قېنى مېڭىش ، تېز - تېز !— دەپ قىزلارنى كەينىدىن ھەيدىدى .

## VI

ئاق قارغا پۇركەنگەن تەڭرىتاغنىڭ ئۇستى تىمتاسلىقتا چۆككەندى . تۇتقۇنلار باش - ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان چەكسىز تۇزلەڭگە ئۇلاشقاندا ، قىبلىدىن چىقىۋاتقان شامال تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى . ئەمدى داۋانچىلار تازىلاپ ماڭغان يوللارمۇ تارىيىپ ، ئۇنىڭ چەتلىرىدە ئۇ يەر - بۇيەردە بۇگۇن ئۆلگەن ئېشەكلەر بىلەن ئاتلارنىڭ ئۆلۈكلىرى داردىيىپ ياتاتتى . بۇنىڭدىن بىرەر كۈن ئىلگىرى ئۆلگەن ماللارنى ئاخشام يەپ تويۇۋالغان بۆرىلەر يىراقتىكى ئېگىز چوققىلارغا چىقىۋېلىپ ، يول بويى چۇۋۇرلىشىپ كېتىپ بارغان ئادەملەرگە سەپسېلىپ قاراپ تۇراتتى . بۆرىلەر يەپ تۈگىتەلمىگەن ئاتلارنىڭ كۆزلىرى خۇددى تىرىك ئاتنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ كۆرۈنەتتى . يول ياقىسىدا ئۆلۈپ ياتقان ئات - ئېشەكلەرنىڭ يانپاشلىرى يوق ئىدى .

— ۋىيەي ، ئاۋۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈكىگە قاراڭلار ،— دېدى بۇۋىئايشەم قېشىدا كېلىۋاتقان نۇزۇگۇمغا قاراپ ،— يېڭىلا ئۆلگەن ئوخشايدۇ . بۇ ئالدىمىزدا ھەيدەپ ماڭغان ئەرلەردىن

بىرىنىڭ ئۆلۈكىمىدۇر ؟

بۇ سۆز نۇزۇگۇمغا يۈرىكىگە يېڭنە سانجىغاندەك تەسىر قىلدى. ئۇ «ئاكام ئەمەستۇر ؟ !» دېگەندەك، يول چېتىدىكى بېشى قارغا پېتىپ قالغان ئۆلۈككە تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيگەن پەرەنجىسى بىلەن بېلىگە باغلىغان بەلۋېغى ئاكىسىنىڭكىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ. نۇزۇگۇم بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. ئۇ يول چېتىدىكى سارغىيىپ قالغان قارنى كېچىپ ئۆلۈككە يېقىنلاشتى.

— ھەي قىز، سىزگە نېمە كۆرۈندى. بېرى ئۆتۈڭ!

— ئۆلۈككە قارىسا يامان بولىدۇ.

ئەمما نۇزۇگۇم دوستلىرىنىڭ ۋارقىرىغىنىغا قارىماستىن قارنى كېچىپ بېرىپ، ئۆلۈكنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ بار كۈچى بىلەن قېتىپ قالغان ئادەمنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. ئاكىسى ئەمەس ئىكەن. ئۇ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، كەينىگە قايتىپ يولدىكى قىزلارغا قوشۇلدى.

— ئەخمەق قىز، سىزگە ئۇ نېمە كۆرۈندى؟

— ئاكام چېغى دەپتىمەن.

نۇزۇگۇم ئۆلۈكنىڭ چىرايىغا قارىغاندا قورقۇپ كەتتىمۇ ياكى بېشىغا بىرەر ئوي كەلدىمۇ، خېلى يەرگە بارغۇچە گەپ - سۆز قىلماي ماڭدى. قىزلار يولنىڭ چېتىدىكى ماللارنىڭ ئۆلۈكلىرى بىلەن بىللە توڭلاپ قالغان ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىنى قاغىلار چوقۇپ يەپ كەتكىنىنى كۆرگەندە، ئۆزلىرىمۇ بىر يەرگە بېرىپ ئاشۇلارغا ئوخشاش ئۆلۈپ كېتەرمىزمۇ دەپ تەشۋىش يېيىشكە باشلىدى.

قىزلار مېڭىشنى ئىتتىكلەتتى. توپقا يېتىشەلمىگەن

ياش قىزلار ياغلىقلارغا تۇگۇۋالغان نەرسىلىرىنى مەيدىلىرىگە چىڭ بېسىپ يۇگۇرۇپ كېلىۋاتاتتى . سۇرگۇنلەر مۇزداۋان-دىن چىقىپ ئىلگىرىلىگەنسېرى بۆرىلەر بىرىنىڭ يانپىشىنى يۇلۇۋالغان ، بىرىنى بوغۇزلاپ تاشلىۋەتكەن ، بىرىنىڭ ئۈ-چەي - قارنىنى چۇۋۇۋەتكەن ماللارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەي-دى . كۆپ يىلدىن بېرى ئۆلگەن ماللارنىڭ قېنى سىڭىپ ئېرىمەي ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قار سارغىيىپ ، قانداقتۇر باشقىچە بىر تۇسكە كىرىپ قالغانىدى .

ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت يوق . قۇياش پارقىراپ كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ نېمىشقىدۇر بۇ يەرگە ئىسسىق ئۆتمەيت-تى . ئۇ ئېگىز تاغ كەينىگە مۆككەندە ئالەمنى مەڭگۇ يورۇ-مايدىغان قاراڭغۇلۇق باسىدىغاندەك سېزىلەتتى .

بىر چاغدا تاغنى زىلزىلىگە سالغان قاراسلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى .

— ۋاي ، ئاپا !ئاستا ماڭساق توڭلاپ قالىمىز ،— دەپ قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان قىزلار خۇددى بايا ئۆزلىرى ئويلىغان ئاخىر زامان يېتىپ كەلگەندەك ، بىر - بىرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ قېلىشتى .

— بۇ نېمە بالادۇر ؟

— يەر تەۋرەپ ، تاغ ئۆرۈلۈۋاتىدىغۇ دەيمەن ،— دېدى قىزلارنىڭ بىرى .

قاراسلىغان ئاۋاز بېسىلىپ ، بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، ئالدىدا كېتىپ بارغان قىزلار كەينىدىكىلەرگە :

— مۇز يېرىلىپتۇدەك ،— دېدى چۇرقىرىشىپ .

— مۇز يېرىلسىمۇ مۇشۇنداق قاتتىق ئاۋاز چىقامدۇ !— دېيىشتى ئارقىدىن كېلىۋاتقان قىزلار ھەيران بولۇپ .

تەبىئەتنىڭ بۇ قىسمىتىدىن قورقۇپ ، تېخىمۇ تەش-
ۋىش - قايغۇدا قالغان تۇتقۇنلار ئاللا - تۇۋا ئوقۇشۇپ ، بۇ
يەردىن چاپسانراق ئۆتۈپ كېتىشكە ئالدىرىغاندا ، ئالدىدا كې-
تىپ بارغانلار توختاپ قالدى .

— هاي ، يەنە نېمە بوپتۇ ؟— دەپ سوراشقا باشلىدى كەي-
نىدە كېلىۋاتقانلار .

— مۇز يېرىلغان يەردىن ئۆتكىلى بولمايۋېتىپتۇدەك .

— بىرمۇنچە ئات ۋە ئادەملەر مۇزنىڭ تېگىگە چۈشۈپ
كېتىپتۇ ! ئاۋايلاپ مېڭىڭلار ،— دېگەن گەپ - سۆزلەر تار-
قىلىشقا باشلىدى . قىزلار يەنە غال - غال تىترىشىپ يىغلى-
شىپ كەتتى .

بىر - ئىككى گەزدەك كەڭلىكتە يېرىلغان يېرىقتىن
ئاتلاپ ئۆتەيلى دېسە ، مۇزنىڭ تېگىگە چۈشۈپ كېتەرمىزمى-
كىن دەپ قورققان قىزلار كەينىگە داجىپ ، بىر - بىرىگە
يېپىشىپ ، خېلى ۋاقىتقىچە تىرەجىشىپ تۇرۇشتى . ئۇلار
پەقەت ھەيدەپ كېلىۋاتقان چېرىكلەر دۈمبىلىرىگە ئۇرۇپ
نوقۇشلىغاندىلا ياغلىقلىرىنى بىر - بىرىگە باغلاپ يېرىقتىن
سەكرەشكە باشلىدى . بەزىلەر پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا قارنى ئاس-
تا دەسسەپ يېرىققا يېقىنلىشىپ كېلىپ پەسكە قاراپ قويات-
تى . ئەمما ئىككى - ئۈچ تېرەك بويى چوڭقۇرلۇقتا ئويۇلغان
مۇزنىڭ تېگى كۆرۈنمەيتتى .

بىر - بىرىگە چاپلىشىپ ، قورقۇپ تۇرۇپ يېرىلغان
مۇزدىن ئۆتكەن قىزلار قانچە ئىلگىرى ماڭغانسېرى ئۇلارنىڭ
ئىچىدىكى ئاغرىپ - تارتىپ قالغانلىرى بىر - بىرلەپ يىقى-
لىپ - قوپۇپ كېلىۋاتاتتى . مۇزداۋانغا ئۇلاشقاندىن بېرى
نۇزۇگۇم بىلەن بۇۋىئايشەمنىڭ زورلىشى بىلەنلا قاتاردىن

قالماي سۆرىلىپ كېلىۋاتقان گۈلنىسانىڭ ئەھۋالى بارغانسې-رى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ قىز پۈتنى ئالالماي سۆرىلىپ ماڭاتتى. ئەمما تاغ سوپىدىن ئۆتكەندىن بېرى ئۇنىڭ تېنى ئوتتەك قىزىپ، تېخىمۇ ھالسىرىماقتا. ئاخىر ئۇ نۇزۇگۈمغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— قىينىلىپ كەتتىڭىز، ھەدە. ئەمدى بولار، مېنى مۇشۇ يەردە تاشلاپ كېتىڭ، مەن سىزدىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى.

— ئەخمەق بولماي ئۆيقۇڭىزنى ئېچىڭ، بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن مۇزداۋاندىنمۇ ئۆتۈپ كېتىمىز، — دېدى نۇزۇگۈم بەدىنى قىزىغانسېرى ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلمەي جۆيلۈۋاتقان گۈلنىسانى بەزلەپ. گۈلنىسا بولسا:

— مېنىڭ جېنىمنى قىينىماي مېنى قويۇۋېتىڭلار. قاغا - قۇزغۇنغا يەم بولساممۇ مۇشۇ يەردە يېتىپ قالاي. ئەمدى ماڭغۇچىلىكىم يوق. ئۆلۈكۈم تەگرىتاغنىڭ چوققىسىدا قالسۇن! — دەپ يۇلقۇناتتى.

ئۇ خېلى يەرگىچە سۆرىلىپ ماڭدى.

كۈن ئۆزىنىڭ نۇرىنى چېچىپ ئېگىز چوققىنىڭ كەينىگە مۆكۈشى بىلەن تۇتقۇنلارنىڭ مېڭىشى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئېھتىمال، چېرىكلەر مۇنداق شىۋىرغاندا سوزۇلۇپ مېڭىۋەرسە، كارۋانلارغا قاراقچىلار، ئات - ئۇلاغلارغا بۆرىلەر ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن دەپ قورقتىمۇ، ئۇزاققا سوزۇلغان سەپنىڭ بېشىنى توختاتتى - دە، ئۇلارنى بىر يەرگە دۈگىلەك چەمبەر شەكلىدە يىغدى. سورگۇنلەر چۆرىسىگە كىگىز ئۆي ۋە چېدىرلارنى تىكتى. بۇ ئۆيلەرنىڭ بىر قىس-

مىغا تۇتقۇنلارنى قوي سولىغاندەك تىقىپ ياتقۇزدى ـ دە ، ئۆزلىرى ئۇلاغقا ئارتىپ ماڭغان ئوتۇن ـ تېزەكلەرنى ئوت قالاپ ئىسسىنىشقا كىرىشتى .

بۇ كېچىسىمۇ سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەن گۇلنىسانىڭ تېنى قىزىپ ، تاڭ ئاتقۇچە توۋلاپ ، تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى . ئۆمۈر بويى ئاق قار ، كۆك مۇز ئۈستىگە تىكىلگەن كىگىز ئۆيدە يېتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن ، ھەتتا ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان قىز-لارنىڭ بەزىلىرى يۆتىلىپ ، بەزىلىرى توۋلاپ ، يەنە بەزىلىرى سوغۇقتا ئۆزىنى ئىسسىتالماي ئۇششۇپ قالغان پۇتلىرى ئې-چىشىپ ئاغرىپ ، ھېچكىمنىڭ كۆڭۈل ئارامى بولمىدى . كېچىسى سوغۇق كۈچەيگەنسېرى قەيەردىدۇر قارسىلداپ مۇز يېرىلاتتى . مۇنداق چاغلاردا قىزلارغا خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئاستىدىكى مۇز يېرىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ، ئورنىدىن سەك-رەپ تۇرۇپ كېتەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندۈزى كۆرۈنمە-گەن بۆرىلەرمۇ ئەتراپنى بېشىغا كىيىپ يېقىنلا يەردە ھۇۋلى-شاتتى . ئۆز ھەلەكچىلىكىدە قالغان تۇتقۇنلار بۆرىلەردىن تېخىمۇ قورقۇپ ، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي چىقاتتى .

چېرىكلەر ئەتىسى تۇتقۇنلارنى كۈن چىقا ـ چىقماستىنلا ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزۇپ ھەيدەپ ماڭدى .

كېچىچە ئاغرىپ ئۇخلىماي چىققان گۇلنىسانىڭ نەپىسى قىسىلىپ ئارانلا دەم ئالاتتى . ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭى-شى بىر چەتتە تۇرسۇن، ھەتتا كۆزىنى ئېچىشقىمۇ چامىسى كەلمەي سۇنايلىنىپ ياتاتتى .

— بۇ قىز بەربىر ساقىيىپ كېتەلمەيدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇ مۇشۇ يەردىلا قالسۇن ،— دېدى چېرىكلەر بۇ قىزنىڭ داۋاندىن چۈشكىچە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ .

— گۈلنىسانىڭ ئۆلۈكىنى بۆرىلەرگە يەم قىلمايمىز . قەشقەردىن بىللە چىققاندىن كېيىن ئۆلسەكمۇ بىللە ئۆلىمىز . ئۈنىڭسىز بۇ يولدا تالاي دوستلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق ، — دېدى نۇزۇگۇم .

— راست دەيدىلا ، — دېدى بۈۋىئايشەم ، — نېمە بولساقمۇ بۇ قىزنى ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئەكېتەيلى .

قىزلارنىڭ بەزىلىرى پەشمىتىنى ، بەزىلىرى باشلىرىدىكى ياغلىقىنى يېشىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلنىسانى سېلىپ بىر ئاز يەرگىچە سۆرەپ ماڭدى .

يۇقىرىغا ئۆرلىگەنگە قارىغاندا تۆۋەنگە مېڭىش خېلىلا يېنىك ئىكەن . ئەمدى سوغۇقمۇ سەل پەسىيىپ قالغانىدى .

— ئەكەلسىلە ، ئەمدى گۈلنىسانى بىز بىر ئاز كۆتۈرەيلى ، — دېيىشتى نۇزۇگۇمغا يېنىدىكى قىزلار .

— يول ئازابى — گۆر ئازابى دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن بۇرۇنقىلار . بىچارە قىزنىڭ شەپەرەڭدەكلا يېنىكلەپ كەتكىنىنى ، — دېدى ئۇنى قولىغا ئالغان بۈۋىئايشەم .

تاغ يولى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېڭەيگەندە قىزلارنىڭ مېڭىشىمۇ يېنىكلىشىپ قالدى . بۇ تەرەپتىكى تاغلارنىڭ قاپتاللىرىدا قارىغاي بىلەن ئارچىلار كۆپ ئىدى . ھاۋادىن قارىغايلارنىڭ خۇش پۇراقلىرى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى .

— تەسكەينىڭ ھاۋاسى باشقىچە بولامدۇ نېمە ؟ — دېدى يەر تۆۋىنىگە ئىتتىك كېتىۋاتقان قىزلار .

چىڭقى چۈش ۋاقتى ، كۈن قىزلارنىڭ دۈمبىلىرىنى قىزىتماقتا . بەزىلەرنىڭ پېشانىلىرى ، بۇيۇنلىرى تەرلىمەكتە .

— ھەي قىزلار ، ئاۋۇ يەرگە قاراڭلار ! بېھىش دېگەن

مۇشۇمۇ نېمە؟ نېمىدېگەن ياخشى تۇزلەڭلەر! قاراڭلارا، يايلاقلارنىڭ چىرايلىقلىقىغا...

— خانيايلاق دېگەن يەرلەر مۇشۇ بولسا كېرەك. بىزنىڭ دادىلىرىمىز پارىڭىنى كۆپ قىلىدىغان يايلاق مۇشۇغۇ دەيمەن،— دېدى قىزلارنىڭ بىرى،— ئەنە ئاۋۇنى كۆردۈڭلارمۇ، يانباغىردىكى كىگىز ئۆيلەرنىڭ كۆپلۈكىنى.

— ئۇلارنىڭ ئادەملىرى مۇشۇ ياققا قاراپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتىدۇ.

سۈرگۈنلەر تاغدىن چۈشۈپ يايلاققا ئۇلاشقاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئالبانلار يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار كىيىملىرى يىرتىلىپ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، ھالسىزلىنىپ كەتكەن قىزلارنى كۆرگەندە ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئىشەنمەي، ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— ئاينالايىن، ئاناۋ قىز ئۆلۈپ قالغانبا نېمىنە؟ — چارۋىچىلار گۈلنىسانى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان قىزلارغا ئىچى ئاغرىپ قارايتتى،— ئوبال بولغان ئىكەن بېشارىغا.

— مىناۋ قىزداردىڭ سونى تاستاماي كېلە جاتقانىن كۆردېڭبە،— چارۋىچىلار شۇنداق دېيىشىپ، ئۇلارغا يېقىن كېلەلمەي ئۆز ئارا سۆزلەشمەكتە.

— قاراغىم، مىناۋ قىزىڭدى بىزگە بېر!— دېدى قىزلارنىڭ يېنىغا بىرىنچى بولۇپ يېقىنلاشقان، ئۇچىسىغا ئۇزۇن چاپان، بېشىغا ئاق قالپاق كىيگەن سالاپەتلىك ئادەم.

— نېمە دەۋاتىدۇ؟— دەپ سورىدى نۇزۇگۇم گۈلنىسانى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان قىزلاردىن.

— گۈلنىسانى سوراۋاتىدۇ.

— بەرسەڭ بېرەيلى، قانچە قىلغان بىلەن بۇلارمۇ بىزگە

ئوخشاش مۇسۇلمان ئىكەنغۇ . ئۆلۈپ كېتىپ قالسا نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قويار . رىزقىسى تۈگىمىسە ساقىيىپ قالار .

قىزلار داۋاندىن چۈشۈشىگە ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن بىر توپ ئالبان يىگىتلىرى گۈلنىسانى ئېلىپ ماڭغاندا سۇرگۈنلەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن زور ئۈمىدتە قارىشىپ قالدى .

# تۆتىنچى باب

## I

قەشقەردىن پالانغانلارنى ھەيدەپ كەپتۇ دېگەن خەۋەر ئېگىز تاغلاردا ھايات كەچۈرۈۋاتقان چارۋىچىلار بىلەن ئىشلىرى تۆگەپ قالغان ئىلى تەۋەسىنىڭ دېھقانلىرى ئارىسىغا چاقماق تېزلىكىدە تارقالدى. دەسلەپ بۇ خەۋەرنى «بېھىش بۆشۈكى» دەپ ئاتالغان خانيايلاقتا مال بېقىۋاتقان چارۋىچىلار ئاڭلاپ، ئاندىن ئۇ تېكەس دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى ۋە كېگەن، نارىن، قارقارا يايلاقلىرىدىكى چارۋىچىلارغا يېتىشكە باشلىدى. ئۇلار ھەر يىلىنىڭ بۇ پەسلىدە مۇشۇ خانيايلاققا كېلىپ قىمىز ئىچىپ، تاماشا قىلىپ، ئوغلاق تارتىپ، ئات ـ ئۇلاغلارغا ھەر تۈرلۈك ماللارنى ئارتىپ كەلگەن ئەنجانلىق ۋە قەشقەرلىك سودىگەرلەر بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىشاتتى. بۇ يىل بولسا ئۇنداق ئىشلارمۇ يوق.

قەشقەردىكى چىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى جەڭدە جاھانگىر غوجىنىڭ لەشكەرلىرى يېڭىلگەندىن كېيىن، ئۇ تەرەپنىڭ مال ـ دۇنياسى بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراپ، ئادەملىرى ئىلىغا پالانغاندىن بېرى بۇ يەرمۇ سەل قالايمىقان بولۇپ

قالغانىدى . قەشقەرىيەدە ئىككى يىلغا يېقىن چىلىك سۇلالىسى هۆكۈمرانلىرىغا قارشى داۋام قىلغان ئۇرۇش مەزگىلىدە يۇرتنى ، بالا ــ چاقا ، ئاتا ــ ئانىلارنىمۇ تاشلاپ ، جان ساقلاش ئۈچۈن باش ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بەزى ئادەملەرمۇ ئەمدى مۇشۇ يايلاقلاردا تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرەتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قالايمىقان پەيتلەردىن پايدىلىنىپ ، بىر ئاز پۇل ــ دۇنيا يىغىۋېلىش مەقسىتىدە ئەنجان ، قوقەنت تەرەپلەردىكى بازارلارغا بارغىنى بىلەن ئۇ ياقلاردا ئورۇنلىشالماي قاڭقىپ چىقىپ ، ئوش ، قاراقول ۋە يازدا بۇ تەۋەنىڭ بارلىق ماللىرى توپلىنىدىغان قارقارا بازارلىرىنى ئايلىنىپ ، ئەمدى خانيايلاقتا كېلىشكەنىدى . ئۇلار بالا ــ چاقا ، ئۆي ــ ماكانىنىڭ ھەممىسىنى دوغا تىكىۋەتكەن قىمارۋازلاردەك يالاڭتۆش ، بىچارە بولۇپ كۆرۈنگىنى بىلەن يارىچە تاپقان دۇنيالىرى كۆپ ئىدى . تاپقان پۇل ــ دۇنيانىڭ ھەممىسىنى بەللىرىگە باغلاپ ، كېچە ــ كۈندۈز يانلىرىدىن ئايرىماي جېنىنى ساقلىغاندەك ساقلاپ يۈرەتتى . بەزىلەر تاپقان دۇنيالىرىنى ئاز كۆرۈپ ، كۆز كېلىپ ئاق قار ، كۆك مۇزلۇق قىشنىڭ يېقىنلىشىۋاتقىنىغا قارىماي ، بۇ ئەتراپتىكى ئالبان قازاقلىرى ئارىسىدا بىر ئاز ئوقەت قىلىۋالماقچى بولۇپ يۈرەتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇزداۋاندىن يالغۇز ئۆتۈپ كېتەيلى دېسە ، يارىچە تاپقان ــ تەرگەنلىرىمىزنى قاراقچىلارغا تارتقۇزۇپ قويىمىز دەپ ، خانيايلاقتا قەشقەرگە ماڭىدىغان چوڭ كارۋانلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتاتتى . لېكىن مۇزداۋان ئارقىلىق ئىلى تەۋەسىگە پالانغان نەچچە مىڭلىغان ئادەمنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان چېرىكلەر ئۇلارنىڭ سەپىرىنى خېلى كۈنگە كېچىكتۈرۈپ قويغانىدى .

تۇتقۇنلار تاغدىن چۈشكەندە ئۇلارنىڭ قېشىغا بۇ يەردىكى قازاق، ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ جاھاندارچىلىق قىلىپ يۈرگەن قەشقەرلىك سودىگەرلەرمۇ يۈگۈرۈشۈپ كېلىشۋاتاتتى.

كۆڭلەكلىرى يىرتىلىپ، پاچاقلىرىنى تاشلار سىزىپ يارا قىلىپ، كىيىملىرىگە، ئۇزۇن چاچلىرىغا ئارچا ۋە تېۋىلغا يوپۇرماقلىرى چاپلىشىپ كەتكەن تۇتقۇنلار داۋاندىن چۈشكىچە ھېرىپ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنلىكتىن چىرايلىرىمۇ سولغان گۈلدەك غەمكىن ئىدى.

تۇتقۇنلار يايلاقتىكى گىلەمگە ئوخشاش تەكشى ئۆسكەن چىم ئۈستىدە ئويناپ يۈرگەن بالىلارنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قەشقەردە قالغان قېرىنداشلىرىنى ئەسلەپ سېغىنىشلىرى كۈچەيدى. ئەمدى ئۇلار پۇتلىرىنى غاجاپ قانىتىۋەتكەن ئاياغلىرىنى سېلىپ يالاڭ ئاياغ مېڭىشتى.

— قەشقەر تەرەپنىلا ياخشى دەپ يۈرسەك بۇ يەرلەرنىڭ تەبىئىتىمۇ گۈزەل ئىكەنغۇ، — نۇزۇگۇم كۆك چىمەن ئۈستىدە چېلىشىپ ئويناۋاتقان بالىلارغا، قورا - قويلارنىڭ مەرىشىپ يۈرگىنىگە زوقلىنىپ قارىماقتا.

— ئەرلىرىمىز ئېشەكلەرگە يۈك - تاقىنى ئارتىپ، بۇ ياقلاردا جاھاندارچىلىق قىلىپ يۈرگىنى بىكار ئەمەس ئوخشايدۇ. بۇ يەرلەردە مال دېگەن ساينىڭ تېشىدىنمۇ كۆپكەنغۇ، — دېدى تاغ قاپتاللىرىدىكى يەرنىڭ يۈزىنى كۆرسەتمەي يېيىلىپ يۈرگەن ماللارنى كۆرگەن ئاياللار.

— كۆردۈڭلارمۇ ئاۋۇ چەتتىكى كىگىز ئۆيلەرنىڭ چىرايلىقلىغىنى، ئېھتىمال، ئۇ ئۆيلەردە بۇ ياقتىكى ئادەملەرنىڭ بايلىرى تۇرسا كېرەك، — نۇزۇگۇم ئۆپچۆرىسىدىكى نەرسىلەرنى قىزلارغا بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ سۆزىنى

داۋام قىلدى ،— قاراڭلار ، ئاۋۇ كۆك چىمەنلىكتە كىملەردۇر چاي قايناتىپ يۈرىدۇ . ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ يۇرتنىڭ ئادەملىرى بارمۇ نېمە ؟

ئىلى تەۋەسىگە ئۆتكەندىن بېرى بۇ دۇنيادىن ۋاز كەچ-كەندەك ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىگە بىپەرۋا قاراپ كېلىۋاتقان بۇۋىئايشەم دوستىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسىمۇ ، ئۇنىڭغا ئانچىۋالا ئېتىبار بەرمەي ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كېتىۋاتاتتى .

— ھەي بۇۋىئايشەم ، ئاۋۇ ئوت قالاۋاتقان ئىمىنئاخۇنكام ئەمەستۇر ؟··· مېڭىش - تۇرۇشلىرى قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدىكەنا ،— دېدى نۇرۇگۇم تۇيۇقسىزلا .

ئالتە - يەتتە ئايدىن بېرى خەت - خەۋەرسىز كەتكەن ئېرىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا ، بۇۋىئايشەم يۈزىنى يېپىپ تۇرغان قويۇق قارا چېچىنى ئالىقىنى بىلەن كەينىگە قايرىۋې-تىپ ، بېشىنى دەس كۆتۈرۈپ ئوت كۆيۈۋاتقان تەرەپكە قارد-ىدى . راستىنلا ئوت قالاپ ، چاي دەملەپ يۈرگەن ئادەم ئېرى ئىمىنئاخۇننىڭ ئۆزىلىكەنغۇ . ئادەم دېگەن مۇنداقمۇ ئوخشىشىپ كېتەمدۇ . بويىمۇ ئىمىنئاخۇندەك پاكار ، بۇرۇ-نىمۇ كىچىك ئاغزىنى يىپىپ تۇرىدۇ . ئۇچىسىغا كىيىۋالغان يەكتىكى بىلەن لاتا بەلۋېغىمۇ شۇنداق ئوخشاش . ئۇنىڭ سەل ئالدىغا ئېڭىشىپ تۇرغان بويىمۇ ، بويىنىنى بىر يېنىغا قىسىپ تۇرۇشىمۇ ، بادامدوپپىسىنى چوققىسىغىراق تارتىپ كىيىد-شىمۇ بەئەينى ئىمىنئاخۇنغا ئوخشايدۇ :

— ياق ، بىزنىڭكىلەر ئەنجان تەرەپكە كەتكەن ، بۇ ياقلاردا نېمە قىلسۇن ،— دېدى بۇۋىئايشەم ئوت قالاۋاتقان ئادەمنى ئېرىگە ئوخشاتسىمۇ ، كۆڭلىدە پەيدا بولغان مېھىر ھاياجىنىنى بىردىنلا ئىزھار قىلىشقا پېتىنالماي .

— جاھانگىر غوجا يىغىلىقىدىن كېيىن مانجۇ چېرىكلە-
رى ئەنجانلىقلارنى قەشقەرگە يولاتمايدىغان بولدى ئەمەسمۇ ،
شۇڭا سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەر يۇرتقا قايتالماي ، مۇشۇ تەرەپ-
لەرگە كېلىپ قالدىمىكىن دەيمىنا .

— بەلكى...

بۇۋىئايشەم دوستىنىڭ كۆزىچە بۇ كىشىگە ئانچىۋالا
ئەھمىيەت بەرمىگەندەك قىلىسمۇ ، لېكىن كۆڭلى داۋالغۇپ ،
يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى .

— قەشقەردىكى خەقلەر ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا قى-
لىپ ، يۇرتتا قان تۆكۈۋاتقاندا ، مېنىڭ ئېرىم بۇ يەردە
بىرىنىڭ ئوتىنى قالاپ ، خىزمىتىنى قىلىپ نېمە بوپتۇ !—
دېدى بۇۋىئايشەم ئابرۇيىنى چۈشۈرگىسى كەلمەي .

— ھە ، ھەممىلا ئادەم سىلىگە ئوخشاش ئويلايدىغان بول-
سا ، بىز بۇ ياقلاردا سەرسان بولۇپ يۈرەتتۇقمۇ . بەزىبىر
كىشىلەرنىڭ ئانا يۇرت ، بالا - چاقىلىرىدىن كۆرە ، بەللىرى-
گە باغلىۋالغان پۇللىرىنى ئارتۇق كۆرگەچكە مۇشۇ كۈنلەرگە
قالدۇق - دە .

بۇۋىئايشەم كەينىدە كېلىۋاتقان جۇۋاننىڭ ئېيتقان بۇ
سۆزلىرىدىن كېيىن ، ئوت قالاۋاتقان ئادەمنى ئۆز ئېرىم
دېيىشكە ئىزا تارتقاندەك ، ئۇنىڭغا يېنىپ قارىمىدى . ئەكسى-
چە ، ئۇ ئادەم زادى مېنىڭ ئېرىم بولمىسىدى دەپ تىلەۋاتات-
تى .

— ھەي ، بۇۋىئايشەم ، راستىنلا ئاۋۇ ئادەم ئىمىنئاخۇن-
كام ئوخشايدۇ جۇمۇڭ ،— دېدى نۇزۇگۇم ،— يۈرۈش - تۇ-
رۇشلىرى ھەقىقەتەن ئۆزى ، چاقىرىپ باقايمۇ ؟

— يوق گەپنى قىلمىسىلا .

بۇۋىئايشەمنىڭ يا ياق، يا ھە دېيىشكە قارىمايلا نۇزۇگۇم ۋارقىرىۋەتتى.

— ئىمىنئاخۇنكا، ھاي، ئىمىنئاخۇنكا!...— ئۇ چېرىكلەرقوللىرىنى جونۇپ تىللىغىنىغا قارىماي ئۆزلىرىدىن قىرىق - ئەللىك قەدەم نېرىدا ئوت قالاۋاتقان ئادەمنى قول پۇلاڭلىتىپ چاقىردى.

— ئىمىنئاخۇن، سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، ئاۋۇ چىرايلىق چوكان سېنى تونۇيدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئوت قالاۋاتقان ئادەمنىڭ قېشىغا كەلگەن كىشى، — يۇرتۇڭدىن قېرىنداشلىرىڭ كېلىۋاتسا بېشىڭنى كۆتۈرەي دېمەيسەنغۇ؟!

پەقەت شۇ چاغدىلا ئوت قالاۋاتقان ئادەم قولىنى ئالدىغا تارتىۋالغان پەشتامىسىغا سۈرتۈۋېتىپ:

— مېنى چاقىرىۋاتامدا؟ — دەپ ھەيران بولغاندەك بىر پەس تېڭىرقاپ تۇردى - دە، ئاندىن ئاستا مېڭىپ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تۇتقۇنلارغا يېقىنلىدى.

ياق، نۇزۇگۇم خاتالاشماپتۇ! ئۇلارغا قارشى كېلىۋاتقان راستىنىلا بۇۋىئايشەمنىڭ ئېرى ئىمىنئاخۇن ئىكەن.

— راستىنىلا ئىمىنئاخۇنكامكەنغۇ! — دېدى نۇزۇگۇم يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئادەم قەشقەردىكى قوشنىسى ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ.

چارۋىدارلارنىڭ ئوتىنى قالاپ يۈرگەن بۇ ئادەمنىڭ ئۆز ئېرى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بۇۋىئايشەم ئىككى ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى يېپىپ، ئۈنىنى چىقارماي يىغلىۋەتتى. چىرايىنى ئېرىگە كۆرسەتكۈسى كەلمەي بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان بۇ جۇۋانغا باشقىلارمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلگەن ئىمىنئاخۇن نۇزۇگۇمنى تونۇپ ھەيران بولدى.

— ھوي ، نۇزۇگۇممۇ سىلە ؟… سىلى قانداقلارچە بۇلارغا قوشۇلۇپ قالدىلا ؟— دېدى ئۈنلۈك ھالدا . ئۇ ئاتاۋۇل ئىسىملىك قېرى پەنسادىنىڭ قىزىنى كۆرگىنىگە ئىشەنمەيۋاتقاندەك ياقىسىنى تۇتۇپ سورىدى ،— يائاللا ، سىڭلىم ، سىلىنى راست كۆرۈۋاتىمەنمۇ ، يالغانمۇ ؟ ئەلە - مەلە قانداق ، تىنچلىقمۇ ؟

— تىنچلىق . ئۆزلىرى بۇياقلارغا قانداق كېلىپ قالدىلا ، ئىمىنئاخۇنكا ؟— سورىدى نۇزۇگۇممۇ بۇ ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالغىنىغا ھاياجانلىنىپ .

— ھاياتنىڭ گەردىشى شۇنداق ئىكەن - دە ، سىڭلىم ،— دېدى ئۇ تۇتقۇنلارغا يېقىنراق بارالماي .

بۇ ئىككىسىنىڭ سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كېلىۋاتقان بۇۋىئايىشەم ، گويا ئېرىنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىماي دېگەندەك ، چېكىلەپ تېڭىۋالغان ياغلىقىنى چۈشۈرۈپ قۇلىقىنى ياپتى .

— بىز بىلەن بىللە كېتىۋاتقانلار ئارىسىدا بۇۋىئايىشەممۇ بار !— دېدى نۇزۇگۇم باياتىن ئۇنىڭغا ئاساسىي ئادەمنى كۆرسىتىشنى ئۇنتۇپ قالغىنىنى ئەسلەپ .

— بۇۋىئايىشەم ؟ !— ئىمىنئاخۇن بۇ ئىسىمنى ئاڭلاپ سەل مەڭدەپ قالدى - دە ، ئاندىن ،— قېنى بۇۋىئايىشەم ؟— دەپ ۋارقىراپ تۇتقۇنلارغا تېخىمۇ يېقىنلاپ كەلدى ۋە ئۇيقۇسىدىن بىمەزگىل ئويغانغان ئادەمدەك تېنەپ - تەمتىرەپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى .

— ئايىشە ، ھاي بۇۋىئايىشە ، سەن نەدە ؟

— ئەنە ، نۇزۇگۇمنىڭ قېشىدا كېتىۋاتامدۇ ؟— دېدى قىزلار .

— مانىغۇ !— نۇزۇگۇم يۈز - كۆزىنى ياغلىقى بىلەن

پۈركەپ يېپىۋېلىپ ، ئىتتىك كېتىپ بارغان جۇۋاننى شەرەت قىلىپ كۆرسەتتى . ئىمىنئاخۇن دەرھال ئايالىنى تونۇدى .
— ھەي ، بۇۋىئايشەم ، بېشىڭنى كۆتۈرسەڭچۇ ! بۇ مەن-
غۇ ، جېنىم . سېنى كۆرمىگىلىمۇ بىر تالاي ۋاقىت بولۇپ كېتىپتۇ .
بۇۋىئايشەم قولىقىنى تېخىمۇ قاتتىقراق يېپىپ ئۈنلۈك يىغلىدى .
— كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىنا ، بۇۋىئايشەم . مانا مەن تىرىك-
قۇ ، ماڭا قارىساڭچۇ ، جېنىم ،— ئىمىنئاخۇننىڭ ئاۋازى يىغا ئارىلاش ئاڭلاندى .
— مۇنداق تىرىك يۈرگەندىن ئۆلۈپ كەتكەنلىرى ياخشى ئەمەسمىدى ،— دېدى بۇۋىئايشەم بېشىنى كۆتۈرمەي .
— ۋۇي ، ماۋۇ خوتۇن نېمە دەيدۇ . مەن سېنى ئوبداڭ-
راق بېقىش ئۈچۈن جاھاندارچىلىق قىلىپ يۈرىمەنغۇ...
بۇۋىئايشەم بايا خوتۇنلار بىلەن ۋەتەن ، يۇرت ، ئەرلەر توغرۇلۇق قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئېسىگە ئالدىمۇ ياكى بار-
لىق قەشقەر خەلقى ئانا يۇرتنى دەپ قان تۆكۈپ ، جەڭ قىلىۋاتقاندا ئېرىنىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈن بۇ تەرەپلەرگە كې-
لىپ ، خەقلەرنىڭ مېلىنى بېقىپ ، ئوتىنى قالاپ يۈرگىنى جېنىغا پېتىپ كەتتىمۇ ، شۇنچە ۋاقىتتىن بىر ئەركەك دىدا-
رى بولسا شۇنىڭ بىلەن كېتىشكە تەييار تۇرغاندەك كۆرۈنگە-
نى بىلەن ھازىر يەتتە يىل ئۆي - ئوچاقلىق بولغان ئېرىگە قاراپمۇ قويمىدى .
— نېمانچە يىغلايسەن ، بۇۋىئايشەم ؟ تەقدىر شۇنداق ئى-
كەن . بېشىڭنى كۆتۈرگىنە ، سېنى قانداق بولسىمۇ قۇتۇل-
دۇرۇپ كېتىمەن . پۇلغا سېتىۋېلىش كېرەك بولسا سېتىۋ-

ۋالغۇچىلىكىم بار . پۇل دېگەن مانا !— ئىمىنئاخۇن يازىچە تاپقان تاپاۋىتىنى چىگىپ ، باغلىۋالغان بەلۋېغىنى كۆرسەت-تى ،— مېنى ئوقەت قىلماي بىكارغا لەلەگلەپ يۈردى دەپ قالما .

— ئەمدى ئۇ تاپقان پۇللىرىنى چېكىلىرىگە تېگىۋالسى-لا .

— مۇنۇ نېمە دەۋاتىدۇي ، خالايىق ! بۇۋىئايشەم ، ئەڭ بولمىغاندا خۇدادىن قورقساڭچۇ !

ئىمىنئاخۇن ئايالىغا گەپ قىلىمەن دەپ پات - پاتلا چۆپلەرگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشەتتى - دە ، ئاندىن يەنە تۇرۇپ ماڭاتتى . ئايالىغا قاتارلىشىپ يېتىپ كەلگەندە ، نەي-زىسىنى تەڭلەپ ، يېقىن كەلتۇرمەيۋاتقان چېرىكلەرگە : «مۇ-نۇ مېنىڭ خوتۇنۇم !» دەپ بۇۋىئايشەمنى شەرەت قىلىپ كۆرسىتەتتى . بۇۋىئايشەم بولسا ئۇنىڭغا يۈزىنى كۆرسەتمەي يىغلاپ كېلىۋاتاتتى .

— نۇزۇگۇم ، سىڭلىم ، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە بىر نەر-سە دېسىلچۇ . ئۇنىڭغا نېمە بولغان . كېرەك بولسا كۆرەگىد-چە بىللە بېرىپ ، جياڭجۈن جانابلىرىغا يامبۇ تۆلەپ ئۇنى قايتۇرۇۋالغۇچىلىكىم بار ، — دېدى ئىمىنئاخۇن نۇزۇگۇمغا يالۋۇرۇپ .

— مەن نېمە دەيمەن ، ئىمىنئاخۇنكا . بۇ يەرلەرگە كەل-گۈچە بۇۋىئايشەم ئاز جاپا تارتتى دەمدىلا . بەلكى سىلىنى كۆرگەندە شۇ ئېغىر كۈنلەر ئېسىگە چۈشۈپ كەتكەندۇر .

— ھەي ، خوتۇن ، ئاغزىڭغا بېقىپراق سۆزلە جۇما !— دېدى بۇۋىئايشەمگە ئەرلىك غۇرۇرى قوزغىلىپ كەتكەن ئى-مىنئاخۇن .

— هە ، نېمە ، يالغانمۇ ، كۆرۈپ قالغاچقىلا جېنىم ، ئېيتىم ، خوتۇنۇم دەپ ۋارقىرىغانلىقىڭ نېمە كېرىكى ؟ سىلىگە خوتۇن كېرەك ئەمەس ، مال ـ دۇنيا بولسىلا بولدى ! خوتۇن كېرەك ئادەم بالا ـ چاقىسىنى تاشلىۋېتىپ ياقا يۇرتلاردا يۈرمەيدۇ . سىلىگە بۇۋىئايىشەم كېرەك بولسا نېمىشقا قەشـ قەردىكى چاغدا ئېلىپ قالمىدىلا . خۇدانىڭ كۆزى بولسا بىزگە ئوخشاش ئاجىزلارنى ئەر ، سىلىگە ئوخشاش ئەرلەرنى خوتۇن قىلىپ يارىتاتتى . ئەركەك بولغان بولسىلا ، يۇرتىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە نەدىتىلە ؟

— هاي ، شۇنچىلىكمۇ قاتتىق گەپلەرنى قىلغانلىرى نې ـ مىسى ؟ — دەپ رەنجىگەن بولدى بىللە كېلىۋاتقان خوتۇنلار ـ دىن بىرى .

— يالغانمۇ ، بۇ ئادەم ئۇنى كۆرۈپ قالغاچقىلا جېنىم خوتۇنۇم دەپ خېرىدارلىق قىلىۋاتىدۇ ، — دېدى يەنە بىر ئا ـ يال .

خوتۇنلارنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇمىدسىزلەنگەن ئىمىنئاخۇن ئى ـ چىدە غودۇڭشىپ بىرنەرسىلەرنى دېدى ـ دە ، پۇتىدا ماغدۇ ـ رى قالمىغاندەك ، مېڭىشنى سەل ئاستىلاتتى .

بۇۋىئايىشەم تېخىچىلا ئىككى قولىنى مەھكەم يېپىپ بېشىنى كۆتۈرمەي كېلىۋاتاتتى . ئىمىنئاخۇن تۇتقۇنلارغا ئە ـ گىشىپ ، خانىيالاقنىڭ يېرىم يولىغىچە كەلدى ـ دە ، ئاندىن ئايالىنىڭ ئىچىگە ئېرىمەيدىغان مۇز ئورناپ كەتكىنىگە كۆزى يەتتىمۇ ياكى بېشىغا باشقا ئوي كەلدىمۇ ، ئاستا ـ ئاستا كەينىگە چېكىنىپ قېلىۋەردى . بۇنى كۆرگەن بەزى خوتۇن ـ لار : «بەلكى ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خانىيالاقتا يىغىپ

توپلىغان مال ـ دۇنياسىدىن قىيمىغاندۇر ، بەلكى شۇلارنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ ، كەينىمىزدىن قوغلاپ يېتىپ كېلەر» دېيىشتى .

تۇتقۇنلار خېلى يەرگىچە بۇۋىئايشەمنىڭ پارىڭىنى قىلىشىپ ماڭدى ـ دە ، ئاندىن بۇ تەۋەنىڭ تەبىئىتىگە ھەيران بولۇشۇپ ، ئالدىدىكى تېپىشماققا ئوخشاش تەقدىرى ھەققىدە پاراڭ سېلىشقا باشلىدى . ئۇلار ئۆز يوللىرىدا ئۇچراشقان ھەربىر نەرسىگە «بەلكى بىزنىڭ بارار جايىمىز مۇشۇمىكىن» دېگەندەك قارىشاتتى . بۇۋىئايشەم بولسا خانىيلاقتىن ئۆتۈپ كەتكۈچە بېشىنى كۆتۈرمەي جىم ماڭدى . ئۇ ھاياتىدا ئۇچرىغان جاپالارغا بەرداشلىق بېرىپ ، ئۈمىد قىلغان ئېرىنىڭ ئەھۋالى بايىقىدەك بولغاندىن كېيىن ، ئەمدى ھېچكىمدىن ھېچنېمىنى ئۈمىد قىلماي كېتىۋاتاتتى . سەپەرداشلىرى بولسا ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇپ ، خېلى ۋاقىتقىچە گەپ ـ سۆز قىلمىدى . قىزلار بۇ جۇۋاننىڭ ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى بەزلىشىنى مۇۋاپىق كۆردى .

II

سۇرگۈنلەر شاتۇ دېگەن مەھەللىدىن ئۆتۈپ ، تەڭرىتاغنىڭ تەسكىيىدىكى تېكەس ۋادىسىغا ئۇلىششى بىلەن قەشقەردىن مىڭلىغان خوتۇن ـ قىزلارنى پالاپ كېلىۋاتقۇدەك دېگەن خەۋەر موڭغۇلكۈرە ئەتراپىدىكى موڭغۇل ئاۋۇللىرىغا تېز تارقالدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ باشلىرىدا ئۇزۇن بىر ـ ئىككىدىن ئۆرۈم چېچى بار ، بەللىرىگە باغلىغان يېشىل ،

هال ، قىزىل ، قارا بەلۋاغلىرىغا ئاتتىنىڭ قۇيرۇقىدىن ياسال-
غان يەلپۈگۈچ ۋە تاماكا خالتىلىرىنى قىستۇرۇپ ، ئېركە-
گە* راسا تويۇپ چالۋاقىغان موڭغۇللار كېلىشمەكتە ئىدى .
ئاتلىرىغا سىڭايان مىنىشۋالغان مۇڭغۇل بەگلىرىنىڭ بەزى-
لىرى پالىنىپ كېلىۋاتقان بۇ قىز - چوكانلار ئارىسىدىن
خوتۇن قىلىشقا ،بەزىلىرى قۇل ئورنىدا ئىشلىتىشكە لايىقلى-
رىنى سېتىۋېلىشقا ئالدىرايتتى . ئۇلار پالانغان بۇ سۈرگۈن-
لەرنىڭ ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشىدىن بۇرۇن ئۆزلىرى
كۆڭلىگە پۈككەن چىرايلىقلىرىنى ئامبالغا ئېيتىپ ، ئۇنىڭ
ئاغزىنى مايلىۋېتىشنىڭ كويىدا ئىدى .

تۇتقۇنلار قارلىق ئېگىز تاغلاردىن يىراقلىشىپ ، تېكەس
ۋادىسىنى ياقىلاپ ماڭغانسېرى باش - ئۇچى يوق چەكسىز
دالا باشلاندى . بۇ دالا يوللىرى بىلەن ئۆزلىرىنى نەگە ئاپىرى-
دىغىنىنى بىلمەيدىغان قىزلار كۆز ئالدىدا كۆكىرىپ تۇرغان
بىرەر دەرەخلىك جاي كۆرسىلا ، بارار جايىمىز شۇ ئوخشايدۇ
دېيىشىپ ، ئاشۇ تەرەپكە تەلمۈرۈشۈپ قارايتتى . چېرىكلەر
ئۆزلىرىنى مۇنداق يەرلەردە توختاتمىغاندىن كېيىن ئۈمىدى-
لىپ قالاتتى - دە ، يەنە بويىنىغا ئارغامچا سېلىپ سۆرىگەن-
دەك ئىختىيارسىز ئىلگىرىلەيتتى . بەزى قىزلار : «ئەمدى
قانچە جاپا تارتساقمۇ يولدا تارتقان جاپايىمىزچىلىك بولار»
دېسە ، يەنە بىرلىرى : «ئالدىرىماڭ ، كۆرىدىغان كۈنىمىز
ئەمدى باشلىنىدۇ . ئىلگىرى قانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ
مەدەت بولغۇدەك يۇرتىمىز بار ئىدى . ياقا يۇرتلاردا بىزگە
كىم يار - يۆلەك بولسۇن ، قايغۇ - ھەسرەت دېگەننىڭ چوڭى

* ئېركە— موڭغۇللارنىڭ سۈتتىن چىقىرىدىغان يەرلىك ھارىقى .

ئەمدى بىر - بىرىمىزدىن بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن باشلىنىدۇ» دېيىشەتتى.

تۇتقۇنلار ئىلى ۋادىسىغا ئۆتۈشى بىلەن شىمال تەرەپتە قەد كۆتۈرگەن جۇڭغار تاغلىرىنى كۆرۈپ «ئەمدى ئاشۇ قارلىق تاغلارنى بېسىپ ئۆتىمىزمىكىنە؟» دېگەن ئويغا كەلدى. ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىلى ۋادىسىنى قاق ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ، كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا ئېقىۋاتقان يىراقتىكى دەريانى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ تەشۋىش - ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇلار ئىلى تەۋەسىگە ئۆتۈشى بىلەن قارا رەختتىن جىيەك تۇتۇلغان ئاق مالىخاي كىيگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىن كېلىشىدىن قورقۇپ، قايغۇ - ھەسرەتلىرىگە ئورتاقلىشالماي يۈرگىنىنى ھېس قىلىپ:

— بۇلارنىڭمۇ ھالى خاراب ئوخشىمامدۇ؟— دېيىشتى.

دېمىسىمۇ كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلىپ، ئەتىدىن - كەچكىچە ئېتىزدا ئىشلىگىنى ئۈچۈن چىرايلىرى قارىداپ كەتكەن بۇ ئادەملەر بىر - بىرىدىن جۇدەڭ ۋە روھسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرگەن نۇزۇگۇم بىر دەقىقە ئۆزىنىڭ ئېغىر قىسمىتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ: «مانجۇ ئەمەلدارلار بۇ يەردىكى خەلقلەرنىمۇ قول ئورنىدا ئىشلىتىپ قاق ئۇستىخانغا ئايلاندۇرۇپتۇ. زادى بۇ زامان نېمە بولۇپ كېتىپ بارىدىكىنتاڭ. ئەسىرلەر بويى مانجۇ خاندانلىقىغا بويسۇنماي كېلىۋاتقان قەشقەرىيىدىكى خەلقنىڭ ئەھۋالى بولسا ئەنە. بۇ ياقتىكىلەرنىڭ ئەھۋالى مانا. شۇ چاغدا بىزنىڭ ئارىمىزدا مويۇنچۇرغا ئوخشاش دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان باتۇرلارنى تۇغىدىغان خوتۇنلار ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش شىر يۈرەك يىگىتلەر يوقمىكىنە» دېگەنلەرنى

ئويلىدى .

خۇددى نۇزۇگۇمنىڭ ئويىنى بىلىۋالغاندەك :

— مۇشۇنداق ۋەيرانچىلىقلارغا ئۇچراۋاتقان خەلقىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ ، ئازادلىققا باشلىغۇدەك بىرەر قەيسەر تېپىلماسمۇ ؟— دەپ سورىدى قىزلاردىن بىرى .

— تېپىلىشىغۇ تېپىلىدۇ ، ئەمما يالغۇز ئادەمنىڭ نېمىگە چامى يەتسۇن . ئەڭ ئالدى بىلەن خەلقىمىز ئۆم بولۇپ ، بىر ياقىدىن باش ، بىر يەڭدىن قول چىقىرىشى لازىم . ئەلۋەتتە ، شۇ چاغدا غەلىبىگە ئېرىشىش مۇمكىن .

— قاچان شۇنداق ئۆم بولىمىزكىنتاڭ . بىرىمىز بىر ئىش باشلىساقلا ، ئىككىنچىمىز ئۇنىڭغا چالما ئېتىپ ، چەتكە تارتىمىز ،— دېدى نۇرنىسا سۆزگە ئارىلىشىپ .

ئۇلار بۇ چاغدا شىۋاق ئۆسكەن دۆڭنىڭ قاپتىلىدا كېلىۋاتاتتى . نۇزۇگۇمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان قىزلار پۈتلىرىنىڭ ئاغرىپ ، ھېرىپ كەتكەنلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى . ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئوي - خىياللىرى بىلەن بەند ئىدى .

بۇ يەردىكى يولنىڭ تۆپىسىنى يازدا ياغقان يامغۇرلار ئېقىتىپ ، پەقەت قۇم - شېغىللىرىلا قالغان ، بەزى يەرلەرنى ئادەم ئۆتكۇسىز يار ئېلىپ كەتكەنىدى . تۇتقۇنلار قىينىلىپ يۈرۈپ بۇ يەرلەردىنمۇ ئۆتتى .

ئۇلار قاپتاللاردىكى يېزىلاردىن تۆۋەنلىگەنسېرى ، دالانىڭ ئۇيەر - بۇيېرىدە دېھقانلارنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان كەپىلىرى كۆرۈندى . ئەسىرلەر بويى سۇ كۆرمەي چاك - چاك يېرىلىپ ، قاغجىراپ ياتقان شورتاڭ يەرلەر بىلەن كېلىۋاتقان سۇرگۇنلەر بۇ كەپىلەرنى كۆرۈپ ، ئىختىيارسىز ئۇسساپ ،

يېرىلىپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ قوياتتى . چۈنكى بۇ كەپىلەرگە يېقىنلاشقانسېرى دالا شامىلى ئۇچۇرۇپ كەلگەن قوغۇنلارنىڭ خۇش پۇرىقى ئۇلارنىڭ دىماغلىرىغا ئۇرۇلغاندى . سۇرگۈنلەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ كېلىۋاتقان چېرىكلەر بولسا ، مال قورۇسىغا ھۇجۇم قىلغان بىر توپ بۆرىلەردەك قوغۇنلۇقلارغا بېسىپ كىرەتتى ـ دە ، بىر پەسنىڭ ئىچىدىلا يېگىننى يەپ ، يېمىگىننى دەسسەپ ، چېقىپ ۋەيران قىلىۋېتەتتى . چېرىكلەرنىڭ بۇ ۋەھشىيلىكلىرىگە ئىلاجسىز سەۋر قىلىپ تۇرغان قوغۇنچىلار نېمە قىلىشنى بىلمەي ، گويا ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغان ئادەملەردەك باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ شۇك تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى . ئۇلار يازچە قىلغان مېھنىتىنىڭ ھوسۇلىنى ئەمدى يىغىشتۇرغىلىۋاتقاندا ، قۇيۇنتازدەك پەيدا بولغان چېرىكلەرنىڭ قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى خانىۋەيران قىلىۋەتكىنىگە ئىچ ـ ئىچىدىن نەپرەتلىنەتتى . نۇزۇگۇم ئۆزلىرىدىن ئانچە يىراق ئەمەس يەردە كەتمىنىگە تايىنىپ تۇرغان دېھقاننىڭ غەمكىن ھالىتىنى كۆرۈپ :

— چېرىكلەر بۇ بىچارىنىڭ قوغۇن ـ تاۋۇزىدىن ھېچنېمىنى قالدۇرمىدى . ئەمدى ئۇ قارا قىشتىن قانداقمۇ چىقار ،— دېدى ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ .

— شۇنى دېسىلە ، بۇ قايغۇ ـ ھەسرەت بىزگىلا كەلدىمىكىن دېسەك ، بۇ ياقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىدىمۇ يېتىپ ئاشقۇدەك بار ئوخشايدۇ .

قىزلار بىر تالاي يەرگىچە يولدا ئۇچراشقان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ھاياتى ھەققىدە پاراڭ سېلىپ مېڭىشتى .

— بۇ يەردىكى مانجۇ ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچى-

لىرى ئات ئۈستىدە ئويناپ كۈلۈپ يۈرگىنى بىلەن ئۇيغۇرلار ئۇ تەرەپنىڭ خەلقىگە ئوخشاش ئېتىزلاردا ئىشلەپ كۈندە كۆيۈپ كېتىپتۇ.

— بۇ خەقنىڭ بىزنى جەنۇبتىن ئاشلىق ئۆستۈرۈپ، سېپىل سوقتۇرغىلى ئاچىقىۋاتقىنى راست ئوخشايدۇ.

سۈرگۈنلەر يولدا ئۇچرىغان قۇرۇلۇشلاردا باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلارنى كۆرۈپ تېخىمۇ چوڭقۇر غەمدە قالدى.

— ئەسلىدە بىز خەق جاپا - مۇشەققەتكە تۇغۇلغان ئوخشايمىز، — دەيتتى ئىلىلىقلارنىڭ يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتقىنىنى كۆرگەن نۇزۇگۇم.

نەچچە كۈندىن بېرى تاغۇتاشلاردىكى يوللاردا مېڭىپ قىينىلىپ كەتكەن ئات - ئۇلاغلار قۇم - توپىلىق كەڭ دالاغا چىققاندا باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىر خىل قەدەم تاشلايتتى. تۇتقۇنلارغا ئۇيەر - بۇيەردە توپلىشىپ ئۆسكەن توغراقلار، قومۇشلۇقلار ئۇچراشقا باشلىدى. كۆز باشلانغانسېرى دەريا سۈيى تارتىلىپ، يازچە سۇ يېيىلىپ ئاققان يەرلەرنىڭ توپىسى ئەكچىپ يېرىلىپ كەتكەنىدى. دەريا قىرغاقلىرىدىكى مەجنۇنتاللارنىڭ نوتىلىرى سۇغا چىلىشىپ تۇراتتى. بەزى يەرلەردە ئېگىز ئۆسكەن جىگدىلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى كۈمۈشتەك تاۋلىنىپ كۆرۈنەتتى.

— قاغا جىگدىسىنىڭ پىشىپ كەتكىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دېدى قىزلارنىڭ بىرى سول تەرىپىدىكى جىگدىلىكنى شەرەت قىلىپ.

— بۇ يەرلەردە قىزىلگۈللەرمۇ نۇرغۇن ئوخشامدۇ. ئاۋۇ ئېچىلىپ، غولىدا قۇرۇپ، غازاڭ بولۇپ كەتكەن گۈل-

لەرنى قاراڭا. ئەجەبمۇ گۈزەل يەرلەر ئىكەنا بۇ، — دېدى قىزلارنىڭ يەنە بىرى.

— ئەمما يېرى گۈزەل بولغىنى بىلەن ئۇنىڭدا ئويناپ كۈلگۈدەك ئادىمى يوق ئوخشىمامدۇ؟

قىزلار دەريا بويىدىكى مەنزىرىلەرگە زوقلانغان بىلەن پاشىلار ئۇلارنىڭ يالىڭاچ تەنلىرىنى چېقىپ، كۆڭۈللىرىنى بىئارام قىلىشقا باشلىدى.

— بىزنىڭ قېنىمىزنى شورىمىغان پاشىلار قالغان چېغى، — دەپ يۈزىگە قونغان پاشىنى ئالىقىنى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى بىر قىز.

Ⅲ

تۇغۇلغاندىن بېرى قەشقەرگە ئوخشاش شەھەردە ياشاپ كەلگەن قىزلارغا كەچقۇرۇنلۇقى مانانلىشىپ تۇرغان غۇلجا شەھىرى توپا - چاڭ ئىچىدە يېتىمسىراپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ ياسالغان يوغان قومۇش كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتكۈزدى.

دەريانىڭ بۇ قىرغىقىدىن قىرىق - ئەللىك ئادەمنى ئېلىپ ماڭغان قومۇش كېمە سۇنىڭ ئېقىشى بىلەن بىر چاقىرىمدەك ئېقىپ، كېمىچىلەرنىڭ تىنىماي پالاق ئۇرۇشى ئارقىلىق ئاران دېگەندە ئۇ قىرغاققا يېتەتتى. لېكىن مۇنداق كېمىلەر خېلى جىق بولغاچقا چاپسان قاتناپ، تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ قىرغاققا بىر كۈندىلا ئۆتكۈزۈپ بولدى. ئۇلار شەھەر تەرەپتىكى يول ياقىلىرىدا، كۆۋرۈكلەر ئاستىدا ۋە

سۇ ئېقىپ يار ئېلىپ كەتكەن قىرغاقلاردا چېچىلىپ ياتقان
قەبرىلەرنى كۆرۈپ تېخىمۇ روھسىزلىنىپ كەتتى. ئوت -
چۆپ ئۆسمىگەن تاقىر يەردىكى تارقاق ياتقان قەبرىلەرگە
قاراپ بىر ئاز يەرگىچە جىمجىت ماڭدى. ئارىدىكى سۈرۈن
جىمجىتلىقنى يەنە بۇۋىئايشەم بۇزدى.
— ئەتراپىنى پۈتۈنلەي قەبرىلەر قاپلاپ كەتكەنمۇ
نېمە؟— دېدى ئۇ، — شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ يۇرتنىڭ ئادەملە-
رىمۇ بىر زامانلاردا يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەندەك قىرىلىپ
كەتكەن ئوخشىمامدۇ. قاياقتا قارىساق ئاياغ ئېلىپ ماڭغۇ-
سىز زاراتگاھلىققۇ.
— مەنمۇ شۇنىڭغا ھەيران بولۇۋاتىمەن. مۇنۇ قەبرىلەر-
گە قارىغاندا، بۇ يەرنىڭ خەلقىمۇ بىزنىڭ يۇرتلاردىكى ئادەم-
لەردەك يات - پاتلا مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى جەڭ
قىلىپ تۇرامدۇ نېمە؟
— ئۆز زامانلىرىدا بۇ يەرلەردە موڭغۇللارنىڭ قىرغىن-
چىلىقلىرى بولغان. بەلكى بۇ شۇ چاغلاردىن قالغان قەبرى-
لەرمىكىن. چۈنكى بىز خەق ئۆلگەن ئادەملەرنى ئانچىۋالا
ئىگىسىز تاشلىۋەتمەيمىزغۇ. ئىلىخوغا ئۆتكەندىن بېرى كۆر-
گەنلىرىمىزنىڭ كۆپى ئاشۇلارنىڭ قەبرىلىرى بولسا كېرەك.
كېيىنرەك مانجۇلار يۇرتىمىزغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا بۇ
يەرگە ئۇيغۇرلارنى پالىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار تېخىمۇ
كۆپىيىشكە باشلىغان. ئەسلىدە جۇڭغارلار ئۆلگەن ئادىمىنى
سۇغىمۇ، ئايدالاغىمۇ تاشلاپ كېتىۋېرەتتىكەن، — دېدى نۇ-
زۇگۇم ئەتراپقا ھەيران بولۇپ قارىشىۋاتقان قىزلارغا.
— ئاۋۇ زاراتگاھلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئوخشايدۇ، —
دېدى بۇۋىئايشەم قىزلارغا چۆرىسى سوقما تام بىلەن قورشى-

لىپ ، ئەتراپىغا ئاق تېرەك تىكىلگەن قەبرىستاننى كۆرسىتىپ . قىزلار :

— ھە ، شۇنداقتەك قىلىدۇ ،— دېيىشتى - دە ، بىردىنلا كەيپىياتى ئۆزگىرىپ كەتتى . قەبرىستانلىققا كىرىدىغان دەرۋازا كۆك سىر بىلەن سىرلىنىپ ، دەرۋازىنىڭ پېشانىسىگە قۇرئان سۈرىلىرى يېزىلغانىدى . دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان گۈمبەزلىك ئۆيلەر كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى .

— مەنمۇ بىز خەقنىڭ زاراتگاھلىقىنى مۇشۇنداق بولار دەپ ئويلىغۇندىم ،— دېدى بۇۋىئايىشەم ،— بۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش زاراتگاھلىقلارنى بەك پاكىز تۇتىدىكەن . كۆردۈڭلارمۇ ، ئۇنىڭ ئىچىگە گۈللەرنى تېرىپ سەرەمجان قىلىۋەتكىنىنى .

قىزلارنىڭ كۆڭۈللىرى ئورنىغا چۈشۈپ قالغاندەك بولدى .

شەھەر ئىچىدە تام سوقۇپ ، ئۈستىنى بورا بىلەن ياپقان ، بىر - بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان پاكار ئۆيلەر كۆپ ئىدى . ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى ئىنچىكە ئاق تېرەكلەر ، ئادەم قۇچىقى يەتمەيدىغان سۆگەتلەر ، كوچا تەرىپى ئېگىز تام بىلەن قورشالغان ئازادە ھويلىلاردىكى سۇپىلار بىلەن چايخانىلار ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە بۆلەكچىلا ئىللىق كۆرۈنۈپ كەتتى .

— قاراڭلارا ، ئۇلارنىڭ چايخانىلىرىمۇ بىزنىڭ چايخانىلاردىن زادىلا پەرقلەنمەيدىكەن . باراڭلاردا چۈشۈپ كەتكەن قاپاق چۈمۈچلەرنى ، ئۈزۈملەرنى قاراڭلار… بۇ تەرەپتە ئۇيغۇرلارمۇ كۆپ ئوخشايدۇ .

— ھە ، بۇلارمۇ بەربىر بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز -

دە . پەقەت ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىلىغا بۇنىڭدىن يەتمىش -
سەكسەن يىل ئىلگىرى بىزگە ئوخشاش ھەيدىلىپ چىقىقان-
لار ،— دېدى باياتىن بېرى قىزلارنىڭ سوئاللىرىغا ئۆزى
بىلگىنىچە چۈشەنچە بېرىپ كېلىۋاتقان نۇزۇگۇم ،— بۇ تەۋەدە
ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللاردىن باشقىمۇ تائىپىلەر بار ئوخ-
شايدۇ . قاراڭلار ، ئاۋۇ ھويلىلاردا توڭگۇزلار قاتراپ يۈرى-
دۇ .

تۇتقۇنلار بۇنداق ھويلىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ، ئۇ-
نىڭدىن چىقىۋاتقان سېسىقچىلىققا چىداپ تۇرالماي ، ئېغىز-
لىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن يېپىپ ، تەتۈر قارىۋالاتتى .

شەھەر ئىچىدە ئادەم كۆپ ئىدى . باشلىرىغا دوپپا كىي-
گەن ئۇيغۇرلاردىن كۆرە ، ئۇچىسىغا ئۇزۇن ، ئىككى يېنىدا
يېرىقى بار چاپان كىيىۋالغان ، بېشىدا تىزىغا چۈشۈپ تۇرىدى-
غان يالغۇز ئۆرۈم چېچى بار مانجۇلار بازار رەستىلىرىدە ،
دۇكان پوكەيلىرىدە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن غاڭزىلىرىنى پۇرقى-
رىتىپ چېكىشمەكتە . كۈننىڭ ئىسسىقىغا قارىماستىن باش-
لىرىغا قارا يۇڭدىن سېلىندىر شەكىلدە تىكىلگەن كىگىز
قالپاق ، قىلىن چاپان ، ھەتتا جۇۋا كىيىۋالغان موڭغۇللار ،
ئالا چاپان بىلەن ئالا دوپپا كىيگەن ئەنجانلىقلار ، ئاق قالپاق-
لىرىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ ، ئات - تۆگىلەرنى يېتىلىشىپ
يۈرگەن قىرغىزلار ۋە باشقا تونۇش بولمىغان ھەرخىل مىل-
لەت ۋەكىللىرىگە تەۋە ئادەملەر شەھەر كوچىلىرىدا ئۇيان -
بۇيان مېڭىشىپ يۈرەتتى . مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ قەشقەرد-
يىدىكى شەھەرلەرگە ئەۋەتىدىغان نەرسىلىرى مۇشۇ يەرگە
مەركەزلەشكەنلىكى ئۈچۈنمۇ باشلىرىغا ھەر خىل ئۇنىۋاندىكى
باش كىيىملەرنى كىيگەن چېرىكلەرنىڭ باشلىقلىرى كۆپلەپ
ئۇچراپ تۇراتتى .

* *

نۇزۇگۇم بەزىدە ئات مىنگەن ئۇيغۇرلارنى ئۇچرىتىپ قالسا ، بەلكى بۇلار ئارىغا چۈشۈپ بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالامـ دىكىن دېگەندەك ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارايتتى . لېكىن ئۇمىد قىلغان ھېلىقى ئادەملىرىنىڭ موڭغۇل دورغىـ لىرى بىلەن مانجۇ ئەمەلدارلىرىغا يىراقتىنلا ئاتلىرىدىن چۈـ شۈپ ، ئېگىلىپ تەزىم قىلىشىپ ، قول قوشتۇرۇپ تۇرغىنىـ نى كۆرگەندە ئۇلاردىن كۆڭلى سوۋۇپ قالاتتى . بولۇپمۇ ئەزەلدىن ئېزىش ـ خورلاشلارنىڭ ھەممىسىگە كۆنىسىمۇ ، لېكىن خوتۇن ـ قىزلارنى ھاقارەتلىگەندە چىداپ تۇرالمايدىـ غان خەلقنىڭ مۇنداق چۈپەيلىشىپ كەتكىنىنى بايقىغاندا : «زادى زامان بىزدىن يۈز ئۆرۈگەنمۇ نېمە؟ !»دەپ ھەيران بولاتتى . ئەسلىدە شەرقتىكى باي مەدەنىي مىراسقا ئىگە خەلقنىڭ ئاخىرقى يىللىرى مۇشۇنچىلىك ھالغا چۈشۈپ ، ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغىنىنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ ، ئۇنىڭ ئاخىـ رىغا يېتەلمەيتتى ـ دە ، بىر تۇرۇپ بۇنىڭ كۇرمىڭ سەۋەبـ لىرى باردۇر دەيتتى .

— شەھەر ئىچىدە بىز خەققە قارىغاندا موڭغۇللار بىلەن مانجۇ كۆپ ئوخشىمامدۇ ، — دېدى بۈۋۈئايشەم .

— جەڭدىن كېيىن بۇ يەرگىمۇ ئىچكىرىدىن كۆپ ئادەم يۆتكەپ چىقتى ـ دە . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق قىلىپ ئېتىز ـ ئېرىقلارغا چىقىپ كەتكەندۇر ،— دېدى دوستىنىڭ سوئالىغا جاۋابەن نۇزۇگۇم .

ھويلىلاردىكى مال ـ ۋارانلارنىڭ ئايىغىدىن چىققان چىلە ـ قىغلارنى ھارۋىلارغا بېسىپ كېتىپ بارغاچقا ، ئۇلارـ

نىڭ سېسىق پۇرىقى كوچىلارغا تارقىلىپ كەتكەنىدى. بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا قاتار ئۆسكەن ئاق تېرەك، سۆگەت، تاللار كۆپ بولۇپ، شەھەرنى يېشىل بوستانلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما ھازىر قايغۇ ـ ھەسرەتتە قالغان تۇتقۇنلارغا شەھەرنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىسى ئانچە تەسىر قىلمىدى.

ئۇلارنى نەيزە ـ مىلتىق تۇتقان چېرىكلەر شەھەرنىڭ شەرقىدىكى يامۇل تەرەپكە ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. نەچچە كۈندىن بېرى ئۇزۇن يوللاردا جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تەڭ تارتىپ كېلىۋاتقان بۇ قىزلار بىر ـ بىرىگە ئېچەكىشىپ، ئىنتايىن مېھرىبان بولۇپ كېتىشكەنىدى. شۇڭلاشقا ھازىر ئۇلار ئايرىلىپ قالمايلى دېگەندەك قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇشۇپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇلار ئۆزلىرىنى يامۇل قورۇسىغا ھەيدەپ كىرگەندە موڭغۇل، سولۇنلارغا سېتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىغان ھالدا يىغلىشىپ كەتتى.

بۇ چاغدا يامۇلغا كىرگەن ئۇزۇن چاچلىق جىياڭجۇن بىلەن بىرمۇنچە ئەمەلدار ۋە تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇرلارنى ئەرزىنىگە سېتىۋېلىپ، خالىغىنىچە سېتىپ ئۆگىنىپ كەتكەن مانجۇ، موڭغۇل بايلىرى، ئامبال ـ دورغىلار قەشقەردىن كەلتۈرۈلگەن قىزلارنىڭ ئالدى ـ كەينىگە ئۆتۈپ، خۇددى مالغا قارىغاندەك زەن سېلىپ قاراپ، ئۇلارنىڭ نەرخ ـ ناۋاسى توغرۇلۇق سۆزلەشكىلى تۇردى. بۇنى كۆرگەن قىزلارنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، كۆڭۈللىرى پەرىشان بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلمەي، دوستلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن مەھكەم تۇتۇۋالغان ھالدا تۇرۇشاتتى.

تۇتقۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىش ۋاقتى ـ سائىتى
يېقىنلاشقانسېرى نۇزۇگۇمنىڭ كۆڭلىمۇ يېتىمسىراپ مىس-
كىنلىشىپ كەتتى . ئۇ ئۆز بېشىغا بۇ مۇدھىش تەقدىرنىڭ
يەنە قانداق كۈلپەتلەرنى سالىدىغانلىقى توغرىسىدا خىيالغا
پاتقانىدى . يولغا چىققان بىرەر ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى
ئۇ نۇرغۇن سەپەرداش دوستلىرىدىن ئايرىلدى . ھازىر قېشىدا
مۇڭ ئېيتىپ ئەھۋاللىشىدىغان دوستلىرىدىن پەقەت بۇۋىئاي-
شەملا قاپتۇ . ئۇلار بىر ـ ' بىرىگە مۇرىلىرىنى يېقىشىپ
ئولتۇرۇپ پاراڭلاشماقتا .

— پېشانىمىزگە يېزىلغاننى كۆرەرمىز ، نۇزۇگۇم ، ئى-
شەنگەن تاغلىرىمىز ئۆرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، نېمە كۈن
كۆرسەك بەربىر ئەمەسمۇ ،— دېدى ھاياتىنىڭ ھەممە نەر-
سىدىن كەچكەندەك روھسىز ئولتۇرغان بۇۋىئايشەم .

— ئۇنچىۋالا ئۈمىدسىز بولۇپ كەتمىسىلە ، بۇۋىئاي-
شەم . تېخى ئىمىنئاخۇنكام كەينىلىرىدىن كېلىپ قۇتۇلدۇ-
رۇۋالامدۇ ، نەدىن بىلىدىلا ،— نۇزۇگۇم دوستىنىڭ يۈرەك
ئوتىنى ئۆچۈرمەسلىككە تىرىشتى .

— ۋىجدانى قايىنمىغان ئەرنىڭ بارىدىن يوقى ياخشى ،
دوستۇم . مەن ئۇنى خانىيلاقتىن چۇشۇپ كېلىۋاتقاندىلا ئۆل-
دىگە چىقىرىۋەتكەن . كەلگەن بىلەنمۇ يۈزىگە قارىمايمەن .
ئېرىم يوق دېسىمۇ ، ئادەم ئۆزىنى بىرئاز ئەركىن سېزىدى-
كەن ، كۆڭۈلمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ .

— سىلىغۇ ھەرھالدا ئەرلىرىنى كۆزلىرى بىلەن كۆ-
رۈپ كۆڭۈللىرى بىر تەرەپ بولدى . مەن بولسام تېخىچە
سەرسان بولۇپ يۈرىمەن . خېلى ۋاقىتتىن بېرى ئېرىم باقى-
نىڭ بىرەر دېرىكىنى ئالالماي ، كۆڭلۈم غەم بىلەن ئەندىشى-

دىن خالىي بولالماي كېلىۋاتىدۇ .

— بىر ھېسابتىمىغۇ ئەركىشى دېگەننىڭ ئۆزىنى كۆرمەي سىرتىدىن سېغىنىپ يۈرگەن ،ياخشى ئىكەن . ئۆزىنى كۆرگەندىن كېيىن ماڭا ئوخشاش چاپسانلا كۆڭلىڭىز سوۋۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ ،— دېدى بۇۋىئايىشەم .

— ھەيتاڭەي ، مېنىڭ كۆڭلۈم باقەم قېشىمدا ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئولتۇرسىمۇ سوۋۇمايدۇ ··· بۇ تەرەپكە ھەيدەپ ماڭغاندا پالانغانلار ئارىسىدا ئابدۇللا ئاكامنى چالا - پۇلىلا كۆرۈپ قالدىم - دە ، ئاندىن ئۇنىمۇ يوقىتىپ قويدۇم··· ھېيتگاھ مەيدانىدا يىقىلىپ قالغان ئاتامنىڭ تەقدىرى نېمە بولدىكىن ؟ شۇ يەردە قازاغا ئۇچرىغان قىزىمنى ئاپىرىپ يەرلىگىدەك بىرەر مۇسۇلمان چىققانمىدۇر ؟

قايغۇ - مۇڭنى قانچە بېسىپ ، سەۋر قىلىشقا تىرىشسىمۇ ، ئەمما بەزىدە ئۆزىنى تۇتالماي قالىدىغان نۇزۇگۇم بۇ قېتىممۇ يەنە كۆزىگە ياش ئالدى .

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا . بەلكى تارتقان جاپالىرىمىز مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگەپ ، ئەمدى بەختلىك ھايات كەچۈرۈپ قالىمىزمۇ كىم بىلىدۇ . شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى غەيرەت قىلغاندىن كېيىن ، يەنە بىر ئاز سەۋر قىلايلى ،— دەپ ئۆز نۆۋىتىدە دوستىنى بەزلىگەن بولدى بۇۋىئايىشەم .

— ياق ، دوستۇم ، يىغلىمايمەن . قېرىنداشلىرىم ئېسىمگە چۈشۈپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كەتتى . مەن پەقەت شۇلار ئۈچۈن بولسىمۇ دۈشمەنلەردىن ئىنتىقام ئېلىشىم كېرەك . مېنى موڭغۇللارغا ساتسىمۇ لېكىن ئۇلارغا ھەرگىز بويۇن ئەگمەيمەن .

— مانا بۇ گەپلىرى جايىدا بولدى . ئەگەر مېنىڭ ئېرىم

يولۇقمىغان بولسا مەنمۇ سىلىگە ئوخشاش مەھكەم تۇراتتىم. ئەمما ئۇنداق ئەرلەر ئۇچۇن جاندىن خارلاشنىڭ نېمە ھاجىتى… — بۇۋىئايشەم دوستىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى، — ئايرىلىدىغان ۋاقتىمىز بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە قىزلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسىلە، نۇزۇگۇم، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنى كۆرمىسەكمۇ ناخشىلىرىنى ئەسلەپ ئېيتىپ يۈرەيلى.

— بۇۋىئايشەم راست دەيدۇ، قېنى، ناخشا ئېيتىپ بېرىڭا، نۇزۇگۇم، — دېدى بۇۋىئايشەمنىڭ سۆزىنى قوللاپ نۇرنىسا، — قايغۇرۇپ كۆز - ياش تۆكسەكمۇ، بەربىر كۆرىدىغان كۈنىمىز مۇشۇ ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆلسەكمۇ ناخشا ئېيتىپ ئۆلەيلى.

نۇزۇگۇم بىر پەس كۆڭلىنى بېسىپ، ئۆزىنى تۇزەپ، ئىچىدە قوشاق توقۇۋاتقاندەك جىم ئولتۇردى - دە، ئاندىن راستتىنلا خوشلىشىش ۋاقتى يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ، قىزلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش مەقسىتى بىلەن پەس ئاۋازدا ناخشا باشلىدى:

مەن قەشقەردىن چىققىلى،
چۇشەك سېلىپ ياتقان يوق.
ئانام قويغان ساچىمغا،
تاغاق سېلىپ باققان يوق.

ئاتامنى مەن سېغىندىم،
ئاكامنى مەن سېغىندىم.
تىرىكمىكىن شۇ دادام،
خەۋىرىنى بىلمىدىم.

نۇزۇگۇمنىڭ ناخشىسىنى دەسلەپتە ئۇنىڭ چۆرىسىدىكى قىزلار تىڭشىغان بولسا ، كېيىن ئۇنىڭ قېشىغا باشقىلارمۇ كېلىشكە باشلىدى . نۇزۇگۇمنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازدا ئېيتىلغان ناخشىسى تۇتقۇنلارغا يەنە بىر قېتىم ئەل - يۇرتىنى ئەسلەت-كەندەك بولدى . بىر چاغدا يامۇل ھويلىسىنىڭ چېتىدە تۇر-غان ئەركەك تۇتقۇنلار ئارىسىدىن :

— ۋاي سىڭلىم ، بار ئىكەنسىزغۇ ! مەن تېخى سىزنى مۇزداۋانلاردا خېيىمخەتەرگە ئۇچراپكەتتىمىكىن دەپ ۋايىم قىلىپ يۈرەتتىم !— دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى .

نۇزۇگۇم يامۇل ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ۋارقىرىغان ئاكىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇر-دى - دە ، ئۆزىنى ئاكىسىنىڭ باغرىغا ئاتتى .

— جېنىم ئاكا ، سىزنىمۇ كۆرىدىغان كۈنلەر بولىدى-كەن - ھە !

ئۇزۇندىن بېرى بىر - بىرىنى كۆرمىگەن قېرىنداشلار قۇچاقلىشىپ ، كۆز ياش تۆكۈپ يىغلاشتى . بۇ ھالنى كۆر-گەن باشقا تۇتقۇنلار چىداپ تۇرالماي ، خېلى ۋاقىتقىچە ئۆز-لىرىنى توختىتالماي ئۆپكىدەپ يىغلاشتى .

— ئەمدى سىزنىڭدىن بېشىمنى چاپسىمۇ ئايرىلمايمەن . بۇنىڭسىزمۇ ھەممە يېقىنلىرىمدىن ئايرىلىپ يالغۇز - يېگانە بولۇپ قالغانىدىم ،— دېدى نۇزۇگۇم .

— مەنمۇ سىزنى تاشلىمايمەن ،— ئابدۇللا سىڭلىسىنى بەزلەپ ، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى .

— بىز ئاقسۇ تېغىغا ئۇلاشقاندا باقەم كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ يېتىشكەندى ، كېيىن نېمە بولدى ، ئۇنىڭمۇ

خەۋىرىنى ئالالمىدىم.
— هوي، نېمە دەيدۇ مۇنۇ قىز. باقەم تىترىكمى-
كەن؟— ئابدۇللا باقەمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ
كەتتى.
— تىترىك، ئۇياق بىزگە تاغ قىرغىزلىرىغا قوشۇلۇپ
كەتكەن لەشكەر بىلەن هۇجۇم قىلغانىدى. شۇ جەڭدە تالاي
يىگىتلەر ئۆلۈپ كەتتى. ئەمما مەن ئۇنىڭدىن كېيىن باقەم-
نىڭ يا بار، يا يوقلۇقىنى بىلەلمىدىم.
— تىرىك بولسا بىر يەردىن چىقىپ قالار،— دېدى
سىڭلىسىنىڭ كۆڭلىنى بېسىپ ئابدۇللا.
ئاڭغىچە تۇتقۇنلارنىڭ يامۇلغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭ-
لاپ، بۇ يەرگە كەلگەن موڭغۇل بايلىرى قىز-چوكانلارنىڭ
ئارىسىدىن چىرايلىقلىرىنى خوتۇنلۇققا، ئەر خەقلەرنى ئې-
تىز-ئېرىقتا ئىشلىتىش ياكى مال باقتۇرۇش ئۈچۈن
سېتىۋېلىشقا باشلىدى. ئۇلار مانجۇ ئەمەلدارلىرى بۇ قىز-
چوكانلارنىڭ باهاسىنى يۇقىرى ئېيتىسمۇ قىممەت دېمەي،
سورىغان يامبۇ ياكى مال-ۋارانلىرىنى بېرەتتى. بۇرۇندىنلا
قەشقەر خەلقىنى هۇنەرۋەن، ئىشقا ئەپلىك، ئاش-تاماققا
ئۇستا دەپ ئاڭلايدىغان موڭغۇللار بۇ يەردىن بىرەر ئادەمنى
سېتىۋالماي قۇرۇق قايتمايتتى. قوللىرىدا ئۇزۇن غاڭزىلار-
نى تۇتۇپ، يەلكىسىدە پولاڭلاپ يۈرگەن بىر ئۆرۈم چېچى
بار مانجۇ سودىگەرلىرى ۋە بېشىغا تولكە-بولغۇن تېرىلىرى-
دىن تۇماق، ئۇچىسىغا ئۇزۇن قارا چاپانلارنى كىيگەن تۇڭ-
گانلار بىلەن شىبەلەرنىڭ بايلىرىمۇ سېتىۋالغان قۇللىرىنى
ئالدىغا سېلىپ هەيدەپ كېتىپ باراتتى. شۇنچە كۈندىن بېرى
قېرىنداشتەك بولۇپ كەتكەن قىزلار بىر-بىرىدىن ئايرىل-

غۇسى كەلمەي ھۆركىرەپ يىغلايتتى. ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلسا كۆڭلىنىڭ سىرىقىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يامۇلنىڭ ئىچى يىغا - زار، قالايمىقان ئىدى.

— خوش، نۇزۇگۇم، مېنى ئەكېتىدىغان بولدى. نەدە يۈرسەكمۇ ئامان بولايلى، — دېدى خوشلىشىش نۆۋىتى كەلگەن بۇۋىئايشەم ئىككى كۆزىگە ياش ئېلىپ، — مەن ئويلىغان ئوي - ئارمانلىرىمغا يېتەلمىسەممۇ، سىلىگە يېتىش نېسىپ بولسۇن. ئەگەر قەشقەر تەرەپلەرگە قايتىپ بېرىپ قالسىلا، بىللە ئۆسكەن دوستلارغا سالام ئېيتسىلا. مېنىڭ ئەمدى سىلىدىن باشقا كۆڭلۈمگە يېقىن تۇغقۇدەك ھېچكىمىم يوق. سىلى بولسىمۇ مېنى ئۇنتۇمىسىلا.

— ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، بۇۋىئايشەم، ئەمما شۇ قەشقەرنى بىزگە يېنىپ كۆرۈشكە نېسىپ بولامدىكىنتاڭ؟!

— ئۇ يەرلەرگە بېرىش توغرا كەلسە پەقەت سىلىلا بېرىشلىرى مۇمكىن. بىز بۇ يوللاردا كېلىۋېتىپ ئازادلىق ئۈچۈن ئەرلەرلا ئەمەس، بەلكى ئاياللارمۇ كۈرىشىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى، بەزى ئەرلەرنىڭ باشقا قىيىنچىلىق چۈشكەندە ئاياللاردىنمۇ ئاجىزلىشىپ، ھەرقانداق پەسلىك، ئىپلاسلىقلارغا بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۇق. ئۇلار بېشىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئەل - يۇرت، خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنىمۇ سېتىۋېتىدىكەن. خۇدايىم ئاشۇنداق ئەرلەردىن كۆرە، سىلىدەك ئاياللارغا مەدەت بەرسۇن.

— ھەي، ئاۋغاي*، كۆپ سۆزلىمەي ماڭساڭچۇ! — دەپ

* ئاۋغاي — موڭغۇلچە خوتۇن، ئايال دېگەن مەنىدە.

ۋارقىرىدى بۇۋىئايىشەمگە، ئۇنى سېتىۋالغان موڭغۇل باي.

تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئاتتا ئولتۇرۇپ يۇرگەنلىكتىنمۇ، پۇتلىرى ئورغاققا ئوخشاش ئەگرى، تاۋاقتەك يۇزىدىكى كىچىك كۆزلىرىدىن چاپاق قايناپ تۇرىدىغان قىسقا قاشلىق موڭغۇل باي بۇۋىئايىشەمنى سىلكىشتۇرۇپ ھەيدەشكە باشلىدى. بوينىغا ئۇمۇر بويى يېشىلمەيدىغان بويۇنتۇرۇق سېلىنغىنىنى سەزگەن بۇۋىئايىشەم كۆزلىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان ياشلىرىنى توختىتالماي يىغلىماقتا.

يۇرتتىن ئايرىلىشمۇ، شۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرىدىن ئايرىلماي كېلىۋاتقان جۇدالىقنىڭ دەردىنى ئانچىۋالا سەزمىگەن نۇزۇگۇممۇ ئۆزىنى بۇۋىئايىشەم بىلەن خوشلاشقاندا يۇرىكىنى بىرى سۇغۇرۇۋېلىپ كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ھەتتا: «ھەي، باي، مېنىمۇ بۇۋىئايىشەمگە قوشۇپ ئاچىقىپ كەتكىن. قانداق قىيىنچىلىق بولسىمۇ ئاشۇ خوتۇن ئىككىيلەن بىللە كۆرەيلى» دەپ ۋارقىرىغۇسى كەلدىيۇ، لېكىن قېشىغا كەلگەن مانجۇنىڭ ئىنچىكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ جىمىپ قالدى.

— مانا، مەن ساڭا دېگەن چەنتۇ خوتۇن مۇشۇ، — دېدى قەشقەردىن ئاياللارنى ھەيدەپ كەلگەن ئامبال يېنىدا تۇرغان ئېگىز بويلۇق موڭغۇل نويانغا* نۇزۇگۇمنى كۆرسىتىپ، — بۇ قەشقەر خوتۇنلىرىنىڭ ئارىسىدىكى گۇزىلى. ئەمما پەخەس بولمىساڭ قولدىن چىقىرىپ قويىسەن. يولدا ئۇ بىر - ئىككى قېتىم قاچماقچى بولۇۋىدى تۇتۇۋالدۇق. ئۆزى ناخشىچى.

---

* نويان — موڭغۇلچە ئەمەلدار دېگەن مەنىدە.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ . پۈتكۈل ئالتە شەھەرنى تەۋرىتىپ
تۇرغان چەنتۇلارنىڭ پۈتىنى بىر ئۆتۈككە تىققان يەردە ، بۇ
بىر خوتۇنغا چامىم يەتمەمدا .

نويانىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ قۇل سودىسىنى باشقۇرۇپ
يۈرگەن باشقا ئەمەلدارلارمۇ قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى .

— يارايسەن !— دېدى ئامبال قولىنى كۆتۈرۈپ ، شۇ-
نىڭ بىلەن ھەممىسى جىم بولۇشتى···

— مەن نەگىلا بارسام ، ئاكام بىلەن بىللە باردى-
مەن ،— دېدى نۇزۇگۇم ئەرلەر ئارىسىدا تۇرغان ئاكىسىنى
ئىما قىلىپ .

— ھە ، توغرا ، ئالىمەن دېسەڭ ئاكىسىنى قوشۇپ ئال .
ئۇ چاغدا سەل ئىشەنچلىك بولىدۇ . بەربىر ساڭىمۇ ئىشلە-
تىشكە قۇل كېرەكقۇ . ئۇلار بىللە يۈرسە قولغىمۇ چاپسانراق
ئۆگىنىپ كېتىدۇ .

— بۇ باشقا گەپ ،— دېدى ئۇلارنى سېتىۋېلىشقا كې-
لىشكەن نويان ۋە يېنىدىكى خىزمەتكارلىرىغا بۇيرۇق قىل-
دى ،— بۇلارنىڭ قوللىرىنى مەھكەم باغلاپ تۆگىلەرگە مىن-
گۈزۈڭلار .

IV

نۇزۇگۇم نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تالاي يوللارنى پىيادە
مېڭىپ ، تاغۇ دەشتلەرنى كېزىپ ، مىڭ بىر جاپالارنى تارت-
سىمۇ ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى بىللە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دوستلىرى
بىلەن تەڭ كۆرگەچكە ، ئۇ ئىشلار ئانچىۋالا قىيىن ئەمەستەك

بىلىنگەنىدى . ئەمدى ئۇلاردىن ئايرىلىپ ، ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسىلا قالغاندا ، نۇزۇگۇم يالغۇزسىراپ ، روھى تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى . پەقەت قېشىدىكى ئاكىسىلا ئۇنىڭ پىلدىرلاپ يانغان چىراغتەك ئۈمىدىنى ئۆچۈرمەي تۇراتتى . ئاكىسىدىن ئايرىلسىلا ، پارقىراپ تۇرغان كۈنمۇ يوق بولۇپ ، ئالەمنى قاراڭغۇچىلىق بېسىپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى . شۇڭلاشقا ئۇ مۇشۇ چىرىغىم بولسىمۇ ئۆچمىسىكەن دەپ تىلەيتتى ۋە موڭغۇللار ئاكىسى ئىككىسىنى تۆگىگە مىندۈرۈپ چوڭ يول- تۇز تەرەپكە ماڭغاندا تېخىمۇ مۇڭلىنىپ ، بارلىق قايغۇ ـ ھەسرىتىنى قوشاق ئارقىلىق ئىزھار قىلدى :

تۆگىلەر جايى تاغ باشى ،
مەنزىلىمىز يار باشى .
شۇ مەنزىلگە يەتكەندە ،
توختىمايدۇ كۆز ياشى .

يالاڭ ئاياغ سۇ كەچتىم ،
تاغنىڭ سۈيىدىن ئىچتىم .
دۈشمەن زۇلمى دەستىدىن ،
ئەزىز جېنىمدىن كەچتىم .

سىڭلىسىنىڭ بۇ ناخشىسىنى ئاڭلىغان ئابدۇللا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ، كۆڭلىنى خۇش قىلىشقا تىرىشاتتى .

— ئاھ ئۇرۇپ ، ئۆزىڭىزنى بەك يوقىتىۋەتمەڭ . ئەمدى ئىككىمىز بىللىغۇ ، سىڭلىم . بىر ئامالىنى قىلىپ ، موڭ- غۇللاردىنمۇ قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتەرمىز .

ئابدۇللا ئۆزلىرىنى تۆگىلەرگە مىندۇرۇپ، كۈنچىقىش تەرەپكە ئېلىپ ماڭغاندا، ئەتراپىغا ئالاھىدە سەپسېلىپ قارايتتى. كۆڭلىدە بولسا: «يەنە بۇ تاغنى ياقىلاپ كېتىپ بارىمىز، بەلكى قېچىپ كېتىشكىمۇ پۇرسەت بولۇپ قالار» دەپ ئويلايتتى.

قەشقەردىن كەلگەن سۈرگۈنلەر ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل خوتۇننى سېتىۋالغىنىغا خۇش بولۇپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن موڭغۇل نويان پات - پاتلا يول ئەتراپىدىكى كىگىز ئۆيلەر تىكىلگەن ئاۋۇل - قىشلاقلارغا كىرىپ، ئۇ يەرلەردىن موڭغۇل ھارىقىنى ئىچىپ چىقاتتى - دە، ئاندىن تونۇشلىرىغا نۇزۇگۇمنى كۆرسىتىپ ماختىناتتى ۋە:

— ئەمدى قەشقەرنى كۆرمىسەڭلارمۇ بىزنىڭ ئۆيگە كەلسەڭلار شۇ شەھەرگە بېرىپ كەلگەندەك بولىسىلەر. مەن بۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ، توقسان تۇرلۇك تاماق تەييارلىتىپ، شۇنداق بىر ئويۇن - تاماشا ئۇيۇشتۇرايكى، ھەممىڭلارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالسۇن، — دەپ ئۆزىنىڭ چوڭ يۇلتۇزغا بارغاندا قىلىدىغان ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلىدى.

ئىلگىرى موڭغۇللارنىڭ كىگىز ئۆيلىرىگە كىرىپ باقمىغان نۇزۇگۇم بىلەن ئابدۇللاغا ئۇلارنىڭ ھاياتىمۇ غەلىتىلا بىلىندى. ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ئۆيلەردە ھايات كەچۈرىدىغانلىقىنى ئويلىسا روھى چۈشۈپ غەمگە پاتاتتى.

— بەك پاسكىنا ئىكەنغۇ، — دېدى ئابدۇللا تۈنەش ئۈچۈن كىگىز ئۆيگە ئەكىرىلگەندە. چۈنكى كىگىز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغىلا تېزەك دۆۋىلىنىپ ئوت يېقىلىپتۇ. ئۇنىڭغا قويۇلغان ئۈچ پۇتلۇق ئوچاق ئۈستىدىكى قازاندا قايناۋاتقان

گۆشنىڭ ھورىغا تېزەكنىڭ ئىسى ئارىلىشىپ كەتكەچكە ،
ئۆيدىكى ئادەملەرنى ئىلغا قىلىشمۇ تەس ئىدى . ئوچاق بېشى-
دا ئەر كىشىلەر بىلەن باداشقان قۇرۇپ قېرى ئايال ئولتۇ-
راتتى . پاخپىيىپ كەتكەن چېچىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچلۇق كى-
گىز قالپاق كىيىۋالغان بۇ ئايال پات - پاتلا ئوتقا تېزەك
تاشلاپ ، قازاندىكى گۆشنى ياغاچ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قوياتـ
تى ۋە قولىدىكى غاڭزىسىنى شوراپ ، ئېغىز - بۇرنىدىن
تاماكىنىڭ ئىسىنى چىقىراتتى . ئۇنىڭ يېنىدا ئۇچىسىغا كې-
لەڭسىز كۆڭلەك كىيگەن ياش بىر قىز ئولتۇراتتى . قولى-
دىكى ھالقىسى بىلەن كەمزۇلىغا قادىۋالغان كۇمۇش تەڭ-
گىلەرنى دېمىسە ، چىرايىدىن قىز بالا ئىكەنلىكىنى ئايرىۋې-
لىش تەس ئىدى . قىز ئاغزى بېسىلماي سېغىز چاينايتتى .
ئىلگىرى مۇنداق ئاياللارنــى كۆرۈپ باقمىغــان نۇزۇگۇمغا
بۇلارنىڭ ھەممىسى غەيرىيلا تۇيۇلدى . تار كىگىز ئۆينىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلار بولسا ئادەم
كۆرمىگەندەك ئاغزىلىرىنى يوغان ئېچىشىپ نۇزۇگۇمغا قارى-
شاتتى . ئۇلارغــا نۇزۇگۇمنىڭ رەڭگىرويــى ، قاش - كۆز ،
پۇت - قوللىرى ، ئۇچىسىغا كىيگەن كىيىم - كېچەكلىرى
ئالاھىدە كۆرۈنەتتى . ھەتتا بەزىلىرى ئايال كىشىنىڭ مۇنداق
گۈزەل ، نازۇك بولىدىغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك ، بۇ
راستتىنلا تىرىك ئادەممۇ ياكى سۈرەتمۇ دېگەن ئويدا قوللى-
رىنى ئاۋايلاپ سوزۇپ ، نۇزۇگۇمنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى-
گە تەگكۈزۈپ باقاتتى . بەزىلىرى بۇ گۈزەلنى قولغا چۈشۈر-
گەن باينىڭ نويائنى بەختى بار ئوغۇل بالا ئىكەن دەپ ماختايت-
تى . بايىقى كالپۇكلىرى قېلىن ، يۈزى ياپىلاق قىز بولسا ،
ئۆزىنىڭ سەتلىكىنى ئەمدى سەزگەندەك ، ئۇچىسىدىكى كې-

لەڭسىز كۆڭلىكىنى تۈزەپ ، پاخپىيىپ كەتكەن چېچىنى
بارماقلىرى بىلەن تاراپ ، ئورنىدىن تۇردى ـدە ، نۇزۇگۇم-
نىڭ قېشىدىن نېرى كەتتى . لېكىن پۈتكۈل ھاياتىنى دالادا ،
ئات ئۈستىدە ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان كۆچمەنلەرنىڭ قىز ـ
كېلىنلىرى ئۆزلىرىنىڭ كۈرسىنى چۈشۈرمەسلىككە تىرى-
شىپ :
— ھاي ، بۇنداق گۈزەل چوكانلارنى قاچا ـ قومۇچنىڭ
ئورنىدا تىزىپ قويمىسا باشقا نېمىگە يارايدۇ . ئۇلار مال
سېغىپ ، بالا ئۆستۈرۈپ ، ئەرلىرىگە گۆش پىشۇرۇپ بەرمەك
تۇگۇل ، مۇنۇ دالانىڭ بوران ـ شىۋىرغىنىغىمۇ بەرداشلىق
بېرەلمەي ئۇچۇپ كېتەر . مۇنداق ئايالنىڭ نويانغا نېمە كېرە-
كى بولۇپ قالدىكىنتاڭ ؟— دېيىشەتتى . بەزىلىرى بىر چەتكە
يىغىلىۋېلىپ ، نۇزۇگۇمنىڭ چىرايىغا تارلىقى كەلگەندەك ،
ئۇنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدىن قۇسۇر چىقىرىپ كەمسىتىشەت-
تى . بايىقى ياش قىز راستتىنلا قولايسىز ئەھۋالدا قالغان-
دەك ، ئۆزىنى ئەرلەردىن قاچۇرۇپ ، گەپ ـ سۆزگە ئارىلاش-
ماي بىر چەتتە شۈك ئولتۇراتتى .
ئۇ ئاپىسى بىلەن بىرنەچچە قېتىم غۇلجىغا بېرىپ ،
ئۇنىڭ بازىرىنى ئارىلىغان . شۇ چاغدا تالاي چىرايلىق قىز-
لارنىمۇ كۆرگەن . لېكىن يۇزلىرىگە پەرەنجە ئارتىۋالغان ئۇ
ئاياللارنىڭ ئارىسىدىن مۇنداق گۈزەل ئايالنى ئۇچراتمىغان .
ئۇ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ چىرايلىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاڭ-
لىغاندا ، ھەممىلا ئادەم بىزگە ئوخشاش ئانىدىن تۇغۇلغاندىن
كېيىن ئۇلارنىڭ بىزدىن نەرى ئوشۇق بولسۇن ، دەپ ئويلى-
غانىدى . مۇنداق گۈزەللەر ھەققىدە بولسا پەقەت چۆچەكلەر-
دىلا رىۋايەت قىلىناتتى . ئۇلارنى چۈشىدە بولمىسا ئوڭىدا

ئۆچراتمىغان . راست ، بۇ قىز ئاپىسى بىلەن غۇلجىغا بارغى-
نىدا نازۇك بەدەنلىك خەنزۇ ئاياللىرىنىڭ مۇرىلىرىنى قى-
مىرلاتماي ، ئۇششاق چامداپ ماڭغانلىرىنى كۆرۈپ : «بۇلار
بىزگە ئوخشاش بىر قوينىڭ گۆشى بىلەن بىر چاناچ قېتىقنى
كۆتۈرسە ئاۋۇ بوغۇلغان سۇپۇرگىدەك ئىنچىكە بەللىرى سۇ-
نۇپ ، پۇتلىرى پۈكلىنىپ كېتەر» دەپ ئويلىغان ، ئەمما
مۇنۇ بۇغداي ئۆڭلۈك چوكاننىڭ ئۆزىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇر-
غىنىغا قارىغاندا كۈچ - قۇۋۋىتىمۇ يېتەرلىك بولسا كېرەك ،
بولمىسا مۇز - داۋاندىن پىيادە ئۆتۈپ كېلىشى ئاسانمۇ دەپمۇ
ئويلىدى . ئۇ ئىلگىرى ئۆز ئاۋۇلىغا كەلگەن موڭغۇل خوتۇن-
لىرىدىن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدىلا ئەمەس ،
بەلكى تېتىك ، چەبدەسلىكى ، ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلى-
دىغانلىقى توغرۇلۇقمۇ بىر تالاي گەپلەرنى ئاڭلىغان . ئەمما
مۇنۇ قىز ئۇنىڭ كۆزىگە نېمە ئۈچۈندۇر بۆلەكچە مۇڭلۇق
كۆرۈنەتتى .

چوڭ يۇلتۇز تەرەپتە تۇرىدىغان تاغىسىنىڭمۇ دىت -
پاراستى بار ئىكەن ! بۇ قىزنى ئۇ يەردىكىلەر كۆرسە ئادەم
بالىسى ئەمەس ، پەرىنىڭ پۇشتىمىكىن دەپ قالار . بۇ قىز-
نىڭ كۆز - قۇلاق ، قاش - كىرپىك ، بۇرۇنلىرىنىڭ ھەممى-
سىلا خۇددى ئۇستا رەسساملار سىزىپ چىققاندىنمۇ چىرايلىق
ئىكەن ...

ئۆي ئىگىسىنىڭ قىزى نۇزۇگۇمغا يېقىن كېلىشتىن
ئەيمىنىپ يىراقتىن سەپسېلىپ قارايتتى . نۇزۇگۇمنىڭ سەل
ئىچىگە ئولتۇرۇشقان دۇگىلەك قارا كۆزلىرىگە ، قارلىغاچ-
نىڭ قانىتىدەك ئەگىمەچ ئىنچىكە قارا قاشلىرىغا ، خۇددى
ئېقىپ چۈشۈپ كېلىۋېتىپ توختاپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان

بۇرنىغا ، نەچچە شامالدا يۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن بولسىمۇ لېكىن رەڭگىنى يوقاتمىغان جىنەستىندەك نېپىز لەۋلىرىگە ، ئوت چاقنىغان شەھلا كۆزلىرىنى يۇمسا بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدىغان ئۇزۇن كىرپىكلىرىگە مەھلىيا بولغاندەك قارايتتى .

ئۆي ئىگىسىنىڭ قىزىغا ھەر كۈنى چىرايلىق كۆرۈنۈپ يۈرگەن ئۆيىدىكى باشقا ئاياللارمۇ سەتلىشىپ كەتكەندەك بىلىندى . لېكىن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى تىزىغا قىستۇرماقچى بولۇپ ئورنىدىن قوزغالغاندا ، قادىۋالغان كۈمۈش تەڭگىلىرى جاراڭلاپ كېتىۋىدى ، «ياق ، مەن بۇ گاداي قىزدىن سەت ئەمەس» دېگەندەك كۆكرىكىنى كېرىپ قويدى .

ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر پەستىن كېيىن ، نۇزۇگۇم بىلەن بىللە ئۆيگە كىرگەن ئابدۇللاغا چۈشتى . ئۇ غوللۇق ، سىڭلىسىغا ئوخشاش قارا قاش ، قويۇق بۇرۇتى بار چىرايلىق يىگىت ئىكەن . مۇنداق چىرايلىق يىگىتلەر موڭغۇللار ئارىسىدا ئاز ئۇچرايدۇ . ئۇ ياقىسىز كۆڭلىكىنىڭ سىرتىدىن كۆك رەڭدە بويالغان چەكمەن كىيىپ ، بېلىگە ئىككى ئايلاندۇرۇپ پۇتا باغلىۋالغانىدى . «بۇنداق چىرايلىق يىگىتلەر بىزنىڭ بۇ يەرلەردە ناھايىتى كەم تېپىلىدۇ» دەپ ئويلىدى . موڭغۇل قىز ئالدىغا سىلجىپ ، ئابدۇللاغا قايتىدىن يوشۇرۇن كۆز تاشلىدى . لېكىن ، نېمە ئۈچۈندۇر ، ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆزىچىلا قاتتىق سوقۇپ كەتتى . ئۆي ئىگىسىنىڭ قىزىغا نۇزۇگۇمدىن كۆرە ئۇنىڭ ئاكىسى يېقىپ قالدى . ئۇنىڭغا قارىسا قارىغۇسى كېلەتتى . ئۇنىڭ بېشىغا ئىلگىرى - كېيىن كەلمىگەن ئويلار كەلگىلى باشلىدى : «ئەگەر بۇ يىگىتكە تەگسەم مېنىڭدىنمۇ مۇشۇنداق چىرايلىق بالىلار تۇغۇلاتتى»

دەپ ئويلىدى – دە، بىردىنلا بايا ئوتقا يېقىپ ئولتۇرغاندا قىزارمىغان مەڭزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

— ئالامەت چىرايلىق قىز ئىكەن. ئاكىسىمۇ كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. بۇنىڭ ھەممىسى ساڭا قانچىگە توختىدى؟ — دەپ سورىدى قېرى ئايال ئىككى چۆچەك قىمىزنى ئىچىۋېتىپ، يېنىچە ياتقان ئىنىسى بايىر نويانىدىن.

— ئامبالغا ئەللىك يامبۇ ھەدىيە قىلدىم، يەنە بىر باشلىققا قىرىق يامبۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە يىگىرمە ئۈچ ئات بەردىم.

— ۋاي – ۋۇي، بۇلار ساڭا يېرىم قورۇ مالغا توختاپتىغۇ، — بىر ئاز نارازى بولغاندەك گەپ قىلدى قېرى ئايال.

— باشقا نويانلار قىممەت دېمەي ئېلىۋاتسا مەن ئۇلاردىن قالاتتىممۇ. ئۇيغۇرنىڭ بىر گۈزىلىنى خوتۇنلۇققا ئالمىسام، قانداقلارچە نويان بولۇپ يۈرىمەن.

— راست ئېيتىسەن، بايىر.

ئەتىسى يەنە نۇزۇگۇم بىلەن ئاكىسىنى تۆگىلەرگە مىندۈرۈپ، بايىر نويانىنىڭ ئادەملىرى يولغا چىقتى. غۇلجىدىن ئەكېلىۋاتقان ئۆلجىسىغا خۇش بولۇپ كېلىۋاتقان بايىر نويان يول بويى توختىغان يەرلىرىدە، تونۇشلىرىغا نۇزۇگۇمنى كۆرسىتىپ كۆرۈملۈك ئېلىش، قونغان يەرلىرىدە ئېركە ئىچىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۆز ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

غۇلجىدىن چىققاندىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ قايسى يول بىلەن قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، سەپسېلىپ كېلىۋاتقان نۇزۇگۇممۇ چاپسانراق قېچىپ كېتىشنى ئويلايتتى. ئۇ ئاكىسىغا قوشۇلغاندىن كېيىن «قاچساق ئىككىمىز بىللە

قېچىشمىز كېرەك . ئۆلسەكمۇ ، موڭغۇللار ئارىسىدا ياشى-ساقمۇ بىللە بولۇشىمىز كېرەك» دەيتتى . شۇڭلاشقا ئۇزۇ-گۇمغا ئاكىسى بىلەن بىللە بولۇش بىر ھېسابتا ياخشىدەك كۆرۈنسىمۇ ، ئىككىنچى تەرەپتىن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ قېچى-شىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغاندەك سېزىلەتتى . «ئەم-دى يالغۇز ئاكامنى تاشلاپ نەگە بارىمەن . بۇنىڭدىن كېيىن جاپا بولسا بىللە تارتارمىز» دەپ ئويلايتتى بەزىدە .

— بۇلارنىڭ ئىچىدە ھايات كەچۈرەلمەيدىغان ئوخشاي-مىز . ئەگەر سىز بۇلارغا خوتۇن بولسىڭىز تۇغۇلغان بالىلى-رىڭىزمۇ مۇشۇلاردەك بولىدۇ . شۇڭا بۇلاردىن چاپسانراق قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلايلى ، سىڭلىم ،— دېدى يولغا چىققاندىن بېرى موڭغۇللارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى بايقاپ ، ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا كىرگەن ئابدۇللا .

— سەن مېنىڭدىن خاتىرجەم بول ، ئاكا . مەن ھېچقا-چان بۇلارغا خوتۇن بولمايمەن . ئۆلۈپ كەتسەم كېتىمەنكى ، ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن .

— ئۆلۈمنى ئاغزىڭىزغا ئالماڭ ، سىڭلىم . ئۆلۈۋالىمىز دېسەك ، بۇ تەرەپلەرگە كەلمەيلا قەشقەردە ئۆلۈۋالاتتۇق . مەن سىزنى قانداق قىلىپ بولسىمۇ قەشقەرگە ئەكېتىشىم كې-رەك . يۇرتقا بېرىپ ، ئاتا - ئانىمىزنىڭ چىرىغىنى يېقىپ ئولتۇرۇشىمىز لازىم .

— مەنمۇ شۇنداق قىلساق دەپ ئويلايتتىم ، ئاكا . ئەمما ئەمدى ئىككىيلەنگە بىللە قېچىشقا مۇمكىن بولمامدىكىنتاڭ . بۇلار بىزنىڭ ھەربىر قەدىمىمىزنى بايقاپ ، پايلاپ يۈرۈۋاتى-دۇ .

— سىز مېنىڭدىن ۋايىم يېمەڭ ، سىڭلىم . مەن دېگەن

ئەركىشى . بۈگۈن ـ ئەتە كېتەلمىسەم ، ئۆگۈنلۈككە كېتىدـ
مەن . مېنىڭ يارام يېنىك .

— مەسلىھەت بەرگىنىڭگە رەھمەت ، ئاكا . مەن ئېپى كەلسىلا قېچىپ كېتىشكە تىرىشىمەن . ئىككىيلەن يالغۇز ـ يالغۇزدىن قاچساقمۇ ، كېيىن بىر يەردە تېپىشىۋالارمىز ،— دېدى . نۇزۇگۇم تېخىچىلا يېنىدىن ئايرىماي كېلىۋاتقان خەنـ جىرىنى مەھكەم تۇتۇپ .

* *

— ھە ، مانا ، بىزنىڭ ئاۋۇلغىمۇ يېتىپ كەلدۇق . سىلەر بىلىپ قويۇڭلاركى ، بۇ تەۋەدە بىزنىڭ يۇرتتەك گۈـ زەل جاي يوق . شۇڭلاشقا ئۆز زامانىسىدا بۇ تەۋەدىكى موڭـ غۇللار ئارىسىدا ئالاھىدە ئابرۇي تاپقان بىزنىڭ ئۇرۇقنىڭ ئاقساقاللىرى مۇشۇ جاينى تاللىۋالـغانىكەن . ئۇلارنىڭمۇ دىت ـ پاراسىتى قالتىس ئىكەن ، جۇمۇڭلار ،— دەپ بايىر نويان چوڭ يولتۇزنىڭ تەبىئىتىنى ماختاشقا باشلىدى ،— مەن ئەزەلدىن قەشقەرنىڭ گۈزەل قىزلىرىغا ، ماھىر ئاشـ پەز ، ئۇستىلىرىغا ، ساز ـ نەغمىگە باي سەنئەتچىلىرىگە ئاشىقمەن . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ قېتىم قەشقەردىن بۇ ياققا پالانغان بىرقانچە قىز ـ يىگىتنى سېتىۋالدىم . ئۇلارنى ئۆيگە بارغاندىن كېيىن كۆرۈپمۇ قالارسىلەر .

— ئۇلار كىملەردۇر ، ئاكا ؟— دەپ سورىدى نۇزۇگۇم ئاكىسىدىن ،— بەلكى بىزنىڭ تونۇشلىرىمىز بولسا ، بىزنىڭ قەشقەرگە قېچىپ كېتىشىمىز تېخىمۇ ئاسان بولاتتى . ئۇلار ئاقسۇدىن ئايرىلىپ باشقا تەرەپلەرگە پالانغان يۇرتداشلىرىمىز

بولۇشى مۇمكىن .

موخۇللار ئۇلارنى چوڭ يۇلتۇزغا چۇشكە يېقىن ئەكەل-دى . ئۇلار كۆپ كىمگىز ئۆيلەردىن تەشكىل قىلىنغان بۇ ئاۋۇلدىكى باير نويانىنىڭ ئىشىكىگە كېلىشى بىلەنلا ئۇلار-نىڭ كۆزىگە ئىككى قەشقەرلىك يىگىتنىڭ ئوتۇن يېرىۋاتقان-لىقى كۆرۈندى . نۇزۇگۇم تۆگىدىن چۇشۇشى بىلەنلا خۇددى دېمى ئىچىگە چۇشۇپ كەتكەن ئادەمدەك ئالىقىنى بىلەن ئاغ-زىنى يېپىپ ، بىر پەس جىم تۇرۇپ قالدى ، ئاندىن تېلى-قىپ ، بوش ئاۋازدا :

— با... با... باقەم ؟ !— دەپ ۋارقىرىدى .

— قېنى ؟ !— دەپ سورىدى ئابدۇللا سىگىلىسىدىن . ئۇ شۇنداق دەپلا موخۇللارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئىككى ئادەمنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆردى ،— نۇزۇگۇم ، راست شۇمۇ نېمە ؟— ئەمدى ئابدۇللامۇ ئۆزلىرىدىن يىگىرمە - ئوتتۇز قەدەم نېرىدىكى ئىشلەۋاتقان يىگىتلەرگە سەپسېلىپ قارىغان-دىن كېيىن قاتتىق ۋارقىرىدى ،— باقەم !

— نۇزۇگۇم !

ھېلىقى ئىككى يىگىتتىن بىرى باقەم ئىدى . ئۇ ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان موخۇللارنى ئىتتىرىپ ، ئالدىنى توسۇغان-نىغا قارىماستىن ، تۆگىدىن چۇشكەن نۇزۇگۇم بىلەن ئاكى-سىنىڭ قېشىغا يېقىنلاشتى .

— ھايات ئىكەنسىلەرغۇ ، قېرىنداشلىرىم . مەن سىلەر-نىڭ كەينىڭلاردىن ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى . ئاخىر ئاقسۇ تېغىدىكى جەڭدە ياردار بولۇپ ، مۇشۇ نويانغا سېتىل-دىم . بۇ يەرگە كەلگىنىمگە ئىككى - ئۈچ كۈن بولۇپ قالدى .

— باقەم !— نۇزۇگۇم ئېرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاغ-
زى گەپكە كەلمەي ئۆكسۇپ يىغلاۋاتاتتى . ئۇ ئېرىنى تەگرى-
تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى موگۇللار ئارىسىدا ئۇچراتقىنى-
غا بىر ئىشەنگۈسى كەلسە ، بىر ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . ئۇ
هاياتتا مۇشۇنداق تاسادىپىيلىقنىڭ بولۇشىنى هەرگىز ئويلى-
مىغانىدى ،— سىزنىمۇ كۆرىدىغان كۈنلەر بولىدىكەن— هە !
— هوي مۇنۇ نېمە ۋەقە ؟— ئەر - ئايالنىڭ مۇنداق
ئۇچرىشىپ قېلىشىغا بايىر نويانمۇ هەيران قالدى ،— قېنى ،
قۇللارنى ئەكېتىڭلار .
خوجايىنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان موگۇل خىزمەتچىلەر
باقەمنى نۇزۇگۇمغا يېقىن كەلتۈرمەي ئۇرۇپ قوغلاپ چەتكە
ئاچىقماقچى بولدى . ئەمما ئۇزۇندىن بېرى كۆرمىگەن ئېرى-
نى ئەمدى ئۇچراتقاندا ، ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقان نۇزۇ-
گۇم ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمىدى .
— باقەم ، بۇ يەنە نېمە تارتقۇلۇق ئىككىمىزگە ؟ چىرا-
يىڭىزنىمۇ كۆرۈشكىمۇ ئۇلگۇرەلمىدىمغۇ ؟
— مەن ئىرىك تۇرۇپ سەنلەرگە نۇزۇگۇمنى خوتۇن
قىلدۇرمايمەن .
بايىر نويان چوڭ يۇلتۇزغا ياردار پېتى ئەكەلگەن بۇ
سۇرگۇننى هېچقاچان ئۆزىگە قارشى چىقىدۇ دەپ ئويلىمىغا-
نىدى . شۇڭا باشتا ئاسقاقلاپ كېلىۋاتقان باقىنى بىر ئۇرۇپلا
يىقىتىۋېتىمەنغۇ دېگەن ئويدا :
— سەن قەشقەرلىككە بۇ يەردە نېمە بار ؟ ماڭ ، ئىشىڭ-
نى قىل !— دەپ قول شىلتىدى . لېكىن كۈندە ئۆزىنىڭ
دېگەن گېپىنى يىرماي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ كېلىۋاتقان
باقى بۇ قېتىم كەينىگە قايتىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا قارشى

ئېتىلدى .

تالاي جەڭلەرگە قاتنىشىپ ، بۇ تەۋەدە ئۆزىنىڭ باتۇرلۇ-قى بىلەن ئابرۇي - ئاتاقتا ئىگە بولغان نويان كۆچىنى قېشىدىكى قەشقەرلىك جۇۋانغىمۇ كۆرسىتىپ قويماقچى بو-لۇپ ، ياش يىگىتنىڭ قولاق تۇۋىگە بىرنى ئۇردى ، ئۇ سەنتۇ-رۇلۇپ بېرىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى . ئەمما ئۇ بايىر نويان ئىككىنچى قېتىم يېقىنلىغاندا چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭ قور-سىقىغا تېپىۋەتتى .

— هاي ، مۇنۇ قولىنى تۇتۇڭلار !— دەپ ۋارقىراشتى نويانى قورشاپ تۇرغان موڭغۇللار شۇ چاغدا . بايىر نويان يىگىتنى تۇرۇپ ئۇتتۇرىغا چۈشتى .

— ئۆزىڭىزگە پەخەس بولۇڭ ، قورقماڭ ، قېشىڭىزدا مەن بار !— دەپ ئابدۇللامۇ باقىغا ياردەم بەرمەكچى بولۇپ ئالغا ئىنتىلىۋىدى ، لېكىن ئۇنى موڭغۇللار قويۇپ بەرمى-دى . ئابدۇللا باقىنىڭ تۆگىدەك نويانىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا تىرىك قالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى . شۇڭلاشقىمۇ يىراقتا تۇرۇپ ، ئۇنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىشى كېرەكلى-كىنى جېكىمەكتە .

— ئاۋۇنى كاركىراتماي ئاغزىنى بېسىڭلار !— نويانىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازىنى ئاڭلىغان موڭغۇللار ئابدۇللانىڭ بېشىغا بىرنەچچە تاياق ئۇرۇۋەتتى .

— ئاكا ؟ !— باياتىن بېرى نېمە قىلىشنى بىلمەي جىم تۇرۇپ قالغان نۇزۇگۇم ئاكىسىنىڭ بېشىغا تاياق تېگىۋاتقى-نىنى كۆرۈپ چىدىماي ۋارقىرىۋەتتى .

ئايالىنىڭ قاتتىق چىققان ئۈنىنى ئاڭلىغان باقەم يۈگۈ-رۈپ كېلىپ ، نويانىنىڭ بېشىغا كەينى - كەينىدىن ئۇچ -

تۆتنى ئۇرۇۋەتتى . كەچكىچە هاراق ئىچىپ كەيپ بولۇپ كەتكەن بايىر نويانىنىڭ بېشى گاڭگىراپ قالدى . لېكىن ئې- سىنى يىغقاندىن كېيىن باقەمنى تۇتۇۋېلىپ ، ئۇنى تۇنجۇقتۇ- رۇۋېتىشكە ئۇرۇندى . لېكىن باقەم نويانىنىڭ قولتۇقىغا كى- رىپ ، ئۇنى يەردىن كۆتۈرۈۋالدى -دە ، ئەتراپتىكى موڭغۇل- لارنىڭ ۋارقىراشقانلىرىغا قارىماستىن موللاق ئاتقۇزۇپ تاش- لىدى . ئۆزىنىڭ ئېغىر بەستىنى ئاران كۆتۈرۈپ يۈرگەن بايىر نويان يەرگە خۇددى ئۆگزىدىن يىقىلغاندەك چۈشتى . پايپېتەك بولۇشقان موڭغۇللار نويانىنىڭ ئورنىدىن قوزغىلال- ماي قالغىنىنى كۆرۈپ ۋارقىرىشىپ كەتتى .

ئۇلار ئەمدى قوللىرىدىكى قامچىلىرى بىلەن باقەمنىڭ باش - كۆزىگە ئۇرۇشقا باشلىدى . بىرنەچچە ياش موڭغۇل ئۇنىڭ قولىنى كەينىگە قايرىپ باغلىدى .

— بۇنى بايلا مۇشۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى ،— دېدى يېشى چوڭىيىپ قالغان موڭغۇللاردىن بىرى .

موڭغۇللار بايىر نويانىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەشتۈرۈپ تۇرغۇزماقچى بولۇۋىدى ، ئۇ توۋلاپ ، ياتقان يېرىدىن خېلى ۋاقىتقىچە قوزغىلالمىدى .

— هاي ، باقى !— ئابدۇللانىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭ- لاندى .

— نۇزۇگۇم ... مەن سىزنى ئىزدەپ تاپىمەن !— ئۇلاردىن يىراقلاۋاتقان باقەمنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈ- لۈپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

بايىر نويانىنىڭ نۆكەرلىرى ئۇلار ئۈچىنى ئۈچ ياققا ئايرىۋەتتى . موڭغۇل كېلىنچەكلىرى نۇزۇگۇمنى بايىر نو- يانىنىڭ كىگىز ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى ، ئابدۇللانى بولسا

ئۇنىڭدىن يىراق جايلاشقان مالچىلارغا باشلاپ ماڭدى. ئۇلار موڭغۇللارنىڭ باقەمنى قاياققا ئەكەتكىنىنى بىلەلمەي قالدى.

— خوش، ئاكا!— دېدى نۇزۇگۇم ئاخىرقى قېتىم ئاكىسىغا قايرىلىپ قاراپ،— نەدە بولساقمۇ ئامان بولايلى. مېنىڭدىن ۋايىم قىلما. مەن ساڭا بەرگەن ۋەدەمنى ئورۇندىماي قويمايمەن. باقەمنى كۆرۈپ قالساڭ مېنىڭ ئۇنى تاقەتسىز كۈتىدىغانلىقىمنى ئېيتقىن.

— خوش، سىڭلىم! ئەزىز يۇرتلارغا بىزنىڭ بىرىمىز بولسىمۇ يېتىپ بارايلى. لېكىن خاپىچىلىقتا چىدىماي ئۆلۈۋالغۇچى بولماڭ.

ئاكا - سىڭىل كۆز - ياش قىلىشىپ خوشلىشىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق چۈشەنمىگەن نويان:

— مۇنۇلار كۆپ سۆزلىشىپ كەتتىغۇ. ئاكىسىنى نېرىراق ئەكېتىڭلار،— دېدى.

— قېرىنداشلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلمىقى قىيىن - دە،— دېدى خىزمەتكارلاردىن بىرى.

— ئاكىسىنى كۆزدىن يوقاتساڭلار سىڭلىسىمۇ پەسلەيدۇ، ئېرىنى مەن ئىككىنچى كۆرگۈچى بولماي،— ئۇنى بوغۇلۇپ چىقىۋاتقان بايىر نويان تېخچىلا ياتقان يېرىدىن تۇرمىغاندى.

نويانىنىڭ قەشقەرنىڭ ئەڭ گۈزەل چوكىنىنى ئەكەلگىنىنى ئاڭلىغان تونۇش - بىلىش، ئەل - ئاغىنىلىرى كەينى - كەينىدىن كېلىشمەكتە. ئۇنىڭ ھەممە ۋاقىتتا مۇنداق مەرد بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان تونۇشلىرى بۈگۈن ئۇنىڭ ئېركىسىنى ئېچىپ، سويغان مېلىنىڭ گۆشىنىمۇ تويغىچە يېيىشنى ئويلايتتى. نويانىنىڭ خوتۇنلىرى

بولسا ئېرىنىڭ غۇلجا بازىرىدىن سېتىۋالغان گۈزىلىنى كۆر-
گەندىن كېيىن يۈرىكىدە قىزغىنىش ئوتلىرى كۈچىيىپ،
ماتەم تۇتقاندەك ھەسرەتلىنىپ، ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ
كېتىشتى. ئېرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىلىرىگە ئۈستىلەپ
خوتۇن ئەكەلگىنىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈشۈۋاتقان خو-
تۇنلار ئۇنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرۈپ:
— خوتۇنغا تويمايدىغاندەك قىلىپ كېتىۋىدى، مانا ئەم-
دى ئۆزىنىڭ بېشىنى يېدى، — دەپ كايىشاتتى.
باقى بىلەن ئېلىشقاندا ئومۇرتقىسى تاشقا تېگىپ يىقىل-
غان بايىر نويان بولسا، ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان تونۇشلى-
رىدىن ئۈيىلىپ، بېلىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدۈرمەي
كۈچىگە زورلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانلار بىلەن ئۆيگە
كىرىپ كەتتى.
نۇزۇگۇمنى ئۆزى ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆيگە باشلاپ
كىرگەن ئاياللار ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يۆتكەپ، ئۇنى بايىر
نويانىڭ ئاغىنە - بۇرادەرلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ياسان-
دۇرۇۋاتاتتى.
ئىلگىرى موغۇللارنىڭ رەسىم - قائىدە، ئۆرپ -
ئادەت، تۇرمۇش شارائىتى بىلەن تونۇشلۇقى يوق نۇزۇگۇمغا
پۇتىغا كىيدۈرۈلگەن چەمى قېلىن ئۆتۈك، ئىچكىرىنىڭ قارا
تاۋارىدىن قولدا تەپچىپ تىككەن ئىككى يېڭى يىرىق، ئۆرە
ياقىلىق ئۇزۇن كۆڭلەك، بېشىدىكى قىزىل مونچاق بېكى-
تىلگەن قارا كىگىز قالپاق غەلىتىلا كۆرۈندى. ئەمدى ئۇ
ئاكىسىغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە قانداق قىلىپ بولمىسۇن
بۇ يەردىن ساق - سالامەت قېچىپ كېتىشنى ئويلاپ، ئەترا-
پىدا چۆرىدەپ يۈرگەن قىز - كېلىنچەكلەر ئالدىدا ئۆزىنى

تۇتۇپ ، نويانني ياخشى كۆرىدىغان ئادەم سىياقىدا كۆرسى-
تىشكە تىرىشتى . بىر تۇرۇپ ئۇ مەن تەرسالىق قىلسام ،
بۇلار ئاكام بىلەن باقەمنى تېخىمۇ قىيىنىشى مۇمكىن دەپ
ئويلايتتى . ئۇ موڭغۇل كېلىنچەكلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆيدە خا-
لىي قالدۇرۇپ چاپسانراق چىقىپ كېتىشىنى تىلەيتتى ، بۇ-
يەردە تاسادىپىي ئۇچراشقان باقەمۇ ئوي - خىياللىرىنى
ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىدى . لېكىن ئۆيگە چالۋاقاپ
كىرىپ - چىقىۋاتقان موڭغۇللارنىڭ ھەرىكىتى توختايدىغان-
دەك ئەمەس . بۇلارنىڭ ئارىسىدىن قانداق قىلىپ قېچىپ
چىقىشنى ئويلىغان نۇزۇگۇم :

— مەن ھېرىپ كەتتىم . نويان كىرگۈچە بىر ئاز ھار-
دۇق ئېلىۋالاي ،— دېدى ئۇ بايىر نويانىنىڭ ئۆزى ئۇچۇن
غۇلجىدىن ئالدۇرغان كىيىملىرىنى كىيگەندىن كېيىن ،—
مۇنۇلار ھازىرچە مەشەدە تۇرۇپ تۇرسۇن . قانچە قىلغان
بىلەن ئۆز يۇرتۇمدىن كىيىپ كەلگەن نەرسىلەرغۇ .

يېڭى چۈشكەن كېلىنىنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلغۇسى
كەلمىگەن كېلىنچەكلەر كەينىگە داجىپ ، بىرىدىن كېيىن
بىرى ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى - دە ، ئۆيدە نۇزۇگۇم يال-
غۇزلا قالدى . موڭغۇللار بولسا ئىشىكنىڭ ئالدىغىلا تىكىل-
گەن كىگىز ئۆيدە يېڭى چۈشكەن كېلىنىنىڭ ھۆرمىتىگە
توختىماي ئېركە ئىچىشىپ تاماشا قىلماقتا . بايىر نويان
ئاغرىقىنى يوشۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۇر-
گەن تەڭتۇشلىرىنىڭ ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ قەشقەر قىزىنى
خوتۇنلۇققا ئەكەلگىنىگە مەستلىكى كېلىپ ، مېھمانلارنىڭ
ئالدىغا بارىنىڭ ھەممىسىنى تۆكمەكتە . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە
تۆگە سويۇپ ، مۇشۇ ئەتراپتىكى خەقلەرگە چوڭ توي قىلىپ

بىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ماختاناتتا. ئۇ نۇزۇگۇمنىڭ قېشىغا باشقا ئەركەكلەرنى كىرگۈزمەي، ئۇنى قىز - كېلىنچەكلەرنىڭ ئىختىيارىغا قالدۇرۇشنى ماقۇل كۆردى. بۇمۇ قەشقەر قىزىنىڭ بايىر نويانىدىن سورىغان بىردىنبىر تىلىكى ئىدى.

— قىزنى ئۆيگە ئەكېلىۋالدۇق. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ تەرەپتە بارار جايى، قورۇسى يوق. ئۆزىنىڭمۇ ماڭا كۆڭلى چۈشۈپ قالسا كېرەك. ئۇنىڭ قېشىمدىن نېرى كەتكۈسى كەلمەيدۇ، — دەپ هاراقتا تويۇۋالغان نويان ئۆزى بىلەن ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىۋاتقان ئاغىنىلىرىگە ماختىنىپ قوياتتى.

ئۇ قىز - كېلىنچەكلەرگە نۇزۇگۇمغا ياخشى قاراش ھەققىدە جېكىلەپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا ئىشەنمەي ئۆزىنى ئىككى موگغۇلغا يۆلىتىپ ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ چىقتى. نۇزۇگۇمنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئورۇندا ياستۇققا باش قويۇپ ياتقىنىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدى. كېلىنچەكلەر ئۇنىڭغا نۇزۇگۇمنىڭ بىرئاز ھاردۇق ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ياتقىنىنى ئېيتقاندا، كەينى - كەينىدىن ئۇنىڭ قېشىغا كىرىۋېرىپ بىئارام قىلغۇسى كەلمەي، ئاغىنىلىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى ۋە گۆش پىشۇرۇپ، خىزمەت قىلىپ يۈرگەن كېلىنچەكلەرگە نۇزۇگۇمغا ئوبدان قاراش توغرۇلۇق يەنە بىر قېتىم جېكىلىدى.

نويانىنىڭ تاۋاردىن تىكتۈرگەن كۆڭلىكىنى كىيگىنى بىلەن ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى تاشلىماي، ياغلىققا تۈگۈشكە باشلىغان نۇزۇگۇم ئۇنىڭ ئىچىدىكى خەنجىرىنى قولىغا ئالغاندا تېنىگە كۈچ كىرگەندەك بولدى. كۆز ئالدىغا باقەم بىلەن نىكاھ قىلغان كۈن كېلىپ، ئۇنىڭغا سادىق بولىدىغان-

تۇتۇپ، نويانني ياخشى كۆرىدىغان ئادەم سىياقىدا كۆرسىتىشكە تىرىشتى. بىر تۇرۇپ ئۇ مەن تەرسالىق قىلسام، بۇلار ئاكام بىلەن باقەمنى تېخىمۇ قىيىنىشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتى. ئۇ موڭغۇل كېلىنچەكلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆيدە خالىي قالدۇرۇپ چاپسانراق چىقىپ كېتىشىنى تىلەيتتى، بۇيەردە تاسادىپىي ئۇچراشقان باقەمۇ ئوي - خىياللىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىدى. لېكىن ئۆيگە چالۋاقاپ كىرىپ - چىقىۋاتقان موڭغۇللارنىڭ ھەرىكىتى توختايدىغاندەك ئەمەس. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن قانداق قىلىپ قېچىپ چىقىشنى ئويلىغان نوزۇگوم:

— مەن ھېرىپ كەتتىم. نويان كىرگۈچە بىر ئاز ھاردۇق ئېلىۋالاي، — دېدى ئۇ بايىر نويانىنىڭ ئۆزى ئۇچۇن غۇلجىدىن ئالدۇرغان كىيىملىرىنى كىيگەندىن كېيىن، — مۇنۇلار ھازىرچە مەشەدە تۇرۇپ تۇرسۇن. قانچە قىلغان بىلەن ئۆز يۇرتۇمدىن كىيىپ كەلگەن نەرسىلەرغۇ.

يېڭى چۈشكەن كېلىننىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلغۇسى كەلمىگەن كېلىنچەكلەر كەينىگە داجىپ، بىرىدىن كېيىن بىرى ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى - دە، ئۆيدە نوزۇگوم يالغۇزلا قالدى. موڭغۇللار بولسا ئىشىكنىڭ ئالدىغىلا تىكىلگەن كىگىز ئۆيدە يېڭى چۈشكەن كېلىننىڭ ھۆرمىتىگە توختىماي ئىركە ئىچىشىپ تاماشا قىلماقتا. بايىر نويان ئاغرىقىنى يوشۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۇرگەن تەڭتۇشلىرىنىڭ ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ قەشقەر قىزىنى خوتۇنلۇققا ئەكەلگىنىگە مەستلىكى كېلىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بارىنىڭ ھەممىسىنى تۆكمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە تۆگە سويۇپ، مۇشۇ ئەتراپتىكى خەقلەرگە چوڭ توي قىلىپ

بولسا ئېرىنىڭ غۇلجا بازىرىدىن سېتىۋالغان گۇزىلىنى كۆر-
گەندىن كېيىن يۇرىكىدە قىزغىنىش ئوتلىرى كۇچىيىپ ،
ماتەم تۇتقاندەك ھەسرەتلىنىپ ، ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ
كېتىشتى . ئېرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىلىرىگە ئۇستىلەپ
خوتۇن ئەكەلگىنىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۇرۇشۇۋاتقان خو-
تۇنلار ئۇنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرۈپ :
— خوتۇنغا تويمايدىغاندەك قىلىپ كېتىۋىدى ، مانا ئەم-
دى ئۆزىنىڭ بېشىنى يېدى ،— دەپ كايىشاتتى .
باقى بىلەن ئېلىشقاندا ئومۇرتقىسى تاشقا تېگىپ يىقىل-
غان بايىر نويان بولسا ، ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان تونۇشلى-
رىدىن ئۇيىلىپ ، بېلىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدۇرمەي
كۇچىگە زورلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانلار بىلەن ئۆيگە
كىرىپ كەتتى .
نۇزۇگۇمنى ئۆزى ئۇچۇن تەييارلانغان ئۆيگە باشلاپ
كىرگەن ئاياللار ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يۆتكەپ ، ئۇنى بايىر
نويانىنىڭ ئاغىنە - بۇرادەرلىرىگە كۆرسىتىش ئۇچۇن ياسان-
دۇرۇۋاتاتتى .
ئىلگىرى موڭغۇللارنىڭ رەسىم - قائىدە ، ئۆرپ -
ئادەت ، تۇرمۇش شارائىتى بىلەن تونۇشلۇقى يوق نۇزۇگۇمغا
پۇتىغا كىيدۇرۇلگەن چەمى قېلىن ئۆتۇك ، ئىچكىرىنىڭ قارا
تاۋارىدىن قولدا تەپچىنىپ تىككەن ئىككى يېڭى يىرىق ، ئۆرە
ياقىلىق ئۇزۇن كۆڭلەك ، بېشىدىكى قىزىل مونچاق بېكى-
تىلگەن قارا كىگىز قالپاق غەلىتىلا كۆرۈندى . ئەمدى ئۇ
ئاكىسىغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە قانداق قىلىپ بولمىسۇن
بۇ يەردىن ساق - سالامەت قېچىپ كېتىشنى ئويلاپ ، ئەترا-
پىدا چۆرىدەپ يۇرگەن قىز - كېلىنچەكلەر ئالدىدا ئۆزىنى

ئۇنىڭدىن يىراق جايلاشقان مالچىلارغا باشلاپ ماڭدى . ئۇلار موڭغۇللارنىڭ باقەمنى قاياققا ئەكەتكىنىنى بىلەلمەي قالدى .

— خوش ، ئاكا !— دېدى نۇزۇگۇم ئاخىرقى قېتىم ئاكىسىغا قايرىلىپ قاراپ ،— نەدە بولساقمۇ ئامان بولايلى . مېنىڭدىن ۋايىم قىلما . مەن ساڭا بەرگەن ۋەدەمنى ئورۇندىماي قويمايمەن . باقەمنى كۆرۈپ قالساڭ مېنىڭ ئۇنى تاقەتسىز كۈتىدىغانلىقىمنى ئېيتقىن .

— خوش ، سىڭلىم ! ئەزىز يۇرتلارغا بىزنىڭ بىرىمىز بولسىمۇ يېتىپ بارايلى . لېكىن خاپىچىلىققا چىدىماي ئۆلۈۋالغۇچى بولماڭ .

ئاكا ـ سىڭىل كۆز ـ ياش قىلىشىپ خوشلىشىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق چۈشەنمىگەن نويان :

— مۇنۇلار كۆپ سۆزلىشىپ كەتتىغۇ . ئاكىسىنى نېرىراق ئەكېتىڭلار ،— دېدى .

— قېرىنداشلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمىقى قىيىن ـ دە ،— دېدى خىزمەتكارلاردىن بىرى .

— ئاكىسىنى كۆزدىن يوقاتساڭلار سىڭلىسىمۇ پەسلەيدۇ ، ئېرىنى مەن ئىككىنچى كۆرگۈچى بولماي ،— ئۇنى بوغۇلۇپ چىقىۋاتقان بايىر نويان تېخىچىلا ياتقان يېرىدىن تۇرمىغانىدى .

نويانىنىڭ قەشقەرنىڭ ئەڭ گۈزەل چوكىنىنى ئەكەلگىنىنى ئاڭلىغان تونۇش ـ بىلىش ، ئەل ـ ئاغىنىلىرى كەينى ـ كەينىدىن كېلىشمەكتە . ئۇنىڭ ھەممە ۋاقىتتا مۇنداق مەرد بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان تونۇشلىرى بۈگۈن ئۇنىڭ ئېركىسىنى ئىچىپ ، سويغان مېلىنىڭ گۆشىنىمۇ تويغىچە يېيىشنى ئويلايتتى . نويانىنىڭ خوتۇنلىرى

تۆتنى ئۆرۈۋەتتى. كەچكىچە هاراق ئىچىپ كەيپ بولۇپ
كەتكەن بايىر نويانىنىڭ بېشى گاڭگىراپ قالدى. لېكىن ئې-
سىنى يىغقاندىن كېيىن باقەمنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى تۇنجۇقتۇ-
رۇۋېتىشكە ئۇرۇندى. لېكىن باقەم نويانىنىڭ قولتۇقىغا كى-
رىپ، ئۇنى يەردىن كۆتۈرۈۋالدى-دە، ئەتراپتىكى موڭغۇل-
لارنىڭ ۋارقىراشقانلىرىغا قارىماستىن موللاق ئاتقۇزۇپ تاش-
لىدى. ئۆزىنىڭ ئېغىر بەستىنى ئاران كۆتۈرۈپ يۈرگەن
بايىر نويان يەرگە خۇددى ئۆگزىدىن يىقىلغاندەك چۈشتى.
پايپېتەك بولۇشقان موڭغۇللار نويانىنىڭ ئورنىدىن قوزغىلال-
ماي قالغىنىنى كۆرۈپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

ئۇلار ئەمدى قوللىرىدىكى قامچىلىرى بىلەن باقەمنىڭ
باش - كۆزىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. بىرنەچچە ياش موڭغۇل
ئۇنىڭ قولىنى كەينىگە قايرىپ باغلىدى.

— بۇنى بايىلا مۇشۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى، —
دېدى يېشى چوڭىيىپ قالغان موڭغۇللاردىن بىرى.

موڭغۇللار بايىر نويانىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەشتۇرۇپ
تۇرغۇزماقچى بولۇۋىدى، ئۇ تۇۋلاپ، ياتقان يېرىدىن خېلى
ۋاقىتقىچە قوزغىلالمىدى.

— هاي، باقى! — ئابدۇللانىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭ-
لاندى.

— نۇزۇگۇم ... مەن سىزنى ئىزدەپ تاپىمەن! —
ئۇلاردىن يىراقلاۋاتقان باقەمنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈ-
لۈپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بايىر نويانىنىڭ نۆكەرلىرى ئۇلار ئۈچىنى ئۈچ ياققا
ئايرىۋەتتى. موڭغۇل كېلىنچەكلىرى نۇزۇگۇمنى بايىر نو-
يانىنىڭ كىگىز ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى، ئابدۇللانى بولسا

ئېتىلدى.

تالاي جەڭلەرگە قاتنىشىپ، بۇ تەۋەدە ئۆزىنىڭ باتۇرلۇ-
قى بىلەن ئابروۋي - ئاتاققا ئېگە بولغان نويان كۈچىنى
قېشىدىكى قەشقەرلىك جوۋانغىمۇ كۆرسىتىپ قويماقچى بو-
لۇپ، ياش يىگىتنىڭ قولاق تۈۋىگە بىرنى ئۇردى، ئۇ سەنتۈ-
رۈلۈپ بېرىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئەمما ئۇ بايىر نويان
ئىككىنچى قېتىم يېقىنلىغاندا چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭ قور-
سىقىغا تېپىۋەتتى.

— هاي، مۇنۇ قولنى تۇتۇڭلار!— دەپ ۋارقىراشتى
نويانىنى قورشاپ تۇرغان موڭغۇللار شۇ چاغدا. بايىر نويان
يېڭىنى تۇرۇپ ئوتتۇرىغا چۈشتى.

— ئۆزىڭىزگە پەخەس بولۇڭ، قورقماڭ، قېشىڭىزدا
مەن بار!— دەپ ئابدۇللامۇ باقىغا ياردەم بەرمەكچى بولۇپ
ئالغا ئىنتىلىۋىدى، لېكىن ئۇنى موڭغۇللار قويۇپ بەرمە-
دى. ئابدۇللا باقىنىڭ تۆگىدەك نويانىنىڭ قولىغا چۈشۈپ
قالسا تىرىك قالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭلاشقىمۇ
يىراقتا تۇرۇپ، ئۇنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىشى كېرەكلى-
كىنى جېكىمەكتە.

— ئاۋۇنى كاركىراتماي ئاغزىنى بېسىڭلار!— نويانىنىڭ
غەزەپلىك ئاۋازىنى ئاڭلىغان موڭغۇللار ئابدۇللانىڭ بېشىغا
بىرنەچچە تاياق ئۇرۇۋەتتى.

— ئاكا؟!— باياتىن بېرى نېمە قىلىشنى بىلمەي جىم
تۇرۇپ قالغان نۇزۇگۇم ئاكىسىنىڭ بېشىغا تاياق تېگىۋاتقى-
نىنى كۆرۈپ چىدىماي ۋارقىرىۋەتتى.

ئايالىنىڭ قاتتىق چىققان ئۈنىنى ئاڭلىغان باقەم يۈگۈ-
رۈپ كېلىپ، نويانىنىڭ بېشىغا كەينى - كەينىدىن ئۈچ -

تۆتنی ئۇرۇۋەتتی . کەچکىچە هاراق ئىچىپ کەیپ بولۇپ
کەتکەن بایىر نویاننىڭ بېشی گاڭگىراپ قالدی . لېکىن ئې-
سىنی یىغقاندىن کېیىن باقەمنی تۇتۇۋېلىپ ، ئۇنی تۇنجۇقتۇ-
رۇۋېتىشکە ئۇرۇندی . لېکىن باقەم نویاننىڭ قولتۇقىغا کى-
رىپ ، ئۇنی یەردىن کۆتۈرۈۋالدی ـ دە ، ئەتراپتىکی موڭغۇل-
لارنىڭ ۋارقىراشقانلىرىغا قارىماستىن موللاق ئاتقۇزۇپ تاش-
لىدی . ئۆزىنىڭ ئېغىر بەستىنی ئاران کۆتۈرۈپ یۈرگەن
بایىر نویان یەرگە خۇددی ئۆگزىدىن یىقىلغاندەك چۈشتی .
پایپېتەك بولۇشقان موڭغۇللار نویاننىڭ ئورنىدىن قوزغىلال-
مای قالغىنىنی کۆرۈپ ۋارقىرىشىپ کەتتی .

ئۇلار ئەمدی قوللىرىدىکی قامچىلىری بىلەن باقەمنىڭ
باش ـ کۆزىگە ئۇرۇشقا باشلىدی .. بىرنەچچە یاش موڭغۇل
ئۇنىڭ قولىنی کەینىگە قایرىپ باغلىدی .

— بۇنی بایىلا مۇشۇنداق قىلىش کېرەك ئىدی ،—
دېدی یېشی چوڭىیىپ قالغان موڭغۇللاردىن بىری .

موڭغۇللار بایىر نویاننىڭ قولتۇقىدىن یۆلەشتۈرۈپ
تۇرغۇزماقچی بولۇۋىدی ، ئۇ توۋلاپ ، یاتقان یېرىدىن خېلی
ۋاقىتقىچە قوزغىلالمىدی .

— هاي ، باقی !— ئابدۇللانىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازی ئاڭ-
لاندی .

— نۇزۇگۇم ... مەن سىزنی ئىزدەپ تاپىمەن !—
ئۇلاردىن یىراقلاۋاتقان باقەمنىڭ ئاۋازی ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈ-
لۈپ ئاڭلىنىپ تۇراتتی .

بایىر نویاننىڭ نۆکەرلىری ئۇلار ئۈچىنی ئۈچ یاققا
ئایرىۋەتتی . موڭغۇل کېلىنچەکلىری نۇزۇگۇمنی بایىر نو-
یاننىڭ کىگىز ئۆیىگە ئەکىرىپ کەتتی ، ئابدۇللانی بولسا

ئۇنىڭدىن يىراق جايلاشقان مالچىلارغا باشلاپ ماڭدى . ئۇلار موڭغۇللارنىڭ باقەمنى قاياققا ئەكەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى .

— خوش ، ئاكا !— دېدى نۇزۇگۇم ئاخىرقى قېتىم ئاكىسىغا قايرىلىپ قاراپ ،— نەدە بولساقمۇ ئامان بولايلى . مېنىڭدىن ۋايىم قىلما . مەن ساڭا بەرگەن ۋەدەمنى ئورۇندىماي قويمايمەن . باقەمنى كۆرۈپ قالساڭ مېنىڭ ئۇنى تاقەتسىز كۈتىدىغانلىقىمنى ئېيتقىن .

— خوش ، سىڭلىم ! ئەزىز يۇرتلارغا بىزنىڭ بىرىمىز بولسىمۇ يېتىپ بارايلى . لېكىن خاپىچىلىققا چىدىماي ئۆلۈۋالغۇچى بولماڭ .

ئاكا - سىڭىل كۆز - ياش قىلىشىپ خوشلىشىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق چۈشەنمىگەن نويان :

— مۇنۇلار كۆپ سۆزلىشىپ كەتتىغۇ . ئاكىسىنى نېرىراق ئەكېتىڭلار ،— دېدى .

— قېرىنداشلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلمىقى قىيىن - دە ،— دېدى خىزمەتكارلاردىن بىرى .

— ئاكىسىنى كۆزدىن يوقاتساڭلار سىڭلىسىمۇ پەسلەيدۇ ، ئېرىنى مەن ئىككىنچى كۆرگۈچى بولماي ،— ئۇنى بوغۇلۇپ چىقىۋاتقان بايىر نويان تېخىچىلا ياتقان يېرىدىن تورمىغاندى .

نويانىنىڭ قەشقەرنىڭ ئەڭ گۈزەل چوكىنىنى ئەكەلگەنلىكى ئاڭلىغان تونۇش - بىلىش ، ئەل - ئاغىنىلىرى كەينى - كەينىدىن كېلىشمەكتە . ئۇنىڭ ھەممە ۋاقىتتا مۇنداق مەرد بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان تونۇشلىرى بۇگۈن ئۇنىڭ ئېركىسىنى ئىچىپ ، سويغان مېلىنىڭ گۆشىنىمۇ تويغىچە يېيىشنى ئويلايتتى . نويانىنىڭ خوتۇنلىرى

بولسا ئېرىنىڭ غۇلجا بازىرىدىن سېتىۋالغان گۈزەللىكنى كۆر-
گەندىن كېيىن يۈرىكىدە قىزغىنلىق ئوتلىرى كۈچىيىپ،
ماتەم تۇتقاندەك ھەسرەتلىنىپ، ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ
كېتىشتى. ئېرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىلىرىگە ئۈستىلەپ
خوتۇن ئەكەلگىنىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈشۈۋاتقان خو-
تۇنلار ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ:
— خوتۇنغا تويمايدىغاندەك قىلىپ كېتىۋىدى، مانا ئەم-
دى ئۆزىنىڭ بېشىنى يېدى،— دەپ كايىشاتتى.
باقى بىلەن ئېلىشقاندا ئومۇرتقىسى تاشقا تېگىپ يىقىل-
غان بايىر نويان بولسا، ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان تونۇشلى-
رىدىن ئۈيىلىپ، بېلىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدۈرمەي
كۈچىگە زورلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانلار بىلەن ئۆيگە
كىرىپ كەتتى.
نۇزۇگۇمنى ئۆزى ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆيگە باشلاپ
كىرگەن ئاياللار ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يۆتكەپ، ئۇنى بايىر
نويانىڭ ئاغىنە - بۇرادەرلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ياسان-
دۇرۇۋاتاتتى.
ئىلگىرى موڭغۇللارنىڭ رەسىم - قائىدە، ئۆرپ -
ئادەت، تۇرمۇش شارائىتى بىلەن تونۇشلۇقى يوق نۇزۇگۇمغا
يۇتىغا كىيدۈرۈلگەن چەمى قېلىن ئۆتۈك، ئىچكىرىنىڭ قارا
تاۋاردىن قولدا تەپچىپ تىككەن ئىككى يېڭى يىرىق، ئۆرە
ياقىلىق ئۇزۇن كۆڭلەك، بېشىدىكى قىزىل مونچاق بېكى-
تىلگەن قارا كىگىز قالپاق غەلىتىلا كۆرۈندى. ئەمدى ئۇ
ئاكىسىغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە قانداق قىلىپ بولمىسۇن
بۇ يەردىن ساق - سالامەت قېچىپ كېتىشنى ئويلاپ، ئەترا-
پىدا چۆرىدەپ يۈرگەن قىز - كېلىنچەكلەر ئالدىدا ئۆزىنى

تۇتۇپ، نويانني ياخشى كۆرىدىغان ئادەم سىياقىدا كۆرسى-
تىشكە تىرىشتى. بىر تۇرۇپ ئۇ مەن تەرسالىق قىلسام،
بۇلار ئاكام بىلەن باقەمنى تېخىمۇ قىيىنىشى مۇمكىن دەپ
ئويلايتتى. ئۇ موڭغۇل كېلىنچەكلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆيدە خا-
لىي قالدۇرۇپ چاپسانراق چىقىپ كېتىشىنى تىلەيتتى. بۇ-
يەردە تاسادىپىي ئۇچراشقان باقەمۇ ئوي - خىياللىرىنى
ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىدى. لېكىن ئۆيگە چالۋاقاپ
كىرىپ - چىقىۋاتقان موڭغۇللارنىڭ ھەرىكىتى توختايدىغان-
دەك ئەمەس. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن قانداق قىلىپ قېچىپ
چىقىشنى ئويلىغان نۇزۇگۇم:

— مەن ھېرىپ كەتتىم. نويان كىرگۈچە بىر ئاز ھار-
دۇق ئېلىۋالاي، — دېدى ئۇ باير نويانىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن
غۇلجىدىن ئالدۇرغان كىيىملىرىنى كىيگەندىن كېيىن، —
مۇنۇلار ھازىرچە مەشەدە تۇرۇپ تۇرسۇن. قانچە قىلغان
بىلەن ئۆز يۇرتۇمدىن كىيىپ كەلگەن نەرسىلەرغۇ.

يېڭى چۈشكەن كېلىننىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلغۇسى
كەلمىگەن كېلىنچەكلەر كەينىگە داجىپ، بىرىدىن كېيىن
بىرى ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى - دە، ئۆيدە نۇزۇگۇم يال-
غۇزلا قالدى. موڭغۇللار بولسا ئىشىكنىڭ ئالدىغىلا تىكىل-
گەن كىگىز ئۆيدە يېڭى چۈشكەن كېلىننىڭ ھۆرمىتىگە
توختىماي ئېركە ئىچىشىپ تاماشا قىلماقتا. باير نويان
ئاغرىقىنى يوشۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈر-
گەن تەڭتۇشلىرىنىڭ ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ قەشقەر قىزىنى
خوتۇنلۇققا ئەكەلگىنىگە مەستلىكى كېلىپ، مېھمانلارنىڭ
ئالدىغا بارىنىڭ ھەممىسىنى تۆكمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە
تۆگە سويۇپ، مۇشۇ ئەتراپتىكى خەقلەرگە چوڭ توي قىلىپ

بىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ماختانماقتا. ئۇ نۇزۇگۇمنىڭ قىشىغا باشقا ئەركەكلەرنى كىرگۈزمەي، ئۇنى قىز - كېلىنچەكلەرنىڭ ئىختىيارىغا قالدۇرۇشنى ماقۇل كۆردى. بۇمۇ قەشقەر قىزىنىڭ بايىر نويانىدىن سورىغان بىردىنبىر تىلىكى ئىدى.

— قىزنى ئۆيگە ئەكېلىۋالدۇق. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ تەرەپتە بارار جايى، قورۇسى يوق. ئۆزىنىڭمۇ ماڭا كۆڭلى چۈشۈپ قالسا كېرەك. ئۇنىڭ قېشىمدىن نېرى كەتكۈسى كەلمەيدۇ، — دەپ هاراققا تويۇۋالغان نويان ئۆزى بىلەن ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىۋاتقان ئاغىنىلىرىگە ماختىنىپ قوياتتى.

ئۇ قىز - كېلىنچەكلەرگە نۇزۇگۇمغا ياخشى قاراش ھەققىدە جېكىلەپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا ئىشەنمەي ئۆزىنى ئىككى موڭغۇلغا يۆلىتىپ ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ چىقتى. نۇزۇگۇمنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئورۇندا ياستۇققا باش قويۇپ ياتقىنىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدى. كېلىنچەكلەر ئۇنىڭغا نۇزۇگۇمنىڭ بىر ئاز ھاردۇق ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ياتقىنىنى ئېيتقاندا، كەينى - كەينىدىن ئۇنىڭ قېشىغا كىرىۋېرىپ بىئارام قىلغۇسى كەلمەي، ئاغىنىلىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى ۋە گۆش پىشۇرۇپ، خىزمەت قىلىپ يۈرگەن كېلىنچەكلەرگە نۇزۇگۇمغا ئوبدان قاراش توغرۇلۇق يەنە بىر قېتىم جېكىلىدى.

نويانىنىڭ تاۋاردىن تىكتۈرگەن كۆڭلىكىنى كىيگىنى بىلەن ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى تاشلىماي، ياغلىققا تۈگۈشكە باشلىغان نۇزۇگۇم ئۇنىڭ ئىچىدىكى خەنجىرىنى قولىغا ئالغاندا تېنىگە كۈچ كىرگەندەك بولدى. كۆز ئالدىغا باقەم بىلەن نىكاھ قىلغان كۈن كېلىپ، ئۇنىڭغا سادىق بولىدىغان-

لىقى ھەققىدە دېگەن سۆزلىرىنى، ئىچكەن قەسەملىرىنى ئەسلىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا تالادا باقەم ھەرقاچان چىقىشنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا سېزىلەتتى.

ئۇ بىر پەس نېمە قىلسام بولىدىكىن دېگەندەك خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى - دە، ئاندىن يەنە كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان خەنجىرىنى مەھكەم تۇتتى. ئويلاپ باقسا ئۇنىڭدىن باشقا قېشىدا ھەمراھ بولغۇدەك ھېچنېمە يوق ئىكەن. ئۇ مۇشۇ خەنجەر بىلەن نوياننى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۇنى ئۆزىگە سېلىشنى ماقۇل كۆردى. بەزىدە ئۇ نوياننى ئۆلتۈرگىنىم بىلەن ئاكامنىڭ ھەم باقەمنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ، دەپ ئۇلارنىڭ ھاياتىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

ئۆي ئىچى جىمجىت. خىزمەت قىلىپ يۈرگەن كېلىنچەكلەر بايا چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كىرمىدى. كېچىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ بايىر نوياننىڭ مەست بولغانلارغا قوشۇلۇپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. نۇزۇگۇم ئۇنىڭ تېززەك ئۆيگە كىرىشىنى كۈتەتتى. نېمىلا بولسا بىراقلا كۆرەي دەيتتى. نېمە ئۈچۈندۇر قىسماق كۆزلۈك نويان نۇزۇگۇمنى ئۇنتۇپ قالغاندەك جىمىپ كەتتى. بىر چاغدا خىزمەت قىلىپ يۈرگەن كېلىنچەكلەردىن بىرى ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ سىنچىلاپ قارىدى - دە، نۇزۇگۇمنىڭ چىملىدىق ئىچىدە ياتقىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلى خاتىرجەم بولغاندەك، ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. «ئەمدى نويان كىرىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان نۇزۇگۇم خەنجىرىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنى ئۆلۈمگە تەييارلاپ، ئىچىدە ئايەت ئوقۇدى.

بىر نەرسىنى كۈتكەنسېرى ۋاقىت دېگەن شۇنچە ئاستا

ئۆتەمدۇ ياكى راستىنلا ئۇزاق ۋاقىت بولدىمۇ ، نويان تېخد-
چىلا كىرمەيۋاتاتتى . تالادىكى كىشىلەرنىڭ چالۋاقاپ ۋارقىد-
راشلىرى ئازىيىپ قالغانىدى . نۇزۇگۇم تاقەتسىزلىنىشكە
باشلىدى . «ئويلىغان ئويلىرىم ئەمەلگە ئاشارمۇ ؟ !» دەيتتى
ئىچىدە . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن -
بۇياققا ماڭدى .

ئۆينىڭ ئىشىكى بايىقى خىزمەتكار كېلىنچەك قىيا ئې-
چىپ قويغان پېتى تۇراتتى . نۇزۇگۇم پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا
مېڭىپ ، ئىشىك قېشىغا باردى - دە ، تاشقىرىدا نېمە بولۇ-
ۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ تىڭشىدى . يېقىن ئەتراپتا ئا-
دەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى ، بىرەر تىۋىشمۇ ئاڭلانمايتتى .
ئۇ ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭرەك ئېچىپ تالاغا قارىۋىدى ، چەت-
تىكى كىگىز ئۆيدىلا چىراغ يېنىق تۇراتتى . نويان شۇ يەردە
بولسا كېرەك . كىگىز ئۆينىڭ ئىچىدىكى كەيىپ بولغان ئا-
دەملەر بىرىنىڭ سۆزىنى بىرى ئاڭلىماي ۋارقىرىشىپ ، ئۆز-
ئارا نېمىنىدۇر تالىشاتتى . نۇزۇگۇم كەينىگە يېنىپ ، ئۆي-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا سەل ئويلىنىپ تۇردى - دە ، بۇلۇڭدىكى
بوپىسىنى ئېلىپ ئىشىك يېنىغا باردى . تالادا ئادەم يوق
ئوخشايدۇ ، كۆرۈنمەيدۇ . ئۇ ئىشىكنى چوڭراق ئېچىپ تاش-
قىرىغا چىقتى .

تالا ئىنتايىن قاراڭغۇ ئىدى . نۇزۇگۇم ھە دېگەندە ھېچ-
نېمىنى كۆرەلمەي تۇرۇپ قالدى . پەقەت كۆزى قاراڭغۇغا
سەل ئۆگەنگەندىن كېيىنلا قۇرانىڭ بىر چېتىدە كۆشەپ
ياتقان ئۇچ - تۆت تۆگىنى كۆردى . دەسلەپتە ئۇ بۇلارنى ئۆرە
تۇرغان ئادەملەر ئوخشايدۇ دەپ ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ،
قورقۇپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى ، ئۇلارنىڭ ئادەم

ئەمەس تۆگە ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنلا كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى. نۇزۇگۇم كىچىك چاغلىرىدا تۆگىلەردىن قورقاتتى. ھازىر بولسا بۇ تۆگىلەر ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدەك كۆرۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ئىككى ئۆركىشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئولتۇرۇۋالسىلا موڭغۇللاردىن قۇتۇلۇپ كېتىدىغاندەك سېزىدلەتتى. ئۇ بايىلا ئۆلۈپ كېتىشكە رازى بولغان، ئەمدى بولسا بۇ يەردىن ساق - سالامەت قۇتۇلۇپ ھايات كەچۈرۈشكە ئىنتىلمەكتە. ئۇ ئۆپچۆرىسىگە سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن ئىتتىك كېلىپ تۆگىلەرنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغا كۆشەپ ياتقان بۇ تۆگىلەر ئۆزىنى قوغداپ قالىدىغان قورغاندەك كۆرۈندى. لېكىن ئۇ تۆگىلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىشنى، ئىلاجى بولسا ئاكىسىنى ۋە باقەمنى تېپىپ، بىللە قېچىشنى ئويلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ نەگە كەتكىنىنى، قايسى مالچىنىڭ ئاۋۇلىغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇلار نەدىكىن؟ تۆگىلەر ئارىسىدا ئولتۇرغان نۇزۇگۇم يەنە بىر قېتىم ئەتراپىغا زەن سېلىپ قاراپ ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى. ئالدىدىكى تاغلارنىڭ ئېگىز چوققىلىرى ئاقارغاندەك قىلىدۇ. ئۇ قېچىپ كېتىشنى ئويلاپ سىرتقا چىققىنى بىلەن نەگە مېڭىشنى بىلمەيتتى.

نۇزۇگۇمغا تۆگىلەرنىڭ ئارىلىرىدىن قانداقتۇر بىر نەرسە يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك سېزىلدى. «ئاپلا، تۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدۇم - دە» دېگەن ئوي ئۇيغا كەلدى ئۇ ئانىسىدىن بىتەلەي تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۆزىچىلا تىترەپ، ئۇگە - ئۇگىسى بوشىشىپ، تېنىدە جان يوقتەك بىلىندى. ئەمدى قاچقىنى بىلەنمۇ بەرىبىر تۇتۇلۇپ

قالدىغىنىنى چۈشەندى ـ دە: «مۈشۈ يەردە جىم ئولتۇرۇۋې-
رەي، نېمە قىلىپ يۈرسەن دېسە، تالاغا چىقىۋېدىم دەر-
مەن» دېگەن ئويغا كېلىپ، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى يېيىپ
ئولتۇرۇۋالدى. ئاڭغىچە تۆگىلەرنىڭ ئارىلىرىدىن كېلىۋات-
قان بايىقى نەرسە نۈزۈگۈمغا يېقىنراق كېلىپ زوڭزىيىپ
ئولتۇردى. ئەجەبا! نۈزۈگۈم قاتتىقراق نەپەس ئېلىشتىن
قورقۇپ، كىيىملىرى ئورالغان بوپىسىنى مەيدىسىگە چىڭ-
راق باستى. ئەگەر قولىدىكى بوپىسى بولمىغاندا بىر نەرسە
دەپ قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولاتتى، ئەمما ئۇنى ھازىر بىر يەرگە
يوشۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بايىقى نەرسىمۇ گەپ ـ سۆز قىلماستىن جىم ئولتۇرات-
تى. «مېنىڭ پېيىمگە چۈشكەن كىمدۇر؟ ئۇلار مېنىڭ
قاچىدىغىنىمنى سېزىپ، كەينىمگە پايلاقچى سېلىپ قوي-
غانىكەن ـ دە؟ بىراق ئۇ نېمىشقا ئورنىدىن قوزغالمايدۇ؟
ياكى بۇمۇ ماڭا ئوخشاش قېچىپ چىققان بىر مۇساپىر ئەمەس-
تۇ، يا بولمىسا بۇ باقەممىدۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش ھەرخىل
ئويلارغا بېرىلگەن نۈزۈگۈم بېشىنى قىمىرلاتماي، كۆزىنىڭ
قۇيرۇقىدا ئۆزىگە قاتار كېلىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بايى-
قى نەرسىگە سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن، «خۇدايا شۈك-
رى» دەپ، شۈكرى ـ سانا قىلدى. چۈنكى باياتىن بېرى
ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزغان بايىقى نەرسە ئادەم ئەمەس، مۈشۈ
ئەتراپتىكى ئىتلارنىڭ بىرى ئىكەن.

نۈزۈگۈمنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ، پۇت ـ قولىغا
قايتىدىن جان كىرگەندەك بولدى. ئەمما يېنىدا زوڭزىيىپ
ئولتۇرغان تايىنچىدەك يوغان ئىت تېخىچىلا ئورنىدىن قوز-
غالماي، خۇددى قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك تۇراتتى. ئەگەر

نۇزۇگۇم ئورنىدىن قوزغالسا شۇ ھامان ئۇ ئىت ئېتىلىپ كېلىپ چىشلەيدىغاندەكلا قىلاتتى . شۇنىڭ بىلەن نۇزۇگۇمدا يەنە بىر تەشۋىش پەيدا بولدى . لېكىن بۇيەردە ئۇزاق ئولتۇ- رۇش مۇمكىن ئەمەس . ھاراق ئىچىپ ، ناخشا ئېيتىپ تاماشا قىلىشۋاتقان موڭغۇللارنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى پەسىيىپ ، ئو- يۇن - تاماشىسى ئاخىرلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى .

نۇزۇگۇم بار كۈچىنى يىغىپ ئورنىدىن قوزغالدى . شۇ چاغدا ئۇ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئىتنى ئېسلامدىكىن دېۋىدى ، ئېسىلماي كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى . نۇزۇگۇم بۇنى كۆرۈپ مېڭىشنى ئىتتىكلەتتى .

ئىتمۇ نۇزۇگۇمنىڭ كەينىدىن قالماي چوڭ يولغا چىق- تى . ئەمدى چالۋاقىغان ئادەملەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭى ئورنىغا ھەربىر كىگىز ئۆينىڭ ئالدىدا ياتقان ئىتلارنىڭ ھاۋشىپ قاۋاشلىرى كۆپەيدى . نۇزۇگۇمدا بۇ كاساپەتلەر موڭغۇللارنى ئويغىتىۋەتمىسە بولاتتىغۇ دېگەن ئەندىشە پەيدا بولدى .

بايىر نويانىنىڭ ئاۋۇلىدىن نۇزۇگۇمنى ئەگىشىپ چىق- قان يوغان ئىت يا ھاۋشىماستىن ، يا ئىگىسىنىڭ ئۆيى ئالدىدا قالماستىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ كېلىۋاتاتتى . دەس- لەپتە بۇ مېنى پايلاپ يۈرگەن نەرسە ئەمەستۇر دەپ ئەندىشە قىلغان نۇزۇگۇم ئۇنى قوغلىۋېتەي دەپ ئويلىدى ، بىراق ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېتىلىشىدىن قورقتى . ئاۋۇللاردىكى ئىتلارمۇ شۇنىڭغا يارىشا ھاۋشىپ ، مۇشۇنىڭغا يارىشا ئەگىشىپ كېلەت- تى -دە ، بىر پەستىن كېيىن قېيقالاتتى . بەزى ئاۋۇللارنىڭ ئىتلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندەك بىر - ئىككى قېتىم ھاۋشىپ قويۇپلا جىم بولاتتى . بەزىلىرى بولسا خۇددى بۇ چوكاننى ئاستىغا بېسىپ

تالىۋىتىدىغاندەك يۈگۈرۈپ كېلەتتى ـ دە، ئەمما كەينىدىن
ھاۋشىپ چىققان باشقا ئىتلارنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، قۇيرۇ-
قىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىغا قىسىپ تېزلا قايتىپ كېتەت-
تى. نۇزۇگۇم مۇنداق چاغلاردا ئىتلار مېنى تالىۋىتىدىغان
بولدى دەپ، ياغلىقى بىلەن بېشىنى پۈركەپ ئولتۇرۇۋالات-
تى. ئۆزىنى ئەگىشىپ، كەينىدىن ئالدىرىماي كېلىۋاتقان
يوغان ئىتنىڭ ھېچ نەرسە بىلەن كارى يوق ئىدى.

باياتىن بېرى كەينى ـ كەينىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىققان
ئىتلار بىرئاز ھاۋشىپ توختاپ قالغاندا، نۇزۇگۇمۇ بايىر
نويانىنىڭ ئاۋۇلىدىن خېلى يىراقلاپ، ئۆمۈر بويى قايتىپ
چىقمايدىغان قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ
بىرى قوغلاپ كېلىۋاتمايدىغاندۇ دېگەندەك، پات ـ پات ئەترا-
پىغا قاراپ قويۇۋاتتى. لېكىن ئۆزىدىن ئون بەش قەدەم نېرىدا
كېلىۋاتقان ئىتتىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى. ئۇ ئالدى-
دىكى يول بىلەن مېڭىۋەرسە كەينىدىن قوغلاپ چىقىدىغان
نويانىنىڭ نۆكەرلىرىگە تېزلا تۇتۇلۇپ قالىدىغىنىنى ئويلاپ،
قېلىن ئوت ـ چۆپ ئۆسكەن يولسىز دالاغا بۇرۇلدى. قۇرۇپ
كەتكەن قورايلارنىڭ شاخلىرى پاچىقىنى سىزىپ ئېچىشتۇر-
ماقتا. ئەمما ئۇ موڭغۇللار قوغلاپ چىققۇچە يىراقراق بېرىپ
يوشۇرۇناي دەپ، پۇتلىرىنىڭ ئېچىشىپ تۇرغىنىغا پەرۋا
قىلماي يۈگۈرمەكتە. بەزىدە تۇلۇمچاشقانلارنىڭ ئىنى ئالدىغا
دۈۋىلەنگەن توپا ـ چالمىلارغا پۇتلىشىپ ياكى ئۇزۇن كۆڭلە-
كىنىڭ ئېتىكىدىن دەسسىۋېلىپ يىقىلىپ چۈشەتتى ـ دە،
يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئالغا قاراپ يۈگۈرەيتتى.

بىر چاغدا موڭغۇللارنىڭ ئاۋۇلنى بېشىغا كىيىپ ۋار-
قىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار نۇزۇگۇمنىڭ قېچىپ كەت-

كىنىنى ئەمدىلا سەزگەندى . ئۇلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭ قىلىپ
ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ، ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان دۇ-
كۇرلەشلەر قۇلىقىغا يەتكەندە ، نۇزۇگۇم ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇپ
كېتەلمەيدىغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ نەدىن بولسىمۇ ئۆزىنى تې-
پىۋېلىپ جازالايدىغانلىقىنى سېزىپ روھسىزلانغاندەك بولدى
ۋە «كاشكى بۇ كاساپەتلەر بەش ـ ئون چاقىرىمدەك ئۇزاپ
كەتكەن چېغىمدا بىلگەن بولسىچۇ» دەپمۇ ئويلىدى .

ئېھتىمال ، تاشلىق يولدا چېپىپ كېتىپ بارغان ئاتلا-
رنىڭ تۇياق تىۋىشى تاغ تەرەپتىن ئاڭلانغىنىغا قارىغاندا بايىر
نويان نۇزۇگۇمنى شۇ ياققا قاچتى دەپ ئويلىسا كېرەك ،
بۇنىڭدىن كۆڭلى كىچىككىنە بولسىمۇ خاتىرجەم بولغان نۇ-
زۇگۇم ئالدىغا قاراپ قەدەم تاشلىدى . شۇ چاغدا ئۇ بىرنەچچە
ئاتلىق ئادەمنىڭ چوڭ يول بىلەن تۆۋەنلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى
بايقىدى . نۇزۇگۇمنىڭ يۈرىكى قايتىدىن قاتتىق سوقۇپ ،
تەشۋىش ـ ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچەيدى . ئۇ قاراڭغۇدا ئۆزى-
نى ھېچكىم كۆرمىگەنلىكىنى ھېس قىلسىمۇ ، بېشىنى تۆ-
ۋەن قىلىپ ، بىر ئاز يەرگىچە ئېڭىشىپ ماڭدى ـ دە ، ئالدىن
توغرا كەلگەن چوڭقۇرراق بىر يەرگە چۈشۈپ ئولتۇردى .
ئۆزىنىڭ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ دەم ئېلىۋاتقىنىغا قارىماس-
تىن خۇداغا ، ئەرۋاھلارغا سېغىنىپ ، ئۆزىنى ئىزدەپ يۈر-
گەن موڭغۇللاردىن ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ قېلىشنى تىلەپ ،
مۇناجات قىلىشقا ، قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى .

بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ئۆزىدىن ئۈچ ـ تۆت قەدەم
نېرىدا ئولتۇرغان يوغان ئىتقا چۈشتى . خۇدا ئۇردى دېگەن
مۇشۇ ئوخشايدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە مۆكۈنۈۋالغىنىنى كۆر-
سىتىدىغان نىشانغا ئوخشاش زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بۇ ئىتنى

قانداق قىلسام توۋەن چۈكۈرۈپ ياتقۇزارمەن دەپ ھەلەك ئىدى. چوڭ يولدا كېلىۋاتقان نويانىنىڭ نۆكەرلىرى بۇنى كۆرسە دەرھال ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى مۇشۇ تەرەپكە بۇراي-دۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئىتقا تاش ئېتىپ قوغلىۋې-تەيمىكىن دەپمۇ ئويلىدى. ئەمما ئۇ دەرھال ئۆزىگە قارشى ئېتىلىشى مۇمكىن. قوغلىۋەتمەي دېسە ئۆزى تۇتۇلۇپ قالى-دۇ. ئۇ ئىتقا قاراپ: «كەت، كەت» دەپ ۋارقىراپ باقتى. ئەمما قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ ئولتۇرغان ئىت ئورنىدىن قوزغىلار ئەمەس. موڭغۇللار بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋا-تاتتى. «كەت، كەت، دېدىمغۇ، كەت، بولمىسا يات» دېدى نۇزۇگۇم.

يۆگىلىرى پاخپىيىپ كەتكەن ئىت بېشىنى بۇراپ، نۇ-زۇگۇمغا بىر قاراپ قويدى ـ دە، خۇددى ھېچنېمە سەزمە-گەندەك ئىلگىرىكى پېتىچە ئولتۇرۇۋەردى. ھە دەپ ئۆيدىن چىققاندا تۇم قاراڭغۇ كۆرۈنگەن دالادا ئەمدى ھەممە نەرسە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

«ھەي، بۆرىباس!— دەپ چاقىردى نۇزۇگۇم ئىتنىڭ ئېتىنى بىلمىسىمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىچە ئات قويۇپ» بېرى كەل، بېرى كېلە،— ئۇ قولىنى ئىتقا سوزدى.

باياتىن بېرى بىر ئورۇندا قىمىر قىلماي زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئىت قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، چوڭقۇر ئازگالدا ئولتۇرغان ئايالغا بىر پەس قاراپ قويۇپ، ئاندىن بىر ـ ئىككى قەدەم يېقىنلىدى؛ نۇزۇگۇم ئىتنىڭ ئۆزىگە قاراپ ماڭغىنىنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ قالدى.

«كەل، سادىغاڭ كېتەي، ئەگەر بولمىغاندا باير نوياز-نىڭ ئادەملىرى ئۆتۈپ كەتكۈچە بولسىمۇ قېشىمغا كېلىپ

ياتقىن . ئۆزۈڭمىغۇ گەپ ئۇقمىدىغان كۆرۈنىسەن . ماھ ، ماھ ! »

ئۇ ئىتقا بېرىدىغان بىرەر نەرسە تاپالماي ، يەردىن قولىغا داڭگال ئېلىپ چاقىردى . بۆرىباس راستتىنلا يەيدىغان نەرسە بېرىۋاتىدۇ دېدىمۇ ، ئۇزۇن قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ ئورنىدىن قوزغالدى ـ دە ، ئالدىغا بىر ـ ئىككى چامداپ ، يەنە توختاپ ، ئاندىن ئىتتىك كېلىپ قىزنىڭ ئالىقىنىدىكى داڭگالنى پۇرىدى . نۇزۇگۇم قولۇمنى ئىت چىشلىۋالمىغىيدى دەپ قورقتى . ياق ، چىشلىمىدى ، ئەكسىچە يەنە قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ ئەركىلىدى . بۇنى كۆرۈپ نۇزۇگۇمنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى .

تاشلىق يولدا ئات چېپىپ كېلىۋاتقان بايىرنىڭ ئادەملىرى قاراڭغۇ كېچىدە غىل ـ پال كۆرۈنۈپ بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا . نۇزۇگۇم ئۇلارنىڭ يېقىنلاپ قالغىنىنى سېزىپ : «ياتقىنا ، سادىغاڭ كېتەي ، ياتقىنا . مۇنۇلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مېنى تالىساڭمۇ مەيلى ، هازىر بىر ئاز بولسىمۇ ياتقىنا » دەپ ئىتنىڭ بوينىنى تۆۋەن باستى . ھەقىقەتەنلا بۇ ئىت ئادەم قورققۇدەك يوغان بولغىنى بىلەن ئەمما ياۋاش ئىكەن . ئۇ خۇددى نۇزۇگۇمنىڭ ئېيتقانلىرىنى چۈشەنگەندەك ، ئالدى ئىككى پۇتىنى پۈكۈپ ، بېشىنى ئۇنىڭ تىزىغا قويۇپ ياتتى .

«ئادەملەرگە قارىغاندا ، هايۋان بولساڭمۇ سەن ياخشىكەنسەن » دېدى نۇزۇگۇم چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ۋە ئىتنىڭ بېشىنى مەيدىسىگە بېسىپ .

بۇ چاغدا چوڭ يولدا كېلىۋاتقان موڭغۇللار ئۇدۇلىغا يېقىنلاپ قالغانىدى . نۇزۇگۇم ئەمدى بۇ ئىت ئىگىلىرىنى

كۆرۈپ ، ھاۋشىپ كەتمىسە بولاتتى دەپ ئەندىشە قىلدى .
ئاتلىرىنى قامچىلاپ ، ئۆزئارا دۆڭ پاراڭ سىلىشىپ كېلىۋاتقان بايىرنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىن ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتى ، شۇ چاغدا نۇزۇگۇم ئىتنىڭ بېشىنى مەھكەم قۇچاقلىغان پېتى كۆزىنى يۇمۇپ جىممىدە بولۇپ قالدى . بىراق ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندە ، خۇددى چوغ تۇتۇۋالغان ئادەمدەك بېشىنى دەس كۆتۈرۈپ ئۆزىنى ئىتتىن چەتكە تارتتى . ئۇ پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزى ئىلگىرى ــ كېيىن تونۇمايدىغان ئىتنى قورقماي قۇچاقلاپ ياتقىنىدىن چۆچۈپ كەتتى . ئىت بولسا ئۇنىڭ بىلەن كونا تونۇشتەك بېشىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ ياتاتتى .
ئالدى ــ كەينىگە قارىماستىن چوڭ يول بىلەن تۆۋەن تەرەپكە كەتكەن موڭغۇللار ئاتلىرىنىڭ تۇياق تىۋشى ئۆچۈشىگە ئەتراپ يەنە جىم بولۇپ قالدى . نۇزۇگۇم ئۇلاردىن راست قۇتۇلغاندىمەنمۇ دېگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولۇۋىدى ، بىر چاغدا تۆت ئاتلىق كەتكەن يولى بىلەن كەينىگە قايتتى . نۇزۇگۇم يەنە ئىتنى دۈمبىسىدىن بېسىپ چوڭقۇرغا ياتقۇزدى ــ دە ، ئۆزىمۇ يېنىچە ياتىۋالدى . موڭغۇللار تەرلەپ كەتكەن ئاتلىرىنى سوۋۇتۇپ يۈرگەندەك ئاستا ، ئالدىرىماي كېلىۋاتاتتى . ئۇلار ، ئېھتىمالىم ، بايىر نويان خوتۇنلۇققا ئەكەلگەن ئۇيغۇر قىزىنى تاغ تەرەپكە كەتتى دەپ ئويلىسا كېرەك ، شۇڭا ئىلگىرىكىدەك ئەتراپقا قاراپمۇ قويمايتتى .
موڭغۇللار ئۆتۈپ كەتكەندە ئاز ــ تولا قۇتۇلدۇم دەپ ئويلىغان نۇزۇگۇم ئۆزىنى مۇرىسىدىن ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك ھېس قىلدى . ئۇ يېنىدىكى ئىتنىڭ ئۆزۈن

يۈگلىرىنى قوللىرى بىلەن سىيپاپ :
«ئادەملەرنىڭ ‹خوتۇن جاپا ، ئىت ۋاپا › دېگىنىمۇ
راست ئوخشايدۇ . ئەمدى ئورنىمىزدىن تۇرساقمۇ بولىدۇ »
دېدى ئىتقا قاراپ . ئۇ پۈتۈن كېچىدە ئىتتىن بولسىمۇ ھەم-
راھ تېپىۋالغىنىغا بەك خۇش بولدى .
«سەنمۇ ماڭا ئوخشاش مۇساپىر ئوخشىمامسەن ، بولمى-
سا ياخشى ماكانىڭنى تاشلاپ ، مېنىڭ كەينىمدە ساڭا نېمە
بار دەيسەن . بايا سېنى قال دېسەممۇ قالمىدىڭ . قېنى ئەمى-
سە ئىككىيلەن بىر - بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ ، يولغا
چىقايلى . يارانقان ئىگەمنىڭ بىزگە ئاتىغان رىزقى - ياخشى-
لىقلىرى باردۇر ، مەن سېنى بۈنىڭدىن كېيىنمۇ بۆرىباس
دەپ ئاتاي . ئۆزۈڭمۇ بۆرىنى بېسىۋالغۇدەكلا يوغان ئىكەن-
سەن . »
ئىتمۇ ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئۇققاندەك ئورنىدىن
تۇرۇپ ئەگەشتى . ئۇلار ئويمان - دۆڭ يەرلەرنى پاناھلاپ
يولنى داۋاملاشتۇردى . نۇزۇگۇم موگۇغۇللاردىن قېچىپ قۇ-
تۇلۇشنى ئويلىغان بىلەن ، ئەمما نەگە بېرىپ ، نەدە تۇرۇشنى
ۋە نېمە قىلىشنى ئويلىمىغانىدى . ھازىر بولسا ئۇلاردىن
قۇتۇلۇپ ، يولغا چىققاندىلا ئەتراپنى مۆلچەرلەپ ، نەگە بې-
رىشنى بىلمەي ، يەنە سەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى .
«ماڭا قارىغاندا سەن بۇ ئەتراپنىڭ يەر شارائىتىنى ياخ-
شى بىلىشىڭ مۇمكىن ، بۆرىباس ،قاياققا ماڭىمىز ، يول
باشلىغىنا ؟ » دېدى نۇزۇگۇم قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ تۇر-
غان ئىتقا قاراپ . ئىتمۇ خۇددى قاياققا ماڭساق بولىدىكىن
دېگەندەك ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ، تۇمشۇقى بىلەن ئۆپچۆرنى
پۇراپ كۆرگەندىن كېيىن ، نۇزۇگۇمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تۆ-

ۋەنلەپ ماڭدى .
«دەسلەپ ئاكام بىلەن باقەمنى تاپساق بولاتتى ، بۆرد-
باس . ئۇلارنى تاشلاپ يۇرتۇمغا قانداق قايتىمەن . سەن ئۇ-
لارنى موڭغۇللارنىڭ نەگە ئەۋەتكىنىنى بىلمەمسەن ؟ »

V

نۇزۇگۇم چوڭ يولغا چىققاندا خىياللىرىنى يىغقاندەك
ئەتراپقا زەن سېلىپ قارىدى . تۈننىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ
قەيەردىندۇر بىر يەرلەردە ئىتلارنىڭ چۆچۈگەندەك هاۋشىغان
ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالمىسا ، ئايدالا ئومۇمەن جىمجىت . كۈز
پەسلى باشلىنىپ قالغاچقىمۇ هاۋا سالقىن تارتىپ قالغانىدى .
تاغ تەرەپتىن سوقۇۋاتقان شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ ئا-
دەمنىڭ تەنلىرىنى شۈركۈندۈرەتتى . بايا قان قىزىقىدا بايىر-
نىڭ ئادەملىرىدىن تېزرەك يىراق كېتىشكە ئالدىراپ ، تەش-
ۋىش ـ ئەندىشە ئىچىدە قالغاندا بەدەنلىرى ئىسسىپ كەتكەن
نۇزۇگۇم ئەمدى بىرئاز خاتىرجەم بولۇۋىدى ، تەرى قېتىپ
مۇزلاشقا باشلىدى . ئۇ قولىدىكى تۇگۈننى مەيدىسىگە مەھكەم
بېسىپ ، تىترەك ئولاشقان بەدىنىنى ئىسسىتماقتا . قاراڭغۇ
كېچىدە سۈزۈك ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ پارقىراپ ئالاهىدە
يورۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . تۈن قاراڭغۇسىغا كۆزى ئۆگىنىپ
قالغان نۇزۇگۇم يۇقىرى تەرەپتىكى چوققىسى ئاقىرىپ تۇر-
غان تاغقىمۇ ، تۆۋەن تەرەپتىكى چەكسىز تۈزلەڭلىككىمۇ ئۇ-
زاق قارىدى . تەۋەككۈل قىلىپ مېڭىۋېرەي دېسە ئاكىسى
بىلەن باقەمگە قىيمايتتى . بىراق ئاكىسىنىڭ : «مەن توغرى-

سىدا ئويلىماي ، ئۆزىڭىزنى چاپسانراق قۇتۇلدۇرۇشنىڭ غېمىنى قىلىڭ ، بولمىسا بالىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى موگخۇل بولىدۇ » دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالسا ، ھېچنېمىنى ئويلىمايلا مېڭىپ كەتكۈسى بار . بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇش خەتەرلىك . چاپسانراق كەتمىسە بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن تاڭ ئېتىپ ، ئۆزىمۇ مۇنۇ ئوچۇقچىلىقتا كۆزگە چېلىقىپ قېلىشى مۇمكىن . شۇڭا قانداق قىلىپ بولسىمۇ بىر يەرگە يوشۇرۇنۇپ ئۆلگۈرۈشى كېرەك .

ئۇ ماڭغىنى بىلەن بارار يېرىنى ئېنىق بىلمىگەنلىكتىن ، تېنەپ يۈرۈپ يەنە موگخۇللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالارمەنمۇ دەپ قورقاتتى . نۇزۇگۇم پەس تەرەپتە قارىيىپ تۇرغان موگخۇل ئاۋۇلىغا ياخشىراق سەپسېلىپ قاراپ ، ئۇنىڭ چېتىدىكى كىگىز ئۆيلەرنى كۆردى . نۇزۇگۇمنىڭ بېشىغا ، نېمىشقىدۇر ، ئاكامنى شۇ ياقتا ئەكەتكەندەك قىلىۋىدى دېگەن ئوي كەلدى ـ دە ، كۆڭلىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ئىستىكى ئويغاندى . ئەمما ئېرى باقەمنى بولسا قاياققا ئەكەتكىنىنى كۆرگىنى يوق .

ئاكىسى بىلەن بىللە كەتسە ياخشى بولاتتى . ئىككى ئادەم دېگەن ئىككى ئادەم ـ دە . ئۇلار بىللە بولغان بولسا باقەمنى تېپىۋېلىشمۇ ئاسان ئىدى . ئەمما ئاكىسىنىڭ قاتار تۇرغان بۇ ئۆيلەرنىڭ قايسىسىدا ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن ؟

نۇزۇگۇم تەۋەككۇل قىلىپ شۇ تەرەپكە بېرىش نىيىتىگە كەلدى ـ دە ، مالچىلار ئاۋۇلىغا قاراپ يول ئالدى . بۆرىباسمۇ كەينىدىن قالماي كەلمەكتە .

ئۇلار ئاۋۇل چېتىگە يېقىنلاشقاندا سەزگۈر ئىتلار ھاۋشىپ كەتتى . نۇزۇگۇم بۆرىباسنى قۇچاقلاپ يامغۇر سۈيىدىن

يار ئېلىپ كەتكەن ئازگالغا يوشۇرۇنۇۋالدى . بۇ يەردىن مالچىلار ئاۋۇلىدىكى ھەممە نەرسىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى .

شۇ چاغدا بايا يۇقىرىلاپ كەتكەن تۆت ئاتلىق موڭغۇل ئىتلارنىڭ ئۆز تۇكلىرىنى يېگۈدەك ھاۋشىغىنىغا قارىماستىن ئات چاپتۇرۇپ كەلدى ـ دە ، بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇيقۇدىكى مالچىلارنى ئوپۇر ـ تopۇر قىلىۋەتتى . «نويان ھەممىنى ئوپۇر ـ توپۇر قىلىۋەتكەن ئوخشىمامدۇ ،— دەپ ئويلىدى نۇزۇگۇم ،— ئۇلار مېنى مۇشۇ مالچىلارنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالدى دېسە كېرەك .»

بايىقى ئاتلىق كەلگەنلەر مالچىلارنىڭ ئۆيىگە قانداق ئالدىراش كىرگەن بولسا ، سىرتقا شۇنداق ئالدىراش قايتىپ چىقتى . ئۇلار بىلەن تەڭلا ئۆيدىكى باشقا ئادەملەرمۇ يىغا ـ زار ئارىلاش ۋارقىرىشىپ تالاغا چىقتى .

بىر چاغدا قورۇنىڭ چېتىدە ياتقان ئېگىز بويلۇق بىر ئادەمنى ئىككى ـ ئۈچ نۆكەر ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلدى ـ دە ، ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە قامچا بىلەن ئۇرۇپ ، ۋارقىراپ تىللاشقا باشلىدى :

— سىڭلىڭنىڭ نەگە كەتكىنىنى ئېيتامسەن ، يوقمۇ ؟…

نۇزۇگۇم ئۇيغۇرچە ئېيتىلغان سۆزلەرنى ئاڭلىشى بىلەنلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرماقچى بولۇپ يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى . نۆكەرلەرنىڭ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلگىنى نۇزۇگۇمنىڭ ئاكىسى ئىدى . «ئاكام ، جېنىم ئاكام ، ئۆزۈڭنىڭ تارتقۇلۇقۇڭ ئازدەك ، ئەمدى مېنىڭ جاپايىمنى تارتىدىغان بولدۇڭ .» ئۇ ۋارقىرىۋەتمەي دەپ ئاغزىنى ئالىقىنى بىلەن

مەھكەم بېسىپ يېپىۋالدى . ئىككى كۆزىدىن بولسا تارام ـ تارام ياش ئاقاتتى .

— ئەگەر راستىڭنى ئېيتمايدىغان بولساڭ بوينۇڭنى چۇجىنىڭ بوينىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋېتىپ تاشلايمىز .

موڭغۇللار ئابدۇللانىڭ دۈمبىسىگە قامچە بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى . نۇزۇگۇمنىڭ تېنى سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى . ئۇ بىرنەچچە قېتىم ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ، ئاكىسىنى ئۇرۇۋاتقان دۈشمەنلەرگە : «زادى سەنلەرگە مەن كېرەك بولسام مانا مەن ، مېنى سەنلەر بۆلۈپ يېيىشسەڭمۇ يېيىش . لېكىن ئاكامغا قول تەگكۈزگۈچى بولما !» دەپ ۋارقىرىماقچى بولدى ـ دە ، لېكىن يەنە ئاكىسىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسلەپ توختاپ قالدى . ئۇ يېنىدىكى ئىتنىڭ ئۈزۈن يۇڭلىرىنى مەھكەم سىقىمداپ تۇتقان ھالدا چىشىنى چىشىغا قويۇپ ئولتۇردى . ئىتمۇ قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ قوي قورۇسى تەرەپتە يۈز بېرىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ياتاتتى . ئۇ ئابدۇللانىڭ بەدىنىگە قامچا ئۇرۇلغاندا ، ۋارقىرىۋېتىشكە ئاران تۇرغان نۇزۇگۇمنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنگەندەك بولاتتى .

— سىڭلىڭنىڭ نەگە قاچقىنىنى ئېيتمىساڭ مانا ئەمىسە ساڭا ،— دەپ ئۇراتتى نويانىنىڭ ئادەملىرى .

— نۇزۇگۇم مەن بىلەن ئەمەس سىلەر بىلەن قالدىغۇ . ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكىنىنى مەن نەدىن بىلەي ؟— دەپ ۋارقىرىدى ئابدۇللا . يوغان قورساق موڭغۇل ئابدۇللانىڭ باش ـ كۆزىگە ئۇرۇشقا باشلىغاندا نۇزۇگۇم چىدىيالماي قالدى . ئۇ ئالىقىنى بىلەن كۆزىنى مەھكەم ئېتىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەندە ، بۆرىباس ئۇنى يۇگۇرىدىكەن دەپ قال-

دىمۇ ئازگالدىن بۇرۇنراق سەكرەپ چىقتى ـ دە ، موڭغۇل-
لارغا قاراپ ئېتىلدى . نۇزۇگۇم ئىتلار توغرۇلۇق ھەرخىل
گەپلەرنى ئاڭلىغانۇ ، ئەمما ئۆزىنى تونۇمايدىغان ئىتنى مۇن-
داق قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغان . ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن كۆرۈپ
باقمىغان بۇ ئىتنىڭ ھەرىكىتىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بەرسىمۇ
ھېچكىم ئىشەنمەيتتى . مۇنداق ۋەقەلەر پەقەت چۆچەكلەردىلا
بولۇشى مۇمكىن . ئەمما ئۇ بۇ قېتىم نۇزۇگۇمنىڭ كۆز
ئالدىدا يۈز بەردى . قورقۇپ كەتكەن نۇزۇگۇم نېمە قىلىشى-
نى بىلمەي ، ئاغزىنى ئاچقان پېتى قاراپ تۇرۇپلا قالدى .
ئۇ يا ئىتقا ۋارقىرىشنى ، يا ئۆزىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ
كەينىدىن يۈگۈرۈشنى بىلمەيتتى .

قاراڭغۇدا موڭغۇللارغا ئېتىلىپ بارغان ئىت چۆرىدەپ
تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى قاق يېرىپ ئۆتتى ـ دە ،
ئابدۇللانى ئۇرۇۋاتقان يوغان قورساقنىڭ دۈمبىسىگە سەك-
رەپ ئۇنىڭ گەجگىسىدىن ئالدى . تۇيۇقسىز ئېتىلىپ كەل-
گەن ئىتتىن چۆچۈگەن ئادەملەر ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ قې-
چىشتى . ئىت بولسا يوغان قورساق موڭغۇلنى يەرگە يىقى-
ۋېلىپ ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يۇلۇپ تالىماقتا . بېشىنى ئى-
چىگە تىقىپ ، تۈگۈلۈۋېلىپ يېتىۋالغان يوغان قورساق ئاۋازى-
نىڭ بارىچە ۋارقىراپ ـ تىللاپ نېمىلەرنىدۇر دېمەكتە ،
ئەمما ئۇ قانچە ۋارقىراپ تىللىغىنى بىلەن چۆرىدەپ تۇرغان-
لارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئىتقا
يېقىن بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . پەقەت ئاتىنىڭ ئۈستىگە
چىقىۋالغانلارلا قامچىلىرىنى پولاڭلىتىپ ، ئىتنى قوغلاشقا
باشلىدى . كىمدۇر بىرى يوغان تاياق بىلەن ئىتنىڭ بېشىغا
ئۇرۇۋەتتى . شۇ چاغدىلا ئىتنىڭ ئاۋازى بېسىلدى . تاياق

ئىككىنچى قېتىم تەگكەندە ئىت بۆلەكچىلا كاڭشىپ كەتتى .
— قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتۇ ـ دە ،— دېدى چوڭقۇر نەپەس
ئېلىپ نۇزۇگۇم .

ئىككىنچى قېتىم بېشىغا تەگكەن تاياقتىن جېنى قاق-
شاپ كاڭشىغان ئىت بىر پۇتىنى سۆرەپ چەتكە قاچتى . ئات
مىنىۋالغان موڭغۇللار شۇنىلا كۆرۈپ تۇرغاندەك ، قامچىلى-
رىنى پۇلاڭشىتىپ ۋارقىراپ ، قاتتىق تەگكەن تاياقنىڭ زەر-
بىسىدىن ئوڭشىلالماي قاچقان ئىتنى كەينى ـ كەينىدىن
قوغـلاپ ئۇرۇشقـا باشلىدى . ئىت قاتـتىق كاڭـشىپ ھاۋ-
شىدى ـدە ، بىر چاغدا ئۇنى پۇتۇنلەي چىقماي قالدى .

«بىچارىنـى ئۆلتۈرۈۋەتتىغـۇ دەيـمەن ، ئۇ ئىت ماڭا
يار ـ يۆلەك بولىمەن دەپ ئاخىر ئۆلۈپمۇ كەتتى »دەپ ئويلى-
دى نۇزۇگۇم قاراڭغۇدا غىل ـ پال كۆرۈنگەن ئىتنىڭ
كەينىدىن خېلىغىچە كۆزىنى ئۈزمەي .

— ھەي ، ئىتنىڭ باللىرى ، مەيەرگە كېلىش ! سەن-
لەرگە ئۇنىڭ كەينىدە پوق بارمۇ ؟— تېخىچە ئورنىدىن
قوزغىلالماي يـەردە ياتـقان يوغان قورساق موڭـغۇلنىڭ
غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىققان ئاۋازى ئاڭلانغاندىن كېيىن ئىتنى
قوغلاپ ماڭغانلار ئارقىسىغا قايتىشتى ۋە ئاتلىرىدىن چۈ-
شۈپ ، يەردە ياتقان موڭغۇلنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى .

— مۇنۇنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ ، نويانىنىڭ ئالدىغا
ئېلىپ بېرىڭلار . سىڭلىسىنىڭ نەگە كەتكىنىنى بۇ يەردە
ئېيتمىغىنى بىلەن نويانىنىڭ ئالدىدا ۋايجان دەپ ئېيتىپ
قالار . مەن ئۇنىڭغا ئىتقا تالاتقانىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى
بىر كۆرسىتىپ قوياي .

نويانىنىڭ ئادەملىرىدىن بىرنەچچىسى ئابدۇللانىڭ

پۇت - قوللىرىنى باغلاپ، ئۇنى ئاتقا ئارتىپ ماڭدى. يەنە بىرنەچچىسى ئىتتقا تالانغان موڭغۇلنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئېتىغا مىندۈردى.

«جېنىم ئاكام، مەن مۆكۈنۈۋېلىپ، تارتقۇلۇقنىڭ ھەممىسىنى سەن تارتىدىغان بولدۇڭ. سېنى مۇشۇلارغا ئۇرغۇزۇپ خار قىلغان بىتەلەي سىڭلىڭنى كەچۈر.»

نۇزۇگۇم يۈزىنى ئالىقىنى بىلەن ياپتى - دە، ئۆكسۈپ يىغلىغىلى تۇردى. ئۇنى بەزلىگۇدەك ئادەم بولمىغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەرد - ئەلەم كۆچىيىپ كەتتىمۇ، خېلى ۋاقىتقىچە ئۆپكىسىنى باسالماي قالدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى مالچىلارنىڭ ئىتلىرى سېزىپ قالسا ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنى ئويلىدىمۇ، دەرھال كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە، كۆڭلىكىنى قېقىشتۇرۇپ، يۈز - كۆزىنى يېپىۋالغان چېچىنى تۈزىدى. ئاسماننىڭ شەرقىي تەرىپىدىن قىزىرىپ چىققان ئاي يېڭىدىن ئۈپۈققا ئۆزىنىڭ سارغۇچ نۇرلىرىنى چېچىپ كۆتۈرۈۋاتاتتى. ئەتراپ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلىلا يورۇپ قالغانىدى.

ئەمدى ئاكىسىنى قۇتۇلدۇرۇشقا چامىسى كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن نۇزۇگۇم يورۇق چۈشكىچە بىر يەرگە بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالمىسام بولماس دېگەن ئويغا كەلدى - دە، يەنە چوڭ يولغا چىقىپ تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك ماڭاي دەپ قانچە ئالدىرىغىنى بىلەن بايا موڭغۇل كېلىنچەكلىرى كىيىندۈرۈپ قويغان ئۇزۇن كۆڭلەك تىزىغا ئۇرۇلۇپ كاشىلا قىلىۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ نۇزۇگۇم خېلى يەرگىچە يۈ-

گۆرگەندەك ماڭدى .
ئاسمانغا ئېگىز كۆتۈرۈلگەن ئاي ئەتراپىنكى ھەممە نەر- سىنى خۇددى كۈندۈزدىكىگە ئوخشاش يورۇتۇپ تۇراتتى . باش - ئاخىرى يوق تۈزلەڭدە كۆزگە چېلىققۇدەك ھېچ نەرسە يوق . بۇ ئەتراپتا كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇنغۇدەك ساي - جىرا ، ئويمان - چوڭقۇر كۆرۈنمەيدۇ . كۆز ئۇچىدا بىر نەرسىلەر قارايغاندەك قىلىدۇ . ئۇنى ئادەم بولۇپ قالمى- سىدى دەپ ئويلىغان نۇزۇگۇمنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى . ئەمما يېقىنراق كەلگەندە بۇ نەرسىنىڭ بىر تۈپ يۇلغۇن ياكى چىغ ئىكەنلىكىنى بىلگەندە كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ قالاتتى .
نۇزۇگۇم تاڭ سۈزۈلگىچە كىشىلەر كۆرمەيدىغان بىرەر دالدىنى تېپىپ يوشۇرۇنۇۋالاي دەپ ، يۈز - كۆزىدىن تەر قۇيۇلۇپ ئېقىۋاتقىنىغا قارىماي يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى . بىر چاغدا پايانسىز يايلاقلار ، چىملىقلار ئازىيىپ ، ئۇ يەر - بۇ يەردە ئۆسكەن تاللار پەيدا بولۇشقا باشلىدى .
موڭغۇللار تەڭرىتاغنىڭ باغرىدىكى تەبىئىتى گۈزەل ، ئوت - چۆپى مول يەرلەرگە ماكانلاشقانىدى . ئۇپۇقتىن كۈن چىقىپ كېلىۋاتقاچقا ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى يەرلەر خۇددى يېشىل دوخاۋا يېيىپ قويغاندەك تاۋلىنىپ كەتتى . قويۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپى ئادەمنىڭ پۇتىغا يۇمشاق تېگىدىغان بۇ يەرلەردە بېشىنى قانتىنىڭ ئاستىغا تىقىپ ، توپ - توپى بىلەن بىغەم ئۇخلاۋاتقان ئاق قۇلارمۇ كۆرۈندى . ئۇلار ئۆز- لىرىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ جىمجىت دالادا پەيدا بولغان ئادەمنى كۆرگەندە ئۇنى ياقتۇرمىغاندەك ، ئېرىنچەكلىك بى- لەن بىرئاز يەرگىچە يورغىلاپ ماڭدى - دە ، ئاندىن بىرىدىن

كېيىن بىرى ئېغىر تەنلىرىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئۇچتى. كېچىنىڭ بويانى تىنچلىق قوينىدا ئۇخلاۋاتقان دالا بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇپۇر - توپۇر بولۇپ كەتتى. يوغان قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچقان ئاق قۇلار ئاسمان گۈمبىزىدە، قانداقتۇر بىر يوغان ياستۇق قاپ يېرى-لىپ، ئۇنىڭ پەيلىرى توزۇپ كەتكەندەك پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ھاياتىدا مۇنچىلىك نۇرغۇن ئاق قۇنىڭ توپلىشىپ ئۇچقىنىنى كۆرمىگەن نۇزۇگۇم ئۇلارغا ھەيران بولۇپ قاراپ قويدى. مۇشۇ پەيتتە ئۇ ئۆزىنىڭ قېچىپ - مۆكۈنۈپ يۈر-گىنىنى ئۇنتۇپ، تۆپىسىدە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن ئاق قۇلارغا مەھلىيا بولۇپ قالدى. قەشقەردىن چىققاندىن بېرى دائىم غەم - قايغۇدىن باش كۆتۈرمەي روھى چۈشۈپ يۈر-گەچكە، بىر دەقىقە بولسىمۇ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ، ئوي - ئارمانلىرىمۇ ئاشۇ قۇشلارغا ئوخشاش قاناتلىنىپ كەتتى. بايا بىر چاغدىلا جېنىدىن كېچىپ ئۆلۈمگە بەل باغلىغانلىقىنى ئۇنتۇپ، ھايات كەچۈرۈشنىڭ نەقەدەر قىزىق ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى.

ئۆزلىرىنىڭ تىنچ ماكانىدا تاسادىپىي پەيدا بولغان ئا-دەمدىن ئۈركۈپ ئۇچقان قۇشلار نۇزۇگۇمنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇپ، بارغانسېرى قۇياشقا يېقىنلاپ كېتىۋاتقاندەك، بارا - بارا كىچىك بولۇپ كۆرۈندى - دە، بىر كەمدە كۆزدىن غايىب بولدى. ئەتراپنى يەنە ئىلگىرىكىدەكلا جىمجىتلىق باستى. نۇزۇگۇمنىڭ كۆڭلى قۇشلارنى كۆرۈپ خېلى خۇش بولۇپ قېلىۋىدى، ئەمدى ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا قورقۇنچلۇق سېزىملەر چىرمىۋالدى. ئۇنىڭغا ھازىر ئاق قۇلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن چىملىق تۆپىلىكلەردىن موڭغۇللار چىقىپ قالد-

دىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ئەمدى ھەممە نەرسە ئالىقاندا تۇرغان‑
دەك كۆرۈنىدىغان بۇ تۈزلەڭدىن تېزرەك كېتىپ، يىراقتىن
كۆرۈنۈپ تۇرغان ئورمانلىققا يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرىدى.

## VI

ئۇ پەقەت كۈن ئۇپۇقتا ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلگەندىلا
دەل ـ دەرەخى بار بىر يەرگە ئۇلاشتى ـ دە، بىرىنچى
ئۇچراشقان دەرەخنىڭ دالدىسىدا بىر پەس ئۇخلىۋېلىشنى
ئويلىدى. بىراق بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە ئۆتكەن ـ كەچ‑
كەن ئادەملەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ
تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ماڭدى. ئېگىزلىكى ئادەمنىڭ تىزىغىچە
كېلىدىغان ئوت ـ چۆپلەر تېخىچىلا ياپيېشىل تۇراتتى. ئۇ
بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن توشقان، تۈلكىگە ئوخشاش ياۋايى
ھايۋانلار سالغان ئىنچىكە يولغا چۈشتى ـ دە، قويۇق تاللىق‑
نىڭ ئارىسى بىلەن تېخىمۇ ئىچكىرىلىدى. يولنىڭ بەزى
يەرلىرىنى تور باغلاپ كەتكىنىگە قارىغاندا، كۆپ ۋاقىتتىن
بېرى بۇ يەردە ھېچكىم ماڭمىغاندەك قىلاتتى. بىر قولىدا
كىيىملىرى ئورالغان تۈگۈننى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن
بېشىغا تاقاشقان شاخ ـ شۇمبىلارنى قايرىپ كېتىپ بارغان
نۇزۇگۇم خېلى يەرگىچە مېڭىپ توختىدى ـ دە، پۇتىنىڭ
كۈچ ـ قۇۋۋىتى تۈگەپ كەتكەچكە، يولنىڭ چېتىدىكى چۆپكە
ئولتۇرۇپ قالدى. لېكىن شۇ چاغدا نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ
شالدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. نۇزۇگۇم ئورنىدىن تۇرۇپ
قاچماقچى بولۇۋىدى، پۇتىنىڭ ماغدۇرى بولمىغاچقا، يەر

دەسسەپ تۇرالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سالدى. بايىقى شالدىرلىغان ئاۋاز تېخىمۇ يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك بىلىندى. شۇ چاغدا تاللارنىڭ ئۇچى سىلكىنىپ، بىر جۈپ قىرغاۋۇل قاناتلىرىنى قېقىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. نۇزۇگۇم شۇ چاغدىلا يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ يېنىك نەپەس ئالدى ۋە قولتۇقىغا قىسىۋالغان تۇگۈنىنى بېشىغا قويۇپ يېنىچە ياتتى. نەچچە كۈندىن بېرى يول ئازابىنى تارتىپ قىينالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە كېچىچە كىرپىك قاقماي قېچىپ ھېرىپ كەتكەن نۇزۇگۇم ئەمدى ئورمان ئىچىدىكى ھەرقانداق ئاۋازنى ئاڭلىسىمۇ كۆزىنى ئاچمىدى. ئۇ كۈزنىڭ ئاپتىپى تېنىگە خۇشيېقىپ، بىردەمدىلا ئۇگە ـ ئۇگىسى بوشىشىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. بۇ چاغدا ئۇپۇققا ئېگىز كۆتۈرۈلگەن كۈنمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تۈزۈك ھاردۇق ئالمىغان جۇۋاننىڭ كۆڭلىگە ئارام بېغىشلاپ، ئۇنى مۈزلىتىپ قويماي دېگەندەك، ئۆز نۇرىنى ئايىماي چاچماقتا ئىدى.

نۇزۇگۇم شۇ ئۇخلىغان پېتىچە تا كەچ كىرىپ دېگەر مەزگىلى بولغاندا بىراق ئويغاندى.

ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ خېلى ۋاقىتقىچە ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ قالغىنىنى بىلەلمەي ئەتراپقا سەپسېلىپ ياتتى ـ دە، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى قېقىشتۇردى. تال ۋە تېرەكنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن ئوت ـ چۆپلەر چاپلىشىپ كەتكەن چېچىنى كەينىگە قايرىپ تۈزىدى. سالقىن شامال تېنىگە ئارام بېرىپ بوي ـ بەستى بۇرۇنقىدەك تېتىكلىشىپ قالدى. لېكىن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تۈزۈكرەك بىر نەرسە يېمىگەچكە كېكىردەكلىرى قۇرۇپ، قورساقلىرى تارتىشقاز-

دەك بولدى . ئەمما يېگۈدەك ھېچنېمىسى يوق ئىدى . كاشـ
كى ، بىرەر پارچە نان بولسىچۇ ! «مۇنداق بولارىنى بىلسەم
ئاخشامقى گۆشلەردىن بىرەر پارچە ئېلىۋالارئىكەنمەن » دەپ
ئويلىدى نۇزۇگۇم . ئۇنىڭ كۆزىگە بايىر نويانىنىڭ ئۆيىدىكى
كېلىنچەكلەرنىڭ يوغان تاۋاقتا ئەكىرگەن گۆشلىرى كۆرۈ-
نۈپ پۇراقلىرى دىماغلىرىنى غىدىقلاپ ، ئىشتىھاسىنى قوز-
غاشقا باشلىدى . ئۇ قانداق قىلسام بولىدىكىن دېگەندەك ،
ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان دەرەخلەرگە مۆڭلىنىپ كۆز تاشلىد-
دى . بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى سېرىقداپ غازاڭ بولۇشقا
باشلىغان يوپۇرماقلار ئارىسىدا سارغىيىپ تۇرغان بىر تال
نەشپۈتنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي ، بۇنى
راست كۆرۈۋاتىمەنمۇ ، يالغانمۇ دېگەندەك يەنە زەن سېلىپ
قارىدى . ياق ، راست ئىكەن . كۆرۈنگەن نەشپۈت بىر ئە-
مەس ، بىرنەچچە تال ئىكەن ! «راستتىنلا يارانقان ئىگەم بەن-
دىسىنى رىزقىسىز ياراتمايدىغان ئوخشايدۇ . بولمىسا بۇ ئاي-
دالىدىكى توقايلىقتا نەشپۈت نېمە ئىش قىلسۇن » دەپ ئويلىد-
غان نۇزۇگۇم ئورنىدىن قوزغىلىپ ، نەشپۈت دەرىخىنىڭ
يېنىغا كەلدى ۋە قولى يەتكەن شاختىكى ئىككى تال نەشپۈتنى
ئۈزۈۋالدى - دە ، گويا چاپسانراق يېۋالمىسا قولىدىن بىرى
تارتىۋالىدىغاندەك ئالدىراپ يېيىشكە باشلىدى . ياۋا نەشپۈت
قەشقەر تەرەپلەردىكى نەشپۈتلەرگە قارىغاندا سەل كىچىكرەك
بولسىمۇ ، لېكىن چۈچۈمەل ۋە سۇلۇق ئىدى . ئۇ يەنە بويى
يەتكۈدەك دەرەخلەرگە قول سۇنۇپ نەشپۈت ئۈزۈپ يېدى .
بۇ يەردە نەشپۈت دەرىخى كۆپ ئىكەن . نۇزۇگۇم تەڭرىتاغ-
نىڭ بۇ تەرىپىدە مۇنداق مېۋىلەر بولىدۇ دەپ ھەرگىز ئويلىد-
مىغانىدى . ئۇ ئورمان ئىچىدە كېتىۋېتىپ ، نەشپۈت دەرىخـ

دىن باشقا ياۋا ئالمىلارنىمۇ ئۇچراتتى. بۇ چاغ كۈز پەسلى-
نىڭ تالقان تۆكتى مەزگىلى بولغاچقىمۇ ياكى بۇ ئەتراپقا
ئادەملەر ئاز كېلەمدۇ، ئەيناۋۇر، ئالما ـ نەشپۈتلەر دەرەخ-
لەرنىڭ شاخلىرىدا مونچاقتەك تىزىلىپ تۇراتتى. ئۈلارنىڭ
يەرگە چۈشۈپ سېسىپ چىرىشقا باشلىغانلىرى شۇنچە كۆپ.
«تەبىئەت بايلىقى دېگەن باشقىچە ئوخشىمامدۇ. ماڭا ئوخ-
شاش ئېغىر قىسمەتلەرگە ئۇچراپ، بۇ يەرلەرگە كېلىپ
قالغان ئادەملەر ئوزۇق ـ تۈلۈكى بولمىسىمۇ ئاچتىن ئۆل-
مەيدىكەن» دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى.

نۇزۇگۇم نەشپۈت بىلەن ئالما يەپ قورسىقىنى تويغۇز-
غاندىن كېيىن، پەشمىتىنى چۆپنىڭ ئۈستىگە سېلىپ، ناماز
ئوقۇشقا باشلىدى. يولغا چىققاندىن بېرى دەككە ـ دۈككە
ئىچىدە يۈرۈپ، ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ ناماز ئۆتىمەسلا بولۇپ
كېتىۋىدى. هازىر ئۇنى ئالدىرىتىۋاتقان هېچكىم يوق، ئەت-
راپ جىمجىت. پەقەت كەچ كۈزنىڭ ئاپتىپىدا يەرگە چۈشۈپ
سېسىشقا باشلىغان مېۋىلەرنىڭ شىرنىسىگە ئۆلاشقان هەرى-
لەرنىڭ غىڭىلداشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ نامىزىنى
ئالدىرىماي ئۆتەپ، ئەتراپقا تەكشى بىر قارىدى، هېچكىمنى
كۆرمىدى. شۇنداق بولسىمۇ تۇيۇقسىز بىرلىرىگە كۆرۈنۈپ
قالماي دېگەن ئويدا ئۆزىنى تاللارنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ يول-
نى داۋاملاشتۇردى. ئۆزىمۇ كېچىچە قان قىزىقىدا تۆۋەنگە
قاراپ يۈگۈرۈۋېرىپ، بىر تالاي يەرگە كەتكەنىدى. قاچقان
يېرى كۆرۈنمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلار بىلەن
ئېدىر ـ قىرلار چوقچىيىپ، كۆزگە ئالاهىدە چېلىقىپ تۇ-
راتتى.

نۇزۇگۇم ئۆتكەن كۈنى موڭغۇللار ئۆزىنى ئەكەلگەن

يولدىن يىراق كەتمەي ، قىبلىگە قاراپ ماڭدى . بىر چاغدا دەسلەپ ئاستا ، ئاندىن بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئات تۇياقلىرىنىڭ تاشقا تېگىشلىرى ، ياغاچ چاقلىق ھارۋىنىڭ غىچىرلاشلىرى ئاڭلاندى . ئۇ دەرھال ئۆزىنى تاللارنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ ، يەنە توقايلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىگە : «بۇلار يەنە مېنى ئىزدەپ چىققان ئادەملەر بولمىسۇن» دېگەن ئوي كەلدى ـ دە ، قېلىن ، ئېگىز ئۆسكەن ئوت ـ چۆپ ئارىسىغا كىرىپ يېتىۋالدى .

نۇزۇگۇم ھارۋىلار ئۇزاپ كەتكەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك دېگەندەك ئويلىنىپ قالدى . ئۇ كۈندۈزى چوڭ يولغا چىقىش تۇرماق ، ئۇنىڭغا يېقىن يەردە يۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . شۇڭا ئۇ كۆز باغلانغىچە مۇشۇ يەردە يېتىپ تۇرۇپ ، قاراڭغۇ چۈشكەندە مېڭىشنى قارار قىلدى . شۇنىڭ بىلەن كۈندۈزى ئۇخلىغان يېرىگە كەلدى . ئۇنىڭغا ، نېمىشقىدۇر ، ئالەمدە بۇنىڭدىن باشقا خاتىرجەم يەر يوقتەك سېزىلدى .

ھاۋامۇ سالقىن تارتىپ ، تاغ تەرەپتىن سوغۇق شامال سوقۇشقا باشلىدى . خېلى ۋاقىتقىچە ئوي ـ خىيالدىن مەھرۇم بولغان ئادەمدەك جىم ئولتۇرغان نۇزۇگۇم چاۋا ـ چاتقال ، ئويمان ـ چوڭقۇرلاردا ھېچ نەرسىگە قارىماي يۈگۈرۈپ ماڭغاندا تىكەنلەر سىزىپ قانىتىۋەتكەن پۇت ـ قوللىرىنى سىيپىدى . توخۇنىڭ تېنىگە ئوخشاش ئۇششاق بۆرتۈپ كەتكەن پۇتلىرىغا ئالىقىنى تەگكەندە بەدەنلىرى نېمە ئۈچۈندۇر بوشىشىپ كەتتى . نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى چېرىكلەرنىڭ قىلىچ ـ نەيزىلىرى ئاستىدا يۈرۈپ ئۆزىنى مۇنداق ئەركىن سەزمىگەن نۇزۇگۇم ھازىر ئازادىلىققا چىقىپ قالغى-

نىدىن خۇش ئىدى. «ياراتقان ئىگەمنىڭ مۇشۇ ياخشىلىقلىرىغىمۇ مىڭ قەترە شۈكرى! مېنىڭ بىلەن بۇياققا پالانغانلارنىڭ بىرەرى مۇنداق كۈنلەرگە يەتمىدى تايىنلىق. ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى موڭغۇللار بىلەن مانجۇلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ تامىقىنى ئېتىپ، بالىلىرىنى بېقىپ يۈرىدىغاندۇر» دەپ ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىپمۇ قوياتتى. ئۇ ئەمدى تۈنۈگۈن چۈشىدىكىدەك ئۇچرىشىپ يەنە غايىب بولغان باقەمنى ئەسلىدى.

ئۇ سۆيگەن يارى باقەم بىلەن بارى - يوقى تۆتلا يىل بىللە تۇردى. ھازىر ئويلاپ باقسا بۇ يىللار تۆت كۈندەكلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ھازىر شۇ كۈنلەرنىڭ يادنامىسى بولۇپ، ئۇنىڭ خاتىرىسىدە باقەم بىلەن باش قوشقان كېچىسىلا ساقلىنىپ قاپتۇ.

نۇزۇگۇم ئۇ چاغلاردا بەك ئۇياتچان بولغاچقىمۇ، ئۇنىڭغا شۇ كېچىسى غەلىتىلا سېزىلگەنىدى. لېكىن سۆيگەن يىگىتى بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولغانلىقىغا ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىكمەن دەپ ئويلىغانىدى. بەخت دېگەنمۇ ئىنسان بالىسىغا قىسقا ۋاقىتتا بېرىلىدىغان ئوخشايدۇ. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بۇ بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەتلا تارتىپ ئۆتسە كېرەك. نۇزۇگۇم شاخلىرىغا ئۇۋا سالغان يوغان تالنىڭ دالدىسىدا ئولتۇرۇپ مۇشۇنداق خۇلاسىگە كەلدى. ئەمما ئاشۇ كۆزلىگەن بەختكە ئېرىشكەندە شۇنچە ۋاقىت ئارتقان جاپالار بىر كۈنچە بىلىنمەيدىكەن. بۇ جۇدالىقنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى پەقەت ئەمدى سەزدى. ئىلگىرى ئېرىنى بىرەر جۇمە كۆرمىسە، ئۆزىنى زادى ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغاندەك، ئۇنىڭ

يولىغا تەشنا بولۇپ قارايتتى. باقەم جاھانگىر غوجىنىڭ غەلىيانىغا قاتنىشىپ، ئۇزاق ۋاقىت مانجۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ يۈرگەندە، نۇزۇگۇم ئۇنىڭ ھاياتىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەنىدى، باقەمنىڭ قوللىرى موڭغۇللار تەرىپىدىن باغلانغانلىقىنى كۆرگەندىمۇ چىداپ تۇرالمىدى.

كۈتكەن ئادىمىڭ سېنىڭ ئۈمىدىڭنى ئالداپ، بىر كۆرۈنۈپلا يوق بولسا بۇ ھەممىدىن ئېغىر ئىكەن. كۆرۈنمىسە يەنە باشقا گەپ ئىدى. نۇزۇگۇمنىڭ كۆڭلى بوشىشىپ، قەلبىنى قانداقتۇر بىر ئوتلۇق سېزىم ئارىلاپ ئۆتتى، باقەمنىڭ كەڭ قۇچىقىغا كىرىپ بىردەم بولسىمۇ لەززەتلىنىشنى ئارزۇ قىلدى. لېكىن ئۇنى نەدىن تاپىدۇ. نۇزۇگۇم ئىختىيارسىز چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئۇھ تارتتى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. ئۆپچۆرىدە تىرىك بەندە كۆرۈنمەيتتى. مىس تاۋاقتەك سېرىقداپ ئۇۋىسىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان كۈن قوتانلىشىپ، ئاسماننىڭ غەرب تەرىپى تۇمانلىشىپ قالغانىدى. «ھاۋا بۇزۇلۇۋاتمايدىغاندۇر. شەرمەندە قىلىپ، يامغۇر ـ يېشىن باشلىنىپ، جۇدۇن ـ چاپقۇننىڭ ئاستىدا قالمىيغىدىم» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە كېيىم ـ كېچەكلىرى چىگىلگەن تۈگۈننى قولىغا ئالدى. ئاندىن ئۇزۇن چېچىنى بېشىغا ئوراپ، ئۈستىدىن تۆپىسىنى باستۇرۇپ كىيدى ـ دە، باياتىن بېرى سىيرىپ ئولتۇرغان تەسۋىسىنى مەخمەل پەشمىتىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ يولغا چىقتى.

ئۇ چوڭ يولغا چىقىشتىن قورقۇپ، قېلىن ئۆسكەن تاللارنى ۋە ئالما ـ ئۆرۈك دەرەخلىرىنى ئارىلاپ ماڭدى، بۇ چاغدىمۇ كۆك ئاسمانمۇ قارامتۇل تۈسكە كىرىپ، ئۇنىڭ

باغرىدا بوزىرىپ تۇرغان بۇلۇتلار كۈننىڭ نۇرىدا بېغىررەڭگە
ئايلىنىپ ئاستا - ئاستا ئۆزۈپ باراتتى . جەنۇبتىكى تاغ
تىزمىلىرى قاپتاللىرىدىكى ساي - جىرالار بارغانسېرى قا-
راڭغۇلاشماقتا ئىدى . ئۇنىڭ ئەكسىچە كۈن نۇرىدا ئاقىرىپ
تۇرغان تاغ چوققىلىرى كۈمۈش كەبى پارقىراپ ، بارغانچە
ئېگىزلەپ كېتىۋاتقاندەك سېزىلەتتى . بەزى موڭغۇل ئاۋۇل-
لىرىدىن چىققان ئىسلار ئانچە ئېگىز كۆتۈرۈلەلمەي يېيىلىپ
كېتەتتى . تەڭرىتاغ تەرەپىنىڭ بۇ كىچىك كۆرۈنۈشىگە ئالاھى-
دە سەپسېلىپ قارىغان نۇزۇگۇم كۈننىڭ يورۇقىدا نەگە
مېڭىشى لازىملىقىنى مۆلچەرلىمەكتە . ئۇ كېلىۋاتقان يەر
خېلىلا ئېگىزدەك قىلاتتى . بۇ يەردىن ئىلى دەرياسى ئولتۇ-
رۇۋاتقان كۈننىڭ كەچكى شەپىقىدە سىمابتەك پارقىراپ ،
ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ھەتتا جۇڭغار تېغىدىن ئېقىپ
چىقىپ ، دەرياغا قۇيۇلىدىغان چوڭ ئېقىنلارمۇ كۈن نۇرىدا
جۇلالىنىپ تۇراتتى . ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەرقتىن
غەربكە ئاقىدىغان ئىلى دەرياسى خۇددى غىلاپتىن چىقىرىپ
قويۇلغان شەمشەر - قىلىچقا ئوخشايتتى .

نۇزۇگۇم دۇنيانىڭ جەننىتى مۇشۇ دەريا ئېقىپ بېرىپ
كۈن نۇرىغا چىلاشقان يەردىمىكىن دەپ ئويلىدى . چۈنكى ئۇ
بۇ تەرەپكە كەلگەندىن بېرى تالاي يەرلەرنى ، تالاي ئادەملەرنى
كۆردى . ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆزىنى ئەجدىھادەك سۈ-
رۈۋېتىشكە تەييار تۇرغاندەك بىلىنەتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىگە :
«ئاشۇ ئىلى دەرياسى ئېقىپ بېرىپ قۇيۇلىدىغان ياقلارغا
كەتسەم قانداق بولىدىكىن ، بەلكى ئۇياقلاردا ياخشى ئادەملەر
باردۇر . قەشقەر تەرەپتىن بىللە كەلگەن قىز - جۇۋانلارنىڭ
كۆپچىلىكى ئاشۇ دەريا ۋادىسىدىكى غۇلجا تەۋەسىدە قالغان-

دۇر . خۇدا ئوڭلاپ ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام قەشقەر تەرەپكە كەتكىلى ھەمراھ بولغۇدەك بىر-رەرى تېپىلىپمۇ قالار» دېگەنمۇ ئوي كەلدى .

نۇزۇگۇم كۆز باغلىنىپ ، ئەتراپقا قاراڭغۇ چۈشكەندىلا چوڭ يولغا چىقىپ ماڭدى . قاراڭغۇ كېچىدە ئۆزى يالغۇز مېڭىپ كۆرمىگەن بۇ جۇۋاننى ئادەتتىكى چاغلاردا بۇ يەرگە ئەكېلىپ تاشلىۋەتكەن بولسا يۇرتىكى يېرىلىپمۇ كېتەر ئىدى . ئەمما ھازىر خۇددى مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەندەك ھېچنېمىدىن قورقماي ئىشەنچلىك ماڭماقتا . ئۇ توقايلىق تەرەپتىن ئاڭلىنىپ قالىدىغان ھايۋانلارنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازلىرىدىنمۇ ئانچە قورقۇپ كەتمەيتتى . ئۇنىڭ ئۇچۇن تۆت پۇتلۇق يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن كۆرە ئىككى پۇتلۇق ھايۋانلار ئىنتايىن دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى . ئۇ ھەرقانداق نەرسىگە ئۇچرىسام ئۇچراي ، ئەمما ئىككى پۇتلۇق ئادەملەرگە ئۇچراشتىن خۇدا ساقلىسۇن دەيتتى . «بىرەر - يېرىم موڭغۇل ئۇچراپ قالسىغۇ تاتلاپ - چىشلەپ بولسىمۇ بوي بەرمەسمەن» دەپ كەمزۇلىنىڭ ئىچ يانچۇقىدا گۆھەر ساقلىغاندەك ساقلاپ كېلىۋاتقان غىلاپتىكى خەنجىرىنى تۇتۇپ سىلاپ قوياتتى .

كىشىلەرنىڭ «باشقا كەلگەندە باتۇر بولىدۇ» دېگىنىگە ئوخشاش چۆل - باياۋانلاردا يالغۇز كېلىۋاتقان نۇزۇگۇم ئىككى كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتى . لېكىن موڭغۇل ئەمەلدارلىرىغا قول بولغاندىن كۆرە ، ئورمان - توقاينىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق يالغۇز يۈرگەن ياخشى ئىكەن . ئۇنىڭ ئىرادىسى ھۆكۈمرانلار چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن تېخىمۇ چىڭىدى ، ئەگەر ئىنسان بالىسى بەلنى چىڭ باغلاپ كۈرەش

قىلسا ئويلىغان ئارمانلىرىغا يەتمەي قالمايدىغان ئوخشايدۇ دېگەن ئۈمىدى كۈچەيدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئاشۇ ياخشى كۈنلەرگە چاپسانراق يېتىشكە ئىنتىلەتتى.

چوڭ يۇلتۇزدىن چىققاندىن بېرى تۆۋەنلەپ كېلىۋاتقان يول بارغانسېرى غەربكە بۇرۇلۇپ، ئېدىر - قىرلاردىن ئېشىپ كېتىۋېرەتتى. نۇزۇگۇم بىر بەلدىن ئاشسا، ئىككىنچى بەلگە ئۇلىشاتتى. بەزىدە ئانچە ئېگىز ئەمەس تاغلارنىڭ جىرالىرىدىن ئېقىپ چىققان سۇلارغىمۇ ئۇچراپ قالاتتى ۋە بۇ سۇلارنى ئايىغىنى يەشمەيلا كېچىپ ئۆتۈپ، يولنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۇنىڭ بارلىق ئوي - پىكرى يەرگە يورۇق چۈشكىچە موڭغۇللارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي ئۇيغۇرلار ياشايدىغان يەرگە يېتىۋېلىش. كۈندۈزى ئادەملەرنىڭ ئايىغى تەگمىگەن دالىدا يەرلەردە يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە توختىماي مېڭىپ ئۇزۇن يوللارنى كەينىدە قالدۇرغان نۇزۇگۇم بۈگۈن ئاخشام كونا گۈمبەز ۋە ئەسكى تاملارنىڭ ئارىلىرىدىن ئۆتتى. ئىلگىرىكىدەك پايانسىز تۈزلەڭلەرنىڭ ئورنىغا ئاشلىق تېرىلغان ئېتىزلىقلار ئۇچراشقا باشلىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، يېقىن ئەتراپتا مەھەللىلەر بار ئوخشايدۇ.

ئۇ تاڭنىڭ كەينى يېڭىدىن بوزىرىپ كېلىۋاتقاندا، ئوڭ تەرىپىدە قارىيىپ تۇرغان كىچىككىنە مەھەللىنى كۆردى - دە، بۇ يەردە ئۇيغۇرلار بولسا كېرەك دېگەن ئويغا كېلىپ، چەتتىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىگە كىرىپ پاناھلانماقچى بولدى. «ئەمما بىرەر يامان ئادەمنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالسام، نوياننىڭ ئادەملىرى ئۆزۈمنى قولغا چۈشۈرگەننى ئاز دەپ، بۇ مەھەللىدىكى بىچارىلەرنى خانىۋەيران قىلىۋەتمىسۇن» دېگەن ئويغا كەلدى - دە، «زاماننىڭ تىنچلىقىدا نېرىغىراق

كېتەي » دەپ ، مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆت-
تى . بۇ چاغدا شەرق تەرەپ سۇزۇلۇپ تاڭ ئېتىشقا باشلىغان-
دى . نۇزۇگۇم يەنە بىر ئاز يەرگىچە يولسىز يەرلەردىن يول
ئېچىپ ماڭدى ـ دە ، پۈپۈكلىرى تۆلكىنىڭ قۇيرۇقىدەك
ساغىرىپ كەتكەن قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ
يوشۇرۇندى .

VII

ئۇ بۇگۇنمۇ يەرگە قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئىلى دەريا-
سىغا ئۇلاشتى . ئەتراپىدا تال ، جىگدە ، ئۇجمە دەرەخلىرى
قويۇق ئۆسكەن دەريانىڭ سۈيى تارتىلىپ ، قىرغىقىدىن خې-
لىلا تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى . لېكىن ، شۇنىڭغا قارىماي ، ئە-
سىرلەر بويى ئېقىپ كېلىۋاتقان بۇ دەريا ئەتراپىدىكى قوم-
ساڭغۇ توپىنى يىلمۇ يىل يالاپ ، ئويۇپ ، ئۆز گىرۋەكلىرىنى
بىرنەچچە قېتىم ئۆزگەرتىپ ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە كۆپلىگەن
ئۇششاق ئاراللارنى پەيدا قىلغانىدى . نۇزۇگۇم نەچچە كۈندىن
بېرى مۇشۇ دەريا بويىغا تىنچ ـ ئامان يېتىپ بېرىشقا ئالدى-
رىسىمۇ ، ئەمدى ئۇنىڭ بويىغا كەلگەندە ، ئۆزىنى ئۇپۇققا
تىرىلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى . بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا
ساق ـ سالامەت يېتىۋالغىنىغا خۇشال بولسا ، يەنە بىر تەرەپ-
تىن بۇنىڭدىن نېرى نەگە بېرىشىنى بىلمەيتتى .
نۇزۇگۇم دەريادىن ئۆتىدىغان يەر ئىزدىگەندەك ، ئۇنىڭ
قىرغىقىنى ياقىلاپ خېلى يەرگىچە مېڭىپ كۆردى . لېكىن
ئۆز قېنىنى تەگرىتاغ بىلەن جۇڭغار تېغىنىڭ ساي ـ جىرا-

لىرىدىن ئۆركەشلەپ ئېقىپ چىققان سۇلار بىلەن تولدۇرغان
بۇ دەريادىن ئۆتۈشكە كۆزى يەتمىدى . ئۇنىڭغا ئىلگىرى دۇن-
يادىكى ئەڭ چوڭ دەريا تۇمەن دەرياسىدەك سېزىلەتتى . ياز
كۈنلىرى ئوغۇل باللار بىلەن بەسلىشىپ ، بۇ دەريادىن ئۇ-
زۇپمۇ ئۆتكەنىدى . لېكىن ئىلى دەرياسى تۇمەن دەرياسىدىن
بىر نەچچە ھەسسە چوڭ ئىكەن . قەشقەردىن پالىنىپ غۇلجىغا
كەلگەندە ، قومۇش باغلىرىنى بىر - بىرىگە چېتىپ ياسالغان
يالپاق كېمىدە بۇ دەريادىن بىردەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەندەك
قىلىشۇىدى . ھازىر بولسا ئۇ قومۇش كېمىنىڭ قەيەردە ئىكەن-
لىكىنىمۇ بىلمەيدۇ ، ئىزدەپ تاپقان تەقدىردىمۇ ئۇ يەرگە
بېرىش مۇمكىن ئەمەس . ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك ؟ ئۇنىڭ-
غا ئەگەر مۇشۇ دەرياغا چۈشۈپ ئاقسىلا ئۆزىنى ھېچكىمگە
تۇتقۇزماي قۇتۇلۇپ كېتىدىغاندەك سېزىلەتتى . بۇنداق شوخ
دەرياغا بولسا ئوغۇل باللىنىڭ ئوغۇل باللىسى چۈشمىسە كۆر-
گەنلا ئادەم چۈشەلمەيتتى .

نۇزۇگۇم دەريا بويىدا باش - ئايىغى يوق خىياللارغا
بېرىلىپ ئۇزاق ئولتۇردى . كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ دەريا
ياقىلاپ ئەتراپىنى چارلىدى . قومۇشلۇقتىن ئانچىۋالا يىراق
ئەمەس يەردە ئاندا - ساندا قوغۇنچىلارنىڭ كەپىلىرى ، ئۆگ-
زىلىرىدە چۆپ - قورايلار ئۆسۈپ كەتكەن كۈزلەكلەر كۆزگە
چۈشۈپ قالاتتى . لېكىن ئۇ يەرلەردە ئادەم قارىسى كۆرۈن-
مەيتتى . ئۇ ئەتراپقا ئىنچىكىلەپ قارىغاندىن كېيىن قومۇش-
لۇقنىڭ دالدىسى بىلەن كەپىلەرنىڭ چېتىگە باردى - دە ،
ۋاشاڭ قىلىنغان قوغۇنلۇقتىكى پېلەكلەر ئارىسىدىن ئۈچ تال
قوغۇن بىلەن كىچىكرەك بىر تال تاۋۇز تېپىۋالدى . ئۇزۇق-
تۈلۈكى تۈگەپ بىر كۈندىن بۇيان ھېچ نەرسە يېمەي قورسقى

ئېچىپ كەتكەن نۇزۇگۇم تېپىۋالغان قوغۇن - تاۋۇزنى قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ قورسىقىنى تويغۇزدى. «ھېلىمۇ بۇلارنىڭ تېپىلىپ قالغىنى ياخشى بولدى، بولمىسا قانداقمۇ قىلار ئىدىم» دەپ ئويلىدى.

ئۇ يەنە دەريا ياقىلاپ ئىلگىرىلىدى. كۆزىگە دەريادىكى سۇ خۇددى ئورنىدىن قوزغالماي بىر يەردە توختاپ قالغاندەك كۆرۈندى. بايقاپ قارىسا ئىنتايىن ئاستا ئېقىۋېتىپتۇ. ئەگەر دەريانىڭ مۇشۇ يېرىگە چۈشسە چۆكمەي لەيلەپ كېتىۋېرىدىغاندەك قىلىدۇ. نۇزۇگۇم قايسى كۈنى ئىلى دەرياسىدىن ئۆتكەندە قومۇش باغلىرىدىن بىر - بىرىگە باغلاپ ياسالغان كېمىگە قىرىق - ئەللىكچە تۇتقۇننى سېلىپ ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، قومۇش ئوروپ سال ياسىسام قانداق بولىدىكىن دەپمۇ ئويلىدى. ئەمما ئېقىپ ئاراللارغا بارغاندا ئادەملەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ ئويىدىن يالتايدى - دە، تۈگۈنچىگىنى قولتۇقلىغان بويىچە دەريا ياقىلاپ يۈرۈپ كەتتى.

نۇزۇگۇم قومۇش ئارىسىدا كېتىۋېتىپ، ئەمدىغۇ موڭغۇللاردىن قۇتۇلغاندىمەن دەپ كۆڭلى سەل خاتىرجەم بولۇۋىدى، ئەمما سول تەرىپىدىكى ئوچۇقچىلىقتا يۈرگەن ئۈچ - تۆت ئاتلىق سولۇننى كۆرۈپ قالدى. «بۇلارنى نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇر؟ مېنى ئىزدەپ يۈرەمدىغاندۇر - يە؟» دېگەن ئەندىشە بىلەن قومۇش شاخلىرىنى قايرىپ، سولۇنلارنى كۆزىتىشكە باشلىدى. سولۇنلار ئېتىزلىقتا قوناق يىغىشتۇرۇۋاتقان خۇيزۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، دەريا تەرەپنى كۆرسىتىپ نېمىلەرنىدۇر دېمەكتە. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلىدە خۇدۇكسىنىش پەيدا بولغان نۇزۇگۇمنىڭ يۈرىكى قاتتىق

سوقۇپ ، تەشۋىش ـ ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچەيدى . ئۇ بايا بىر چاغدا دەريا بويىغا ئات سۇغارغىلى كەلگەن پاكار بويلۇق خۇيزۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغىنىنى ئەسلەپ ، مېنى ئاشۇ خۇيزۇ ئېيتىپ قويغانمىدۇر دېگەن گۇمانغىمۇ كەلدى .

ئۇ ئەمدى بۇ يەردىن يىراقراق كەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قومۇشلۇق ئىچىدە تېخىمۇ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى . بايىقى ئاتلىق سولۇنلار بولسا خېلى ۋاقىتقىچە قومۇشلۇقتىن بىرەرى چىقىپ قالارمىكىن دېگەندەك ، ئۇنى چۆرىدەپ ئەگىپ يۈردى ، كېيىن ئۇلارمۇ كېتىپ قالدى . «بۇلارنىڭ يۈرۈشىدە بىر گەپ بار ،— دېگەن خۇلاسىگە كەلدى نۇزۇگۇم ،— ئۇچۇقچىلىقتا چىققىنىم بىلەن تۇتۇلۇپ قالىمەن . ئەمدى دەريا ئارقىلىق قېچىشتىن باشقا چارە يوق .» ئۇ نېرى ئويلاپ ، بېرى ئويلاپ ، ئاخىر دەريا ئارقىلىق قېچىش ئۈچۈن سۇدا ئاقىدىغان سال ياسىماقچى بولدى . شۇنداق قىلىپ ، كەچكىچە خەنجىرى بىلەن قومۇش كەستى ۋە تال بىلەن باغلاپ يوغان قومۇش سال ياسىدى . ئۇ قومۇشلارنى باغلاپ ياسىغان بۇ سالنى تەييارلاپ قويغان بولسىمۇ ، سولۇنلار كۆرۈپ قالارمىكىن دەپ قورقۇپ كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈشنى كۈتتى . ئاخىرى ئۇنى دەريا ياقىسىغا سۆرەپ ئاپىرىپ سۇغا چۈشۈردى . لېكىن ئۆزى خېلى ۋاقىتقىچە سۇغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماي قورقۇپ تۇردى . ئۇنىڭغا بۇ قومۇش سالنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋالسا ، بۇنىڭدىن كېيىن قارا يەرنى قايتا كۆرمەيدىغاندەك ، جەسىتى مۇشۇ ئۈركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ تېگىدە قېلىپ ، بېلىقلارغا يەم بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى . ئاللاتائالاغا يالۋۇرۇپ مەدەت تىلەشنى لايىق كۆردى ـ دە ، ياغلىقىنى يەرگە

يېيىپ سېلىپ ناماز ئوقۇشقا كىرىشتى. بىرچاغدا ئۇنىڭ بۇرنىغا ئاچچىق ئىسنىڭ پۇرىقى كىردى. «بۇ يەنە نېمە بالادۇر؟» نۇزۇگۇمنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. قەيەردىدۇر، ئىشقىلىپ، يېقىنلا بىر يەردە ئادەملەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى پەيدا بولدى. «بۇ يەردىن تېزرەك كەتمىسەم تۇتۇلۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن. ئۇلار مېنىڭ پېيىمگە چۈشكەندەك قىلىدۇ» دەپ ئويلىغان نۇزۇگۇم دەريانىڭ لېۋىدە چايقىلىپ تۇرغان سالنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى گۇپلا تاشلىدى.

## VIII

سال ھە دېگەندە ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇۋالدى. نۇزۇگۇم پەقەت تالغا چېتىپ قويغان يىپنى يېشىپ، قىرغاققا پۇتىنى تىرەپ ئىتتەرگەندىن كېيىنلا سال ئورنىدىن قوزغىلىپ ئىتتىك ئېقىپ كېلىۋاتقان ئېقىنغا كىردى. نۇزۇگۇم دەسلەپتە سال بىلەنلا سۇغا چۆكۈپ كېتىمەنمىكىن دەپ، قومۇشنى مەھكەم قۇچاقلاپ، كۆزىنى ئاچماي دۇم يېتىۋالغانىدى. ئەمما كېيىملىرى سۇغا چىلاشقىنىنى بىلەن ئۆزىنىڭ سۇغا چۆكمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ كۆزىنى ئېچىپ قارىدى. شۇ چاغدا قومۇش سال ئۈستىدە بىرخىل لەيلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى. سۇ ئۈستىدىكى دولقۇنلار خۇددى سالنى يۇمشاق سەگۈنچۈككە سېلىپ تەۋرەتكەندەك ئۇياق - بۇياققا چايقاپ قوياتتى. «خۇداغا شۇكرى چۆكمەپتىمەن» دېدى نۇزۇگۇم ئىچىدە. ئۇ بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ ئەتراپقا زەن سېلىپ قارىدى، شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ بايا سالغا چىققان يېرى-

دىن خېلىلا تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى بىلدى . ئۇنىڭغا قىرغاق-
تا چاغدا ئاقماي ، بىر جايدا توختاپ تۇرغاندەك سېزىلگەن
سۇ قومۇش سالنى ئىتتىك ئېقىتىپ كېتىۋاتاتتى . قومۇش-
لۇق تەرەپتىن بولسا تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ چىققان قارا ئىس
ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە . كىشىلەرنىڭ ۋارقىراپ - جارقى-
راشلىرى كۆچەيمەكتە . نۇزۇگۇم ئاشۇلارنىڭ قولىغا چۈ-
شۈپ قالمىغىنىغا خۇش بولۇپ «ئەمدى سۇغا چۆكۈپ كەتمى-
سەملا بولاتتى» دەپ ئويلىدى . ئۇ دەريا ئېقىنى بىلەن ئۇزاق-
لىغانسېرى كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى . يۇزىگە چاچرىغان سۇ
تامچىلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ دەريانىڭ قىرغاقلىرىغا قارايتتى .
بەزىدە بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كەلگەن دولقۇنلار قومۇش
سالنى خۇددى قول بىلەن ئىتتەرگەندەك ئىتتىرىپ ، يەنە
قايتىدىن دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا باشلايتتى . بەزى چاغدا
تۆت - بەش باغ قومۇشنى بىر - بىرىگە چېتىپ ياسىغان
بۇ سالنى بىر - ئىككى مېتىر دەك ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئاندىن
سۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتمەكچى بولغاندەك تۆۋىنىگە تاش-
لايتتى . بۇنداق چاغلاردا نۇزۇگۇمنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقى-
لىپ ، جېنىدىن ئۈمىدىنى ئۈزەتتى ، لېكىن دولقۇنلار ئۆتۈپ
كېتىپ ، سۇ تىنچلانغاندا ئەس - هوشىنى يىغىپ ، ئۆزىنىڭ
بىر ئۆلۈمدىن ئامان قالغىنىغا شۈكرى قىلاتتى .

قومۇش سال خېلى ۋاقىتقىچە ئۇلۇغ سۇنىڭ ئېقىنىغا
قوشۇلماي ئاقتى ، بۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭغا ئېپى كېلىپ قالغان
نۇزۇگۇم پۇت - قوللىرىغا جان كىرىپ ، ئۆزىنى خېلى
توختىتىۋالدى . ئۇ ئەمدى مۇمكىنقەدەر دەريانىڭ ئىتتىك
ئېقىنىغا قوشۇلماي ، مۇشۇنداق قىرغاق ياقىلاپ ئىلگىرىلەش-
نى مۇۋاپىق كۆردى . چۈنكى قىرغاقنى ياقىلاپ ماڭسا بەزى-

بىر بالايىئاپەتكە ئۇچرىسىمۇ دەرھال قۇرۇقلۇققا چىقىپ كېتىشكە بولاتتى . ئىككىنچىدىن ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ماڭسا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشى مۇم- كىن . قىرغاقنى ياقىلاپ ماڭغاننىڭ يەنە بىر پايدىسى ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلار بىلەن سۇغا چىلىشىپ تۇرغان تاللار ئۇنى كۆپ نەرسىدىن يوشۇرۇپ قالالايتتى .

نۇزۇگۇمنىڭ بارار يېرى ئېنىق بولمىغاچقا ئالدىراش- نىڭ ھاجىتى يوق ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خاتىرجەم بىر كۈندە بىرنەچچە چاقىرىم يول ماڭسامۇ ئىلاجى بار قىرغاق- تىن يىراقلاشمىسام بولاتتى دەپ ئويلايتتى . پەقەت بايىقىدەك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ، قومۇش سالنى ھەيدەپ كېتىدىغان دولقۇنلاردىن خۇدا ساقلىسا بولاتتى . ئۇ ئەمدى ئولتۇرغان سالنىڭ مېڭىشىنى ئۆزى خالىغان ياققا بۇراپ تۇرغۇدەك پالاققا ئوخشاش بىر نەرسە ياسىۋالمىغىنىغا ئېچىندى .

بۇ قېتىم كەلگەن دولقۇن نۇزۇگۇمنى قاتتىق ۋەھىمىگە سېلىپ ، سالنى قولتۇقتىكى توختام سۇغا كىرگۈزۈۋەتتى . نۇ بۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ سۇ چاچراپ ، ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىم - كېچەكلىرىنى سىقىپ ، قومۇشنىڭ ئۈستىنى ئول- تۇرۇشقا قولايلىق قىلىپ تۈزىۋالدى . ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ قالغىنىنى مۆلچەرلىمەك بولۇپ ، دەريا ياقىسىدىكى توقايلىق بىلەن قومۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى . يىراق - يىراقلاردا كىملەرنىڭدۇر ۋارقىراشلىرى ئاڭلاندى . دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى باش - ئۈچى يوق تۈزلەڭدە ئاتلىق ھەم پىيادە كېتىشىپ بارغان ئادەملەر ، ئوتلىشىپ يۈرگەن مال - ۋاران- لار كۆرۈنۈپ قالاتتى . ئەمدى ئولتۇرۇشقا باشلىغان كۈنمۇ ئۆز نۇرى بىلەن تىنچ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنى ئادەمنىڭ

كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان ئەينەكتەك پارقىرىتىۋېتىپتۇ . كۈن ئولتۇرۇشى بىلەنلا قومۇشلار ئارىسىدىن چىقىپ يەر – جا-
ھاننى قاپساپ كەتكەن سان – ساناقسىز پاشىلار نۇزۇگۇمنى چېقىشقا باشلىدى . ئۇ ئۆزىنى پاشىلاردىن ھىمايە قىلىمەن دەپ بىرمۇنچە ئاۋارە بولدى . ئاڭغىچە دەريا تەرەپتىن كۈچ-
لۈك شامال چىقىپ پاشىلارنى قوغلىۋەتتى . شامال بىلەن تەڭ پەيدا بولغان دولقۇن ئەمدىلا ئۆز ئىگىسى ئۈستىگە ئولتۇرغان قومۇش سالنى تۇرغان يېرىدىن ھەيدەپ چوڭ ئېقىنغا قوشۇۋەتتى . سال يەنە ئىلگىرىكىدەك ئېگىز كۆتۈرۈ-
لۈپ ، گويا سۇغا چۆكۈپ كېتىدىغاندەك پەسلەپ ئاقماقتا . نۇزۇگۇمنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ ، ئاللاغا يالۋۇرۇپ مۇراجىئەت قىلىشقا باشلىدى . ئۇ بۇنىڭدىن بەش – ئون يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسى بىلەن ئاتا – بوۋىلىرىنىڭ روھىغا مۇراجىئەت قىلىپ ، ئۇلاردىن ئۆزىگە مەدەت تىلىدى . نۇزۇ-
گۇم ئاللاتائالانىڭ قايسى گۇناھى ئۈچۈن مۇنچىلىك قىيناۋات-
قىنىنى بىلمەي ، ئېسىنى بىلگەندىن بۇيانقى قىلمىش – ئەت-
مىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئويلىسا تىرىك بەندىلەر-
نىڭ ئالدىدا كۈپۈرلۈق ئۆتكۈدەك گۇناھ ئۆتكۈزمەپتۇ . ئۇن-
داق بولسا مۇنۇ دەريانىڭ رەھىمسىز دولقۇنلىرى كىملەرنىڭ ئەنتىنى ئېلىش ئۈچۈن ، قايسى گۇناھلىرى ئۈچۈن بۇنچىۋالا قىينايدىكىن ؟ ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى موڭغۇل نويانلى-
رىنىڭ ئۆزىگە خوتۇن قىلماقچى بولۇپ كۆرسىتىۋاتقان ئازابى-
لىرىنى تارتقىنى ئاز بولۇپ قالدىمۇ ؟ ياراتقان ئىگەمنىڭ قۇدرەتلىك ، ئۆتكۈر كۆزلىرى بۇلارنى نېمە ئۈچۈن كۆرمەي-
دىغاندۇر ؟

نۇزۇگۇم ھەممە ئازابقا چىداپ كەلگىنى بىلەن ، نېمىش-

قىدۇر ، دەريا سۈيىنىڭ دولقۇنلىرىدا يۇقىرى چىقىپ ، تۆ-
ۋەن چۈشۈپ ، ئۇياق - بۇياققا چايقىلىۋاتقان مۇنۇ كىچىككىنە
قومۇش سالغا ئۆزىنىڭ تەقدىرى باغلىنىپ قالغىنىغا چىدى-
يالماي هەيران بولاتتى . لېكىن سۆيگەن يارىغا سادىق بولۇپ -
قېلىش ئۈچۈن هەرقانداق قىيىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈشكە
تەييار ئىكەنلىكىنى ئويلاپ موگخۇللارغا تۇتۇلغاندىن كۆرە ،
بىر هېسابتا دەريادا سۇغا چۆكۈپ ئۆلگىنىم مىڭ هەسسە
ئەۋزەل دەپ ئۆزىنى ئۆزى بەزلەيتتى . بۇنداق چاغدا
دولقۇنلارنىڭ چايقاشلىرى ئانچىۋالا دەهشەتلىك ئەمەستەك
كۆرۈنەتتى .

ئادەم ئەجەلگە قارشى ماڭسا ئۇمۇ كەينىگە چېكىنەمدۇ
نېمە؟ نۇزۇگۇم ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئاللا - توۋا دەپ نالە
قىلىشنىڭ ئورنىغا قومۇشنى مەهكەم تۇتۇپ هەرقانداق ئاپەت-
كە قارشى تۇرۇشقا بەل باغلىغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالغا
قارىغاندى ، ئىلگىرىكى ئادەم بويى كۆتۈرۈلگەن دولقۇنلار
خۇددى ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قايىل بولۇپ تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈ-
كىگە ئوخشاش ئاستا - ئاستا بېسىلىشقا باشلىدى . دەريا
بويىدىكى تاللار بىلەن جىگدىلەرنىڭ تىنىمسىز مىدىرلاۋاتقان
شاخلىرى توختىغاندەك قىلىپ ، قۇرۇغان قومۇشلارنىڭ گۈ-
رۈلدەشلىرىمۇ ، باياتىن بېرى قۇلاقنى يارغۇدەك شارقىرىغان
دولقۇنلارمۇ پەسىيىپ ئالەم تىنچلانغاندەك بولدى . نۇزۇگۇم-
نىڭ بۇ هالغا ئىشەنگۈسى كەلمەي ، بۇلارنىڭ هەممىسى
هازىرلا يەنە تەكرارلىنىدۇ دېگەندەك ، قومۇشنى چىڭ تۇتقان
پېتى بىرئاز ۋاقىت جىم ياتتى . ئاي نۇرىغا چىلىققان سۇ
دولقۇنلىرى دەريا ئۈستىدە ئەينەك پارچىلىرىدەك يالت -
يۇلت قىلىپ كۆرۈنەتتى . قومۇش بىلەن ياۋا تاللار ، جىگدە

بىلەن توغراق ئۆسكەن قىرغاق قاپقاراڭغۇ تۇراتتى . بەزىدە يوچۇن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالىسا ، ئەتراپ جىمجىت . سۇ دولقۇنلىرى راستتىنلا توختىغان ئوخشايدۇ . شۇنىڭغا قارى‐غاندا ئۇنىڭ يەيدىغان رىزقى باردەك قىلىدۇ .

نۇزۇگۇم بىرەر ھەرىكەت قىلىشقا ئىلاجسىز . شۇڭا ئۇ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا لەيلەپ كېلىۋاتقان قومۇش سال ئۈس‐تىدە شۇمشىيىپ ، ئۇزاق ۋاقىتقىچە شۇككىدە ئولتۇردى . بايا بىر چاغدا ، دولقۇن بىلەن ئېلىشىپ يۇرگەندە ئىسسىپ تەرلەپ كەتكەنىدى . ئەمدى ھەرىكەتسىز ئولتۇرغاچقىمۇ سۇ چاچراپ ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرى تەنلىرىگە چاپلى‐شىپ مۇزلاشقا باشلىدى . خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ ئىچىگە بىر پارچە مۇز كىرىۋالغاندەك ، چىشى ـ چىشىغا تەگمەي تىترەپ كەتتى . ئۇ ئىككى تىزىنى كۆكسىگە مەھكەم بېسىپ ئۆزىنى ئىسسىتىشقا ھەرىكەت قىلىۋىدى ، بىر چاغدا كۆزى يۇمۇلۇپ مۈگدەشكە باشلىدى . كۆڭلىدە سۇغا چۈشۈپ كەتمەي دېگەن ئەندىشە پەيدا بولۇپ ئۆزىنى سەگىتىۋالدى . قومۇشتىن يا‐سالغان سال بەزىدە ئاستا ، بەزىدە ئىتتىك ئېقىپ ، ئۆز يولىنى داۋام قىلماقتا ، بەزىدە سۇنىڭ چايقىلىشى بىلەن قىرغاققا يېقىنلاپ قالاتتى ـ دە ، ئاندىن يەنە ئېقىنغا قوشۇ‐لۇپ ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ قالاتتى .

بارلىق ئوي ـ خىيالى ، ئۈمىد ـ ئارزۇسى مۇشۇ تۆت باغلام قومۇشقا باغلىنىپ قالغان نۇزۇگۇم چاپسانراق تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتمەكتە . لېكىن ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك بۇ‐گۇنكى كېچە تولىمۇ ئۇزىراپ كەتكەندەك بىلىنەتتى . ئادەتتە تېزلا ئاتىدىغان تاڭنىڭ كەينى تېخىچە سۇزۇلەي دېمەيدۇ .

بىر چاغدا ئاستا ئېقىپ كېلىۋاتقان قومۇش سال ياۋا

تاللارنىڭ شاخلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان، خېلىلا چوڭ بىر قولتۇقتىكى سۇغا كىردى ـ دە، توختاپ قالدى. كېچىچە تالاي قېتىم ئۆلۈم خەۋپىنى باشتىن كەچۈرگەن نۇزۇگۇم، ئاھ ـ زارىم خۇدايىمغا يەتكەن گوخشايدۇ، دەپ قىرغاقتا ساڭگىلاپ تۇرغان تالنى ئېگىپ، ئۇچىنى قومۇش سالغا باغلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلى ئەمىن تېپىپ قورۇق يەرگە يانپاشلىدى.

ئۇ ئويغانغاندا ئۇپۇققا كۆتۈرۈلۈپ قالغان قۇياش تاللار-نىڭ ئارىسىدىن ئۆز نۇرىنى چېچىۋاتقانىدى. نۇزۇگۇم ئۆزد-نى بىرەرى كۆرۈپ قالمىسا بولاتتى دەپ، ئالمان ـ تالمان تالغا باغلاپ قويغان سالنى يېشىپ، ئالىقانلىرىنى پالاق قى-لىپ، سۇنى ئىتتىرىپ قولتۇقتىن چىقىپ كېتىشكە ئالدى-رىدى. قومۇش سالمۇ دەرياغا ساڭگىلاپ تۇرغان تال، قو-مۇشلار دالدىسىدا قىرغاقنى ياقىلاپ ئالدىغا ئىلگىرىلىدى. بىراق شۇ چاغدا ئۇ قورسىقى ئېچىپ ھالسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ تۇگۇننى يېشىپ ئاختۇرۇۋىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە بارى ـ يوقى بىر تاللا ئالما چىقتى. بۇنىڭغا شۈكرى قىلغان نۇزۇگۇم ئالمىنى يەپ، دەريا سۈيىدىن بىر ـ ئىككى يۇتۇم ئىچتى ـ دە، يەنە ئىلگىرىلەۋەردى.

نۇزۇگۇم غۇلجا شەھىرىگە پالىنىپ كەلگەن چاغدا بەزى خوتۇنلاردىن مۇشۇ دەريانىڭ قىبلە تەرىپىدە مانجۇ، موڭغۇل-لار يوقمىش، ئۇ تەرەپلەردە بۇلاردىن باشقا ئىقلىملار ياشار-مىش، شۇلار قاتارىدا ئۇيغۇرلارمۇ بارمىش دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. ھازىر ئۇنىڭ تەخمىنەن مۆلچەرلىگى-نىمۇ شۇ تەرەپ ئىدى. نۇزۇگۇم ئىككى كۈندىن بېرى ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ قالغىنىنى، نەگە بېرىپ توختىشىنى

بىلمەيتتى . ئەمما ، ھەر ھالدا كۆزلىگەن مەنزىلىمگە يەتمە-
سەممۇ مېنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلاردىن خېلى ئۇزاقلاپ قالغان-
دىمەن دەپ ئويلايتتى .

نۇزۇگۇم تاللار ، جىگدىلەر ۋە توغراقلار تۈگەپ ، ئىك-
كى تەرىپىنى قويۇق قومۇشلار قاپلىغان يەرگە ئۇلاشقاندا ،
يەنە ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن ئادەملارنى كۆرۈپ قالدى . دەر-
ھال يوشۇرۇنمىسا ئۇلار نۇزۇگۇمنى كۆرۈپ قېلىشى مۇم-
كىن . ئۇ قوللىرى بىلەن سۇنى قاتتىق ئىتتىرىپ مىڭ بىر
تەسلىكتە قىرغاققا يېقىن كەلدى - دە ، قومۇشلۇقنىڭ ئىچىد-
گە كىرىپ يوشۇرۇندى .

IX

كۈز كېلىپ ھەممە نەرسە غازاڭ بولۇشقا باشلىغانلىق-
تىنمۇ ، شالدىرلاپ قۇرۇپ قالغان قومۇش پۆپۈكلىرى تو-
زۇپ نۇزۇگۇمنىڭ يۈز - كۆزلىرى ۋە ھۆل بولۇپ كەتكەن
كىيىم - كېچەكلىرىگە چاپلاشماقتا . ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي
قىرغاققا چىقىشى بىلەنلا ئۆزىنىڭ ئىزىنى يوقىتىپ ، بۇ
يەردىن تېزرەك باشقا ياققا كېتىشكە ئالدىرىدى . ئۇ قېلىن
قومۇشلۇق ئىچىدىن ئاران دېگەندە يول ئېچىپ كېلىۋاتاتتى .
خېلى ۋاقىتتىن بېرى يول ماڭماي ئولتۇرۇۋەرگەنلىكتىنمۇ
پۇتى كۈيۈشۈپ بىرمۇنچە يەرگىچە ئاسقاقلاپ ماڭدى ، بەزىدە
پۇتى سازلىق يەرگە پېتىپ ماڭالماي ئولتۇرۇپمۇ قالدى .
ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالسا تۆۋەن ئېگىشىپ ، خۇددى قولغا
چۈشۈپ قېلىشتىن قورققان توشقاندەك جېنىنىڭ بارىچە يۈ-

گۆرەيتتى. كۆڭلىدە بىر ئامال قىلىپ، كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاۋۇ تاغقا يېتىۋالسام دەپ ئويلايتتى.

نۇزۇگۇم قېلىن قومۇشلۇقتىن ئايرىلىپ يەنە ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى. بۇ ئوچۇقچىلىق شۇنداق كەڭ ئىدىكى، ئاخىرىغا كۆز يەتمەيتتى. بۇنداق يەردە مېڭىش ئويلاپ باقسا، خەتەرلىك ئىدى، چەت - ياقىدا يۈرگەن ئادەملەردىن بىرەر - يېرىمىنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇ ئەتراپقا سەپسېلىپ قاراپ، ئۆزىدىن ئانچە يىراق ئەمەس يەردە يۈرگەن بىرنەچچە ئاتلىق ئادەمنى كۆردى - دە، دەرھال يەنە قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى، «ئۇلار مېنى كۆرۈپ قالمىغاندۇر» دەپ تەشۋىشلىنىپ، قېلىن قومۇشلۇقنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدى. ئۇ مۇشۇ يوشۇرۇنغان يېرىدە خېلى ۋاقىتقىچە ئولتۇردى. بىرچاغدا يېقىنلا يەردىكى قومۇشلارنىڭ شاخلىرى شىلدىرلىدى. نۇزۇگۇم بۇنى قومۇشلۇق ئىچىدە يۈرگەن ياۋايى ھايۋانلار بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. شۇڭا ئۇ ئولتۇرغان يېرىدىن مىدىر قىلمىدى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭغا يېقىن يەردىن بىر جۈپ قىرغاۋۇل قاناتلىرىنى قاتتىق قېقىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار قومۇشلۇق ئۈستىنى بىر ئاز ئايلىنىپ يۈردى - دە، ئاندىن باشقا ياققا ئۇچۇپ كەتتى. نۇزۇگۇم بولسا خېلى ۋاقىتقىچە دېمىنى باسالماي ئولتۇرۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ ھەر نەرسىدىن بىر چۆچۈپ دەككە - دۈككە بولماقتا. نەگە بېرىشىنىمۇ بىلمەيدۇ. بىر كېچە - كۈندۈزدىن بېرى جېنىنى ساقلاپ كەلگەن قومۇش سالدىن قىرغاقتا چىقىپ بۇ يەرلەرگە كەلگىنىگە پۇشايمان قىلدى. «ئۆلۈپ قالسامۇ ئاشۇ قومۇش سالنىڭ ئۈستىدە ئۆلسەم بولغانىكەن. مەن تېخى موڭغۇللارنىڭ ھەم-

مىسى كەينىمدە قالدى، ئەمدى ئۇلار مېنى ئىزدىمەيدىغان
چېغى دەپتىمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.
نۇزۇگۇم ئاسماندا توپ ـ توپ بولۇپ ئۈزۈپ يۈرگەن
ئاق بۇلۇتلارغا قارىدى. ئاشۇ بۇلۇتلارغا چىقىۋېلىپ، ئۆزىنى
ئىزدەپ يۈرگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا تۇتۇق بەرمەي يىراقلار-
غا كەتسە! ئەمما ئۇ بۇلۇتلار نۇزۇگۇم تۇرماق ھەتتا ئېگىز
ئۇچقان قۇشلارنىمۇ ئۆزىگە يەتكۈزمەي ئىلگىرىلەپ كېتىۋا-
تاتتى. ئۇلاردىنمۇ ياخشىلىق كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ
بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ يەرگە قارىدى. يەرمۇ تىرىك بەندىنى
ئۆز قوينىغا يوشۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلسا كېرەك. بەزىلەر-
نىڭ «ئاسمانغا چىقاي دېسەم ئېگىز، يەرگە كىرەي دېسەم
قاتتىق» دېگەن سۆزلىرى مۇشۇنداق چاغلاردا ئېيتىلغان
سۆزلەر ئىكەن ـ دە، زادى بۇلارنى ئېلىشىپ يەڭمىسە،
قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن دەپ ئويلىغان نۇ-
زۇگۇم ئۆزىنى نەگە يوشۇرۇشنى بىلمەي، سەدپارە بولماقتا.
ئىلگىرى قومۇشلۇققا كىرىۋالسىلا ھېچكىم تاپالمايدىغاندەك
بىلىنەتتى، ھازىر بولسا بۇ قومۇشلۇقلار قاچقان، مۆككەن
ئادەملەرنى تۇتۇپ بېرىدىغان تورغا ئوخشاش سېزىلمەكتە. ئۇ
قومۇش ئارىلاپ قېچىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ بېقىۋىدى،
ھەممە تەرەپنى قورشىۋالغان سولۇنلارنى كۆردى.
كۈندۈزى قاچقان بىلەن بەرىبىر قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدى-
غانلىقىنى سەزگەن نۇزۇگۇم قومۇشلۇققا تېخىمۇ ئىچكىرى-
رەك كىردى ـ دە، قاراڭغۇ چۈشۈپ سولۇنلارنىڭ كېتىشىنى
كۈتۈپ بىر ئاز يېتىۋىدى، قورسىقى ئېچىپ، كۆزلىرى تور-
لىشىشقا باشلىدى. نەچچە كۈندىن بېرى قورسىقىنىڭ ئاچقى-
نىنى ياشلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە ئېلىپ، قېچىپ ـ مۆكۈنۈپ

يۇرگىنى بىلەن هازىر ئاچلىقتىن ئىچ ـ قارنى تارتىشىپ كېتىۋاتاتتى . ئۆپچۆرىسىدە، قومۇش يىلتىزىدىن باشقا يېگۈ-دەك ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى . ئۇ كەمىرۇلىنىڭ ئىچ يانچۇقى-دىن خەنجىرىنى ئالدى ـ دە ، سازلىقتىكى قومۇشلاردىن بىرنەچچىسىنىڭ يىلتىزىنى كېسىپ ئۇنى شۈمىگەن بولدى . بىر چاغدا ئۇ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك مۈگدەشكە باشلىدى . ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ ئۇخلاپ قالماسلىققا ھەرىكەت قىلىپ باقتى ، بولمىدى . ھارغىنلىق يەتكەن بەدەنلىرى بوشىشىپ ، كۆزلىرىنىڭ ئۇيقۇغا ئىلىنىپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدى .

ئۇ بۇرنىغا ئاچچىق ئىس كىرىپ نەپىسى بوغۇلۇپ ، كۆزلىرى ئېچىشىشقا باشلىغاندا قېقىلىپ ، يۆتىلىپ ئويغاندى . قارىسا قومۇشلۇقنى قاپقارا ئىس قاپلاپ كېتىپتۇ . ئۇزۇگۇم نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەي خېلىغىچە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى ، لېكىن ئورنىدىن تۇرالماي ئولتۇردى . پەقەت ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ ئورنىدىن تۇرغاندا ئۆزىدىن ئانچىۋالا يىراق بولمىغان يەردىكى قومۇشلارنىڭ كۆيۈۋاتقان-لىقىنى كۆردى . ئۇ ئۆز بېشىغا كېلىدىغان يامانلىقلارنى پەرەز قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن قومۇشلۇققا ئوت كېتىدىغۇ دەپ ئويلىمىغان . ئەمدى ئۇنىڭ كۆرمىگىنىدىن مۈشۈ قالغان ئوخشايدۇ . كۆز كۆنلىرى قۇرۇپ ، پۆپۈكلىرى قۇرۇشقا باشلىغان قومۇشلۇقتىن يالقۇنجاپ كېلىۋاتقان ھال قىزىل-ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىپ ئەجدىھادەك يېقىنلاۋاتاتتى . «قېـ-چىش كېرەك !— دېگەن ئوي كەلدى ئۇنىڭغا ،— بولمىسا ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۆيۈپ كېتىشىم مۇمكىن . »

ئۇ بوپىسىنى كۆتۈرۈپ دەرياغا يۈگۈردى ، بىراق ئۇ

تەرەپتىكى قومۇشلۇقلارمۇ كۆيۈۋاتاتتى. «كىيىمىم كۆيۈپ تېنىمگە ئۆتكۈچە بۇ ئوتتىن ئۆتۈپ كېتەرمەن» دېگەن ئويغا كەلدى نۇزۇگۇم. ئۇ شۇنداق دەپلا تۇرتەك - تۇرتەك بولۇپ تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئىسسىنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىردى. ھايال بولمايلا ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىگە ئوت تۇتاشتى ۋە ئوت بىلەن ئېلىشىپ يۈرۈپ ئوچۇقچىلىققا قانداق چىقىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

— مانا، مانا، چىقتى!

— دەريا تەرەپكە قېچىپ كەتكۈچە تۇتۇۋېلىڭلار! — دېگەن ئاۋازلار ھەر تەرەپتىن ياڭراپ چىقتى. بۇ ۋارقىرىغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇرلارمۇ بار ئوخشايدۇ. ھودۇقۇپ قالغان نۇزۇگۇم ئەتراپقا قاراپ ئۈلگۈرگىچە بەش - ئالتە ئادەم ئۇنىڭ پۇت - قولىغا ياماشتى. قوللىرىدا قىلىچ - نەيزىلەرنى تۇتقان بويى ئۆزىدىن پاكار بۇ سولۇنلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ كىيىملىرىگە ئېسىلىپ ھەر تەرەپكە تارتماقتا. بەزىلىرى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان ئارغامچىلىرى بىلەن ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلىماقتا. ئەمدى قانچە ھەرىكەت قىلغىنى بىلەن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن نۇزۇگۇم پۇت - قولىنى ئىشقا سالالمىسىمۇ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى ئاغزى بىلەن چىشلەپ قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. شۇچاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

— ھاي، مەھكەمرەك تۇتۇڭلار، يەنە قېچىپ كەتمىسۇن، — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— ئەمدى نەگە قاچىدۇ دەيسەن، قېچىپ يۈرۈپ يەتكەن يېرى مۇشۇغۇ؟ — دېدى بىرى.

— يەنە بوشاپ كەتسە، كىم بىلىدۇ، ئۆزىنى دەرياغا

تاشلىۋېتەمدۇ .

چەتتە تۇرغان سولۇننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان نۇزۇگۇم «بۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغىنىمنى بىلگەن بولسام ئۆزۈمنى سۇغا تاشلىۋېتەركەنمەن» دېگەن ئويدا دەريا تەرەپكە قارىدى ، دەريامۇ ئانچە يىراق يەردە ئەمەس ئىدى . ئۇ بۇلار- دىن قۇتۇلۇپ قالارمەن دەپ بارلىق كۈچىنى يىغىپ سىلكى- نىپ ، يۇلقۇنۇپ ، ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرغان سولۇنلارنىڭ قول- لىرىنى چىشلەپ ، بېشى بىلەن ئۇرۇپ باقتى . ئەمما ئەمدى ئۇنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك ئىدى ، چۈنكى سو- لۇنلار نۇزۇگۇمنىڭ پۇت - قولىنى باغلىۋالغاندىن كېيىن ئۈستىگە سۇ چېچىپ ، كىيىمىگە تۇتاشقان ئوتنىمۇ ئۆچۈرۈ- ۋالغانىدى . ئۇنىڭ مۇنداق يۇلقۇنۇپ ھەرىكەت قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئات ئۈستىدىكى سولۇن :

— ھەي چەنتۇ ، مەن ساڭا قاچقاننىڭ قانداق بولىدىغان- لىقىنى ئەمدى بىر كۆرسىتىپ قوياي ،— دەپ ۋارقىرىدى . ئېھتىمالىم ئۇ نۇزۇگۇمنى تۇتقىچە خېلىلا قىينالغان بولسا كېرەك ،— بۇ چەنتۇنى ئاتقا ئارتىڭلار . ئۇنىڭ شۇنداق ئەتى- ۋارلىق نويانغا ۋاپا قىلماي قاچقانلىقى جىنايەت . شۇڭا ئۆز ئۆۋالى ئۆزىگە . بىز ئەمدى ئۇنى شۇنداق بىر ئادەمگە بەرگۈ- زەيلىكىن ، ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان يەيدى- غان بولسۇن !

ئىككى يۈزگە يېقىن چېرىك بىلەن بىرنەچچە كۈندىن بۇيان قومۇشلۇقنى ئەگىپ ، ئاخىر قىزنى تۇتۇۋالغىنىغا بەك خۇشال بولغان سولۇنلار ئۆزلىرىنى ئەپسانىلەردىكى باتۇرلار- دەك چاغلىشىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بايىر نويانىنى ياراتمىغان بۇ جۇۋاننى بىر كۆرۈپ باقايلى دېگەندەك ، ئاتلى-

رىنى دېۋىتىپ كېلىپ نۇزۇگۇمغا قارايتتى . لېكىن بوي-
تۇرقى ئادەتتىكى قىزلاردىن ھېچبىر پەرق قىلمايدىغان ئو-
رۇقلا بىر جۇۋاننى كۆرۈپ ، «شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇ-
نى تۇتالماي سەدپارە بولۇپ يۈردۇقمۇ» دېگەندەك بىر-
بىرىگە قارىشاتتى . ئۇلار بۇ تەۋەدىكى موڭغۇللارنىڭ ئارىسىدا
ئاتىقى چىققان نويانغا بوي بەرمەي قېچىپ يۈرگەن بۇ جۇۋان-
نى پۈتۈنلەي باشقىچە دەپ پەرەز قىلىشقانىدى . شۇڭا بەزىلى-
رى «بەلكى بىزنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرگىنىمىز بۇ جۇۋان
ئەمەستۇر» دېگەندەك گۇمانغىمۇ كېلىشكەنىدى . تالاي جەڭ-
لەرگە قاتنىشىپ ، ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن ئابرۇي-
ئاتاققا ئىگە بولسىمۇ بۇ قېتىم يەنە بىر ئۆزىمىزنى كۆرسى-
تىپ قويايلى دەپ يۈرگەن بۇ چېرىكلەر نەچچە كۈندىن بېرى
بىكاردىن - بىكارغا ئات چېپىپ يۈرۈشكىنىگە ئۇيالغاندەك
بولاتتى . بەزىلىرى : «ھېلىمۇ خوتۇن كىشى بىلەن ئېلىشىپ
ئابرۇيىمىزنى تۆكۈۋالماپتىمىز» دەپ ، ئۇنى تۇتۇشقا
ئانچىۋالا پىداكارلىق كۆرسىتىپ كەتمىگىنىگە خوش ئىدى .

# بەشىنچى باب

## I

نۇزۇگۇمنى چېرىكلەر كۇرە شەھىرىگە داغدۇغا بىلەن
ئەكەلدى . ئۇلار نۇزۇگۇمنى قاچۇرۇپ قويمايلى دەپ ، ئۇنىڭ
تۆت تەرىپىنى قورشاپ مېڭىشقا ئىككى يۈز چېرىكنىڭ ھەمـ
مىسىنى سەپەرۋەر قىلغانىدى . بۇ چېرىكلەرنىڭ باشلىقى
بىلەن موڭغۇل دورغا كۇرەدىكى جياڭجۇن ئوردىسىغا كېلىـ
شى بىلەن ماختىنىپ ، سوۋغا ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا
ئالدىراش كىرىشتى . بىراق جياڭجۇننىڭ كۆز قارىشى ئۇلار
ئويلىغاندەك بولمىدى .

— سىلەر بىر چەنتۇ خوتۇننى تۇتۇش ئۈچۈن قانچە
كۈچ ، قانچە ۋاقىت سەرپ قىلدىڭلار ؟— دېدى جياڭجۇن
ئالدىدا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆرە تۇرغان سولۇن چېرىكلىرىـ
نىڭ باشلىقى بىلەن موڭغۇل دورغىسىغا ،— ئۇنداقتا ئۇلارـ
نىڭ ئەرلىرىنى قانداق ئىشلەتمەكچىسىلەر ؟

— چەنتۇلارنىڭ خوتۇنلىرىدىن كۆرە ئەرلىرىنى باشقۇـ
رۇش ئاسان ، جانابلىرى ،— دەپ ئۇزۇندىن بېرى ئۇيغۇرلارـ
نى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان موڭغۇل دورغىسى ئۆزىنىڭ

ئوي ـ پىكىرلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى ،— ئەمما خوتۇنلى ـ
رىنى بويسۇندۇرماق قىيىن .
— يوق گەپنى قوي . مۇنۇ شىسەن دالويى ئۇلارنىڭ
بىرىنى خويما ئوبدانلا خوتۇن قىلىپ يۇرىدىغۇ . شۇڭا ئەمدى
نۇزۇگۇمنى شۇنىڭغا بېرەيلى . ئۇ بايىر نويان كەلگۈچە نۇزۇ ـ
گۇمنى قۇل قىلىپ ئىشلىتەمدۇ ياكى خوتۇن قىلامدۇ ، ئۆزى
بىلسۇن . بۇ جاھىل خوتۇنغا پەقەت ئاشۇلا ئىگە بولۇشى
مۇمكىن ،— جياڭجۇن ئۆزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئولتۇرغان
ئۇزۇن قارا چاپانلىق ، پەۋەز قاپاق ئادەمگە قاراپ قويدى .
ئۇ بولسا ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئىككى قولىنى قورسىقى ئۇستى ـ
گە ئېلىپ جۇپلەپ بېشىنى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىشىپ تەزىم
قىلدى .
— پەخەس بول ،— دېدى جياڭجۇن ھۆكۈمران قىياپەتى ـ
تە ،— بۇ خوتۇننى بايىر نوياندەك قاچۇرۇپ قويساڭ مېنىڭ ـ
دىن رەنجىمە .
قەشقەردىن كەلگەن جۇۋاننى خوتۇن قىلىپ ، باشقىلارغا
ماختىنىپ يۇرگەن شىسەن دالويى ئاتاقلىق نويانغا ئۆزىنى
تۇتقۇزماي قېچىپ كەتكەن گۇزەل خوتۇننىڭ قولغا چۇشكى ـ
نىگە خۇشال بولۇپ كەتتى ، ئۇ ، قەشقەرنىڭ يەنە بىر گۇزى ـ
لىنى خوتۇن قىلىدىغان بولدۇم دەپ شېرىن خىيالغا چۆ ـ
مۇپ ، نۇزۇگۇمنى بىرنەچچە چېرىككە ھەيدىتىپ ئۆيىگە ئە ـ
كەلدى . نۇزۇگۇم دالويىنىڭ بوسۇغىسىنى ئاتلاپ ئۆيگە كىر ـ
گەندە ئوچاق بېشىدا تۇرغان، خوتۇننى كۆرۈپ ھەيران قالدى .
كەپكۇر تۇتقان خوتۇن بولسا كىرىپ كەلگەن خوتۇننى كۆرۈپ
ئىختىيارسىز ھالدا :
— نۇزۇگۇم !— دېدى ـدە ، داڭقېتىپ قالدى ، ئۇنىڭ

قولىدىكى كەپكۈر بولسا يەرگە چۈشۈپ جاراڭلىدى.

— بۇۋىئايشەم! — ۋارقىرىدى نۇزۇگۇم.

ئۇ ئىككىسى ئەتراپىدا تۇرغان موڭغۇل ۋە سولۇنلارغا قارىماستىن، بىر ـ بىرىگە ئوقتەك ئېتىلىپ قۇچاقلاشتى.

— راست كۆرۈۋاتىمەنمۇ سىلىنى، يالغانمۇ؟! مۇنداقمۇ ئۇچرىشىشلار بولىدىكەنغۇ، جېنىم قېرىندىشىم! — بۇۋىئايشەم يۈزىنى يۇيۇپ ئېقىۋاتقان كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، نۇزۇگۇمنى يەنە قۇچاقلىدى.

نەچچە كۈندىن بېرى ئادەم دىدارىنى كۆرمەي قومۇشلۇقنىڭ ئىچىدە قېچىپ، مۆكۈنۈپ يۈرگەن نۇزۇگۇم قەشقەر شەھىرى بولاقبېشى مەھەللىسىدە بىللە ئۆسۈپ، ئىلىغمۇ بىللە پالانغان، ئۇزۇن يوللارنىڭ جاپاسىنى تەڭ تارتىپ، قېرىنداشلاردىنمۇ ئەزىز بولۇپ كەتكەن بۇۋىئايشەمنى كۆرگەندە ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمىدى.

شىسەن دالويى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكىلىرى ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرىنى بوشىتىۋالسۇنلا دېگەندەك، خېلى ۋاقىتقىچە گەپ قىلماي شۈك تۇرۇشتى.

— مەنمۇ سىلىنى راست كۆرۈۋاتىمەنمۇ، يالغانمۇ؟ ئەزىزانە يۇرتتىن ئايرىلغاننى ئاز دەپ، بۇ يەرلەردىمۇ بىر ـ بىرىمىزدىن جۇدا بولۇپلا كەتتۇققۇ. سىلى توغرۇلۇق چىققان گەپلەرنى ئاڭلاپ، بۇ چاغقىچە بىر يەرلەردە ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ دېۋىدىم، تىرىككەنلا!

— بولدى، بولدى! — دەپ شىسەن دالايى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئايغا يېقىن تۇرۇپ، مىجەزىنى ياخشى بىلىپ قالغان بۇۋىئايشەم يىغىسىنى توختىتىپ ئۆزىنى كەينىگە تارتتى، — بۈگۈندىن باشلاپ بۇ

خوتۇننى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن . ئەگەر ئۇ بىرەر ياققا قېچىپ كېتىدىغان بولسا ، مۇنۇ قىلىچ بىلەن ھەر ئىككىڭ- نىڭ كاللىسىنى ئالىمەن ،— دەپ ئاگاھلاندۇردى شىسەن دالويى يېنىغا ئېسىۋالغان قىلىچىنى كۆرسىتىپ .

— خوپ ، تەقسىر ،— دېدى بۇۋىئايشەم قولىنى قوشتۇ- رۇپ ،— نۇزۇگۇمنى ماڭا تاپشۇرسىلا ، مەن ئۇنىڭغا بېشىم بىلەن جاۋاب بېرىمەن .

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، مېڭىش !— دەپ شىسەن دالويى خوتۇنلارنى ئەركىن قويۇپ بېرىۋېتىپ ، ئۆزى قېشىدىكى چېرىكلەرگە ۋە سولۇن باشلىقا ماختانغاندەك قاراپ قويدى ـ دە ، شالاڭ بۇرۇتىنى تولىغاپ قويدى ،— كۆردۈڭلارمۇ ، بۇ خەقنى تۇتۇشنى بىلىش كېرەك ، ئەگەر چەنتۇلارنىڭ تۆكىنى يېتىشىغا قارىتىپ سىلاشنى بىلسەڭ- لار ، ئۇلار ھېچ ياققا كەتمەيدۇ .

بۇۋىئايشەم نۇزۇگۇمنى ئۆزىنىڭ ھوجرىسىغا باشلاپ كىردى . نۇزۇگۇم قورسىقىنى تويدۇرۇپ ، سەل ماغدۇرىغا كىرگەندىن كېيىن باش ـ كۆزىنى يۇيۇپ كىيىملىرىنى يۆتكىدى . ئەمما دالادا قېچىپ ، مۆكۈنۈپ يۈرگەندە ھەر ـ ھەر قېيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ كەلگەن نۇزۇگۇم- نىڭ دوستىنى كۆرۈپ خېلى ۋاقىتقىچە كۆز يېشى قۇرۇمى- دى . بۇۋىئايشەممۇ ئىرادىسى كۈچلۈك بۇ جۇۋاننىڭ شۇنچە كۆپ قېيىنچىلىقلارغا چىدىسىمۇ ئەمدى كۆڭلىنىڭ كىچىك بالىغا ئوخشاش يۇمشاپ كېتىشىگە ھەيران بولاتتى .

— قۇرۇق يىغا بىلەن ئىش پۈتمەيدىكەن ، نۇزۇگۇم . مەنمۇ سىلىگە ئوخشاش دەسلەپكى كۈنلىرى ئەس ـ ھوشۇمنى بىلمەي يېتىپ كەتكەنىدىم . بۇلارغا خوتۇن بولغىچە ئۆلۈۋا-

لايىنكىنىمۇ دېدىم . ئەمما جانىنىڭ چىقمىغىنىمۇ ئاسان ئەمەس ئىكەن . ئادەم بالىسى بارغۇ ئانىسىدىن يىغلاپ تۇغۇلغاچقا ، دۇنيادىنمۇ يىغلاپ ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ . سىلىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىمدىن خۇشال بولۇپ قېلىۋىدىم . ئاخىرقى ۋاقىتلاردا غۇلجىنىڭ ئادەملىرى پەقەت سىلى توغرۇلۇقلا سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى . بەزىلى-رى سىلىنى چوڭ يۇلتۇزدىكى نويانىنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپتۇ-دەك دېسە ، يەنە بەزىلىرى ئۇ ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ-دەك دېيىشتى . بەزىبىرلىرى ئېرى كېلىپ ئەكېتىپتۇدەكمۇ دەپ يۈرۈشتى . مانا بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى يالغانىكەن ئە-مەسمۇ .

— ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق ، بۇۋىئايشەم ؟— دەپ سورىدى نۇزۇگۇم ئۇنىڭغا قاراپ ،— ئىمىنئاخۇنكام كەيند-لىرىدىن ئىزدەپ كەلمىدىمۇ ؟

بۇۋىئايشەم بىرپەس شۈك بولۇپ قالدى - دە ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ :

— ئۇنىڭ نېمىسىنى سورايدىلا . ئۇ كەلدى ، بىرنەچچە كۈن مۈشۈ يەرنى ئەگىپ يۈردى - دە ، كېيىن يوقىلىپ كەتتى . غۇلجا تەرەپكە بېرىپ ، شۇ ياقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا يۈرەمدۇ ياكى مانجۇ - موڭغۇللار ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى-مۇ ، ئۇنىڭدىن خەۋىرىم بولمىدى . ئۇنىڭدىن كۆڭلۈم تازىمۇ قالغانىكەن ، بۇ قېتىم كەلگىنىدە رەڭگىرويىغا قارىغۇم كەل-مىدى ،— بۇۋىئايشەم بىرئاز تۇرۇۋېلىپ ، سۆزىنى يەنە دا-ۋاملاشتۇردى ،— قەشقەر خەلقى ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ جەڭگە ئاتلانغاندا ئىمىنئاخۇننىڭ يۇرتنى تاش-لاپ قېچىپ ، ئاقچا ئىزدەپ دۈشمەنلەرنىڭ ئوتىنى قالاپ

يۈرگىنى ماڭا بەك ئەلەم قىلدى جۇمۇسلا . مەن ئۇنى خاتـ
يايلاقتا كۆرگەندە سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا قاتتىق گەپ قىلالـ
مىغىنىم بىلەن خېلى ۋاقىتقىچە ئەس ـ ھوشۇمنى يىغالماي
يۈردۇم . ئۇنى باشقا چوكانلارنىڭ ئېرىدەك جەڭگە قاتنىـ
شىپ ، شۇ ياقلاردا بىرنېمە بولمىغاندۇر دەپ ئەنسىرەپ
يۈرگەنىدىم ئەمەسمۇ . ئۇنىڭ بۇنداق لامزەللىلىكىنى بىلگەن
بولسام ، سىلىگە ئوخشاش جەڭگە قاتنىشىش قولۇمدىن كېـ
لەتتى دېسىلە . مانا ئەمدى سىلىگە ئوخشاش قاچاي دېسەم
كىمنى دەپ ، نەگە بارىمەن ؟

— بەلكى سىلىنىڭ دېگەنلىـرى توغرىدۇ ، بۇۋىئايشـ
ـەم ،— نۇزۇگۇم دوستىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلمەي
شۈك بولۇپ قالدى .

— ياراتقان ئىگەم ئايال كىشىنى ئۆزى ئۇچۇن سەدپارە
بولۇپ ، كۆيۈپ تۇرىدىغان ئەركەكسىز ياراتسا بولمايدىغان
ئوخشايدۇ . ئايالالار ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان ئەركەكنىڭ ،
ئەركەكلەر شۇنداق ئايالالارنىڭ بارلىقىنى بىلسىمۇ ياخشى
ئىكەن . نۇزۇگۇم ، سىلى ھەممىدىن بەختلىك ئايال جۇمۇ۔
سىلا . سىلىنىڭ سۆيگەن ئەرلىرى بار ، ئۇمۇ سىلىنى تەشنا۔
لىق بىلەن كۈتۈۋاتىدىغاندۇر . شۇڭا سىلەر ئاشۇ پاك مۇھەبـ
بىتىڭلار ئۇچۇن جېنىڭلارنى ئۆلۈمگە تىكىپ كۈرەش قىلىـ
ۋاتىسىلەر . ئايال كىشى ئۇچۇن سۆيگەن ئادىمىگە سادىق
بولۇپ ئۆلۈپ كەتسە نېمە ئارمانى بار دەيدىلا .

— ئۇستازىمىز ئابدۇرېھىم داموللام مۇھەببەت يولىدا
قوربان بولغانلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدىغان ، بىلەملا بۇۋىـ
ئايشەم . ئىلگىرى مەن شائىرلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرى كىـ
شى قەلبىگە شۇنچىلىك تەسىر قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن .

ئۇستازىمىز نەۋائىي ، نىزامى ، جامىغا ئوخشاش شائىرلارنىڭ
شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ ، قەلبىمىزگە ئىلىم ـ پەن-
نىنىڭ ئوتىنى سالغاندىن كېيىن ، ھايات ماڭا باشقىچە كۆرۈن-
دىغان بولغان . بەلكى ئاشۇ ئۇستازدىن تەلىم ئالمىغان بول-
سام مەنمۇ قەشقەردىن بۇياققا سۈرگۈن قىلىنغان باشقا قىز-
لارغا ئوخشاش تەقدىرنىڭ پېشانەمگە يازغىنىغا رازى بولۇپ
يۈرۈۋېرەر ئىدىم . ئەمما ھازىر ئۆلۈپ كېتىشكە تەييارمەنۇ ،
لېكىن يارىمغا سادىق بولۇپ قالىمەن .
— بۇ دېگەنلىرى توغرا ، نۇزۇگۇم . بىلەملا ، مېنىڭ
ھاياتتا باقىدەك يىگىتىم بولسا توقسان غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتىن-
كى زىنداندىنمۇ قېچىپ كېتەتتىم . ئەمدى ئاۋۇ ئىمىنئاخۇنغا
ئوخشاش ئادەمنى ئېرىم دەپ جاننى چالا بوغۇزلىغاندىن كۆرە
تەقدىرنىڭ پېشانەمگە پۈتكىنىنى كۆرۈپ يۈرگىنىم ياخشى .
مەن ئۇنىڭ تىنچ چاغلاردىمۇ ئاقچا ئىزدەپ ، بارغا قانائەت
قىلماي ، ئايلاپ يوقىلىپ كەتكەنلىرىنى جىق كەچۈرگەن-
دىم . ئىمىنئاخۇن بىلەن سەككىز يىل ھايات كەچۈرۈپتى-
مەن . ھەر يىلى ياز كەلسىلا خۇرجۇنىنى مۈرىسىگە ئار-
تىپ ، ياقا يۇرتلاردا پايدا تاپىمەن دەپ كېتىپ قالىدۇ . مەن
ئۇنى قاچان قايتىدىكىن دەپ سارغىيىپ يولىغا قاراپ ئول-
تۇرغان . نەچچە يىللارنى مەن ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزدۈم . بۇ
قېتىم موڭغۇللارنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاپ ئولتۇرغىنىنى
كۆرۈپ چىدىيالمايلا قالدىم . سىلى شۇ چاغدا بىرمۇنچە گەپ-
لەرنى قىلىپ ، قەلبىمگە ئوت سالدىلا ،— دېدى بۇۋىئايشەم
گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ،— مەنغۇ ئامالىنىڭ يوقىدىن بۇ دا-
لوينىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىمەن . ئەمدى سىلى بولسىلىمۇ بۇ-
لارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىرىگە يەت-

سىلە .

— بۇۋىئايشەم ، ھەر كۈنى ئوتلىرىدىن كىرىپ ، كۆللى-
رىدىن چىقاي ، دالويىغا دەپ باقسىلارا ! مېنى ئەمدى ھېچ-
كىمگە بەرمەي ، سىلىنىڭ قاشلىرىدا قۇل قىلىپ ئىشلەت-
سۇن . ئىككىمىز ئېگىچە ـ سىڭىل بولۇپ تۇرايلى .

— ئۇنداق بولسا نۇر ئۈستىگە نۇر ئىدىغۇ . ئەمما موڭ-
غۇللار سىلىگە ئوخشاش گۈزەل خېنىملارغا ھەۋەس قىلماي
تۇرالمايدۇ . شۇنداق بولسىمۇ بۇلارنىڭ بارلىق جاپاسىنى
ئۆزۈم تارتىپ ، سىلىنى خارلاتماسلىققا تىرىشىمەن .

نۇزۇگۇم بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى بۇۋىئايشەمنىڭ
ئۇنىڭ قېشىدىن چىقماي ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە پاراڭلىشىپ
ئولتۇرىدىغانلىقىنى بايقىغان دالويى خۇدۇكسىنىپ قالسا كې-
رەك ، بىر كۈنى بۇۋىئايشەمنىڭ قېشىغا كىرىپ :

— ھاي ، سەنلەر ئون يىل كۆرۈشمىگەندەك تولا مۇڭدى-
شىپ كېتىدىغان بولۇشتىڭغۇ . تۇرۇشە ئورنۇڭدىن ،— دەپ
ئىككى دوستنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتتى .

قىزىل تېۋىلغا ساپلىق ئالتە ئۆرۈم قامچىسىنى قاتلاپ
تۇتۇپ ، شالاڭ بۇرۇتىنى يۇقىرى تولغاپ كىرگەن دالويىنىڭ
ئېيىقنىڭ ئۇنىدەك ئاۋازىنى ئاڭلىغان بۇۋىئايشەم ئورنىدىن
دەس تۇرۇپ بىرنېمە دەي دېدى ـ دە ، لېكىن ئېسىگە موڭ-
غۇللار ئارىسىدا ياشاۋاتقانلىقى چۈشۈپ :

— خوپ ، تەقسىر !— دېدى ـ دە ، بېشىنى كۆتۈرمەي
ئۆرە تۇردى . نۇزۇگۇم بۇلسا نېمە قىلارىنى بىلمەي ھودۇ-
قۇپ قالدى .

— سەن بۇنىڭدىن كېيىن بۇ خوتۇنغا تولا يېقىن يۈرگۈ-
چى بولما ،— دېدى شىسەن دالويى ،— ئۇ چوڭ يۇلتۇزدىكى

بايىر نوياندىن قېچىپ كەتكەن يامان خوتۇن . ئۇنىڭ قولىدىن
ھەر بالا كېلىشى مۇمكىن .

شىسەن دالويى باشقا موڭغۇل خوتۇنلارغىمۇ نۇزۇگۇمە-
نىڭ قېشىغا يېقىن كەلمەسلىكنى ئۇقتۇردى . لېكىن ئۆزى
نۇزۇگۇمغا خۇشتار بولۇپ يۈرسىمۇ باشقا خوتۇنلارغا ئوخ-
شاش قارام كۈچ بىلەن ئۇنى قولغا چۈشۈرەلمەيدىغانلىقىنى
سېزىپ گەپ قىلماي يەر ئاستىدىن قاراپ قويىدى - دە :

— بۇ خۇتۇنغا ئىش تېپىپ بەر ، ئىشلىسۇن ،— دېدى
ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېس - تۇيغۇسىنى باشقىلارغا بىلدۈر-
مەسلىككە تىرىشىپ .

— خوپ ، بولىدۇ ،— بۈۋىئايشەم ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب
بېرىپ بولۇپلا نۇزۇگۇمنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى .

— ئەرلىرىگە ئېيتىسىلىچۇ ، قانداق خىزمەتلىرى بولسا
مەن تەييار ، پەقەت مېنى بىرىگە بەرمىسىلا بولىدى ،— دەپ
يەنە يالۋۇردى نۇزۇگۇم . ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالغان شى-
سەن دالويى بۈۋىئايشەمدىن سورىدى :

— ئۇ يەنە نېمە دەيدۇ ؟

بۈۋىئايشەم شىسەن دالويىغا نۇزۇگۇمنىڭ تەلىپىنى
ئېيتتى . دالويى نۇزۇگۇمنىڭ باش - ئايىغىغا بىر قۇر قاراپ
چىقىپ بېشىنى ئېغىتىپ :

— خوپ ،— دېدى -دە ، باشقا گەپ - سۆز قىلماي ،
يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى ،— ھازىرچە ئۆيدە يۈرۈۋەر-
سۇن ، كېيىن كۆرەرمىز . ئەمما قاچىدىغان بولسا مېنىڭدىن
ياخشىلىق كۆرمەيدۇ . سەنمۇ ياخشىلىق كۆرمەيسەن ، ئۇق-
تۇڭمۇ ؟

— خوپ ، بولىدۇ ،— دېدى بۈۋىئايشەم بىرئاز ۋاقىت

بولسىمۇ نۇزۇگۇم بىللە ياشايدىغانلىقىغا خۇشال بولۇپ.

— مېنىڭ قولۇمدىن كەلسىغۇ سىلىنى قولۇمدىن چىقارمايتتىم. ئەمما بۇلارنىڭ ئېيتقىنىغا ئىشىنىش تەس، هازىرچە رۇخسەت قىلدى. مەن ئۇ خالىي بولغاندا، يەنە يالۋۇرۇپ كۆرەرمەن، — دېدى نۇزۇگۇمغا بۇۋىئايشەم.

ئىلگىرى قەشقەر باغلىرىدىكى ئۈزۈم سايىلىرى بىلەن ئەتراپى قىپقىزىل گۈللەرگە پۈركەنگەن هويلىلاردا هايات كەچۈرۈپ كەلگەن بۇ ئىككى جۇۋان ئەمدى غۇلجىدىن ئانچە يىراق ئەمەس كۈرەنىڭ چېتىدىكى تۆت تام بىلەن قورشالغان ئۆيلەردىن بىرىگە سولىنىپ قالدى. ئۇلار شىسەن دالويى هۆكۈمەت ئىشى بىلەن باشقا يۇرتلارغا كەتكەندە ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلاتتى. نۇزۇگۇم مال سويۇلغان كۈنلىرى ئۇنىڭ ئۇچەي - قېرىنلىرىنى تازىلاپ قازان بېشىدىن نېرى كەتمەي ئىشلەيتتى. ئۇ ئەمدى بۇۋىئايشەم تونۇش - بىلىشلەرنى تېپىپ قەشقەر تەرەپكە قاچۇرۇۋەتكىچە دالويى مېنى بىرىگە خوتۇنلۇققا بېرىۋەتمىسە بولاتتى دەپ ئويلايتتى. بىر تۇرۇپ، دالويى هاراق ئىچىپ كىرگەن كېچىلىرى ئاچ بۆرىلەردەك يېنىمغا كىرىپ كەلمىسە بولاتتىغۇ دەپ قورقاتتى.

ئالتە شەهەر تەرەپتىن بۇ يەرلەرگە سۈرگۈن قىلىنىپ، قۇللارنىڭ ئورنىدا ئىشلەپ يۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى موڭغۇللارنىڭ دېهقانچىلىقىنى قىلىپ، مېلىنى بېقىپ، تېمىنى سوقۇپ، خىزمىتىنى قىلىپ يۈرەتتى. نۇزۇگۇم بۇ بىچارىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئەهۋاللىرىنى كۆرۈپ: «بۇلارنىڭمۇ هال - ئەهۋالى ئېغىر ئىكەن» دەپ تېخىمۇ چوڭقۇر

هەسرەت چېكەتتى .

— ھەي ، نۇزۇگۇم ، «يامانلىقنى كۆرمەي ، ياخشىلىقنىڭ قەدرى يوق» دەپ بىكار ئېيتىلماپتىكەن . بىز قەشقەردە خۇددى «ياغىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك» يۈرۈپتىكەنمىز . بەزى چاغلاردا «سۇنى كۆرمەي ، ئۆتۈك سېلىپ»مۇ يۈرگەندىكەنمىز . جاپانىڭ ئېغىرىنى تارتىپ ، ئۆز ھوقۇقىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلار مۇشۇ ياقتا ئىكەن . مانجۇ ئەمەلدارلار بىلەن موڭغۇل نويانلار بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايلىق قىزلىرىنى كۆرۈپ قالسىلا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاھ - زارىغا قارىماي ، ئۇرۇپ - تىللاپ تارتىۋالىدىكەن . شۇڭا مۇنداق زورلۇققا چىدىيالمىغان بەزى ئۇيغۇرلار كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئالمالى دېگەن ياققا كېتىپ قاپتۇ . ئەگەر سىلىگە پۇرسەت كېلىپ قاچقۇدەك بولسىلا شۇ تەرەپكە كەتسىلە . بولمىسا بۇ كاساپەتلەر بەربىر تۇتۇۋالىدۇ ،— دېدى بۇۋىئايشەم .

— ئالمالى دېگەن نەدىرەك ئىكەن ؟— دەپ سورىدى نۇزۇگۇم بۇ سۆزنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ئېنىقراق بىلىۋالماقچى بولۇپ .

— ئىلى دەرياسىنىڭ ئېقىنى بىلەن قىبلە تەرەپكە قاراپ مېڭىۋەرسە شۇ يەرگە بارغىلى بولىدىغان ئوخشايدۇ . ئۇ يەرلەردە ئورۇس دېگەن ئىقلىملار بارمىش .

— ئەگەر يەيدىغان رىزقىم بولۇپ ، بۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلسام قەشقەرگە كېتەلمىسەممۇ شۇ ياقلارغا بولسىمۇ كېتىمەن .

— ئاڭلىشىمچە ، بۇ يەرلەرگە قارىغاندا ئۇ تەرەپلەردە كىچىككىنە بولسىمۇ ئەركىنچىلىك بارمىش . ئەمدى بىزگە قەشقەرنى كۆرۈش يوق ئوخشايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇ

قىشلارمۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتىدۇ . ھازىر مۇزداۋاننىمۇ قار بېسىپ كەتكەندۇر .

— بىزگە ئوخشاش تەلەيسىزلەرنىڭ قەشقەردە تۇغۇلغىنى بىلەن ئۇ يەرنىڭ تۇپرىقىدا ئۆلۈش يوق ئوخشايدۇ ، — دېدى نۇزۇگۇم خېلى ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنۇ خەقنىڭ تىلىنى بىلمەي ، گاچا ئادەمدەك ئوي - مەقسىتىمنى ئۇقتۇرالماي قىينالغىنىمچۇ . بۇۋىئايشەم ، بىزنىڭ ئەمدى كۆز ياش قىلىپ ئېيتىدىغان ناخشىدىن باشقا ھەمراھ بولغۇدەك نېمىمىز قالدى دەيدىلا ، ھېلىمۇ قايغۇ - مۇڭىمىزنى كىچىككىنە بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرىدىغان ناخشىلىرىمىز بار ئىكەن .

— ئۇ دېگەنلىرى توغرا . ئاجىز خەق دېگەن ھېچ نەرسىگە كۈچى يەتمىگەندە ئىككى كۆزى بىلەن ناخشىغا زورلايدىكەن . مەنمۇ بەزىدە كۆز ياشلىرىمنى تۆكۈپ يىغلىسام ، بەزىدە دىمىقىمدا بولسىمۇ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ قويىمەن . بەزىدە سىلىنىڭ چۆل - باياۋانلاردا قېچىپ ، مۆكۈنۈپ تارتقان جاپالىرىنى ئويلاپ تاڭلارنى ئۇخلىماي ئاتقۇزىمەن . جەبىر - جاپانى تازا تارتتىلا - ھە ، نۇزۇگۇم ؟

— ئۇ تەرىپىنى سورىمىسىلا ، — دېدى نۇزۇگۇم چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ .

— قومۇشلۇقلاردا قانداقمۇ قورقماي كېچىلەرنى ئۆتكۈزگەندىلا ؟

— باشقا كەلگەندە ئادەم دېگەن باتۇر بولۇپ كېتىدىكەن ، بۇۋىئايشەم .

— راست دەيدىلا . ئىككىمىز ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى ئېيتىپ بەرسىلىچۇ ، نۇزۇ-

گۈم. قايغۇ - دەردنى ئېيتىۋەتسىمۇ ئادەمنىڭ ئىچى بوشىشىپ، يېنىكلىشىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ.

— مەن چوڭ يۇلتۇزغا بارغاندا باقەمنى ئۇچراتتىم!

— نېمە دەيدۇي مۇنۇ خوتۇن! — بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بۇۋىئايشەم ھەيران قالدى، — باقەم ئۇ ياقلاردا نېمە قىلىپ يۈرۈپتۇ؟

— ئۇ ياق قىرغىزلارغا قوشۇلۇپ بىزگە ھۇجۇم قىلغان كېچىسى يارىدار بولۇپ چېرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىكەن. ئۇلارنىمۇ مېنى سېتىۋالغان نويانغا سېتىپتۇ، ئۇ مېنى كۆرگەندىن كېيىن نويان بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى يارىلاندۇردى. كېيىن ئۇنىڭ نېمە بولغىنىنى بىلمىدىم. بىراق بىر - بىرىمىزنى يىراقتىن كۆرگىنىمىز بىلەن ئۇچرىشالمىدۇق. نويان ئۇنىڭ مېنىڭ ئېرىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، پۇت - قوللىرىنى كىشەنلەپ ماڭا كۆرسەتمەي قاياققىدۇر ئەكەتتى. ئۆلتۈرۈۋەتتىغۇ دەيمەن.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئۆز ئەكسىگە كېلىپ، كۈچ - قۇۋۋەت يىغىپ قالغان نۇزۇگۇم بۇۋىئايشەمنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ تارتقان جەبىر - جاپالىرىنى قوشاققا قېتىپ ناخشا ئېيتىپ بەردى:

قومۇش ئارىلاپ كۈن چۈشتى،
يالغۇز بېشىمغا مۇڭ چۈشتى.
مەن نۇزۇكنى تۇتۇشقا،
سولۇن - چېرىكلەر چىقتى.

كىرسەم قەشقەر يولىغا ،
قەشقەر يولى يول بولغاي .
نۇزۇك ئاجىز بەندىنى
بىر خۇدايىم ساقلىغاي .

قومۇشلۇققا ئوت قويسا ،
قىچىپ كىرەي دەرياغا .
ھەرگىز خوتۇن بولمايمەن ،
سولۇن يۇزى قارىغا .

ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ ناخشىلار تولىمۇ مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن ياڭرىدى . كۆزىدىن تۆكۇلگەن ياشلار بولسا ناخشىنىڭ مۇڭىنى تېخىمۇ كۇچەيتتى .

بۇ ناخشىلارنى ئاڭلاۋېتىپ بۇۋىئايشەممۇ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىنى تۆكتى .

ئەمما قەشقەرلىك جۇۋانلارنىڭ خالىي بولسىلا باشقا ئاياللاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە تارتىپ ، ئۆزئارا پاراڭلىشىپ يۇرۇشلىرى شىسەن دالويىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى . ئۇ قولىدىن ھەربالا كېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلايدىغان نۇزۇگۇمنىڭ ئايالىغا ھەرخىل گەپلەرنى ئۆگىتىپ ، ئۇنى يولدىن چىقىرىۋېتەمدىكىن دەپ چۆچۇشكە باشلىدى . بىرنەچچە كۇن چوڭ يۇلتۇزدىكى بايىرنويان كەلسە ، نۇزۇگۇمنى شۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىمەن دەپ يۇرگەنىدى . لېكىن ئۇ بېلىنى كۆتۇرەلمەي يېتىپ قالغاچقا كەلمىدى . شۇڭا ئەمدى دالويى بۇ خوتۇننى بىرىگە سېتىپ ساندۇقىغا يامبۇ سېلىشنى ئويلىدى ، بىر تۇرۇپ بۇنداق قىلىشقىمۇ كۆڭلى ئۇنىمايتتى . ئۇ بىر-

نەچچە كۈن نۇزۇگۇمغا قانات سۆرەپ بېقىۋىدى، ئۇنىڭ يېقىن يولاتمايۋاتقانلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇنىنىڭ نۇزۇگۇمنى مۇشۇ ئۆيدە ئېلىپ قېلىپ خىزمەتكار قىلىۋېلىش توغرىسىدىكى سۆزلىرىگە قوشۇلمىدى. ئەكسىچە، «بۇلارنىڭ ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتكىنىدە بىر گەپ بار. ئۇلارنى چاپسانراق ئايرىۋەتمىسەم بېشىمغا بالا تېپىۋالىمەن» دېگەن نىيەتكە كەلدى. نۇزۇگۇمنى بىرىگە بېرىۋېتىش ھەققىدىكى ئويىنى سەزگەن بۇۋىئايشەم دالويىغا كۆز يېشىنى تۆكۈپ يالۋۇردى.

— ئىككىمىز ئۆلگۈچە قۇلىڭىز بولۇپ قالايلى، بىزنى ئايرىۋەتمەڭ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك بىردىنبىر ئادىمىم ئاشۇ نۇزۇگۇم بولۇپ قالدى، — دەپ كۆپ يېلىنىپ باقتى، لېكىن دالويى ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ:

— ياق، نۇزۇگۇم يامان خوتۇن، ئۇ ساڭا گەپ ئۆگىتىپ، يولدىن چىقىرىپ، يامان ئىشلارغا باشلىشى مۇمكىن دەپ باشتىلا ئېيتقانىدىمغۇ. بايقىسام، ئاشۇ خوتۇن بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندىن بېرى سەنمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىدىڭ، — دېدى.

دالويى بۇ خوتۇننى ئۆپچۆرىدىكى بىرەرىگە بەرگىنى بىلەن ئىككى قەشقەرلىك چوكاننىڭ بىر - بىرىنى كۈندە بولمىسىمۇ، كۈندە كۆرۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، نۇزۇگۇمنى دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى بىرىگە سېتىۋېتىپ، كەتسە كەلمەس قىلىشنىڭ ئامالىنى ئىزدىدى.

ئەسلىدە بۇ چاغلاردا قەشقەرنىڭ گۈزەل قىزلىرىدىن خوتۇنلۇقـقا ئېلىشـنى ئالاھىدە ئاتـاق - ئابرۇي ھېسابلاپ

بىر ـ بىرى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈرگەن مانجۇ
ئەمەلدارلىرى بىلەن موڭغۇل دورغىلىرىدىن باشقا ، دەريانىڭ
ئۇ تەرىپىدىكى سۇمۇللاردا تۇرىدىغان شىبە سولۇنلارنىڭ باي-
لىرى ۋە ئەمەلدارلىرىمۇ كۆپ ئىدى . بۇنى ياخشى بىلىدىغان
شىسەن دالويى نۇزۇگۇمنى سۇمۇلدا تۇرىدىغان موتىبىۇ دېگەن
ئاغىنىسىگە سېتىشنى مۇۋاپىق كۆردى .

دوستىدىن ئايرىلىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى يېقىنلىشىۋات-
قانلىقىنى سەزگەن بۇۋىئايشەمنىڭ روھى چۈشۈپ مىسكىنلى-
شىپ قالدى :

— تەقدىر ئىككىيلەنگە بىللە ياشاشنى بۇيرۇمىغان بول-
سا كېرەك . مانا يەنە ئايرىلىش ۋاقتى كېلىپ قالدى . بولۇپ-
مۇ سىلىنىڭ سۆيگەن يارىمغا بولغان ساداقەتلىكىمنى ساقلاپ
قالىمەن دەپ ، باشلىرىغا كۆرمىڭ جەبىر ـ جاپالار چۈشىدى-
مۇ ، ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ كۆرەش قىلىپ كېلىۋاتقان-
لىقلىرىغا بەكمۇ قايىلمەن ، لېكىن مەن سىلىگە يار ـ يۆلەك
بولۇپ بىرەر ئىش قىلاي دېسەم قولۇمدىن كەلمىگىنىگە
ئېچىنىمەن ،— دېدى بۇۋىئايشەم ،— زامان مۇنداقلا ئۆتۈپ
كەتمەس .

— ئىككىمىزنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمىگىنى بىلەن
باشقىلارمۇ بارغۇ . سىلىنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى ھالىمدىن
خەۋەر ئېلىپ تۇرغانلىرىغا رەھمەت ،— دېدى نۇزۇگۇم .

بۇ چاغدا شىسەن دالويى نۇزۇگۇمنى سۇمۇلدا تۇرۇش-
لۇق بىر سولۇنغا سېتىپ ، ئۇنىڭدىن ئالغان يامبۇلىرىنى
ساندۇقىغا سېلىپ بولغانىدى . ئەمدى يالۋۇرۇپ كۆز ياش
تۆككىنى بىلەن ھېچ نەرسە چىقمايدىغانلىقىنى بىلگەن نۇزۇ-
گۇم بۇۋىئايشەم بىلەن قۇچاقلىشىپ ، يىغلىشىپ خوشلاش-

تى .

— كۆرۈشەرمىز ، كۆرۈشەلمىسەك خوش ، بۇۋىئايشەم . مەن ئەگەر ئۇ سولۇندىن قۇتۇلۇپ، كېتەلمىسەم ئۆلۈۋالىمەن .

— ئۆلۈمنى ئاغزىلىرىغا ئالمىسىلا ، دوستۇم ، — نۇزۇگۇمنىڭ قىلمەن دېگىنىدىن قايتمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان بۇۋىئايشەم قورقۇپ تەشۋىش ئىچىدە قالدى ، — خۇدايىم بۇ دۇنيادا بەش كۈن بولسىمۇ كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرگىلى نېسىپ قىلسۇن .

— پىچاق سۆڭەككە تاقىلىپ كېلىۋاتىدۇ ، قېرىندىشىم . مۇبادا سىلىنىڭ ئىشلىرى روناق تېپىپ قەشقەرگە بارغۇدەك بولسىلا مېنىڭدىن ئەل - يۇرتقا سالام ئېيتادىلا . نۇزۇگۇم ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىگىچە سۆيگەن يارى باقەمگە پاك ، سادىق بولۇپ قالدى دېسىلە ، — دېدى نۇزۇگۇم كۆزىگە ياش ئېلىپ .

— بۇنىڭدىن غەم قىلمىسىلا ، نۇزۇگۇم . خەلقىمىز سىلىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ . ئىككىمىز بۇ ئېگىز تامنىڭ ئىچىدىن چىقالماي ، ھەممىدىن بىخەۋەر بولغىنىمىز بىلەن ئىلى تەۋەسىنىڭ ئۇيغۇرلىرى سىرتتا تۇرۇپ ، بىزنىڭ قايغۇ - مۇڭىمىزغا قوشۇلۇپ يىغلىماقتا . ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ تىنچ - ئامان قۇتۇلۇپ كېتىشلىرىنى تىلىمەكتە . ھازىر ئىلى تەۋەسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە پەقەت سىلىنىڭلا گەپلىرى . سىلىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رىۋايەتكە ئايلانغان . شۇنچە ئادەمنىڭ ئاھۇ زارى ئاۋۇ تەڭرىتاغلىرىدىن ئېشىپ ، بىزنىڭ يۇرتلارغىمۇ يېتىپ بارىدۇ . خوش ، قېرىندىشىم !

— خوش، بۇۋىئايشەم!

ئاتلىق سولۇنلار نۇزۇگۇمنى ئېلىپ ماڭغاندا، بۇۋىئايشەم ئېرى شىسەن دالويىنىڭ سىلكىشلەپ، تىللىغانلىرىغا قارىماستىن كوچىغا چىقىپ ۋارقىراپ يىغلاپ، نۇزۇگۇمنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

— مەن يەنە قاڭغىر قاقشاپ، يالغۇز قالدىمغۇ، نۇزۇگۇم! يارانقان خۇدايىم مېنىمۇ سىلى بىلەن بىللە ئەكەتسە بولمامدۇ؟! — دەپ يىغلاۋاتقان بۇۋىئايشەم سېپىل دەرۋازىسىغا يەتمەيلا يىقىلىپ، ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. نۇزۇگۇم ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە ئەمدىكى خوجايىنى بولغان سولۇننىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ ئۇمىد ئۇچقۇنى لاۋۇلداشقا باشلىدى.

## II

ئالەمەت بىر ئۇيغۇر چوكىنىنى قولغا چۈشۈرگىنىگە بىر ئىشەنسە، بىر ئىشەنگۈسى كەلمەي، شىركەيىپ كېتىپ بارغان سولۇن نۇزۇگۇمنىڭ خۇشال بولۇش ئورنىغا يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران ئىدى.

— بىزنىڭ باشلىق خو! مۇنداق ئادەمگە تەگكەن ئايال خۇشال بولۇشى كېرەك. سېنىڭ يىغلىغىنىڭ نېمىسى؟ — دېيىشتى ئۇنى قورشاپ كېلىۋاتقان سولۇنلار ئېگىز كۆرەڭ ئاتقا مىنىپ، ئۇچىسىغا قىزىل دۇخاۋىدىن كالتە چاپان، بېشىغا بۇلغۇن قۇلاقچا كىيىۋالغان، ئاسلانىنىڭكىگە ئوخشاش كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان، بوي - تۇرقى ئانچە ئېگىز

ئەمەس ئورۇق ئەمەلدارنى كۆرسىتىپ ماختاندى . ئەمەلدار بولسا كۆزلىرىنى تېخىمۇ خۇمارلاشتۇرۇپ نۇزۇگۇمغا ھېلە- دىن - ھېلى قىيا بېقىپ ، يېنىغا ئېسىۋالغان ئەگرى قىلى- چىنىڭ سېپىنى سىلاپ تۇتۇپ قوياتتى .

دەسلەپتە ئەمدىكى تەقدىرىم قانداق بولار دېگەندەك بىر- شىنى كۆتۈرمەي ، ئاھ ئۇرۇپ كېلىۋاتقان نۇزۇگۇم ئىلى دەرياسىغا يېقىنلىشىشى بىلەن مۇنداق يىغلاۋەرگەندىن ھېچ نەرسە چىقمايدىكەن دېگەن يەرگە كەلدىمۇ ، كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ، بۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئۆپچۆرىسىگە قارىدى . دەريا قاينام ھاسىل قىلىپ داۋالغۇپ ئاقماقتا . «بۇ سۇغىمۇ چۈشۈپ كۆردۈم . ئۇمۇ ئانچىۋالا دەھشەتلىك ئەمەس ئىكەن . ھازىر ئۆزۈمنى ئاشۇ دەرياغا تاشلايمىكىن» دەپ ئويلىدى . ئۇ دەريا بويىدا ئېتىدىن چۈ- شۈپ ، كېمىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان سولۇنلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە باشلىدى .

بىرچاغدا قېلىن تاختايلاردىن تەڭنىگە ئوخشاش ياسال- غان يالاق كېمىنى ئىككى ئاتقا سۆرەتكەن كېمىچىلەر يېتىپ كەلدى .

سولۇنلار نۇزۇگۇمنى كېمىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ ماڭدى . ئۇ ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان تۆت سولۇننى ئىتتىرد- ۋېتىپ ، سۇغا سەكرىمەكچى بولۇپ بىرنەچچە قېتىم تەمشەل- دىيۇ ، بىراق بەربىر قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ توختاپ قالدى . ئەمدى سولۇنلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ باشقا يول- لىرىنى ئىزدەپ باش قاتۇرماقتا . ئۇنىڭغا باقەم ئۆزىنى ئىز- دەپ دەريادىن بۇ تەرەپلەرگە ئۆتەلمەي ، ئۇ قاتتا كۈتۈپ يۈرگەندەك بىلىنىپ كەتتى . ئۇ قاچانلا ئۆلۈمگە بەل باغلىد-

سا، باقەمنىڭ قىياپىتى كۆز ئالدىغا كېلەتتى. بۇ قېتىممۇ يەنە شۇنداق بولدى. ئەسلىدە ئادەم دېگەن روھىي چۈشكۈنلۈككە بېرىلىپ كەتسە ئۆلۈۋېلىشمۇ ئانچە تەس نەرسە ئەمەس ئوخشايدۇ. ئەمما تەڭسىزلىككە قارشى كۈرىشىپ، ئۆزۈڭنى خارلىغان دۈشمەنلىرىڭدىن ئىنتىقام ئېلىپ ئۆلۈش بۇ باشقا گەپ ئىكەن. ئۇچاغدا قارا يەردىمۇ پۇت - قولۇڭنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئارام-خۇدا ياتىدىغان ئوخشايسەن. نۇزۇگۇم مانا شۇلارنى ئويلاۋېتىپ ئۆزىنى سۇغا تاشلاشتىن يالتايدى. ئۇ يەنە: «ئۆلۈپ كەتسەم باقەم يالغۇز قالىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۈمىد چىرىغىنى ئۆچۈرمەسلىكىم كېرەك. قىيىنچىلىق بولسىمۇ باقەم ئۇچۇن ياشىشىم كېرەك» دەيتتى.

نۇزۇگۇم مۇنۇ سولۇنلارنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان مۇئامىلىلىرىگە قاراپ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېچىپ كېتىش ئانچە قىيىن ئەمەستەك قىلىدۇ، دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئەڭ مۇھىمى، بۇلارنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈرۈپ قويماسلىق لازىم. ئۇ مۇشۇنداق قارارغا كەلدى-دە، ئۆزىگە قارىغانلارغا ئوچۇق چىراي بولۇشقا تىرىشتى.

ئىلى دەرياسىدىن ئۆتكۈچە بېشىنى كۆتۈرمەي يىغلاپ، ھەتتا چىرايىنىمۇ تۈزۈك كۆرسەتمەي كېلىۋاتقان نۇزۇگۇمنىڭ دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن خۇش چىراي بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن سولۇنلار:

— موتىبۇ! — دەپ، ئۇ باشلىقىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگەندەك سۆزلەپ كەتتى، — چەنتۇ خوتۇن سىزگە قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ. سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، باياتىن بېرى سۆرۈن كېلىۋاتقان موتىبۇ قەددىنى رۇسلاپ، شالاڭ بۇرۇتىنى تولغاپ «مېنىڭ

قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئەمدى بىلگەنسىلەر» دېگەندەك ئېتىنىڭ ساغرىسىغا قامچا ئۇرۇپ، نۇزۇگۇمنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، ھىجىيىپ قارىدى. نۇزۇگۇممۇ كۈلۈمسىرەپ قويدى. چوڭ يۇلتۇزدىكى بايىر نويان بىلەن كۈرەدىكى شىـ سەن دالوينغا بىرەر قېتىم چىراي ئېچىپ قارىمىغان، كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپلا ئولتۇرغان بۇ چوكاننىڭ موتىبۇغا كۈلۈمسىرەپ قارىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاسمان ـ پەلەك كۆـ تۈرۈۋەتتى. موتىبۇنىڭ باياتىن بېرى «بۇ خوتۇنىغۇ ئەكېلىـ ۋاتىمەن. بىراق ئەل ـ يۇرتنىڭ ئالدىدا يەرگە قارىتىپ قويمىسا بولاتتىغۇ» دېگەن ئەندىشىسى يوقىلىپ كەتتى ـ دە، ئىشى ئوڭغا تارتقاندەك بولدى.

— قېنى، سۈمۈلغا ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ، كېلىن ئەكېلىۋاتقانلىقىمىز ھەققىدە خۇش خەۋەر ئېيتىڭلار! — دېدى ئۇ يېنىدىكى چېرىكلەرنىڭ بىرىگە. ئاندىن ئۇ تىزگىن سىيرىۋاتقان ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ نۇزۇگۇمنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھاراقنىڭ سېسىق پۇـ رىقى نۇزۇگۇمنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلۇپ قۇسقىسىنى كەلتۈر ـ دى. شۇڭلاشقا ئۇ سولۇن ئەمەلداردىن يىرگىنىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولدىيۇ، بىراق سەۋر ـ تاقەتلىك بىلەن ئوچۇق چىراي كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدى.

يول ئىلى دەرياسىدىن ئۆتكەندە خېلى يەرگىچە سۇ ياقىـ لاپ ئۆسكەن قومۇشلۇق ۋە پاكار تاللارنىڭ ئارىسى بىلەن تاغ تەرەپكە يۇقىرىلايتتى. بەزى يەرلەردە قېلىن ئۆسكەن يېكەنلىكلەر، مېۋىسى مونچاقلاردەك تاۋلىنىپ تۇرغان زىرىق تىكەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاقۇچ يوپۇرماقلىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. دەرياغا كەلگەندە سۇغا چىلىـ

شىپ تۇرغان يەرلەر شور ئۆرلەپ كەتكەن . ئۇنىڭدىن يىراق-لىغانسېرى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە چوقچىيىپ ، بوي كۆرسىتىپ تۇرغان ئاندا ـ مۇندا توغراقلار ، يۇلغۇنلار ، تەسكەن بىلەن ياتتاق تىكەنلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى . بەزى يەرلەرنىڭ توپد-لىرى چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتكەن . بىرچاغدا موتېبۇ يەنە نۇزۇگۇمغا يېقىنلىشىپ كېلىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى . نۇزۇگۇم بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭغا قاراپ مەجبۇرەن جىلۇە قىلد-دى . نېمە ئۈچۈندۇر مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭغا باياتىن بېرى بۆلەكچىلا سۆزۈن كۆرۈنگەن سولۇن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىر ئوبدانلا سېزىلدى . نۇزۇگۇم سولۇنغا سەپسېلىپ قارىۋد-دى ، ئۇمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ياپياشلا ئىكەن . ئۇنىڭ كۆڭلىگە «ئادەم بولغاندىن كېيىن بۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ياخشىلىرى باردۇر» دېگەن ئوي كەلدى . نېمىشقىدۇر «بۇنىڭ چىرايد-دىن يامانلىق قىلىدىغان ئادەمدەك كۆرۈنمەيدۇ» دەپ پەرەز قىلدى .

نۇزۇگۇمنىڭ چىرايى سۇزۇلۇپ ، چېھرىسىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى . بۇنى سەزگەن سولۇن تېخىمۇ هاياجانلىنىپ ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ، هوش ـ كاللىسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك ، مەڭدەپ قالدى ـ دە ، يەنە ئېتىنى قامچىلاپ ، نۇزۇگۇمنى ئەگىپ ، يۇقىرى ـ تۆۋەن چېپىشقا باشلىدى .

ئىلى دەرياسىدىن بىر ـ ئىككى قېتىم ئۆتكەن نۇزۇگۇم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرگە بىر قۇر سەپسېلىۋالغانىدى . لېكىن بۇ يەرلەرنىڭ مەنزىرىسى يەنە باشقىچە ئىدى . يولنىڭ ئىككى چېتىدە قاتار ـ قاتار قىلىپ تېرىلغان شاللىقلار كۆرۈندى . ئورۇپ باغلانغان شاللارنىڭ بېشى يۇقىرى قىلىپ تىكلەپ قويۇلغانىدى . نېرىدىكى ئېگىز ئۆسكەن چىغلار ئارد-

ـسىدا ئوتلاپ يۈرگەن ماللار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى . ئارد-
لاپ ـ ئارىلاپ سامان ، پاخال باسقان هارۋىلار ئۇچرايتتى .
نۇزۇگۇمنى ئېلىپ ماڭغان سولۇنلار سازلىق ۋە پاتقاقلىق
يوللاردىن ئۆتۈپ ، بىرچاغدا ئەتراپى سېپىل بىلەن قورشال-
غان مەھەللىگە كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ بىرى ئېتىدىن ئىرغىپ
چۈشۈپ ، سېپىل ئىچىگە كىرىدىغان قارا دەرۋازىنى يوغان
ئېچىۋەتتى . نۇزۇگۇم بولسا : «بۇ يەردىن قاچسام دەرۋازىنى
قانداق ئاچىمەن» دېگەندەك ، سولۇنلارنىڭ ھەرىكىتىدىن كۆ-
زىنى ئۈزمەي قارايتتى . بىرپەستىن كېيىن ئۇلار ئاتلىرىنى
تۇيۇرلىتىپ سېپىل ئىچىگە كىرىشتى .

III

سىرتتىن قارىغاندا ئانچىۋالا يوغان ئەمەستەك كۆرۈنگەن
سۇمۇلنىڭ مەھەللىلىرى چوڭ ئىدى . كوچىلارنىڭ ئىككى
تەرىپىدە ئېگىز ئۆسكەن قارىياغاچلار ، ئادەم قۇچىقى يەتمەي-
دىغان سۆگەتلەر ، ئۇچلىرىغا قۇشلار ئۇۋا سېلىپ پاسكىنى-
لەشتۈرۈۋەتكەن قاپاق تېرەكلەر ئەتراپىغا سايە تاشلاپ تۇرات-
تى . موتىبۇنىڭ ئۇيغۇر خوتۇن ئەكېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى
خەۋەر بار ـ يوقى بىرنەچچە يۈز تۈتۈن ياشايدىغان بۇ مەھەل-
لىگە تېزلا تارقىلىپ ئۈلگۈرگەچكە ، ئۆي ـ ئۆيىدىن يۈگۈ-
رۈشۈپ چىققان قېرى ـ چۈرىلەر بىلەن ئۇششاق باللار
كوچىنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرۇپ موتىبوغا ئېگىلىپ ھۆرمەت
بىلدۈرۈشتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا كېلىۋاتقان نۇزۇگۇمغا سىنچى-
لاپ ھەۋەس بىلەن قاراشتى . موتىبۇ بولسا ئۆزىنىڭ كېلىش-

كەن بىر گۈزەلنى ئەكەلگەنلىكىنى يۇرت ئىچىگە نامايىش قىلاي دېگەندەك ئاتتىن چۈشمەي خېلى يەرگىچە نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى ـ دە ، ئاندىن يېنىدىكى بىرىگە قولىنى شىلتىپ شەرەت قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن موتىبۇنىڭ يېنىدىكى ئادەم :

— بۈگۈندىن باشلاپ ئۇلۇغىمىز موتىبۇنىڭ ئۆيىدە توي . خالايىق ، بۇ تويغا ھەممىڭلار تولۇق كەلگەيسىلەر !— دەپ ۋارقىرىدى .

جاكارچىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان خەلق تېخىمۇ خۇشال بولۇپ ، چۇقان سېلىشتى . بەزىلەر بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىماي قالغانلارغا :

— ھاي ، يۇرۇڭلار ، ئۇلۇغىمىز چەنتۇلاردىن خوتۇن ئەكەپتۇ . ھەممىمىزنى تويغا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ ،— دېيىشىپ ، مەھەللىدىكى چوڭ ـ كىچىكنىڭ ھەممىسىنى موتىبۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە باشلاپ ماڭدى .

بۇ يەردىكى سىرتى سۇۋالمىغان ، توپىسى ئۇۋۇلۇپ چۇ-شۇشكە باشلىغان سوقما تاملاردىن ياسالغان پاكار ئۆيلەردە كۆپىنچە مانجۇلارنىڭ چېگرالارنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئۆز زا-مانىسىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئاچىققان سولۇن ، شىبەلەر ياشايدىكەن . نۇزۇگۇم ئۇلارنى تەگرىتاغدىن تا جۇڭغار تېغى-غىچە بولغان ئارىلىقتىكى چېگرالارنى كۆزەتكۈدەك دەپ ئاڭ-لىغانىدى . بۇ مەھەللىدە ئاساسەن ئاشۇلار تۇرىدىغان ئوخ-شايدۇ . نۇزۇگۇم بۇ يەردە بولۇۋاتقان ۋاڭ ـ چۇڭغا ئارىلاش-ماي ، كوچىنىڭ چېتىدىكى ئېرىق بويلىرىدا ، دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدە چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىرقانچە ئۇيغۇر-نىڭ قولىدا ئەندۈۋا تۇتۇپ «بۇ نېمە ئىشتۇر» دەپ قاراپ

تۆرۈشقىنىنى كۆردى . نۆزۈگۇم ئۆز ھوقۇقىدىن ئايرىلغان بۇ بىچارىلەرگە قاراپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى . ئۇ : «بەلكى بۇ ئۇچىلىرىغا چەكمەن چاپان ، باشلىرىغا ياغاق دوپپا كىيگەن ئادەملەر كەتمەن - گۈرجەك ، ئەندىۋىلارنى تۇتۇپ تۇرغىنى بىلەن ئىچىدە مېنى ‹سولۇنغا خوتۇن بولۇپ بۇ يەرگە كەلگۈچە ئىشتانبېغىغا بوغۇلۇپ ئۆلۈۋالسىچۇ › دەپ تىللاۋاتقاندۇر » دەپ ئويلىدى ۋە ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھالىغا چۈشۈپ قالغىنىغا ئىچ - ئىچىدىن خىجىل بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئادەملەرنىڭ چىرايىدىكى ئۆزىگەئوخشاش جۇۋانلار بىلەن قىزلارغا ئىگىدارچىلىق قىلالماي ، يات ئىقلىملارنىڭ قولىدا خار - زار قىلىپ قويغىنىغا ، ئۇلارنى بۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا چامىسى كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى .

سولۇنلار نوزۇگۇمنى كەڭ ھويلىغا ئەكىرىپ ئاتتىن چۈشۈردى - دە ، تاملىرى پاكار ، ئازادە ئۆيگە باشلىدى . بۇ ئۆينىڭ ئىچى ئالدىنئالا تاملىرىغا زىلچە گىلەملەر ، ئىشىك- پەنجىرىلىرىگە تاۋار - دۇردۇنلار تارتىلىپ ياسالغان بولسىمۇ ، نۇزۇگۇم ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا قاراپ قويمىدى . ئۇ پەقەت بۇ يەردىن قانداق قېچىپ كېتىشنى ئويلىماقتا . دەرد - ئەلەم يۈرەك - باغرىنى ئەزمەكتە . بىر چاغدا ئۇنىڭ قېشىغا ئۆزىگە ئۆيلەنمەكچى بولغان سولۇن كىرىپ كەلدى . نۇزۇگۇم ئۇنىڭغا قاراپ مەجبۇرەن كۈلۈمسىرەپ قويدى ، بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولغان موتېبۇ قوللىرىنى كېرىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى . موتېبۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھاراقنىڭ سېسىق پۇرىقى نۇزۇگۇمنىڭ نەپسىنى بوغۇپ ، كۆڭلىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى . لېكىن ئۇ ئۆزىنى مەجبۇرلاپ سەۋرلىك بى-

لەن قولىنى موتىبۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ :
— مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم ! لېكىن ، سىز-
گىمۇ مەلۇم ، بىزنىڭ رەسىم - قائىدىمىز بويىچە نىكاھتىن
ئۆتمەي تۇرۇپ قوشۇلۇشقا بولمايدۇ ،— دېدى .
قانداق قىلسام بۇ چەتتۇ چوكانغا ياقىمەنكىن دەپ بېشى
قېتىپ تۇرغان سولۇن ئەمەلدارى ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ۋە ئۆزىگە جەزبىلىك قاراپ تۇرغىنىنى
كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن بېشى كۆككە يەتتى . «بۇ خوتۇن بايىر
نوياندىن قاچقىنى بىلەن مۇنۇ دەۋاتقان سۆزلىرىگە قارىغاندا ،
مېنى راستتىنلا ياخشى كۆرىدىكەن» دېگەن ئويغا كەلدى .
— شۇنداق دېگىنىڭگە رەھمەت . مەن چەتتۇلارنىڭ رە-
سىم - قائىدىسىنى ياخشى بىلىمەن . ئۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم
بولغىن . سەن ئېيتقاندەك ، ئىككىمىز نىكاھتىن ئۆتمىگىچە
مەن ساڭا تەگمەسلىككە ۋەدە بېرىمەن . ماڭا هازىر سېنىڭ
مۇشۇ سۆزلىرىڭ كۇپايە . بىراق ئېيتقان سۆزۈڭدىن يالتى-
يىپ قالساڭ ، يەنى مېنى رەنجىتسەڭ بولمايدۇ . رەنجىتسەڭ
مەن سېنى كەچۈرمەيمەن . ئېگىز سېپىللار بىلەن قورشالغان
بىزنىڭ بۇ مەھەللىدىن ئۇچار قۇش ئۇچۇپ قۇتۇلمىسا ، ئادەم
بالىسى قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ،— دەپ نۇزۇگۇمنىڭ قېچىش
ئويىدا بولماسلىقىنى ئەسكەرتتى موتىبۇ . سولۇن ئەمەلدارى-
نىڭ ئويىنى دەرهال سەزگەن نۇزۇگۇم ئۇنىڭ كۆڭلىنى
خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن:
— چوڭ يۇلتۇزدىكى نويان مېنىڭ كۆڭلۈمگە ياقمىدى ،
شۇڭلاشقا قېچىپ كەتتىم . ئۆزىڭىز ئېيتىڭا ، ياخشى كۆرمى-
گەن ئەركەك بىلەن قانداق قىلىپ بىللە ياشىغىلى بولىدۇ ؟
ھەممە نەرسىنى قارا كۈچ ئارقىلىق ئىگىلىگەن بىلەن ئايال

كىشىنىڭ قەلبىنى ئىگىلەش مۇمكىن ئەمەس ،— دېدى .
— بۇ دېگىنىڭ توغرا !— دەپ ئويلىنىپ قالدى موتىبۇ نۇزۇگۇمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ .
— مەن بايىر نويابنى سىزدەك ياخشى كۆرسەم چۆل ـ باياۋانلاردا ئاچ ـ يالىڭاچ قېچىپ يۈرەتتىممۇ ؟ سىز ئۇنىڭغا ئوخشاشمايدىغان باتۇر ئادەم ئىكەنسىز . مۇنداق ئەر كىشىدىن قاچماق تۇگۇل ئۇ قوغلىسىمۇ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن كەتمەيمەن . قاچىدىغان بولسام بېشىمنى پالتا بىلەنلا چاپارسىز .
— سەن دېگەن چىرايلىق خوتۇن ، ساڭا قول كۆتۈرۈشمۇ گۇناھ بولار .
— شۇنداق دېگىنىڭىزگىمۇ رەھمەت . ئەمدى مەن قاچقان بىلەن نەگە بارىمەن دەيسىز .
— بۇ ئۆيدە ئۆزۈڭنى ئەركىن تۇتۇپ يۈرۈۋەر . ھېچكىم سېنىڭ كۆڭلۈڭگە ئازار بەرمەيدۇ ،— موتىبۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە بىردىنبىر خوجايىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى .
— پەقەت سىزدىن بىرلا تىلىكىم ،— دېدى نۇزۇگۇم ،— بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىغا كۆنۈپ ، تويىنى تۇگىتىشۋالغىچە كۆڭلۈمگە بىر ئاز ئارام بەرسىڭىز .
— بولىدۇ ، بولىدۇ . بۇ ئۆيگە مەن بىلەن خىزمەتچى ئايالدىن باشقا ھېچكىم كىرمەيدۇ . قانداق خالىساڭ شۇنداق ئارام ئېلىۋەرگىن .
موتىبۇ ئېيتقان سۆزىدە تۇردى . ئۇلار كەلگەن كۈنى باشقا ئۆيلەرگە يىغىلغان ئادەملەر ئويۇن ـ تاماشىنى قىزىتىپ ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشسىمۇ ، ئەمما نۇزۇگۇم چۈشۈرۈلگەن ئۆيخالىي ئىدى . پەقەت ئىككى كۈندىن كېيىن توي

ئويناۋاتقان دوست ـ ئاغىنە ۋە يېقىنلىرى پات ـ پاتلا نۇزۇگۇمنى چاقىرتقۇزۇپ ، ئۇنىڭ چىرايىغا تويماستىن قارىشاتتى . مۇشۇنداق گۈزەل ئايالنى قولغا چۈشۈرگىنى ئۈچۈن سولۇن ئەمەلدارنى ماختىشىپ ، ئۇنىڭغا كەينى ـ كەينىدىن هاراق ئىچۈرەتتى . سۇمۇلدىكى شىبەلەرنىڭ ھەممىسى موتىبۇنىڭ تولىمۇ بەختلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەندە ، ئۇ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كېتەتتى . بەزىدە نۇزۇگۇمنىڭ قېشىغا بېرىپ ، ئۆزىنىڭ كۆپرەك ئىچىپ قويغانلىقىغا كەچۈرۈم سورىغاندەك باش ئېگىپ قوياتتى . نۇزۇگۇم بولسا بۇ ئەمەلدارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىچىپ ، چاپسانراق مەست بولۇپ يەرگە يىقىلىپ جىمىقىشىنى تىلەيتتى . شۇڭا ئۇ :

— مۇنداق خۇشاللىق ئۈچۈن ئىچمىسىڭىز قاچان ئىچىسىز ،— دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ تېخىمۇ جىق ئىچىشكە دەۋەت قىلاتتى . ئەمەلدار بولسا :

— بۇ دېگىنىڭ راست ،— دەپ تويغا كەلگەنلەرنىڭ قېشىغا چىقىپ يەنە ئىچىشكە باشلايتتى .

بۇ چاغدا ئۆيدە يالغۇز قالىدىغان نۇزۇگۇم نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئويلايتتى . ۋاقىت بولسا قىستاپ كېلىۋاتاتتى . بىرەر ئامال تېپىپ قېچىش كېرەك ، ئىچكىرىدىن ئىچكىرى سېلىنغان بۇ ئۆيلەردىن قانداق قىلىپ بولمىسۇن جاننى ساق ـ سالامەت ئاچىقىش كېرەك ! ئۇنىڭ بىردىنبىر ئويلايدىغىنى مۇشۇ تويغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى مەست بولۇپ ، ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرى بولۇۋاتقاندا قېچىپ كېتىش ! بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق . ئەگەر ئۆلۈشكە توغرا كەلسە ئاۋۇ تېز ـ تېز كىرىپ كۆڭلىنى بىئارام قىلىۋاتقان سولۇن ئەمەلدار نىكاھ قىلىدىغان ئادەمنى تېپىپ كەلگۈچە ئۆلۈۋې-

لىش لازىم. نۇزۇگۇم مۇشۇ ئىككى يولنىڭ بىرىنى چاپسانىراق تاللىمىسا بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئويلىماقتا. ئەگەر قۇتۇلۇپ كېتەلمىسە ئۇ چاغدا ئۆلۈۋېلىش ئاسان! ئۆزىگە خەنجەر ئۇرۇپ جاھاندىن خوشلىشىدۇ...

ئۇ بىرنەچچە قېتىم تالاغا چىققان بولۇپ ئەتراپنى كۆزدىتىپ باقتى. قېچىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلسا قاياققا مېڭىش كېرەكلىكىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ئۆتكەن قېتىم بايىر نوياندىن قاچىمەن دەپ يولدا ئاچ قېلىپ، ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ چاغ تالقان تۆكتى كۆز بولغىنى ئۈچۈن مېۋە - چېۋىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىپ جېنىنى ساقلىغانىدى. ھازىر كۈندىن - كۈنگە سالقىن چۈشۈپ قىش يېقىنلاشماقتا. ئارىلىقتا بىر قېتىم ئۇششۇك چۈشۈپ ئۆتكەچكىمۇ ئېتىزلىقلاردا قالغان كۆكتاتلار بىلەن مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇششۇپ كەتتى. شۇڭلاشقا قېچىشتىن ئاۋۋال مۆكۈنۈپ، يوشۇرۇنىدىغان دالادا ئوت قالاپ ئىسسىنغۇدەك بىر نەرسىلەرنى تەييارلىۋېلىش كېرەك. يەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇماسلىق لازىم. ئۇ مۇشۇنداق ئويغا كېلىپ، ئۆزىگە كەينى - كەينىدىن ئەكىرىلىۋاتقان تائاملاردىن نان ۋە گۆشكە ئوخشاش نەرسىلەرنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قېشىدىن ئايرىماي يۇرگەن تۇگۈنىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدى، ئۆي ئىچىنى ئاختۇرۇپ يۇرۇپ تاماق پىشۇرغۇدەك كىچىككىنە مىس قازانىنىمۇ تېپىۋالدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزى تامدا ئېسىقلىق تۇرغان خالتىغا چۈشتى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچىدىكى چاقماقنى ئالدى. ئەسلىدە بۇ غاڭزا سېلىنغان خالتا ئىكەن. خالتىنى

جايىغا ئېسىپ قويغاندىن كېيىن، باشقىسىنى ئۇنتۇپ قال-سامىمۇ چاي - تۇزنى ئۇنتۇپ قالماي دەپ ئىككى سىقىم تۇز ئېلىپ ياغلىقىقا ئالاھىدە چىگدى. ئۇ قېچىپ قالغۇدەك بول-سام دەرھال ئاچىقىپ كەتكۇدەك يەردە تۇرسۇن دەپ يىغقان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىدىتلىق يەرگە تىقىپ قويدى.

ئۇ يولغا ئېلىپ ماڭغۇدەك نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى تەلتۆكۈس بولغاندىن كېيىن، ئەمدى قېچىش كېرەك دەپ ئويلىدى. لېكىن قانداق قاچسام بولىدىكىن دېگەندەك خىيال سۈرۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئويىچە بۇ يەردىن كۇندۇزى قېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا باير نويانىنىڭ ئۆيىدىن قاچقان-دەك، قاراڭغۇ چۈشكەندە، بۇ يەردىكىلەرنىڭ مەست پەيتى-دىن پايدىلىنىپ قېچىش كېرەك دېگەن قارارغا كەلدى. بىراق ئۇنىڭ بېشىدا بىر دەمنىڭ ئىچىدە: «سۇمۇل ئىچىدىن چىقىپ بولغىچە سېپىل دەرۋازىلىرى يېپىلىپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا نەگە يوشۇرۇنىمەن؟ ھېلىقى كۇندۇزى كۆرگەن ئۇي-غۇرلار قايسى ئۆيلەردە تۇرىدىغاندۇر؟ بەلكى شۇلاردىن بىرە-رىنىڭ ئۆيىنى تاپسام يوشۇرۇنۇۋالغىلى بولار!» دېگەنگە ئوخشاش ئويلار پەيدا بولدى.

كەچ كىرىپ سولۇن ئەمەلدارىنىڭ كىرىدىغان ۋاقتى - سائەتنى يېقىنلاشقانسېرى نۇزۇگۇمنىڭ تەشۋىش - ئەندىشى-سى كۆچىيىپ، كۆڭلى بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇ نېمە بولسىمۇ ئالدى بىلەن ئاچىرقى قېتىم خۇداغا يالۋۇرۇپ، كېيىنكى چاغلاردا بېشىغا تاڭماي پاكىز تۇتۇپ يۈرگەن ياغلى-قىنى جايناماز قىلىپ ناماز ئۆتىدى. يارانقان ئىگىسىگە ئۆزىنىڭ قىلچە گۇناھى يوقلۇقىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ، بۇدا قېتىم بۇ ئۆيدىن ساق - سالامەت قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشى-

نى ، ئەگەر ئۇنداق قىلىشقا بولمىسا سۆيگەن يارى باقەمگە پاك ۋە سادىق پېتىچە ئۇ دۇنياغا ئەكېتىشىنى يېلىنىپ تىلىدى .

ئۇ نامازنى ئۆتەپ ، جايناماز نى يىغىشتۇرۇپ ، گىلەم سېلىنغان ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئۆز ئەجىلىنى كۈتتى . دۇمبىسىدىن ئۆمۈچۈك مېڭىپ ئۆتكەندەك تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى . ئۇ دەرھال خەنجىرىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلگۈسى كەلگەندەك كەمزۇلىنىڭ سىرتىدىن سىلاپ كۆردى . خۇداغا شۈكۈر ، خەنجەر ئۆز ئورنىدا ئىكەن . ئۇ يار - يۆلەك بولۇش ئۈچۈن يېنىغا باقەم يېتىپ كەلگەندەك ، ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىر غەيرىي - تەبىئىي كۈچ پەيدا بولغاندەك روھلىنىپ كەتتى .

ئۇ يەنە ئۇستازى ئابدۇرېھىم داموللىنىڭ «مەھزۇن - گۈلنىسا» ھەققىدە ئېيتقان ۋەقەدىكى گۈلنىسانىڭ ئۇزاق سەپەرلەرگە كەتكەن مەھزۇندىن قالغان خەنجەر بىلەن ئۆزىنى ئالماقچى بولغان ۋەزىرنى يارىدار قىلغانلىقىنى ، شۇ خەنجەرنىڭ دائىم گۈلنىساغا ھەمراھ بولۇپ ، ئۇمۇ بېشىغا بىرەر خەتەر كەلسە باشقىلارغا تەگكەندىن كۆرە ئۆزىنى ھالاك قىلىشنى ئويلاپ يۈرگەندە ، ئاخىر شۇ ئىشەنچ - ئۈمىدى سۆيگەن يارى بىلەن قوشۇلۇشقا سەۋەب بولغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئېسىگە ئالدى . ئۇستازى بۇ ۋەقەلەرنى شاگىرتلىرىغا ئېيتىپ بەرگەن ، لېكىن تېخى تولۇقى بىلەن ئۇنى قەغەزگە چۈشۈرۈشكە ئۈلگۈرمىگەنىدى . نۇزۇگۇم بىر تۇرۇپ داموللام ھازىر شۇلار ھەققىدە يېزىۋاتامدىكىن دەپمۇ ئويلىدى . راستىنلا ئۇنى بۇ يەردىن ساق - سالامەت ئاچىقىدىغانمۇ ، ئۇ دۇنياغا كېتىدىغانمۇ ، باقەمدىن مىراس بولۇپ قالغان

مۇشۇ خەنجەر ئوخشايدۇ.
بىردەم ئۇستازىنى، بىردەم يۇرتىدا قالغان تۇغقانلىرى بىلەن دوستلىرىنى ئەسلەپ ئولتۇرغان نۇزۇگۇمنىڭ ئويىنى غىزائەكىرگەن خىزمەتچى ئايالنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى بۆلۈۋەت-تى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغان ئويلىرىنى بۇلارغا سەزدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن خىزمەتچى ئايالنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭ كىرگەن تامىقىنى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ يېدى. شۇ چاغدا هاۋا گۇلدۇرلىگەندەك قاتتىق ئاۋاز ئاڭلان-دى. پەنجىرىگە چاپلانغان قەغەزلەر تىترەپ شىلدىرلاپ كەت-تى. نۇزۇگۇم «بۇ نېمە بالادۇر» دېگەندەك تاماق ئەكىرگەن ئايالغا قارىدى. ئۇ گۇلدۇرلىگەن بۇ ئاۋازنى سېپىلنىڭ دەر-ۋازىلىرىنى تاقاش ئۈچۈن ئېتىلغان «پو»نىڭ ئاۋازى ئىكەن-لىكىنى نۇزۇگۇمغا تەسلىكتە چۈشەندۇردى. «پو» ئىككى قېتىم ئېتىلىپ توختىدى. «ئەمدى قانداق قىلارمەن. خۇدا-يىم قېچىشىمنى راۋا كۆرمىگەن ئوخشايدۇ» دەپ هەسرەتلى-نىپ قالدى نۇزۇگۇم. موتىۋۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەن مېهمانلار قايتىشقا باشلىدى. نۇزۇگۇم تەييارلاپ قويغان تۇگۇنىنى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈردى. هەممە ئۆز ئورنىدا. ئۇ خەنجىرىنى تۇتۇپ: «ئەمدى بۇ سولۇن چانسانراق كىرسە بو-لاتتى، يا ئۇنىڭ جېنىنى ئالسام، ياكى ئۆزۈمنىڭ جېنى بىلەن خوشلاشسام» دەپ ئويلىدى. چۈنكى ئۇ جېنىنى ئايى-غاندىن كۆرە ئۇنىڭ مېهرىدىن كېچىپ، نومۇسىنى ساقلاپ قېلىشنى ئەۋزەل كۆرەتتى، نومۇسىنى ساقلاپ قېلىشنى ئا-ياللارنىڭ بىردىنبىر پەزىلىتى دەپ بىلەتتى. «بۇ جەهەتتە بەزىبىر ئاياللار ئاجىزلىق قىلىدۇ. مەن ئۇلاردەك قارا يەر بولۇپ، بۇ دۇنيادا باش كۆتۈرۈپ يۈرگەندىن كۆرە، ئادەم-

لەرگە كۆرۈنمەي ئۇ دۇنياغا كەتكىنىم تۇزۇك .» ئۇنىڭ
ئاخىرقى قارارى مۇشۇ ئىدى .

## IV

نۇزۇگۇم ھەر خىل ئويلارغا بېرىلىپ ئولتۇرغاندا ئىك-
كى تەرىپىگە ئىغاڭلاپ موتىبۇ كىرىپ كەلدى . ئۇ ئەتىگەندىن
بېرى تويغا كەلگەنلەر بىلەن هاراق ئىچىپ كەيپ بولغان
بولسىمۇ چىرايى ئىلگىرىكىدەك سۈرلۈك ئەمەس ئىدى . ئۇ
خۇددى كىچىك بالىلاردەك بويىنىنى قىسىپ ، ئەركىلەپ نۇ-
زۇگۇمنىڭ قېشىغا سەنتۈرۈلۈپ ئاران كەلدى ـ دە ، ئۇنىڭ
تىزىغا بېشىنى قويۇپ قىڭىغايدى . بەزىدە نۇزۇگۇمنىڭ
باش ـ كۆزىنى سىيپاپ نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولاتتى .
ئەمما ئۇنىڭ تىلى كالۋالىشىپ ، ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى .
موتىبۇ بېشىنى نۇزۇگۇمنىڭ تىزىغا قويۇپ ياتقاندا ، ئۇنىڭ
تېنىنى قورقۇنچلۇق سېزىملار ئىگىلەشكە باشلىدى . ئەمما
ئۇ بۇ ئەمەلدارنىڭ ئەس ـ هوشىنى بىلمىگۇدەك دەرىجىدە
مەست ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، ئۇنى ئويغىتىپ قويماي دېگەن-
دەك ، تىترەپ تۇرغان ئالىقانلىرى بىلەن خۇددى كىچىك
بالىنى پەپىلىگەندەك پەپىلەپ ، تېزرەك ئۇخلىتىشقا تىرىش-
تى . لېكىن ياش جۇۋاننىڭ مۇنچىلىك مېهرىبانلىق بىلەن
قوبۇل قىلغىنىنى سەزگەن ئەمەلدارنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ
كەتتى . ئۇ ئەمدى نۇزۇگۇمنى قويۇپ بەرمەي قۇچاقلاپ ،
ئۆزىگە تېخىمۇ مەهكەم تارتماقتا ئىدى . «بۇنى پەپىلەيمەن
دەپ بېشىمغا تېخىمۇ چوڭ بالا تېپىۋالماي» دەپ ئويلىغان

نۇزۇگۇم موتېبۇ دېگەن بۇ سولۇندىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ
ئامالىنى ئىزدىگىلى تۇردى . ئۇنى ئادەملەرنىڭ ئايىغى بېس-
سىققىچە جىم قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن يېتىپ تۇرغىنى ياخشى-
مىكىن دېگەن ئوي بىلەن بارغانسېرى ئۆزىگە چاپلىشىپ كې-
تىۋاتقان سولۇن ئەمەلدارىغا ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان يا-
غاچ كارىۋاتتىكى ئورۇن - كۆرپىلەرنى شەرەت قىلىپ كۆر-
سەتتى .

— ئاۋۇ يەرگە بېرىپ ياتايلى .

موتېبۇ قانچە مەست بولسىمۇ نۇزۇگۇم ياتىدىغان ئو-
رۇننى كۆرسەتكەندە نېمە ھەقتە گەپ بولۇۋاتقىنىنى سەزدى
بولغاي ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى سېلىپ
كارىۋاتتىكى يوتقاننىڭ ئىچىگە كىردى . ئاندىن قولى بىلەن
شەرەت قىلىپ نۇزۇگۇمنى چاقىردى . لېكىن نۇزۇگۇم ئۆزى-
نى مەجبۇرلاپ كۈلۈپ ، بىر ئاز ۋاقىتقىچە ئورنىدىن تۇرماي
ئولتۇردى . ئاندىن موتېبۇغا قاراپ :

— نىكاھ ئوقۇتمىدۇققۇ ،— دېدى نارازىلىق بىلدۈرۈپ .

— كىشى ئەۋەتسەم چەنتۇلار ئۆيلىرىدە يوق ئىكەن ،
نىكاھنى ئەتە ئوقۇتساقمۇ بولىدۇ ،— دېدى ئەمەلدار . نۇزۇ-
گۇم ئۇنىڭ ئەلپازىنى بايقاپ ، ئىشىك تەرەپنى كۆرسەتتى :

— تېخى ئەتىگەن . خىزمەتچى ئايال كىرىپ قالسا ئۇيات
بولىدۇ . سىز يېتىپ تۇرۇڭ ، مەن بىر ئازدىن كېيىن ياتى-
مەن ،— دېدى .

موتېبو نۇزۇگۇمنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ بىر پەس جىم
بولۇپ قالدى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ مۈگ-
دەشكە باشلىدى . نۇزۇگۇمنىڭ كۈتكىنىمۇ مۇشۇ ئىدى . ئەم-
ما كارىۋاتتىكى موتېبۇ ئۇخلىماسلىقتا تىرىشقاندەك ، پات -

پاتلا كىچىك كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ نۇزۇگۇمغا قاراپ قوياتتى . ئاخىر ئۇ خورەك تارتىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى .

— خۇداغا شۇكرى !— دەپ نۇزۇگۇم چوڭقۇر نەپەس ئالدى ـ دە ، ئۇنى ئويغىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇردى . موتىبۇ بەزىدە ئۇنى ئىزدەۋاتقاندەك جۆيلۈپ بىر نەرسىلەرنى دەيتتى . ئەمدى نۇزۇگۇممۇ كاردۋاتنىڭ قېشىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى . مۇتىبو بۇنىڭ ھەممىسىنى خۇددى چۈشىدە كۆرۈپ پەيزى قىلىۋاتقاندەك ، تېز ـ تېزلا ئاغزىنى تامشىپ قوياتتى .

نۇزۇگۇم خېلى ۋاقىتقىچە شۇك ئولتۇردى . باشتا ئۇ ئۆيگە بىر ـ ئىككى قېتىم كىرىپ چىقىپ كەتكەن خىزمەتكار ئايال يەنە كىرىپ قالامدىكىن دېگەندەك دەككە ـ دۈككە بولغاندى . لېكىن ئۇ نۇزۇگۇمنىڭ موتىبۇ ياتقان كارىۋاتقا كېلىپ خوجايىنىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ ھىجىيىپ : «ئەمدى يەنە كىرمەيمەن ، يېتىۋېرىڭلار» دېگەندەك شەرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەنىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىشىكنى يېنىپ ئاچمىدى . شۇنداق بولسىمۇ تەشۋىشلىنىپ تۇرغان نۇزۇگۇم ئىشىككە قاراپ چاپسانراق قېچىشنىڭ يولىنى ئويلاۋاتاتتى . ئۇ بىرنەچچە قېتىم بىرەرى بىزنى ماراپ يۈرمىسۇن دېگەن ئوي بىلەن پۇتىنىڭ ئۇچىدا بوسۇغىغا بېرىپ ، ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىپ تىڭشاپ باقتى . ئىككى قېتىم ئىشىكنى ئېچىپ تاشقىرىغا سەپسېلىپ قارىدى . يېقىن ئارىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ ، بەلكىم خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆڭۈللىرى ئەمىن تېپىپ ، ھاراق ئىچكىلى ياكى دەم ئالغىلى بىرەر بۇلۇڭغا كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ .

نۇزۇگۇم ئەتراپنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ماڭاي دېسە موتېبۇ ئويغىنىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى . ئەگەر ئۇ ئويغىنىپ كەتسە ئۆزىنىڭ يېنىدا يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈپ ، دەرھال تۇتۇۋېلىشى مۇمكىن . لې- كىن بۇ پۇرسەتنىمۇ قولدىن بېرىشكە بولمايتتى . قانداق قىلىپ بولمىسۇن ، تاڭ يورۇغىچە قېچىپ كېتىش كېرەك . موتېبونىڭ مەستلىكى قايتىپ سەگىپ قالسا ئۇنى ئۆز ئەر- كىگە قويۇپ بەرمەيتتى . ئۇ بىرپەس كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ قالدى . ھاياتىنىڭ بىرەر ھالاۋىتىنى كۆرمىگەندىن كېيىن جاننى قىيناپ ئولتۇرغىچە مۇنۇ خەنجەرنى يۈرىكىمگە سانجاي- مىكىن دەپ ئويلىدى ، بىراق قەشقەردىكى ھېيتگاھدا پەرد- جىسىنى كەڭ يېيىپ ، كۈمۈشتەك ئاپئاق ساقاللىرىنى تۆپە- غا مىلەپ يەرگە يىقىلغان ئاتىسى ، مانجۇ چېرىكلىرى نەيزە سانجىغاندا ئاۋازى ئەرشكە يەتكەن ئۈچ ياشلىق قىزى كۆز ئالدىغا كەلدى ـ دە ، پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ كەتتى . ئۇ ھازىر مەيدىسىگە خەنجەر ئۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسە ، شۇ زامانلا ئاشۇلارغا قوشۇلۇپ ھاياتىنىڭ بارلىق ئازابىدىن بىراقلا قۇتۇلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . ئەمما شۇ چاغدا ئېرى باقەمنىڭ : «نۇزۇگۇم ، سەن ئۆزۈڭنى يوقاتما ، مەن سېنى يەرنىڭ تې- گىدىن بولسىمۇ ئىزدەپ تاپىمەن» دەپ ئېيتقان سۆزلىرى قۇلىقىدا جاراڭلىغاندەك بولدى ـ دە ، بېشىنى دەس كۆتۈر- دى . لېكىن ئەتراپتا ھېچكىم يوق ، ئۆيدىكى ياغاچ كارىۋاتتا ياتقان موتېبۇ دۇنيادىن بىغەم خورەك تارتىپ ئۇخلىماقتا .

ئۇنىڭ دەككە ـ دۈككە كۆڭلى سەل بېسىلىپ بىردەم جىم ئولتۇردى . ئەسلىدە ئۇ بىر ـ بىرىنى سۆيگەن ياشلار- نىڭ بېشىغا خەتەر تۇغۇلسا ، ئۇنى يېڭىشكە ئىنتىلمەي ،

دائىم مۇشۇنداق ئاسان ئۆلۈملەرگە ئۇرۇنىدىغانلارغا قارشى ئىدى. شۇڭا ئۇ ھازىر ئۆزىگە ئاشۇنداق ئۆلۈمنى نالايىق كۆردى. «ئۆلۈشكە ھەرقاچان ئۈلگۈرىمەنغۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، يەنە بىر قېتىم قېچىشقا ھەرىكەت قىلىپ باقاي. بەلكى باقەممۇ مۇشۇ ئەتراپتا يۈرىدىغاندۇر» دېدى - دە، كىيىملىرىنى تۈزەپ، چېچىنى بېشىغا تۈرۈپ ئۆرىدى.

ئۇ خاقىراپ ئۇخلاۋاتقان مۇنۇ سولۇن موتىبۇنى ئۇجۇقتۇرماي تۇرۇپ بىر ياققا كېتەلمەيدىغانلىقىنى سەزدى… بېشىغا مۇشۇ ئوي كەلگەندە يەنە بىرپەس دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، خۇددى ئويۇمنى بىرى سېزىپ قالمىسۇن دېگەندەك ئالىقىنى بىلەن ئاغزىنى يېپىپ كارىۋاتتا ياتقان موتىبۇغا قاراپ قويدى. ئىچىدە: «مەن نېمە دەۋاتىمەن، شەيتان ئېزىقتۇرۇۋاتامدۇ - يە» دېگەن ئوي كەچتى. ئۇنىڭغا بۇ سولۇن دەسلەپتىلا چوڭ يۇلتۇزدىكى بايىر نويانغا ئوخشاش سۈرلۈك كۆرۈنمىگەنىدى. ھازىر زەن سېلىپ قارىۋىدى، بىغەم ئۇخلاۋاتقان ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ مۇلايىم كۆرۈنۈپ، ھېچبىر يامانلىق قىلمايدىغان، ھېچبىر نەرسىگە قارشىلىق كۆرسەتمەيدىغان ياۋاش ۋە ئاجىز ئادەمگە ئوخشاپ كەتتى. ئۇ باياتىن بېرى ئۇنىڭدىن قورقۇپ، قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ تەشۋىشلەنگەن بولسا، ئەمدى ئۇنى ئەرزىمىگەن نەرسە قاتارىدا كۆرۈپ قورقۇنچى يوقالدى. سولۇن ئەمەلدارى نېمە قىلساڭ ئىختىيار ئۆزۈڭدە دېگەندەك، قوللىرىنى كەڭ يېيىپ ئۇخلىماقتا. نۇزۇگۇم نەچچە قېتىم كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىدىكى خەنجىرىنى ئالماقچى بولدى، لېكىن جۈرئەت قىلالمىدى. «بۇنىڭدا نېمە گۇناھ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مېنى بۇ ئالمىسا باشقىسى ئالاتتى. بۇنىڭ

قولىغا چۈشمىسەم باشقىسىنىڭ قولىغا چۈشەتتىم. مېنىڭ بۇ كۆلپەتلەرگە چۈشكىنىمگە يالغۇز مۇشۇلا گۇناھكار ئەمەسقۇ؟».

ئەمەلدار سولۇن قاتتىق ئۇخلىماقتا. نۇزۇگۇمنىڭ كۆڭلىدە بىردىنلا: «ئۇخلىغاندا ئادەم تۇرماق يولۋاسمۇ ياۋاش بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن ئوي پەيدا بولۇۋىدى، ھازىرلا سەل يۇمشىغان دىلى قايتىدىن غەزەپ - نەپرەتكە تولدى: «مەن ھازىر ئۇنى ئايىغىنىم بىلەن ئۇ ئويغىنىپ قالسا مېنى ھەرگىز ئايىمايدۇ» دېدى - دە، خەنجىرىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ چىقاردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يەنە باقەم كەلدى. نۇزۇگۇم: «بۇ سولۇننى ئۆلتۈرگىلىۋاتقان مەن ئەمەس، باقەم. سەۋەبى ئۇ باقەمنىڭ سۆيگەن يارىنى تارتىۋېلىپ خوتۇن قىلغىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى. شۇ ھامان ئۇنىڭغا كۈچ - مادار قوشۇلغاندەك بولدى. بايىقى قورقۇش - تەشۋىشلىرىمۇ تۈگەپ، غەزەپ - نەپرىتى كۈچەيدى. شۇنىڭدىمۇ نېمە قىلىۋاتقىنىنى يەنە بىر قېتىم ئويلاپ: «بىرەرى پايلاپ تۇرمىغاندۇر» دېگەندەك ئىشىك - دېرىزىلەرگە زەن سېلىپ قارىدى. ئىشىك ئوچۇق تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئىلدى، بۇلۇڭدىكى يېنىپ تۇرغان چىراغنىڭ يورۇقىنى پەسەيتىپ، موتىبۇنىڭ قېشىغا كەلگەنىدى، ئۇ ئويغىنىپ كېتىپ نۇزۇگۇمنى تۇتۇۋالدى، ئاندىن ئۇنى كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۆزىگە تارتىپ مەيدىسىگە باستى. نۇزۇگۇم ئەمدى بۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغان ئوخشايمەن دەپ قورقۇپ، قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرغان خەنجىرىنى موتىبۇنىڭ كېكىردىكىگە سۇرۇۋەتتى. موتىبۇ دەرھال نۇزۇگۇمنى قۇچاقلىغان قولىنى قويۇۋەتتى. نۇزۇ-

گۆم يېنىدىكى ياستۇق بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى مەھكەم يېپىپ ئۈستىدىن بېسىۋالدى. ئۆتكۈر خەنجەر موتىبۇنىڭ بويىنىنى كېسىۋەتكەنلىكىنى نۇزۇگۇم سەزمىمۇ، قورقىنىدىن ياستۇق ئاستىدىن قولىنى ئالمىدى. بىر چاغدا سولۇنىنىڭ تۇنجۇقۇپ خارتىلدىغان ئۈنى ئاڭلاندى. ئۇ پۇت-قوللىرىنى تېپىرلىتىپ، قاتتىق بىر سىلكىندى-دە، ئۆزىنى لاسسىدە قويۇۋېتىپ جىم بولدى. نۇزۇگۇم پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا خۇددى ئۇنىڭ بىلەن بىللىلا ئۇ دۇنياغا كەتكەندەك كۆزىنى يۇمدى-دە، جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا ياشاش تۈگىگەندەك بىلىندى.

نۇزۇگۇم موتىبۇنىڭ ئۇ دۇنياغا كەتكىنىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن، بىر قولى بىلەن كارىۋاتقا تايىنىپ تۇرسىمۇ خەنجەر تۇتقان قولىنى ئورنىدىن قوزغىماي تۇرۇپ، ئىككىنچى قولى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە ياپقان ياستۇقنى ئالدى، پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. ياستۇق ۋە يوتقان-كۆرپىلەرنىڭ ھەممىسى قىپقىزىل قان بولۇپ كەتكەنىدى. موتىبۇنىڭ بېشى بىر يېنىغا قىيسىيىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ چانقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك يوغىناپ كەتكەن كۆزلىرى «مېنى قايسى گۇناھىم ئۈچۈن مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭ؟» دەپ تەلمۈرۈپ قاراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنى ئۆلمەي قالمىسۇن دەپ نۇزۇگۇم خەنجەرنى سۇركەۋەرگەچكە، موتىبۇنىڭ بېشى ئۈزۈلۈپ چۈشەيلا دەپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كېسىلگەن بويىنىدىن قان شەلۋەرەپ ئېقىۋاتاتتى. سولۇنىنىڭ راستىنلا ئۆلۈپ كەتكىنىگە كۆزى يەتكەن نۇزۇگۇم ئەمدى نېمە قىلىشىنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدى.

نۇزۇگۇم ھازىر بۇ ئىشنى بىرەرى كۆرۈپ قالغىچە ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدى . قانغا مىلەنگەن خەنجە- رىنى يوتقانغا سۈرتۈپ ، تازىلىغاندىن كېيىن ئۇنى غىلاپقا تىقىپ ، كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىغا سالدى . ياستۇقنى سولۇن- نىڭ قوينىغا تىقىپ ئۆلۈكنى كارىۋاتتا ئۆزى بىلەن بىللە ياتقاندەك ياتقۇزدى ـ دە ، خۇددى ئادەملەر بۇلارنى ئۇخلاۋې- تىپتۇ دېگەن تۇيغۇغا كېلىشى ئۈچۈن ئۈستىدىن يوتقان يې- پىپ قويدى . قان يۇقى قولىنى ئۇنىڭ كۆڭلىكىگە ئېرتىپ ، قان بولۇپ كەتكەن نەرسىلەرنى يوتقاننىڭ ئاستىغا تىقتى ـ دە : «ئەمدىغۇ تاشقىرىدىن كىرگەن ھەرقانداق ئادەم بۇلار قۇچاقلىشىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ دەپ سولۇننىڭ قېشىغا يېقىن كەلمەس» دەپ ئويلىدى .

نۇزۇگۇم ئىشىكنى ئېچىپ ھويلىغا چىقتى . پاكار تام- لار بىلەن قورشالغان ھويلىدىمۇ ھېچكىم يوق ئىدى . يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلغان تويدىن كېيىن ئادەملەر قاتتىق ئۇيۇ- قۇغا كەتسە كېرەك ، ئەتراپ جىمجىت . يېقىنلا بىر يەردىن خورازنىڭ قەرەلدىن بۇرۇن چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . «يەرگە يورۇق چۈشكىچە قېچىپ كېتىۋالسام بولاتتى» دەپ ئويلىغان نۇزۇگۇم مېڭىشنى تېزلەتتى . ئۇ سولۇن بىلەن ئېلىشمەن دەپ ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەزمەي قالغانىدى .

نۇزۇگۇم دەرۋازىسى يوق ھويلىدىن چوڭ كوچىغا چىقى- شى بىلەن كۆزنىڭ سالقىن شاملى بەدىنىگە ئۇرۇلغاندا نەپىسى كېڭەيگەندەك بولدى . ئۇ ئۈستى بورا بىلەن يېپىلغان ئۆيگە بىر قاراپ قويدى ـ دە ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىق- ماي ئېرىق ياقىلاپ ماڭدى . كوچىمۇ جىمجىت . پەقەت ئې-

ـرىقتىكى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازىلا بۇ سۆرۈن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئۇ خېلىلا ئىسسىق كېيىن-گەندەك قىلىنۇىدى، سالقىن شامالغا چىققاندا ۋۇجۇدىغا تىتـ-رەك ئولىشىپ مۇزلاپ كەتتى.
نوزۇگۇمنى ئەكەلگەن ئۆي سۇمۇلىنىڭ چوڭ كوچىسىدا بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ ھېچ ياققابۇرۇلمايلا ئۆزىگە قارشى كۆ-رۈنگەن سىپىل دەرۋازىسى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ خېلىدىن بېرى «دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ قويغان بولسا قانداق قىلار-مەن» دېگەن ئەندىشە بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىۋىدى، ئويلى-غىنىدەك، قېلىن ياغاچتىن ياسالغان دەرۋازىنىڭ بىر ئەمەس ئىككى پېرىدە ئاتنىڭ كاللىسىدەك قۇلۇپلار تۇراتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك، دەرۋازىنىڭ بىر چېتىدە نەيزىسىنى قۇچاقلاپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان چېرىكنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇ تېخى ئاشۇ دەرۋازىدىن چىقىۋالسىلا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت ـ ماكانىغا يېتىپ بارىدىغاندەك خۇشال بولۇپ كەتكەنىـ-دى. ئەمدى ئالدىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان داۋان ئۇچرىغاندەك سالپىيىپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە: «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن سوئال پەيدا بولدى. ئۇ كەينىگە قايتىپ كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدا ئىنتايىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنگەن ئېگىز سېپىلغا نەپرەت بىلەن قارىدى. لېكىن شۇنىڭدىمۇ مەھەللە ئىچىگە كىرىپ، كوچا بىلەن مېڭىشتىن قورقۇپ سېپىلنىڭ تۈۋى بىلەن ئىلگىرىلىدى. تونۇش ئەمەس يەرلەردە كېچىسى يول مېڭىشتىنمۇ تەس ئىش بولسۇنمۇ؟ نوزۇگۇم بىرەر چاقىرىم ماڭغا ـ ماڭمايلا ئېگىز ئۆسكەن قورايلىققا يولۇقتى. بىردەم بولسىمۇ پاناھلىنىدىغان يەر تېپىلدى، دەپ قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ قورايلىقنىڭ ئىچىگە كىردى. بىراق بىرنەچچە

يۈز قەدەملا مېڭىپ يۈز ـ كۆزى ، بويۇنى ، قوللىرى ئىچىد-
شىشقا باشلىدى ـ دە ، چىدىماستىن ئارقىسىغا ياندى . ئۇنىڭ
قورايلىق دېگىنى سېپىل ياقىسىدا ئۆسكەن چاتقاللىقلار ئىد-
كەن . نۇزۇگۇم بەدىنىنىڭ ئىچىشقان يەرلىرىنى ئۇۋۇلاپ ،
بىر هازاغىچە سېپىل تۈۋىدە ئولتۇردى . بىر چاغدا ئۇنىڭ
قۇلىقىغا شىلدىرلاپ ئاققان سۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ
ئىچىشقان يەرلىرىگە ياغلىقىنى هۆل قىلىپ سۈركەپ بېقىش
ئۈچۈن چاتقاللىقنىڭ ئۇ چېتىدە ئېقىۋاتقان ئېرىق تۈۋىگە
باردى . ئېرىق خېلى يوغان ۋە چوڭقۇر ئىدى . نۇزۇگۇم
ئېرىق ئىچىگە چۈشۈپ ، ياغلىقىنى سۇغا چىلاپ ، ئىچىشقان
يەرلىرىگە سۈركىدى . بىرپەس شۇنداق قىلىپ تۇرغاندىن
كېيىن «كوچىدا ماڭغاندىن كۆرە مۇشۇ ئېرىق بىلەن ماڭسام
ياخشى ئەمەسمۇ . خەقلەرنىڭمۇ كۆزىگە چۈشمەيمەن» دېگەن
ئويغا كەلدى ـ دە ، سېپىلدىن تەخمىنەن ئەللىك قەدەمچە
تۆۋەندە تۇرغان ئېرىق ئىچى بىلەن يولىنى داۋام قىلدى .
ئېرىق بىرنەچچە ئۆيلەرنىڭ سۇڭگۇچلىرىدىن ئۆتىدىكەن .
نۇزۇگۇم مۇنداق يەرلەرگە كەلگەندە پاكار تاملاردىن ئاتلاپ
ئۆتەتتى ـ دە ، يەنە ئېرىق ئىچىگە چۈشۈۋالاتتى . ئۇ بەشىنچى
ئادەمنىڭ ئۆيىدىن ئۆتمەكچى بولۇپ تامدىن چۈشكەندە ، ئال-
دىدىن قانداقتۇر بىر نەرسە خارتىلداپ ئۆتۈپ كەتتى . نۇزۇ-
گۇم قورقىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ ، تامدىن چۈشكەن
يېرىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى : «يائاللا ، جېنىم خۇدايىم ،—
دېدى ئۇ ،— بۇ نېمە بالايىئاپەتتۇر .» ئۇ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ ،
ئۆزىنى سەل تۇختىتىۋالدى ـ دە ، بايىقى قارايغان نەرسە
كەتكەن تەرەپكە زەن سېلىپ قارىدى . كۆزىگە چوڭلۇقى
موڭغۇل يېزىلىرىدىكى ئىتلارچىلىك ، ئەمما بېشى بىلەن

پۈتلىرى ئۇلارغا ئوخشاشمايدىغان بىرنەچچە قارا ـ قۇرا نەر-
سىلەر كۆرۈندى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۇمشۇقى بىلەن چۆ-
نەكلىكلەرنى تىلغاپ نېمىنىدۇر ئىزدەپ يۈرەتتى . نۇزۇگۇم
بىرپەس ئۆزىنى ئۇنتۇپ «بۇلار نېمە نەرسىلەردۇر ؟ »دەپ
ھەيران بولدى . ئاڭغىچە ئۇلاردىن بىرى خارتىلدىغان ھالدا
نۇزۇگۇمنىڭ قېشىغىلا كېلىپ قالدى . توڭگۇز ئىكەن ! نۇ-
زۇگۇم ھەم قورققان ، ھەم خۇش بولغان ھالدا ئورنىدىن
تۇرۇپ ئېرىق ئىچىگە چۈشۈپ مېڭىپ كەتتى . ئۇ ئېرىق
ئىچى بىلەن يول يۈرۈپ ، چۆنەكلەرنى تۇگىتىپ كوچىغا
چىققاندا ، ئېرىق ئوڭغا بۇرۇلۇپ يۇقىرىلىدى ـ دە ، ئەللىك
قەدەمدەك يەرگە بارغاندا قارىيىپ كۆرۈنگەن سېپىلغا تاقاش-
تى . ئۇ ئەمدى قانداق قىلىمەن دېگەن ۋەھىمىگە چۈشۈپ ،
ئېرىق ئىچىدە خېلىغىچە ئولتۇردى . سېپىل ئاستىدىكى
سۇڭگۈچتىن ئېقىپ چىقىۋاتقان كىچىككىنە سۇ بىر خىل
ئاۋازدا شىلدىرلاپ ئاقماقتا . نۇزۇگۇم بۇ يەردە ئولتۇرۇۋەر-
سە بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ ، ئاشۇ سۇڭگۈچتىن ئۆمىلەپ
چىقىپ كېتىشنى نىيەت قىلدى ـ دە ، ئېتەكلىرىنى تۈتۈپ
يەنە ئېرىق ئىچىگە چۈشتى . ئۇ كىيىملىرىنىڭ ھۆل بولغى-
نىغا قارىماي ئۆمىلەشكە باشلىدى . بىراق بېشى قاتتىق بىر
نەرسىگە تاقىشىپ قالدى . ئۇ تاقاشقان بۇ نەرسىنى تاشمىكىن
دەپ ئويلاپ ، ئېلىۋېتىشكە قولىنى سۇنۇۋىدى ، بولمىدى .
ئۇنىڭ بېشىغا تاقاشقان نەرسە بىرنەچچە قوزۇق ئىدى . نۇزۇ-
گۇم ئۇستۇېشىنىڭ ھۆل ۋە پاتقاق بولۇشىغا قارىماي ، خېلى-
غىچە ئېتىشىپ يۈرۈپ ، مىڭ بىر مۇشەققەت ئىچىدە قوزۇق-
لارنىڭ ئىككىسىنى سۇندۇرۇپ ، ئۈچ ـ تۆتىنى يۇلۇپ دېگۈ-
دەك ئاران ئېلىپ تاشلىدى ـ دە ، سېپىلنىڭ سىرتىغا چىق-
تى .

# V

ئۇ ئوچۇقچىلىققا چىققاندا خۇددى بىرى بوغۇپ قويغان كېكىردىكىنى يېشىۋەتكەندەك ئەركىن نەپەس ئالدى. مۈرىسىدىكى ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يېنىكلىشىپ، پۇت - قولى بوشىشىپ قالدى. ئانچە كۆپ ھايال ئۆتمەي، بۇ كاساپەتنىڭ يۇرتىدىن راست چىقىپ بولدۇممۇ، يالغانمۇ دېگەندەك ئېرىقنىڭ ياقىسى بىلەن ئۆرلىدى، ئارىلاپ ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى. سۇمۇل تەرەپتىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ، مەھەللىدىن خېلى يىراقلىشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. سۇمۇلدىكى ئىتلارنىڭ ئېرىنچەكلىك بىلەن ھاۋشىشلىرى، خورازلارنىڭ چىللاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئەتراپتا قانداقتۇر سۈرۈن جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. نۇزۇگۇم بېشىنى ئېگىز كۆتۈرسە گويا بىرى كۆرۈپ قالىدىغاندەك ئېگىلىشىپ، تۈگۈننى قولتۇقىغا قىسقان پېتى بىر ئاز شۈمشىيىپ تۇردى. ئۇ سۇمۇلدىن قېچىپ چىققۇچە نەگە بېرىشنى ئويلىمىغانىدى. مانا ئەمدى سەل توختاپ ئۆپچۆرىسىنى تەخمىن قىلىپ، ئەتراپىغا تەكشى بىر قاراپ چىقتى. يۇقىرى تەرەپتىكى تەڭرىتاغنىڭ بىر تارمىقى ئاي نۇرىدا ئاقىرىپ تۇراتتى. قەشقەر شۇ تەرەپتە! نۇزۇگۇم ئاشۇ تاغدىن ئۆتسىلا ئۆز يۇرتىغا يېتىپ بارىدىغاندەك خۇشال بولۇپ، خېلىغىچە ئۇ تەرەپتىن كۆز ئۈزمەي قاراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاشۇ تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە قالغان ئەل - يۇرت، قوۋم - قېرىنداشلىرى، بىللە ئۆسكەن دوستلىرى كەلدى. بىر تۇرۇپ چوڭ يۇلتۇز تەرەپتە قالغان باقەم

بىلەن ئاكىسىنى ئويلايتتى. ئۇلار نۇرزۇگۇمنىڭ تىنچ ـ ئامان قېچىپ كېتىشىنى تىلەپ، ئۆزلىرىدىن غەم يېمەسلىكىنى جېكىلىگەنىدى. ئەمدى ئۇ ئىككىسىنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدىكىن ... موڭغۇللار ئاكىسىنى بەك قاتتىق ئۇرۇپ كېتىۋىدى، بەلكى بۇ چاغقىچە ئۆلۈپ كەتكەندۇر.

هازىر نۇرزۇگۇمنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ، تالاي ۋاقىتتىن بېرى قەلبىدە ئۆچۈپ كەتكەن ئىسسىق سېزىملار يەنە ئويغاندى ـ دە، ئۆزىنى بىردەمدىلا ئاشۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدا يۈرگەندەك ھېس قىلدى. ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان پەرىشان ئويلار ئۇنى ئەرشىئەلاغا ئاچىقىۋىدى، لېكىن شۇ يۇرتلارغا ئېلىپ بارىدىغان يوللارنىڭ مۇزداۋان ئارقىلىق ئۆتىدىغانلىقىنى ئەسلىگەندە، ئۇ يەردىكى مۇز ئۈستىدە ياغاچتەك قېتىپ قالغان ئات ـ ئېشەكلەر، ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەر كۆزلىرىنىڭ پارقىراپ تۇرغانلىقى كۆز ئالدىغا كەلدى. بىر چاغدا ئۇ بۇ ئويلىرىدىن كېچىپ شىمال تەرەپكە قارىۋىدى، ئاي يورۇقىدا پارقىراپ تۇرغان ئىلى دەرياسىغا كۆزى چۈشتى. ئەمدى ئۇنىڭ يادىغا قومۇشلارنى باغلاپ سال ياساپ، دەريا بىلەن قاچىمەن دەپ تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى، سولۇنلارنىڭ قومۇشلۇققا ئوت قويۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقى كەلدى ـ دە، «ئۇ كاساپەتلەر هازىرمۇ مېنى قومۇشلۇققا كەتتى دەپ شۇ تەرەپتىن ئىزدىشى مۇمكىن. ئەمدى نەگە قېچىشىم كېرەك؟» دەپ ئويلىدى.

تەڭرىتاغنىڭ غەربكە سوزۇلغان قىسمى قاراڭغۇ تۈندە كۆزگە كۆرۈنمەي قالىدىكەن. «بەلكى بۇۋىئايشەمنىڭ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى مانجۇ هۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلۇمىغا چىدىماي قېچىۋاتىدۇ، دېگەن يەرلىرى شۇ تەرەپلەرمىكىن؟ ئۇ ياقلاردا

راستتىنلا ئازادلىك بارمىدۇر . ئۆتكەن قېتىم مەن قېچىپ
كېتەلمىگەن ئالمالى دېگەن يەرلەر نەدىدۇر ؟ » دەپ ئويلىغان
نۇزۇگۇم بىر تۇرۇپ شۇ ياققا كەتمەكچى بولدى . «بۇ تەرەپ-
لەرنىڭ تالاي ئادەملىرىنى كۆردۇم . ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ
ئۆز قايغۇسى ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدىكەن . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
مېنىڭ ‹مۇڭگۇمغا مۇڭ ، دەردىمگە داۋا › بولغۇدەك بىرەرى
چىقمىدى . ئەمدى جانغا ھەمراھ بولغۇدەك بىرەر ئادەم چىقسا
پەقەت شۇ ياقتىن تېپىلىپ قالامدىكىنتاڭ . موڭغۇللار بولسا
مېنى ئىزدەپ بۇ تەرەپتىكى ھەممە يەرلەرگە جاكار چىقىرىپ
قاراقچىلىرىنى قويۇۋەتتى » دەپ ئويلىدى . ئەمدى ئۇنىڭغا
ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن قىبلە تەرەپكە قاراپ مېڭىشتىن
باشقا يول يوقتەك بىلىندى .

ئەمما ئۇ تەرەپكە قانداق بېرىش كېرەك ؟ توپتوغرا ماڭ-
غىنى بىلەن مۇنۇ ھەممە نەرسە ئالىقاندا تۇرغاندەك كۆرۈن-
دىغان دالادا تېزلا كۆزگە چېلىقىپ قېلىشى مۇمكىن . سۇ-
مۇلغا كېلىۋاتقاندا ، بۇ تەرەپلەرنىڭ يىراقتىن قارىيىپ كۆ-
رۈنگەن دۆڭلۈكتىكى چىغلىقلاردىن باشقا يوشۇرۇنغۇدەك
يەرنىڭ يوقلۇقىنى بايقىغان ، ھازىر شۇنىڭدىن باشقا قېچىپ
مۆككىدەك قۇلايلىق يەر يوقتەك كۆرۈنىدۇ .

شۇڭا ئۇ بىرەرىنىڭ كۆزىگە چېلىقماس ۋاقتىدا چاپسان-
راق شۇ تەرەپكە كېتىۋالاي دېگەندەك ، ئېرىقنى ياقىلاپ كەت-
كەن چىغىر يول بىلەن ئېتتىك يۇقىرى ئۆرلىدى . ئۇ يۈگۈ-
رىگەندەك ماڭغانلىقى ئۈچۈنمۇ تەرلەپ كەتكەنىدى . ئەمدى
سەل ئاستىراق مېڭىۋىدى ، تاغدىن چىقىۋاتقان كۈزنىڭ سو-
غۇق شامىلى كېيىمىدىن ئۆتۈپ مۇزلاشقا باشلىدى . يۇقىرى-
دىن ئېقىپ كېلىۋاتقان ئېرىقنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئې-

گىز دۈشلەنگەن توپىنىڭ بەزى يەرلىرىنى ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلار قاپلاپ كەتكەندى . نۇزۇگۇم قومۇش دېگەن پەقەت دەريا بويىدىكى سازلىقلاردىلا ئۆسىدىغانلىقىنى ئۇقاتتى . لېكىن قومۇش سازلىقتىلا ئەمەس شورتاڭ يەرلەردىمۇ ئۆسىدىكەن ئەمەسمۇ . نۇزۇگۇم ئىچىدە : «بۇلارنىڭ بولغىنىمۇ ياخشى . كەينىمدىن ئىزدەپ يۈرگۈچىلەردىن جاننى قاچۇرۇپ مۆكۈنۈۋېلىشقا دالدا بولىدۇ» دەپ ، ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىپ قويدى .

ئۇ سۇمۇلدىن چىقىپ ، بىر ـ ئىككى سائەت ماڭغاندىن كېيىن ، بۇ تەرەپنىڭ ئويمان ـ چوڭقۇرىغا ئەپلىشىپ ئەمدى كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ قالغاندا ، بىردىنلا ئۆزى بوغۇزلىۋەتكەن سولۇن ئەمەلدارى يادىغا يېتىپ ، بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ قىلغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى . نۇزۇگۇم شىبەلەر ئولتۇراقلاشقان يۇرتتىن چىقىپ خېلىلا ئۇزاقلاپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ قالغىنىنى مۆلچەرلەپ باقتى . بۇ چاغدا ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ بىر ـ بىرلەپ ئۆچۈپ تاڭنىڭ كەينى سۇزۇلۇپ كېلىۋاتاتتى . تاغ تەرەپتىن چىقىۋاتقان سوغۇق شامال بارغانسېرى كۈچەيمەكتە . ئۇ ئىسسىنغاندا ئالدىنى ئېچىۋەتكەن پەشمىتىنىڭ تۈگمىلىرىنى قايتىدىن ئېتىپ قىمدىنىپ قويدى . ئۇ مۇنداق سوغۇققا تېخى چېنىقمىغانلىقتىنمۇ بايا بەدىنىگە ئولاشقان تىترەك بارغانسېرى كۈچىيىپ ، ئۆزىنى زادىلا ئىسسىتالمىدى . «شەرمەندە قىلىپ ئاغرىپ قالمىسام بولاتتىغۇ» دەپ ئويلىغان نۇزۇگۇم قەدەملىرىنى تېزلىتىپ ئىتتىك مېڭىۋىدى ، يەنە باشقىدىنلا ئىسسىپ كەتتى .

يىراقتا چوققىلىرى ئاقىرىپ تۇرغان تاغدىن باشقا ھېچ

نەرسە كۆرۈنمەيدۇ . ئۇ ئىككى تەرىپىدە زىچ قومۇش ئۆسكەن
ئېرىقنى ياقىلاپ كېتىۋېتىپ ناھايىتى چوڭ قارا سۇ ئېقىپ
تۇرغان ئۆستەڭگە دۇچ كەلدى . ئۆستەڭنىڭ ئىچ ـ تېشىنى
ئادەم بويىدىن ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلار بېسىپ كېتىپتۇ .
ئۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ ، پۆپۈكلىرى توزۇشقا باش-
لاپتۇ . ئەمما ئۆستەڭدە ئېقىۋاتقان سۇ ئانچە كۆپ ئەمەس
ئىدى . بۇ سۇنىڭ يا ئېقىۋاتقىنىنى ، يا توختاپ قالغىنىنى
پەرق ئېتىش تەس . نۇزۇگۇم بۇ ئۆستەڭدىن قانداق ئۆتسەم
بولار دېگەندەك سەل تېڭىرقاپ تۇردى . ئۇ : «ئۆستەڭ ئىچىد-
ىكى قومۇش بېسىپ كەتكىنىگە قارىغاندا ئانچىۋالا چوڭقۇر
ئەمەس ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى . ئۇ ئۆستەڭگە چۈشۈشكە
ئالدىرىماي ، يېقىن ئارىدا كۆۋرۈك ـ پۆۋرۈك باردۇر دېگەن
ئوي بىلەن ، خېلى يەرگىچە قىرغاقنى ياقىلاپ مېڭىپ كۆر-
دى . لېكىن ئۇ ئۆستەڭدىن ئۆتكۈدەك يەرنى تاپالمىدى .
نۇزۇگۇم يەرگە يورۇق چۈشۈپ كەتكۈچە ئۆستەڭنىڭ ئۇ
قېتىغا ئۆتۈپ ، بىرەر يەرگە مۆكۈنۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرايت-
تى ؛ ئۇ سۇنى كېچىپ ئۆتۈشتىن باشقا ئامال يوقلۇقىنى
سېزىپ ، پۇتىدىكى چېتىكىنى سېلىپ ، تىزىدىن تۆۋەن چۈ-
شۈپ تۇرىدىغان كۆڭلىكى بىلەن پەشمىتىنى يۇقىرى كۆتۈر-
دى ـ دە ، قىرغاقتىكى قومۇشلارنى تۇتۇپ ئۆستەڭ ئىچىگە
سىيرىلىپ چۈشتى . يازىچە توختىماي سۇ ئاققان ئۆستەڭنىڭ
ئاستىنى لاتقا بېسىپ كېتكەنىدى . نۇزۇگۇم بىر ـ ئىككى
قەدەم ئالدىغا مېڭىۋىدى ، پۇتى لايغا پېتىپ كەتتى . سوغۇق
سۇدا شۈركۈنۈپ ئارانلا دەم ئېلىپ تۇرغان نۇزۇگۇم چۆكۈپ
كېتەرمەنمۇ دەپ قورقۇۋىدى ، ئۇنداق بولمىدى . ئۆستەڭنىڭ
مۇزدەك سوغۇق سۈيى بىردىنلا چېكىسىگە چىقىپ ئۇنى ئەن-

دىكتورۇۋەتتى . ئۇ بىر ئاز ۋاقىتقىچە يا ئالدىغا ، يا كەينىگە ماڭالماي ، سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى . بايا ئاقماي ، بىر يەردە توختاپ قالغاندەك كۆرۈنگەن سۇنىڭ تۆۋىنكى ئېقىمى كۈچلۈك ئىكەن . نۇزۇگۇمغا پۇتىنى چىڭ دەسسەپ ، مەھكەم تۇرمىسا سۇ ئېقىتىپ كېتىدىغاندەك بىلىندى . ئۇ يەنە بايىقىدەك سىيرىلىپ تېخىمۇ چوڭقۇرغا چۈشۈپ كەتمەي دېگەندەك ، پۇتىنى ئاۋايلاپ قوزغاپ ئىلگىرىلىدى . ئۆستەڭنىڭ ئاستى تەكشى ئىدى . دەسلەپ ئۆستەڭگە چۈشكەندە ناھايىتى سوغۇق بىلىنگەن سۇغا تېنى كۆنۈپ قالدىمۇ ، ئەمدى ئۇ بۇرۇنقىدەك ئەندىكىپ كەتمىدى . مۇرىسىگە ئارتىۋالغان تۈگۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قىرغاققا يېقىنلاشتى... قىرغاقتا تۇرۇپ قارىغاندا ئانچە كەڭ ئەمەستەك كۆرۈنگەن ئۆستەڭ نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭغا ھازىر دەريادەك بىلىنىپ كەتتى . ئۇ ئىككىنچى قىرغاققا يېقىنلاشقاندا پۇتى چاۋا ـ چاتقاللارغا ئىلىنىشىپ ، تىنىپ قالغان لاتقىدا ماڭالماي قالدى . ئاندىن سەل تۆۋەنرەك بېرىپ ، ئۇزۇن ئۆسكەن توپ قومۇشنى تۇتۇپ ئاران دېگەندە قىرغاققا ئۇلاشتى . ئۇ قۇرۇپ كەتكەن قومۇشلارنىڭ ئالىقانلىرىنى قىيىپ قانىتىۋەتكىنىگە قارىماستىن قىرغاققا چىقىپ ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكىنىگە پەرۋا قىلماي خېلىغىچە ئورنىدىن تۇرمىدى . ئادەم بالىسىنىڭ ئەركى ئۆز قولىدا بولسا تارتقان جاپالىرى ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىكەن . نۇزۇگۇم بىرپەس ئارام ئالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئەپلىك بىر جاينى تاپتى ـ دە ، تۈگۈننى يەرگە قويدى ، كىيىملىرىنى سېلىپ ، سىقىپ قايتىدىن كىيىۋالدى . ئۇ كىشىلەرنىڭ «ئەر بېشىغا كۈن چۈش-

سە ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر » دېگەن سۆزلىرى مانا مۇشۇنداق پەيتلەردە ئېيتىلغان ئوخشىمامدۇ ، دەپ ئويلىدى .

شەرق قىزىرىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ تۆۋەن تەرەپكە قارىسا كېچىچە توختىماي يۇگۈرۈپ قاچقان مەھەللىسى يېقىنلا يەردە تۇرۇپتۇ . ئۇ ئالمان ـ تالمان توگۈننى ئېلىپ ، كۇنۇپكىسىشقا قاراپ مېڭىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئويى خەقلەر ئويغىنىپ ، ئۆزى- نىڭ سولۇن ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرۈپ قاچقىنىنى بىلگىچە يى- راقراق بىر يەرگە بېرىپ يوشۇرۇنۇۋېلىش . ئۇ ئۆزىگە دالدا بولغۇدەك نەرسىلەرنى پاناھ قىلىپ بەزىدە يۇگۈرۈپ ، بەزىدە ئىتتىك مېڭىپ كېلىۋاتاتتى . يۇقىرىدىكى تاغلارنىڭ ئېتەك- لىرىدە تۇرغان يېزىلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۆز نۇرىنى دەس- لەپتە تاغ چوققىلىرىغا چاچقان كۈن ئەمدى پەس دۆڭلۈكلەر- نى ، ئاندىن ئەتراپتىكى يېزىلارنى يورۇتماقتا . بۇ يېزىلارنىڭ دەل ـ دەرەخلىرى خۇددى ئالتۇندەك پارقىراپ نۇزۇگۈمنى ئۆزىگە چىللاپ تۇرغاندەك قىلاتتى . ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن چىققان ئاپئاق تۈتۈنلەر كۈن نۇرىدا چېچىلىپ ئاسمانغا كۆتۈ- رۈلمەكتە . نېمىشقىدۇر يېقىن ئارىدا كۆرۈنگەن يېزا نۇزۇ- گۈمنى يىراقتا قالغان يۇرتىنى ئەسلەتتى . ئۇ بىر تۇرۇپ «ئاۋۇ تېرەكلىرى بەكمۇ ئېگىز يېزىغا كەتسەممىكىن ، ئۇ يەردە مېنى قوينىغا تىققۇدەك بىرەر ئادەم چىقىپ قالار . ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا قەبىھلىشىپ كەتمىگەندۇر » دەپ ئويلى- دى . ئەمما ئۇ يېزىغا مۇنۇ باش ـ ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان تەكشى تۈزلەڭ ئارقىلىق يېتىپ بارغىچە توقسىنىنىڭ كۆزى- گە چېلىقىپ ، توقسەن قېتىم تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، ئۇنىڭدىن كۆرە ، ئۆزى قېچىپ ، مۆكۈنۈپ ئۆگىنىپ قالغان مۇشۇ ئايدالا ، توقايلىقلاردىن نېرى كەتمەسلىكنى ئەھدە قىل-

دى. چۈنكى ئۇنىڭ ئويىچە بۇ يەرلەر ئىزدىگۈچىلەر كەلسە دەرھال يوشۇرۇنۇۋېلىشقا قۇلايلىق ئىدى. شۇڭلاشقا تولىمۇ يۇقىرىلىماي كۈنپېتىشقا مېڭىۋەردى ۋە مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم بۇۋىئايىشەم دېگەن يەرلەرگە يېتىپ بارارمەن دەپ ئويلىدى.

نۇزۇگۇم كۈن ئۇپۇققا كۆتۈرۈلگىچە توختىماي ماڭدى. بىر چاغدا ئېگىزرەك دۆڭگە چىقىپ قارىغانىدى، چۆرىسى سېپىل بىلەن قورشالغان سۇمۇل خېلىلا يىراقتا قاپتۇ. ئەتراپ جىمجىت. نۇزۇگۇمنىڭ يادىغا يەنە سولۇن ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقى كەلدى-دە: «سولۇنلار شۇ چاغقىچە موتىبۇ بىلەن ئۇيغۇر خوتۇنى ئورۇنلىرىدىن تۇرماپتۇ دەپ پاراڭلىشىۋاتىدىغاندۇر؛ بەزىلىرى بىزنى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي ئەمدى ئۇخلىغان ئوخشايدۇ دېيىشىۋاتامدىكىن» دەيتتى. بىر تۇرۇپ: «مەن بۇ قېتىم ئاشۇلارغا بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر قىزلىرىنى قانداق خارلىسا شۇنداق خارلاۋېرىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇتۇپ قويغاندىمەن. ئۇلار ئەمدى قولغا چۈشكەن قىزلارغا باشقىچە مۇئامىلە قىلىدىغان بولار. ئۆزۈم مۇشۇ چۆل-باياۋانلاردا قاغا-قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ ئۆلسەممۇ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قەلبىنى قارام كۈچ بىلەن ئېگىلەش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسەتكەندىمەن. ئىپارخان، رابىيەگە ئوخشاش قىزلارنىڭ مۇھەببەتكە بولغان پاكلىق، ساداقەتلىكى، ئارىدا شۇنچە يىللار ئۆتسىمۇ، باشقىلارغا ئۈلگە-ئىبرەت بولۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىغاندىمەن. مانجۇ-موڭغۇل ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قىز-جۇۋانلىرىنى قىلىچ-نەيزىلەرنىڭ ئاستىغا ئېلىپ، ئۆزى خالىغان ئىشلارغا كۆندۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆ-

زى يەتكەندۇر ، ئۇلارنىڭ تەقدىرىمىز مۇشۇنداق ئىكەن دەپ باش ئېگىپ تۇرمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەندۇر . شۇنىڭدەك ئىلى ۋادىسى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى كەڭ ۋادىلارغا جايلاشقان خەلقلەر ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم ، تونۇش - بىلىشلىرىم ، سۆيگەن يارىم مېنىڭ تاۋار - دۇردۇن ، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە شاھانە نازۇنېمەتلەرگە ئالدانماي ئۆز مۇھەببىتىمگە سادىق بولۇش ئۈچۈن مۇشۇ چۆل - دالالاردا ئاچ - يالىڭاچ قېچىپ ، مۆكۈنۈپ يۈرگەنلىرىمنى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئەسكە ئالار . ئۇلارغا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ يەتكۈزگۈدەك ئادەملەر چىقار . بىزگە ئەل - يۇرتقا ، ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولۇش ھەققىدە ھېكايە قىلىدىغان ئۇستازىمىز ئابدۇرېھىم داموللام مېنىڭ بۇ سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئاڭلىسا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن داستانلارنى يازار » دەيتتى .

نۇزۇگۇم مۇشۇ پەيتتە جاھانگىر غوجا قولغا چۈشكەندىن كېيىن قەشقەردىن ئىلىغا پالانغان مىڭلىغان قىز - جۇۋاننىڭ ئىچىدە مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زالىم ئەمەلدارلىرىغا باش ئەگمەي ئازادلىققا چىقىپ كەتكەن ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ بەختلىك ئادەمدەك ھېس قىلاتتى . «ھازىر ئۇ بىچارىلەر ئىلى تەۋەسىدىكى مانجۇ - موڭغۇل ۋە باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە خارلىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقاندۇر » دەپ ئوي ئويلىشىغا شىنسەن دالويىنىڭ ئۆيىدە قالغان بۇۋىئايشەم كۆز ئالدىغا كەلدى . «ئۇنىڭ ھېلىقى يۇمۇق كۆز ئېرى مېنىڭ سولۇن ئاغىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتكىنىمنى ئاڭلىسا ، ‹ئۇ خوتۇن سېنىڭ بىلەن پىچىرلىشىپ پاراڭلىشىپ يۈرەتتى . ئىككىڭنىڭ گەپ - سۆزى بىر . ئۇنىڭ نەگە يوشۇرۇنۇ-

ۋالىدىغىنىنى سەن بىلىسەن ، دەپ ، بۇۋىئايشەمنى ئازابلاۋا-
تامدىكىن » دېگەن ئويغا كېلىپ دوستىغا ئىچى ئاغرىپ كەت-
تى . «مېنىڭ بۇ ئىشىم ئەتىلا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاڭلى-
نىدۇ ،— شۇنىڭدىن كېيىن مانجۇلار بىلەن موڭغۇللار ئۇ
بىچارىلەرنىڭ پۇتلىرىغا كىشەن - زەنجىرلەرنى سېلىپ ،
بوسۇغىدىن ئاتلىماس قىلىۋەتمىسە بولاتتىغۇ . » نۇزۇگۇم
ئۇلارنىڭ قانداق ئازابلارغا ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا
كەلتۈرەتتى . «بىر ھېسابتىمىغۇ ياخشى بولدى . بەلكى مې-
نىڭ بۇ ھەرىكىتىم ئۇلارغىمۇ ئوي سېلىپ قويار . يالغۇز
بىزلا ئەمەس ، باشقا ئىقلىم ، باشقا جايلاردىمۇ بىزدەك ئايال-
لارنى قارا كۈچ بىلەن تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان زالىملار باردۇر .
ماڭا ئوخشاش سۆيگەن يارىغا قوشۇلالماي ، ئازاب چېكىپ
ياشاۋاتقان ئاجىزلارمۇ كۆپتۇر . ئۇلارمۇ ئۆز ئازادلىقى ، ئەر-
كىن مۇھەببىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ، ھەتتا جېنىنى
ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىۋاتىدىغاندۇر »دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە .

نۇزۇگۇم ئەنە شۇنداق ئويلارنى ئويلاپ ، ۋۇجۇدىدا قاذ-
داقتۇر بىر كۈچ - غەيرەت پەيدا بولغاندەك بېشىنى تىك
تۇتۇپ ماڭماقتا . ئاسمانغا ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن كۈننىڭ
نۇرى دۇمبىسىدىن ئۆتۈپ ، بەدىنىنى ئىسسىتماقتا . ئۆزىنىڭ
تۆۋەن تەرىپىدىكى قومۇشلۇقلارمۇ شالاڭلىشىشقا باشلىدى .
نۇزۇگۇمغا بىر ئاز يەرگىچە ئوچۇقچىلىقتا مېڭىشقا توغرا
كەلدى . ئاندىن ئۇ پاكار - پاكار ئېدىر - قىرلارغا ئۇلى-
شىپ ، كىچىك دۆڭ ۋە جىرالارنى دالدا قىلىپ يۇقىرىلىدى .

## VI

بىر چاغدا سۇمۇل تەرەپتىن توپلىشىپ چاپقان ئاتلىق
ئادەملەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن چىققان
توپا ـ چاڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى . بۇ چاغدا نۇزۇگۇم خېلىلا
يۇقىرى ئۆرلەپ كەتكەچكە سۇمۇل تەكشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .
ئۇ ئۆزىنى ئېگىزرەك يەردىكى توپلىشىپ ئۆسكەن قوڭغۇراق-
تىكەنلەرنىڭ دالدىسىغا ئالدى ـ دە ، بايىقى ئات چاپتۇرۇپ
كېلىۋاتقانلارنىڭ قاياققا ماڭغانلىقىغا زەن سېلىپ تۇردى .
«ئۇلار مېنىڭ موتىبۇنى ئۆلتۈرۈپ قاچقىنىمنى ئەمدى بىل-
گەن ئوخشايدۇ ،— دېدى ئىچىدە ئۇ . سولۇنلارنىڭ بىر توپى
سۇمۇلنىڭ چېتىگە چىقىپلا ئوڭغا بۇرۇلۇپ ماڭدى . بىرنەچ-
چە ئاتلىق بولسا يۇقىرىلاپ تاغ تەرەپكە كەتتى ،— ھېلىمۇ
شەيتان ئېزىقتۇرۇپ تاغ تەرەپكە قاچماپتىمەن» دەپ ئويلىدى
ئۆز پاراستىدىن رازى بولۇپ نۇزۇگۇم .

ئەتراپتىكى باشقا يەرلەرگە قارىغاندا سەل ئېگىزرەك
تۇرغان بۇ دۆڭدىن ھەر تەرەپكە كېتىپ بارغان ئاتلىقلار
ئېنىق كۆرۈنەتتى . ئۇلا بىردە قېلىن قومۇشلۇق ئىچىگە
كىرىپ يوق بولۇپ كېتەتتى ـ دە ، ئوچۇقچىلىققا چىققاندا ،
توپا ـچاڭلارنى توزۇتۇپ كۆرۈنەتتى . شەرققا قاراپ ماڭغان
توپ خېلى ۋاقىتقىچە كۆرۈنمەي قالدى . بىر چاغدا ئۇلار
كەتكەن تەرەپتىن ئاسمانغا تۇرتەك ـ تۇرتەك قارا ئىس كۆتۈ-
رۈلدى . بۇنى كۆرگەن نۇزۇگۇم : «سولۇنلار مېنى يەنە قو-
مۇشلۇققا مۆكۈنۈۋالدى ، دەپ ئوت قويۇۋاتسا كېرەك» دېدى
ئۆز ـ ئۆزىگە . تاغقا كەتكەن سولۇنلار بارا ـ بارا ئۇزاقلى-

شىپ كۆزدىن غايىپ بولدى .

كېچىچە يول مېڭىپ هارغان نۇزۇگۇم تۇگۇچىنى يې- شىپ ، ئۇنىڭدىن بىر پارچە گۆش ئېلىپ قورسىقىنى تويـ- غۇزدى ، شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭغا هاردۇق يېتىپ قالدىمۇ كۆزى يۇمۇلۇپ مۈگدەشكە باشلىدى . ئۇ ئۇيقۇ يېنىغا قىڭغىيىپ بىر ئاز يېتىشىغىلا كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى .

نۇزۇگۇم شۇ ئۇخلىغان پېتى يەرگە قاراڭغۇ چۈشۈپ ، تېنى مۇزلاشقا باشلىغاندا بىراقلا ئويغاندى . كۈز پەسلى بول- غىنى ئۈچۈنمۇ بۇ ئەتراپنىڭ هاۋاسى خېلىلا سالقىنداپ كەت- كەنىدى . تاغ تەرەپتىن توختىماي چىقىۋاتقان سوغۇق شامال قۇرۇپ قالغان ئوت - چۆپلەرنى ئۇچۇرۇپ ، قوڭغۇراقتەك دە- لەرنى شاراقلىتىپ ، ئۇياق - بۇياققا ئىغاڭلىتىپ ، نۇزۇگۇم زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان ئاۋازلارنى چىقىراتتى . ئۇ بۇ ئاۋازلار- نى ئاڭلىغاندا چۆچۈگەندەك ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تىكەن ، تەسكەن ۋە چىغىرتماق ئۆسكەن يەرلەر بىلەن كۈنپېتىشقا قاراپ ماڭدى . «مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم بۇ مانجۇ زالىملار- دىن قۇتۇلۇپ باشقا ئىقلىم ، باشقا خەلقلەر ياشايدىغان يۇرتلا- رغا بېرىپ ، ئازادلىققا چىقىپ كېتەرمەن» دەيتتى . بىراق ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا مانجۇلار بىلەن موڭغۇللاردىن باشقا ئىق- لىملار ياشايدىغان يەرلەر يوقتەكلا بىلىنەتتى . مانا قەشقەر- دىن چىقىپ ، بۇگۈنكى كۈنگىچە توختىماي دېگۈدەك يول مېڭىپ كېلىۋاتىدۇ . نەچچە تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ ، چۆل - باياۋان ، دالالارنى كەزدى . تېخىچىلا بۇ مانجۇ ، موڭغۇللار بار يەرلەردىن ئېشىپ چىقالىغىنى يوق . شۇنىڭغا قاراپ ئۇ راستىنلا ئالەمنى مانجۇلار بىلەن موڭغۇللار قاپ- ساپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلايتتى .

ئۈنىڭ ئەمدىكى ئويى پەقەت غەربتە بولغاچقا ، ھېچ نەر-سىگە قارىماي تەڭرىتاغنىڭ باغرىدىكى مەھەللىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ئىلگىرىلىمەكتە . ئۇ قۇملۇق ، چۆللۈك ، زادى سۇ كۆرۈپ باقمىغان شورتاڭ يەرلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ، تاغ باغرىغا يېقىنلاشماقتا . ئۇ كۈندۈزى زاكىلار تۈۋىدىكى تىكەن-لەر ئارىسىدا يېتىپ ، كېچىسى يولغا چىقاتتى . ھازىر ھاۋا سوۋۇپ ، قىش يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقاچقىمۇ كېچىلىرى ئايدالادا يانتاقلاردىن كۆرە ماڭغان ياخشى ئىدى . شۇڭا نۇزۇگۇم كېچىسى مېڭىشنى ، كۈن چىقىپ يەر - جاھان ئىسسىغاندا يامان كۆزلەرگە چېلىقىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى دالىدىغا ئېلىپ ئۇخلىۋېلىشنى لايىق كۆردى . يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ كۈندۈزى كۆرۈنمەي ، كېچىسى ئوزۇق ئىزدەپ چىقىدىغانلى-قىنى ئېسىگە ئېلىپ : «مەنمۇ ئاشۇلاردىن قالمايدىغان بول-دۇم » دەپ قوياتتى .

نۇزۇگۇم يولغا چىققاندىن بېرى ئىلى ۋادىسىنىڭ تالاي يەرلىرىنى ، قومۇش باسقان چاتقاللىقلىرى بىلەن ئويمان - دۆڭلىرىنى ئارقىسىغا تاشلاپ كەلمەكتە . بەزىدە پايانسىز تۈزلەڭگە چىقىپ ماڭسا ، بەزىدە تاغ - جىرالاردىن ئېقىپ كېلىۋاتقان سۇلارنى كېچىپ ئۆتەتتى . مانا ھازىر يەنە شۇنداق چوڭ بىر سايغا كەلدى . ئۈنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە زىلۋا بوي ئاق تېرەكلەر ، تاللار ئۆسۈپ كەتكەن . باش تەرىپىدە مەھەللە باردەك قىلىدۇ . سايىنىڭ سۈيى ئىلى دەرياسى تەرەپكە ئاقماق-تا .

«بەلكى موڭغۇل ، شىبەلەرنىڭ يەرلىرى مۇشۇ ئەتراپتا تۈگەپ ، باشقا يۇرتلار باشلىنىدىغان ئوخشايدۇ» دېدى ئەتراپقا زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن نۇزۇگۇم . ئۇ كۈن ئۆپۈقتىن

كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان بۇ سايىنىڭ ئىچىدىكى توقايلىققا پا-
ناھلىنىشقا كىردى - دە ، قۇرۇپ كەتكەن بىر قۇچاق چۆپنى
ئاستىغا سالدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە خۇددى پەي ياستۇقتا
ياتقاندەك يېتىپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى .

# ئالتىنچى باب

## I

توقايلىقتىكى ياۋا تاللار ئارىسىدىكى شامال تەگمەيدىغان
دالىدىدا يېتىپ ئۇخلاۋاتقان نۇزۇگۇم يېقىنلا يەردە قانداقتۇر
بىرنېمىنىڭ سايىنىڭ ئىچىنى بېشىغا كىيگۇدەك دەرىجىدە
چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتى . بىراق ئۇ-
نىڭ ئىسسىق ئورۇندىن تۇرغىسى كەلمەي ئەتراپنى تىڭشاپ
خېلى ياتتى . بايىقى ئاۋاز يېنىپ ئاڭلانمىدى . هاۋا ئوچۇق ،
ئاسمان كۆكىرىپ تۇراتتى . كۈننىڭ نۇرى غازاڭ بولۇشقا
باشلىغان تاللار بىلەن تېرەكلەرنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرى
ئارىسىدىن نۇزۇگۇمنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلۈپ چۈشمەكتە . قى-
زىغان كۈن نۇرى ئۇنى ئىسسىتىۋاتقىنىغا خېلى ۋاقىت بولى-
غاچقىمۇ ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى تەرلەپ كەتكەنىدى . كۈز-
نىڭ ئاپتىپى بەدىنىگە خۇشيېقىپ ، كۆڭلىگە ئارام بېغىشلىسا
كېرەك ، ئۇ پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ كېرىلىپ ياتاتتى .
مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭغا هېچنېمە كېرەك ئەمەستەك بىلىن-
دى . ئۇ : «ماڭا هېچكىم تەگمىسىكەن ، مەنمۇ تەگمەي مۇ-
شۇنداق ياتسام» دەيتتى . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كىمنىلا

كۆرسە قورقۇپ ، مۆكۈنۈپ يۈرۈپ ، يۈرەكئالدى بولۇپ قال-
غان نۇزۇگۇمغا هازىر كۆڭۈل ئارامىدىن باشقا هېچ نەرسە
كېرەك ئەمەس . شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلى كىچىككىنە خاتىرجەم
بولۇۋىدى ، كاللىسىغا شېرىن خىياللار كېلىشكە باشلىدى .
بولۇپمۇ كۈزنىڭ ئاپتىپىغا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ خىيال سۇر-
گەنگە نېمە يەتسۇن ؟ ! بۇنداق ئېتىزلىقلاردا ئاشلىق يىغىلىپ
بولغان كۈز كۈنلىرى خوتۇنلار ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشى-
شىنى ياخشى كۆرىدۇ . ئەتىدىن - كەچكىچە ئىشى يوقتەك
زېرىكمەي ئولتۇرىدىغان بىكار تەلەپ خوتۇنلارغا نۇزۇگۇم-
نىڭ ئىچى پۇشۇپ : «زادى بۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى يوقمى-
كىنە ؟ » دەپ غودۇڭشىپ قوييدىغان . ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ-
لا بىر يەرگە يىغىلىپ ، بىر - بىرىنىڭ چۆچىكىنى چۆرۈپ ،
قۇرۇق پاراڭ قىلىدىغان خوتۇنلارنى ئانچۇالا ياقتۇرمايتتى .
بۇگۈنزە ئىشى يوق ئادەمدەك ئۆزى كۈزنىڭ ئاپتىپىغا قاقلى-
نىپ يېتىۋىدى ، تۇرغىسى كەلمەي قالدى . «قەشقەرنىڭ
خوتۇنلىرى بۇ ئاپتاپنى بىكار ياخشى كۆرمەپتىكەن» دەپ
قوياتتى ئۇ ئىچىدە . ئادەم دېگەن ئۆتكەننى ئەسلىسە كۆڭلى
ئېچىلىپ ، غەم - قايغۇدىن سەگىپ قالىدىكەن . هە ، ئۇنىڭ
ياخشى كۈنلىرى كەينىدە قالدى . نۇزۇگۇم يىراقتا قالغان
ئەل - يۇرتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ، ئۇلارنىڭ هەممىسى
گويا چۈشىدىكىدەك ئايان بولدى . ئۆزىنىڭ شۇنداق ياخشى
كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگىنىگە بىر تۇرۇپ ئىشەنگۈسى كەل-
مىدى . ئۇ كۈنلەر ئۆز بېشىدىن ئەمەس ، باشقا بىرىنىڭ
بېشىدىن ئۆتكەندەك سېزىلدى . نۇزۇگۇم ئاشۇ سەرگۈزەشت-
لىرىنى ئەسلىگەندە ئاپتاپتا ئېزىلگەن تېنى تېخىمۇ بوشىشىپ
كەتكەندەك بولدى . ئۇ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى يەنە بىر

قېتىم كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزمەكچى بولغاندەك بېشىنى كۆتۈ-
رۈپ تەگرىتاغ تەرەپكە قارىدى ، كۆز ئالدىغا يەنە مۇزداۋاندىن
ئۆتكۈچە كەچۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرى كەلدى - دە ،
«ئۆلۈپ كەتسەم ، مۇشۇ ئىسسىقتا ئۆلۈپ كېتەي ، زادى ئاشۇ
مۇزداۋاننى يېنىپ كۆرمەيچۇ» دېدى ئىچىدە .

بىردىنبىرى ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەش ئادەمنىڭ كۆڭلى-
گە ئارام بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۇنى تېخىمۇ غەش قىلىۋېتىدى-
غان ئىشلار بار . نۇزۇگۇمنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ
قالدى - دە ، ئۆتمۈشنى ئەسلىمەسلىككە تىرىشتى ، بۇنىڭ-
سىزمۇ مىسكىن كۆڭلىنى يەنە مىسكىنلەشتۈرگۈسى كەلمى-
دى .

ئۇ ئەمدى ئۆزى بىلەن بىللە پالانغان قىز - جۇۋانلار
نەدە يۈرىدىكىن دەپ ، كۆپرەك شۇلار ھەققىدە ئويلىدى . بىر
تۇرۇپ : «مەنمۇ بەزى خوتۇنلارغا ئوخشاش باشتىلا چېچىنى
قىرىپ چۇشۇرگەن ، ئىككى مەڭزى دوساقتەك كۆپۈپ تۇرۇ-
دىغان موڭغۇل نويانىنىڭ ئېيتقىنىغا كۆنگەن بولسام ، ھازىر
مۇنۇ چۆپتە ئەمەس ، ماھۇقتەك يۇمشاق شايە كۆرپىلەرنىڭ
ئۈستىدە ياتاتتىم . چۆرەمدە نەچچىلىگەن دېدەكلەر خىزمى-
تىمنى قىلىپ يۈرۈشەتتى ... بەلكى ھازىر قەشقەردە قالغان
قوۋم - قېرىنداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق ئويلىشى-
ۋاتقاندۇر . مەن بولسام ئاچتىن - ئاچ قېچىپ ، مۆكۈنۈپ
مۇنۇ توقايلىقتا ئولتۇرىمەن . سۆيگەن يارىغا ئۆمرىنىڭ ئا-
خىرغىچە پاك ، سادىق بولۇپ قېلىشمۇ ئىنتايىن تەس ئى-
كەن . شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ئىشلار كۆرۈنگەنلا خوتۇنلار-
نىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن . بۇنىڭ ئۈچۈن پۈكۈلمەس ئىرا-
دە ، تۈگىمەس سەۋر - تاقەت ، قەتئىي چىدام ۋە ئىنسانىي

ۋىجدان كېرەك ئوخشايدۇ...» دەيتتى .
ئۇ ئۆزىنى خاتىرجەم سەزگەنسېرى ، نېمە ئۈچۈندۇر ، ئالدىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ھېس – تۇيغۇلار ۋۇجۇدىدا قوزغىلىپ ، شەھلا كۆزلىرى ئۆزىچىلا خۇمارلاشتى . ئۇ خې- لى ۋاقىتقىچە بىرنەچچە ئايدىن بېرى باقەمنىڭ قولى تەگمى- گەن ئىنچىكە بېلى بىلەن قىزىل مەخمەل پەشمىتىنىڭ ئالدى- نى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان كۆكسىنى سىلاپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى ۋە ئۆزىنى ئاشۇ سۆيگەن يارى كۈچلۈك قوللىرى بىلەن قۇچاقلاپ كۆكسىگە باسقاندەك ھېس قىلدى . مۇشۇ چاغدا شېرىن تۇيغۇلارغا بېرىلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ بەدەنلىرى ئارام ئالغاندەك بولۇپ قالدى . يۇز – كۆزلىرى چوغدەك يېنىپ ، ئۆزىنى راستتىنلا باقەم قۇچاقلاپ تۇرغاندەك ئىزا تارتىپ ، بۆلەكچىلا ھېس – تۇيغۇلارغا چۆمۈپ كەتتى . ئۇ باقەم بىلەن بىللە بولغان كۈنلىرىنى ئەسلىدى .

* *

ئۇ چاغلاردا نۇزۇگۇم بىلەن باقەم ئىككىسى مەدرىسىدە ئوقۇيتتى . نۇزۇگۇم ئادەتتە ئوغۇل بالىلارغا قوشۇلۇپ يۈرۈ- ۋېرەتتى . ئەمما يېشى ئون ئالتىگە تولۇپ ، بويىغا يېتىپ قالغاندا پەنساد دادىسىنىڭ : «قىزىم ، ئەمدى چوڭ بولۇپ قالدىڭ . ئوغۇل بالىلار بىلەن ھەرخىل ئويۇنلارنى ئوينايدى- غىنىڭنى قوي» دېگىنىگە قارىماستىن ئوغۇللار بىلەن ئوي- ناپ ، كۈلۈپ يۈرۈۋەردى . مەھەللىنىڭ بالىلىرىمۇ بۇ قىز بولمىسا ، ئويۇنلىرى قىزىمايدىغاندەك ، كەچ كىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ، نۇزۇگۇمنى باشلاپ چىقمىغۇچە

كەتمەيتتى . كىچىكىدىن بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ، كۆڭۈللىرىدە ھېچقانداق يامان غەرەز ــ ئويلىرى يوق بۇ بالىلار بولۇپمۇ ئالما ، ئۆرۈك ، ئانار ، شاپتۇل ئوخشاش مېۋە دەرەخلىرى چېچەكلەپ ، قەشقەر ئەتراپىدىكى مەھەللىلەر ئا-لىيېشىل رەڭگە كىرىپ كېتىدىغان باھار ئايلىرىدا كېچىنىڭ بىر مەزگىلىگىچە ئۆيلىرىگە كىرمەي ئويناشاتتى . قاراڭغۇ قىشنى كاڭنىڭ ئۈستىدە ھەر خىل چۆچەك ــ رىۋايەتلەرنى ئېيتىشىپ ، باخشىلارنىڭ ناخشىلىرىنى تىڭشاپ ، مەدرىسە-لەردە مۇدەررىس ۋە خەلپەتلەرنىڭ ئوقۇتقان ساۋاقلىرىنى يادلاپ زېرىككەن ئوغۇل ــ قىزلار باھار پەسلىدە خۇددى گۈل ـ گىياھلارغا قونۇپ ، ئۇچۇپ تۇرىدىغان كېپىنەكلەر-دەك تىنىم تاپمايتتى . مۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەي تالا ــ تۈزلەردە سەيلە قىلىپ ئوينىسا ئوينىغىسى كېلەتتى .

ئەمما ئاشۇ بىر كۈن نۇزۇگۇمنىڭ يادىغا يېتىپ قالسا ، ئارىدا بەش ــ ئالتە يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكىنىگە قارىماي ، ئۇ ئىش بۈگۈن يۈز بەرگەندەك ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ كېتەتتى . چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇھەببەت رىشتىسى شۇ كېچىدە باغلانغانىدى . ئەنجۈر پىشقان مەزگىللەر . ئىسسىقتا ئۆيلەر قاراڭغۇلىشىپ تالاغا چىقمايدىغان ياشلار كەچقۇرۇنلۇ-قى ھاۋا سالقىن تارتقاندا «ئاق ياغاچ» ئوينىغىلى كوچىغا چىققانىدى . ئۇلار مۇنداق چاغلاردا يېقىن ئەتراپتىكى مېۋىلى-رى مەي باغلاپ ، پىشىپ يېتىلگەن باغلارغا بېرىپ ، بوۋاي ــ موماي-لارنىڭ كايىغانلىرىغا قارىماي ، قورۇق تاملار-دىن ئارتىلىپ چۈشۈپ مۆكۈنۈۋالىدىغان . بۇ قېتىممۇ نەگە مۆكەرنى بىلمەي ، تېنەپ ــ تەمتىرەپ قالغان نۇزۇگۇم

مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى خەسىس ئىبراھىم بوۋاينىڭ بې-
غىغا كىرىپ يوشۇرۇنغانىدى . لېكىن ئۆزىنىڭ قېشىغا قاياق-
تىندۇر تۇيۇقسىز كېلىپ ئولتۇرغان يىگىتنى كۆرۈپ مەڭ-
دەپ كەتتى .

— باقەم ، سىزمۇ بۇ ؟— دېدى ئۇ يىگىتنى تونۇغاندىن
كېيىن .

— سىزمۇ بۇ يەرگە مۆكۈنۈۋالغانىكەنسىز - دە ،— دېدى
باقەم .

— جىم تۇرۇڭ ، يەنە سېزىپ قالمىسۇن . ئەگەر ئىبرا-
ھىم بوۋاي بۇ يەرگە مۆكۈنۈۋالغىنىمىزنى بىلىپ قالىدىغان
بولسا ، ئىككىمىزنى نەشپۈتۈمنى ئوغرىلىدىڭلار دەپ ئەتىلا
پۈتكۈل مەھەللىگە يايىدۇ .

ئۇلار گەپ - سۆز قىلىشماي ، بىر پەس باغقا سۇ
كىرىدىغان سۇڭگۈچنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشتى . نېمشقىدۇر
ئىلگىرى ئوچۇق چىراي چاقچاق قىلىشىپ ، ئويناپ - كۈ-
لۈپ يۈرىدىغان ياشلار بۇ قېتىم بىر - بىرىگە دەيدىغان
سۆزلىرى تۈگەپ قالغاندەك جىم ئولتۇرۇشاتتى . نۇزۇگۇم
قېشىغا باقەمنىڭ كېلىپ ئولتۇرغىنىغا دەسلەپتە ئانچە ئەھ-
مىيەت بەرمىگىنى بىلەن ، ئەمما بىر نەرسىدىن قىسىلغاندەك
خىجالەت بولۇشقا باشلىدى . ئۇ باقەمنى ئورنىدىن تۇرۇپ
كېتەر دېۋىدى ، لېكىن ئۇ قوزغالمىدى . بىر چاغدا ئۇلارنى
ئىزدەپ ۋارقىرىغان قىزلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇلار ئور-
نىدىن تۇرماي ئولتۇرۇۋەردى . «ئاق ياغاچ» ئويناشقان ياش-
لارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى بېسىلىپ ئەتراپ تىنچلاندى . ئۆزى-
نىڭ سارغۇچ نۇرلىرىنى يوپۇرماقلارنىڭ ئارىلىرىدىن تۆكۈپ
تۇرغان تولۇن ئاي قوما تېغى تەرەپكە ئېغىپ كەتكەنىدى .

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ۋىيەي، خېلى ۋاقىت بولۇپ كەتكەن ئوخشايدىغۇ، — دېدى نۇزۇگۇم تولۇن ئاينىڭ ئولتۇرۇشقا ئارغامچا بويى قالغانلىقىنى بايقاپ.

— ئاستا سۆزلەڭ، ئىبراھىم بوۋاي ئاڭلاپ قالىدۇ! — شۇنچە ۋاقىت بىللە ئولتۇرغاندا جىم تۇرغان باقەم نۇزۇگۇمنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. نېمە ئۈچۈندۇر نۇزۇگۇمنىڭ تەنلىرى ئوت ئېلىپ، بېشى قېيىپ، كۆزلىرى تورلاشقاندەك بولدى. ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي ھودۇقۇپ باقەمنىڭ ئالقىنىدىن قولىنى تارتىۋالدى ـ دە، يۈگۈرىگەن پېتى قورۇق تامدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ چوڭ كوچىغا چىقتى. باقەمنىڭ:

— نۇزۇگۇم، ھەي نۇزۇگۇم، توختىغا؟ — دەپ پەسرەك ئاۋازدا ۋارقىرىغىنىنىمۇ ئاڭلىمىدى.

نۇزۇگۇم «ئاق ياغاچ» ئوينىغان يەرگە كېلىپ قارىدى، ئۇ يەردە ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ: «راستىنلا خېلى ۋاقىت بولۇپ كەتسە كېرەك، ھەممىسى كېتىپ بوپتۇ» دېگەن ئويغا كەلدى ـ دە، يۈگۈرىگەن بويى توپتوغرا ئۆيىگە ماڭدى. قىز ھويلىسىغا كىرىپ، دېمىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە ئۆزى خىجالەت بولغاندەك تۇرۇپ قالدى. بىر تۇرۇپ باقەمنىڭ قېشىغا بارماقچى بولدى، بىراق جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە مەڭزلىرى ئوتتەك قىزىپ، ئۆزىنىڭ نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي تېڭىرقىدى.

ئەتىسى مەھەللىدىكى قىز ـ يىگىتلەر نۇزۇگۇمغا:

— ئاخشام باقەم ئىككىڭلار نەگە كەتتىڭلار؟ بىز سىلەرنى كېچىچە ئىزدەپ تاپالمىدۇق. ھەي، سىلەر «ئاق ياغاچ» ئەمەس، باشقا بىر نەرسە ئويناپ كېتىپ قالدىڭلارغۇ دەي-

مەن ،— دەپ بىر جۈمەگىچە ئۈلارغا چاقچاق قىلىشتى . نۈ-
زۈگۈم شۈنىڭدىن كېيىن كېچىسى «ئاق ياغاچ» ئويىنىغىلى
چىقمايدىغان بولۇۋالدى . كۆڭلى يالغۇزلۇقنى خالاپ ، قىزلا-
رغىمۇ قوشۇلماي ، ھەر تۈرلۈك خىيالىلارغا بېرىلىپ يۈردى .
باقەمۇ ئىلگىرىكىدەك ئۈچرىشىپ قالغاندا ئوچۇق چىراي ،
خۈش كەيپىياتتا چاقچاق قىلىپ كەتمەيتتى . شۈنداق بولسى-
مۇ نۈزۈگۈمنىڭ باقەمنى كۆرگۈسى كېلىپلا تۈراتتى . لې-
كىن كۆرسە ھودۇقۇپ ، تەمتىرەپ پاراڭ قىلالمايتتى . ئۈ-
نىڭغا باقەم ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىردىنلا چوڭ بولۇپ ،
ئۆزگىرىپ كەتكەندەك سېزىلەتتى . ئۈلارنىڭ ھەر ئىككىسى
ئاشۇ ئىبراھىم بوۋاينىڭ بېغىدىكى سۈڭگۈچتە ئۈچراشقاندىن
كېيىن ، بىر - بىرىنى تونۇمايدىغان ، بىلمەيدىغان ئادەملەر-
دەك ، تالاي كۈنلەرگىچە بىر - بىرىدىن چەتنەپ ، گەپ -
سۆز قىلىشماي يۈرۈشتى .
ئىلگىرى ئوغۇل بالىلارنىڭ ئارىسىدا ئەيمەنمەي قولىغا
قىلىچ - نەيزىلەرنى ئېلىپ ئويناپ ئەركىن يۈرىدىغان قىز
بىردىنلا سۈ سەپكەندەك بېسىلىپ قالغانىدى . بىراق قولى
بوش بولسىلا يالغۇز ئولتۇرۇپ ھەر خىل نەرسىلەرنى قوشاق-
قا قېتىپ ناخشا ئېيتاتتى ۋە ئىبراھىم بوۋاينىڭ بېغىدىكى
سۈڭگۈچ يېنىدا باقەم بىلەن تىزلىرىنى بىر - بىرىگە يېقىن
قىلىپ ئولتۇرغىنىنى ، ئاندىن ئۈنىڭ ئىسسىق ئالىقىنى بى-
لەن بىلىكىنى تۈتقىنىنى ئويلاپ چوڭقۇر نەپەس ئالاتتى .
— سىز بەك ئۆزگىرىپ كەتتىڭىزغۇ ، كەچلىكى سەيلى-
گىمۇ چىقماس بولۇۋالدىڭىز ،— دەپ دوستلىرى كۆپ ۋاقىت-
قىچە ئۈنىڭدىن رەنجىپ يۈردى .
بەزىلەر شۈ قېتىم ئىككىسىنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىنى

ھەر خىل ئويلاپ، ھەر خىل پاراڭلارنى چىقاردى.

بەزىبىر چوڭ سورۇنلاردا نۇزۇگۇم ئۆزىنى قىزلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇپ، باقەمگە يىراقتىن ئوغرىلىقچە قارايتتى. مۇنداق چاغلاردا ئىلگىرى بىللە ئويناپ، كۈلۈپ يۈرگەن ئادەتتىكى ئوغۇل بالىلاردىن ئايرىمىسى يوقتەك كۆرۈنىدىغان باقەم بىردىنلا چىرايلىق، قامەتلىك بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ لاتا تۆگمىلىك يەكتىكىنىڭ سىرتىدىن پارقىراپ تۇرغان شايە پوتا باغلاپ تۇرغان چاغدىكى خەت تارتىپ قالغان ئىنچىكە بۇرۇتى، يېنىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى ۋە قويۇق قارا قاشلىرى بۆلەكچىلا چىرايلىق بىلىنەتتى. ئۇ ئۇزاقراق قارىسا بۇ يىگىتنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىدىن قورقۇپ دەرھال باشقا ياقلارغا قارىۋالاتتى.

بەزى كۈنلىرى قىزلار بىلەن ئېگىز دەرەخلەرگە ئارغامچا باغلاپ ئىلەڭگۈچ ئۇچۇپ ئوينايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئويۇنىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن يىگىتلەر بىرنەچچە سەپ بولۇپ تۇرۇشىدىغان، مۇنداق چاغلاردا مەھەللىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ ئوغۇل بالىلاردەك قورقۇمسىز ۋە جۈرئەتلىكلىكى بىلەن تونۇلۇپ قالغان نۇزۇگۇم دوستلىرىنىڭ ھەر تەرەپتىن سالا قىلىشلىرىغا قارىماستىن ئىلەڭگۈچ ئۇچماس بولۇپ قالغاندى. دوستلىرى بولسا ئىزا تارتىپ يەردىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي تۇرۇۋالغان نۇزۇگۇمنى ئىلەڭگۈچ ئۇچۇشقا تەكلىپ قىلىپ تېخىمۇ ھودۇقتۇرۇۋېتەتتى.

نۇزۇگۇم كۈنلەرنىڭ بىرىدە باقەمنىڭ ئىككى ۋاراق قەغەزنىڭ ئالدى ـ كەينىگە قوشاق بىلەن يازغان مەكتۇپىنى ئېلىپ ھاياجاندىن ھودۇقۇپ كەتتى. شۇ چاغقىچە يىگىتلەردىن خەت ئېلىپ، ئۆزىمۇ خەت يېزىپ كۆرمىگەن نۇزۇگۇم

ئىككى ـ ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدىلا ئون نەچچە ۋاراق جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇنىڭ بەتلىرىنى قوشاقلار بىلەن تولدۇرۇۋەت- تى، بىراق ئۇنى باقەمگە ئەۋەتىشكە پېتىنالمىدى. باقەم بولسا ئۇنىڭ بىرەر خەۋىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئىشكىنىڭ ئالدىدىن كېچە ـ كۈندۈز نەچچە ئۆتۈپ پەرۋانە بولاتتى. ئۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن نۇزۇگۇمدىن جاۋاب خەت ئورنىغا قوش- نىسىنىڭ ئون ياشلىق قىزىدىن چىقارغان جىيەكلىرىگە يىپ- تىن كەشتە باسقان قولياغلىقنى ئالدى. لېكىن شۇ كۈننىڭ ئەتىسىلا مەھەللىدىكى ئۆزىگە ئوخشاش يىگىتلەر بىلەن لەش- كەرلەرگە قوشۇلۇپ تاغ تەرەپكە كېتىپ قالدى. شۇ ئارىدا بىر يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇلار كۆرۈشمەك تۇگۇل بىر ـ بىرىنىڭ خەۋىرىنىمۇ ئالغۇدەك بولمىدى. بىر كۈنى جەڭدىن قايتقان باقەم «بۇلاق- بېشى» دا پەيدا بولدى. شۇنىڭدىن ئانچە ئۆتمەيلا ئىككىسى- نىڭ بېشى قوشۇلغاندى ... كېيىن قىزى ئارزۇگۇل تۇغۇل- دى ـ دە، ئىلگىرى تالالىق بولمىغان چاغدا دادىسىغا قوشۇ- لۇپ، ھەربىي مەشىقلەردىن ۋە چەۋەندازلار مۇسابىقىلىرىدىن قالماي يۈرىدىغان نۇزۇگۇمنىڭ پۇت ـ قولى باغلىنىپ، ئۆيگە سولىنىپ قالدى. بۇ چاغدا قەشقەر ئەتراپىدا مەنچىڭ خاندانلىقىغا قارشى كۆرەشلەر ئەۋج ئېلىپ كەتكەچكە، با- قەم ناگان ـ ناگاندا بىر كېلىپ قالمىسا، كۆپ چاغلاردا غوجىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن جەڭلەردە بولاتتى. ئەسلىدە ئۆزاققا سوزۇلغان جۇدالىقتىن كېيىن ئۇچراشقاندا كىشى- لەرنىڭ ئىشقى ـ مۇھەببىتى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېتەمدۇ ياكى باقەم نۇزۇگۇم بىر ـ بىرىنى باشقىلارغا قارىغاندا بەك ياخشى كۆرەتتىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇلار ۋىسال دەملىرىگە يەت-

كەندە ئۆزلىرىنى ھەممىدىن بەختلىك ھېس قىلاتتى . بۇنداق پەيتلەر قىسقا بولسىمۇ ، لېكىن بىر ئۆمۈر ئەستە قالغۇدەك شېرىن ئىدى .

* *

نۇزۇگۇم ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلىگەندە ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھاياتىنى ئۇنتۇپ ، خۇددى قەشقەردىكى بۇلاقبېشىدا باقەم بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقاندەك ھېس - تۇيغۇغا كېلەتتى . ئۇنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى غەم - قايغۇغا تولغان كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ ، تارتقان جاپالىرى ئۇنتۇلۇپ ، يۈرەك - باغرى ئارام تاپقاندەك بولدى . بىردىنلا ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى كۆز ئالدىغا كېلىۋىدى ، ئەمدى ھايات كەچۈرگەندىن كۆرە ئۆلۈپ كەتكىنىمنىڭ ئۆزى ئەۋزەل دەپ ئويلىدى . ئۇ پۇت - قوللىرىنى مەيدىسىگە مەھكەم يىغىۋېلىپ ، قۇلۇلىگە ئوخشاش تۇگۇلۇۋالدى . «بەلكى مەن باقەمنى ئىزدىگەندەك ئۇمۇ مېنى ئىزدەپ چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ ، تاغ ئىچلىرىدە قېچىپ ، مۆكۈنۈپ يۈرىدىغاندۇر . ئەگەر ئۇ تىرىك بولۇپ موغۇللاردىن قۇتۇلۇپ كەتسىلا بۇ زېمىندە مېنى تاپماي قالمايدۇ» دەپ ئۈمىد قىلاتتى . ئۇ تاغ قاپتاللىرىدا مېڭىپ يۈرگەن ئادەملەرنى كۆرسە ، شۇلارنىڭ بىرى باقەممىكىن ياكى مېنى ئىزدەپ كەينىمدىن يولغا چىققان دادامدىكىن ، يە بولمىسا موغۇللاردىن قېچىپ قۇتۇلۇپ كېلىۋاتقان ئاكاممىكىن دەپ تەلمۈرەتتى .

# II

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يىراقتىكى ئالۋۇندەك كۆرۈنگەن
ئۈمىد ئۈنىڭ ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى ئۆچۈرمەي، يەنە
ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارغا چىداپ ياشىشىغا دەۋەت قىلدى.
ئۇ توقايلىقتا ئولتۇرۇپ غىل - پال كۆرۈنگەن تاغ قاپتاللى-
رىغا كۆز سېلىنۋىدى، ئۇ يەردە يۈرگەن ئادەملەر ئاشكارىلا
كۆرۈندى. لېكىن ئۈنىڭ ئوي - خىيالىنى بۆلۈپ، بايا بىر
قېتىم چىرقىراپ جىم بولغان ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى.

«بۇ نېمە ئاۋازدۇر؟» — نۇزۇگۇم ئېھتىيات بىلەن
ئۆپچۆرىسىگە قارىدى، ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. ئەمما بايىقى
چىرقىراپ چىققان ئاۋاز بارغانچە كۆپىيىپ، توقايلىق ئىچىدە
بىر نەرسىلەر شىلدىرلاپ سۇنغاندەك، بارغانسېرى يېقىنلى-
شىۋاتقاندەك بولدى.

«بۇ نېمە بالادۇر؟» دەپ نۇزۇگۇم ئورنىدىن دەس تۇ-
رۇپ، توقايلىق ئىچىنى سەگەكلىك بىلەن ئارىلاپ ئىلگىرى-
لىدى. ئانچە ئۆتمەيلا ئۇ ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى. دەل
شۇ چاغدا ئاغزىدىكى يوغان چىشى ئىككى تەرىپىگە داردىيىپ
چىققان، يىڭنىگە ئوخشاش تۈكلىرى قاپقارا قاۋان نۇزۇگۇمغا
قاراپ يۈگۈردى. ئۇنى كۆرگەن نۇزۇگۇم قولىدىكى تۈگۈچ-
نى تاشلاپ چەتكە قاچتى. قاۋان پىچاقتەك ئۆتكۈر چىشلىرى
بىلەن تۈگۈچنى يېرىپ، ئۈنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى چې-
چىپ ئۆتۈپ كەتتى - دە، دەرھال ئايلىنىپ كەينىگە قايتتى.
لېكىن قېلىن تالنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۈۋالغان نۇزۇگۇمنى
كۆرمەي، يۈگۈرىگەن بويى ئوچۇقچىلىقنىڭ ئۇ چېتىدە تۇر-

غان مېكىجىنلارنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئۇلارنى بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن تۇمشۇقى بىلەن يەر تىلغاپ چىرقىراشقا باشلىدى. مېكىجىنلار بولسا بىرەر خەۋپ - خەتەرنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقىنىنى سەزگەندەك چىرقىرىشىپ توقايلىقنىڭ ئىچىگە قاچتى.

نۇزۇگۇم تەمتىرەپ قالدى. ئۇ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلغان قاۋاننىڭ ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ھىڭگىيىپ تۇرغان پەيچاقتەك ئۆتكۈر چىشلىرىنى كۆرۈپ چۆچۈدى، ئۇنىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دەرھال بىر يەرگە مۆكۈنۈۋېلىشنى ئويلىدى. ئۆپچۆرىسىگە قاراپ دالدا بولغۇدەك نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى يېنىدىكى ئالما دەرىخىگە چۈشتى. ئۇ يەردە چېچىلىپ ياتقان نەرسىلىرىگىمۇ قارىماي ئالما دەرىخىنىڭ ئۇچىغا يامىشىپ چىقتى.

ئۇ يوغان ئالما دەرىخىنىڭ ئېگىز شېخىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئەمما پۇت - قولى تىترەپ، ئەس - ھوشىنى يىغالماي قالدى. خۇددى قارا پاتقاقتا ئېغىناپ چىققاندەك كۆرۈنگەن قاۋان مېكىجىنلارنى يىراقراق يەرگە بېرىۋالسۇن دېگەندەك خارتىلداپ، ئورنىدىن قوزغالماي تۇراتتى. نۇزۇگۇم خېلى ۋاقىتقىچە دەرەخنىڭ ئۇچىدا ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ھەيران بولاتتى. كىگىزنىڭ ئورنىدەك يەرنى تىلغاپ تاشلىغان قاۋان بىردىنلا يۈگۈرۈپ جاڭگال ئىچىگە كىرىپ يوقىلىپ كەتتى. نۇزۇگۇم بولسا خېلى ۋاقىتقىچە ئالما دەرىخىنىڭ ئۇچىدىن چۈشمەي ئولتۇردى. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى قولى يەتكۈدەك يەردىكى ئىنچىكە شاختا ساڭگىلاپ تۇرغان بىرنەچچە ئالمىنى كۆرۈپ قالدى.

ئۇ بىرنەچچە قېتىم ئۇششۇك ئۇرسىمۇ، ئەمما بەرگىدىن چۈشمەي كۆكىرىپ تۇرغان ئالمىلارغا قاراپ «بۇلار كەچرەك چېچەكلەپ قالغاچقا پىشىپ ئۈلگۈرمىگەنمۇ نېمە» دەپ ئويلىدى -دە، بىر تال ئالمىنى ئۈزۈپ ئاغزىغا سېلىپ چىشلىدى ۋە شۇ زامانلا: «پاھ، بۇ ئالما كۆكىرىپ تۇرغىنى بىلەن قەۋەتلا تاتلىقكەنا!» دېدى. ئۇنىڭغا بۇ ياۋا ئالما ئالاھىدە يېتىپ كەتتى -دە، كەينى-كەينىدىن بىرنەچچە ئالمىنى ئۈزۈپ يېدى ۋە بەش-ئون تالنى پەشمىتىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئۇ يوغان تېرەكلەرگە ئوخشاش شاخاراپ ئۆسكەن قېرى ئالما دەرىخىنىڭ پۇتاقلىرىنى دەسسەپ، تېخىمۇ ئېگىزرەك چىقتى -دە، ئەتراپقا قارىدى: «ئاخشام كېلىپ توختىغان بۇ توقايلىق تاغ تەرەپكە سوزۇلۇپ كېتىپتۇ. توقايلىقنىڭ يۇقىرىسىدا مەھەللە بار ئوخشايدۇ. ئېگىز ئۆسكەن تېرەكلەرنىڭ ئارىسىدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىرى نان ياققىلى تونۇرغا ئوت قالاۋاتامدۇ نېمە؟» نۇزۇگۇم شۇنداق ئويلىدى -دە، دىمىغىغا يېقىملا تونۇردىن سويۇلغان ئىسسىق ناننىڭ ھىدى ئۇرۇلغاندەك بولدى. «مۇشۇ توقايلىقنى بويلاپ ئاشۇ مەھەللىگە بارايمىكىن. كۈنپېتىشقا قاراپ مېڭىۋاتقىنىمغا بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى. بۇ تەرەپلەردە مانجۇلار تۇرماق شىبەلەرمۇ يوقتۇر. ئۇلارنىڭ يۇرتىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىمەن» دەپ پەرەز قىلدى نۇزۇگۇم. ئۇ ئالما دەرىخىنىڭ ئۇچىدا تۇرۇپ تۆۋەن تەرەپكە قارىۋىدى، پۆپۈكلىرى سارغىيىپ قۇرۇغان قومۇشلار بىلەن ئۇ يەر -بۇيەردە توپ-توپ بولۇپ چوقچاراپ كۆرۈنگەن توغراقلاردىن باشقا كۆزگە چېلىققۇدەك بىرەر نەرسىنى كۆرمىدى. يىراقتا كەڭ يېيىلىپ ئېقىۋاتقان دەريا

كۆرۈنۈپ تۇراتتى . قەيەردىندۇر بىر يەرلەردە تۇرتەك ـ
تۇرتەك بولۇپ قاپقارا ئىسلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە . نۇزۇ-
گۇم : «موڭغۇللار مېنى يەنە شۇ دەريا تەرەپتىكى قومۇشلۇق-
لار ئىچىدىن ئىزدەپ يۈرىدىغان ئوخشايدۇ »دەپ ، ئۆزىنىڭ
ئۇياققا ئەمەس ، بۇياققا قاچقىنىغا خۇشال بولۇپ قالدى .
ئەمما ئۇ مەھەللىلەرگە كىرىشتىن قورقاتتى . بىراق قاراڭغۇ
قىش يېقىنلاپ كېلىۋاتقاچقا ئۇلاردىن يىراقلاپمۇ كەتكۇسى
كەلمەيتتى .

نۇزۇگۇم ئالما دەرىخىنىڭ ئۈچىدىن چۈشمەي ، خېلى
ۋاقىتقىچە تاغ باغرىدا كۆرۈنگەن مەھەللىلەرگە قارىدى . مە-
ھەللە ئەتراپىدىكى دۆڭلەردە پادا ـ كالىلار توپلىشىپ ئوتلاپ
يۈرەتتى . بەزى يەرلەردە قورۇ ـ قورۇسى بىلەن يۈرگەن
قويلارمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

نۇزۇگۇمنىڭ كۆزى دۆڭ ياقىلاپ كېتىپ بارغان ئىككى
ئاتلىققا چۈشتى . ئۇ ئۆزىنى ئالما شېخىنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ
ئۇلارغا سەپسېلىپ قارىدى . ھېلىقىلارنىڭ مىنىۋالغىنى ئات
ئەمەس قېچىر ئىكەن . ئۇلار باشلىرىغا سۇمۇلدىكى سولۇن-
لارغا ئوخشاش پۆپۈكى بار كىگىز بۆكلەرنى كىيىشىۋالغان ،
قوللىرىدا ئۇزۇن نەيزىلەرنى تۇتۇۋالغانىدى . «بۇلار مېنى
ئىزدەپ يۈرگەنلەر بولمىسۇن يەنە» دەپ تەشۋىشلىنىپ قال-
غان نۇزۇگۇم ئالما دەرىخىدىن چۈشۈپ ، ھېلىقى ئۇزۇن
چىشلىق قاۋان چېچىۋەتكەن نەرسىلىرىنى يىغىشتۇردى ـ
دە ، ئۆزىنى قاراڭغۇ چۈشكىچە دالدىغا ئېلىپ تۇرۇشنى لايىق
كۆردى . لېكىن نەچچە كۈندىن بېرى ئىسسىقراق بىر نەرسە
يېمىگەچكە تەنلىرى تىترەپ ، ئۆزىنى ھالسىزلىنىپ كېتىپ
بارغاندەك سەزدى . «مۇنداق ئاچتىن ـ ئاچ يۈرۈۋەرسەم

تېزلا ماغدۇرۇمدىن كېتىپ ماڭالماي قالىمەن»دېدى ـ دە، كۆڭلىنىڭ يورۇقىدا ئوزۇق بولغۇدەك بىرەر نەرسە تېپىۋېلىشـ ـنى ئويلىدى. يادىغا بايىقى قاۋان تىلغىۋەتكەن يەردىكى قاتار ـ قاتار چۆنەكلەر كەلدى ـ دە: «دېھقانلار بۇ يەرگە بىر نەرسىلەرنى تېرىغان بولسا قالغان ـ قاتقانلىرى باردۇر» دەپ ئۇ يەرگە قاراپ ماڭماقچى بولدى. لېكىن ئۇ قېچىر مىنىۋالغان سولۇنلارنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ خېلى ۋاقىتقىچە ئۆزىنى تۇتۇپ ئولتۇردى.

ئەسلىدە قورساق دېگەننى ئويلىمىسا ياخشى ئىكەن. قورساقنىڭ ئاچقىنى ئادەمنىڭ ئېسىگە چۈشكەندىن كېيىن، ھەرقانداق بالايىئاپەتلەرگە قارىماستىن كۆڭۈلنى ھەرخىل ئېغىر ئىشلارغا باشلايدىغان ئوخشايدۇ.

نۇزۇگۇم بىردەم قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنى ئۇنتۇپ باشقا نەرسىلەر ھەققىدە ئويلاندى، لېكىن قورسىقىنىڭ ئېچىۋاتـ ـقانلىقى كۆڭلىگە ئارام بەرمىدى. نۇزۇگۇم بايا ئۆزى كۆرـ ـگەن چۆنەكلەرنى ئارىلاپ يېگۈدەك بىرەر نەرسە تاپماقچى بولدى. ئويلىغىنىدەك دېھقانلار بۇ يەرگە ياڭيۇ ۋە سەۋزە تېرىغانىكەن. ئۇ چۆنەكلەرنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى كولاپ كۆرۈپ بىردەمنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە تال سەۋزە ۋە ياڭيۇ تېپىۋالدى. ئۇ قىرلىرى ئېگىز قىلىپ ياسالغان چۆنەكلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ: «بۇ يەردىكى كۆكتاتلارنى ئۇيغۇرلار تېـ ـرىغان بولۇشى مۇمكىن»دەپ ئويلىدى. بۇ چۆنەكلەردە ئۇش ـشۇك تېگىپ ئۈزۈلمەي قالغان چەيزە، لازىلارمۇ بار ئىدى.

نۇزۇگۇم بۇ يەردىن تېپىۋالغان سەيلەرنى يۇيۇپ كىـ ـچىككىنە مىس قازىنىغا سالدى. ئوتۇنىنىمۇ تەييارلاپ قويـ ـدى. ئۇ ئەمدى قاراڭغۇ چۈشۈشنى كۈتۈپ ياتقان ئورنىغا

باردى ـ دە ، پۈتىنى ئۆزى يىغىپ قويغان چۆپنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئولتۇردى . مانا شۇنداق چاغلاردا قوشاقلىرى بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان نۇزۇگۇم پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتتى :

قومۇش ئارىلاپ كۈن چىقتى ،
يالغۇز باشقا مۇڭ چۈشتى .
مەن نۇزۇكنى تۇتقىلى
سولۇن ـ چېرىكلەر چىقتى .

مەن قەشقەردىن چىققىلى ،
چۈشەك سېلىپ ياتقان يوق .
ئاتام قويغان ساچىمغا
تاغاق سېلىپ باققان يوق .

جېنىم ئاتامنى كۆرمەي ،
ئۆلۈپ كېتەر بولدۇم مەن ،
مەن نۇزۇكتەك ھېچ خوتۇن
چۆلدە يالغۇز يۈرمىگەن .

ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە بۇزۇلۇپ كەتتى . ئۇ ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ پۇخادىن چىققۇچە يىغلىدى .

كەچ كىرەرگە يېقىن ئاسمانغا تارقىلىپ كەتكەن ئاپئاق بۇلۇتلار بارغانسېرى بىر يەرگە توپلىنىپ ، تاغ چوققىلىرىغا يېقىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى . كۈنىنىڭ كەينى قوتانلىشىپ ، ئادەتتىكىدىن بالدۇر قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى .

«هاۋانىڭ كەيپى بۇزۇلۇشقا باشلىغىنىغا قارىغاندا جۇ-
دۇن - چاپقۇن بولۇپ قالارمۇ؟» نۇزۇگۇم هاۋانىڭ تېزلا
ئۆزگىرىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ قالدى.

ئۆتكەن قېتىم ئون ئىككى كۈن قومۇشلۇقلاردا قې-
چىپ، مۆكۈنۈپ يۈرگەندىغۇ كۈن خۇددى ئۆزى سوراپ
تىلىۋالغاندەكلا ئالامەت ياخشى ئىدى. ئەمما ئۇنداق كۈنلەر
دائىملا بولۇۋەرمەيدىكەن. نۇزۇگۇم يامغۇر - يېشىن باشلى-
نىپ كەتسە، نەگە پاناهلىنىپ، نەگە يوشۇرۇنۇشنى بىلمەيتتى.
كونىلار «يازدا يېپىنچاڭنى، قىشتا ئوزۇقۇڭنى
تەييارلا» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن. نېمىلا بولسا كۈننىڭ
ئىسسىقىدا بىرئاز ئوزۇق تەييارلىۋالماقچى بولدى - دە،
غازاڭلار ئۈستىگە چۈشكەن، شاخلارنىڭ ئۇچلىرىدا قالغان
ئالمىلاردىن بىرئاز يىغىپ ياغلىقىغا چىگىۋالدى. «بۇنىڭ
بىلەن هېلىقى كۆكتاتلىق يەردىن تېرىۋالغان نەرسىلىرىمنى
تېجەپ يېسەم ئىككى - ئۈچ كۈنگە ئوزۇق بولار» دەپ
ئويلىدى نۇزۇگۇم.

ئۇ چۆرىسىگە تاشلارنى تىزىپ ياسىغان ئوچىقىدىن چىق-
قان ئوت يالقۇنىنى يىراقتا يۈرگەنلەردىن بىرەرى كۆرۈپ
قالمىسۇن دەپ، ئۆزى ئولتۇرغان قېلىن تاللىقنىڭ ئوچۇق
تەرىپىنى تۇگۈچى ئىچىدىكى كۆڭلەك، ياغلىقلىرىنى ئېلىپ
تورىغاندىن كېيىن، چاقماق تاشنى ئېلىپ ئوت تۇتاشتۇردى،
ئاندىن ئۇ ياڭيۇ، سەۋزىلىرىنى پىشۇرۇشقا كىرىشتى.

نۇزۇگۇم پىشۇرغان نەرسىلىرىنى يەپ، قورسىقىنى
تويغۇزغاندىن كېيىن يەنە غەربكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆزىنىڭ
بۇ يەرگە ئوت قالىغىنىنى يىراقتىن بىرلىرى كۆرگەن بول-
سا، ئۇلار ئىزدەپ يېتىپ كەلگۈچە كېتىۋالاي دەپ، چاپسان-
راق ئورۇن يۆتكەپ كېتىشكە ئالدىرىدى.

III

ئۇ سايدىن چىققاندا ئۆزىنى پۈتۈنلەي باشقا ياققا كېتىپ قالغاندەك ھېس قىلدى . يېقىن ئارىدا پاناھ بولغۇدەك يا دەل ـ دەرەخ ، يا قومۇشلۇق يوق ئىدى . ئەگەر بۇ يەرگە كۈندۈزى كېلىپ قالسا تېزلا دۈشمەن قولىغا چۈشۈشى مۇمكىن . شۇڭا ئىلدام مېڭىپ تاڭ ئاتقۇچە تاغ تەرەپتىكى چىراغ كۆرۈنگەن مەھەللىلەرگە يېقىنراق بېرىۋېلىشقا ئالدىرىدى . ئۇ : «تاغ ئىچىدە تاشنىڭ كامارىغا مۆكۈنۈۋالسامۇ ، سايلارنىڭ ئىچىگە چۈشۈۋالسامۇ يامان كۆزلەردىن خالىي بولغۇدەك بىرەر يەر تېپىلىپ قالار» دەپ ئويلىدى .

بۈگۈن ئۇ خېلىلا كۆپ ماڭغاندەك قىلدى ، ئەمما ئانچىۋالا يىراق كېتەلمىدى . تاغ ياقىلاپ ، توپلىشىپ يۈرگەن بۇلۇتلار يېرىم كېچىدىن كېيىن ئاينىڭ يۈزىنى توراپ ، ئەتراپنى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتتى . نۇزۇگۇمنىڭ كۆزىگە ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئۆسكەن تەسكەن تىكەندىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى . ئۇ ئالدىراش مېڭىپ كېلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلاتتى ـ دە ، يەنە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ يۈگۈرەيتتى . بارار يېرىنى بىلمىسىمۇ كۈندۈزى مۆكۈنۈپ ياتقۇدەك بىرەر يەر تېپىۋېلىشقا ئالدىرايتتى .

يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى . نۇزۇگۇم ئۆزىنىڭ ئورمانلىق سايدىن چىقىپ كەتكىنىگە پۇشايمان قىلماقتا . چۈنكى ئۇ يەردە مۇنداق يامغۇر ـ يېشىندا مۆكۈنۈۋالغۇدەك يەر كۆپ ئىدى ، قورسىقىغا بىرەر نەرسە تېپىپ يېگىلىمۇ بولاتتى .

ھۆلچىلىكتە سولۇنلار ئۇنىڭ ئىچىگە ئوت قويسىمۇ تۇتىشىپ كۆيمەيتتى . ئۇ : «يامغۇر ئىتتىكلىگىچە كەينىمگە يېنىپ ، شۇ ئورمانغا بېرىۋالايمىكىن »دەپ ئويلىدى ـ دە ، ئاندىن يەنە تەۋەككۇل قىلىپ ، نېمىلا بولسا باشقا كەلگەننى كۆرمەيمەنمۇ دېگەندەك كەينىگە يېنىپ كېتىش خىيالىدىن قايتتى . ئەسلىدە بىر ئىشنى ئاخىرىغا چىقارماي قويۇشنى ئۆزىمۇ ياخشى كۆرمەيتتى . ئۆزۈگۈم يولغا چىقىپ بولۇپ كەينىگە قايتىشنى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس ، شۇڭا كەينىمگە قايتسام بىرەر خېيىمخەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىم مۇمكىن دەپ ئويلايتتى .

ئۇ ئەمدى قايسى تەرەپكە ماڭسام يامغۇردا ھۆل بولغىچە باشقا پاناھ بولغۇدەك بىرەر يەر تېپىۋالالايمەنكىن دېگەندەك ، ئەتراپنى كۆزىتىپ چىقتى . باش ـ ئۇچى كۆرۈنمەيدىغان بۇ دالادا يا دەل ـ دەرەخ ، يا ئۆي ـ پۆي كۆرۈنمەيتتى . ئەتراپنى بولسا تېخىمۇ تۇم قاراڭغۇلۇق باسماقتا . ئۇ ، مۆكۈنۈپ يۈرۈپ ماڭغان يەرلەر خېلىلا تۆۋەندە قالدى . شۇڭا ئۇ باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن دەپ يۇقىرىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ مېڭىۋەردى . دەريا تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن تۇمانمۇ قويۇقلىشىپ كەتتى . مۇنداق چاغدا ۋاقىتنىڭ قەيەرگە بېرىپ قالغىنىنىمۇ بىلىش تەس ئىكەن . لېكىن تۇمان قويۇقلاشقىنى بىلەن ئاسمانىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپى سۇزۇك ئىدى . شۇنىڭغا قارىغاندا تاڭ ئېتىشقىمۇ ئاز قالغان ئوخشايدۇ . يېقىن ئارىدا دالدا بولغۇدەك ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ .بۇ پايانسىز تۈزلەڭدە مۇشۇنداق مېڭىۋېرىشكە توغرا كېلەتتى . بەزىدە كىچىك ـ كىچىك سايلار ئۇچراپ قالاتتى . بىراق دالدا بولغۇدەك يەر كۆرۈنمەيتتى . ھاۋا ئوچۇق چاغدا يېقىنلا يەردىكىدەك كۆرۈن-

گەن تاغ گويا ئىلگىرىلەپ كەتكەندەك ، ئۇ بىر كېچە مېڭىپمۇ تاغقا يېتىپ بارالمايۋاتاتتى . بەزىدە تۇمان سەل بېسىلىپ قالسا ، نۇزۇگۇم مېڭىشنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىغا قاراپ ، تاغ باغرىدىكى ئېگىزلىكلەر يېقىنلاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلايتتى . ئۇ تەڭرىتاغنىڭ بەللىرىنى ياقىلاپ ، ئەنە يېتەرمەن ، مانا يېتەرمەن دەپ كۆزلىگەن يېرىگە تېخىچە يېتەلمىدى . سول تەرىپىدە تاغلار گاھ پاكارلاپ ، گاھ ئېگىزلەپ ، ئىلى دەرياسىغا ئوخشاش كۈنپېتىش تەرەپكە كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . نەچچە كۈندىن بېرى ئۈمىد قىلغان يەرلىرى مۇشۇ چەكسىز دالانىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تاغلارنىڭ كەينىدە بولمىسا ، بۇ يەرلەردە يوقتەك قىلاتتى . مانا سۈمۈلدىن چىققان نەچچە كۈندىن بېرى باش - ئايىغى يوق ئويمان - چوڭقۇر يەرلەردە مېڭىپ يۈرۈپ ئادەم بالىسىنى ئۇچراتمىدى .

نۇزۇگۇم يۇقىرى ئۆرلەپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ، تاغ باغرىدىكى ئاشلىقى يىغىشتۇرۇلۇپ بولغان ئېگىزلىققا ئۇلاشتى . ئۇنىڭ ھايات كەچۈرۈشكە بولغان ئۈمىدى يەنە ئويغىنىپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى . «بۇ يەرلەردىمۇ ئادەملەر ياشايدىكەنغۇ» دېدى ئۇ ئىچىدە . قەدىمىمۇ تېزلەشتى . بۇ چاغدا تاڭ ئېتىپ قالغانىدى . ئەمدى سەھەردە دەريا تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن تۇمانمۇ ئاستا تارقىلىپ ئەتراپ يورۇشقا باشلىدى . يىراقتىكى ئېدىر ۋە قىرلار قويۇق تۇمان ئارىسىدا قارىيىپ كۆرۈنەتتى . قاپتاللاردا توپ - توپ بولۇپ ئوتلاپ يۈرگەن قويلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە . سايلاردىكى يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ كەتكەن دەرەخلەر يىراقتىن كۆرۈنمەكتە .

يامغۇر دەسلەپتە بىر تال ـ بىر تالدىن تامچىلىدى. ئەمدى ئۇ بارغانچە ئىتتىكلىگىلى تۇردى. نۇزۇگۇم چاپسانراق دالدا بولغۇدەك بىرەر جايىنى تېپىۋالمىسا ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، شۇڭا ئۇ: «بۇ ئەتراپتا دېھقانلار تاشلاپ كەتكەن كەپىلەر باردۇر» دەپ، ئېگىزلىق بىلەن يۇقىرى ئۆرلىدى. لېكىن ئۇششاق تاش، شېغىللىق يەردە چاشقانلار بىلەن ئاغمىخانلارغىلا دالدا بولغۇدەك تەسكەن، تىكەن، ئادراسماندىن باشقا يوغانراق ئۆسۈملۈكمۇ يوق ئىدى. نۇزۇگۇم يۇمشاق قۇم ـ توپىسىنى ئېقىتىپ كېتىپ، شېخىل تېشى قالغان دالادا بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ئىتتىك مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ پات ـ پاتلا توختاپ ئەتراپقا سەپسېلىپ قارايتتى. ئۇ شۇنچە ماڭسىمۇ تېخىچىلا دالدا بولغۇدەك بىرەر جاينى ئۇچرىتالمىدى.

ئۇنىڭ كۆزلەپ كېلىۋاتقىنى سارغىيىپ كۆرۈنگەن ئېگىزلىق ئىدى. ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ بۇ يەرگىمۇ كەلدى. ھەربىرى ئىككى ـ ئۈچ مو كېلىدىغان ئېگىزلىقلار كۈزنىڭ مەمۇرچىلىق ۋاقتى بولۇشىغا قارىماستىن قۇرۇقدىلىنىپ، توپىسى ئۆرلەپ تۇراتتى. بۇ يەرنىڭ ئاشلىقى تۇرماق سامان ـ توپانلىرىمۇ پاك ـ پاكىز يىغىشتۇرۇلۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ بۇنى كۆرۈپ: «بۇ يەرنىڭ خەلقىمۇ ئېچىرقاپ، نامراتچىلىقتا ياشاۋاتقان ئوخشىمامدۇ» دەپ ئويلىدى.

يامغۇر بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. نۇزۇگۇم بىر ئېگىزدىن ئىككىنچى ئېگىزغا، بىر ئېچىقتىن يەنە بىر ئېچىققا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، كىيىملىرى چۆپ ـ چۆپ ھۆل بولۇپ كەتتى. بىر چەتتىن ئۇ ئېگىزلىقلارنى ئارىلاپ، مۇشۇنداق

هۆل بولۇپ كەتكەن كىيىم ـ كېچەكلىرىم بىلەن يۈرۈۋەر-
سەم ئۆزۈمگە سوغۇق تەگكۈزۈۋالىمەن دەپمۇ قورقاتتى . ئۇ
ئوچۇقچىلىقتا چىققاندا ئۆزىنى كەينىدىن تايغان قوغلىغان
توشقانغا ئوخشاش ھېس قىلدى . ئۇ ھازىر نەگە قېچىپ ،
نەگە مۆكۈنۈشنىمۇ بىلمەيتتى . مۇنداق چاغلاردا سولۇنلارغا
يولۇقۇپ قالسا ئاسانلا تۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى .
قېچىپ ـ مۆكۈنۈپ يۈرگەن ئادەمنىڭ تۈزلەڭلىكتە تەنھا
قېلىشى راستتىنلا خەتەرلىك . ئۇ ئەمدى نېمە قىلارىنى بىل-
مەي يىغلىۋەتتى . دالا تاختايدەك تەپتەكشى . يامغۇر ھەدەپ
ئىتتىكلىمەكتە . كۈن كۆرۈنمىگەن بىلەن ۋاقىتمۇ بىر يەرگە
بېرىپ قالغاندۇر . بىر ئازدىن كېيىن بۇ تەۋەنىڭ ئادەملىرى
ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈپ قېلىشى ، تۈنۈگۈنكى سولۇنلارمۇ يەنە
ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ قېلىشى مۇمكىن .

## IV

نۇزۇگۇم باش ـ ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان كەڭ ئېگىزلىقتا
چىققاندا ئىككى دۆۋە بوغداي سامىنىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ
گويا ئۇزۇندىن بېرى ئىزدەپ تاپالماي يۈرگەن ئەڭ يېقىن
قېرىندىشىنى ئۇچراتقاندەك كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەت-
تى . ئۇ كۆز يېشىنى پەشمىتىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ ،
چېتىكىنىڭ پاشنىسى ئېگىزنىڭ توپىسىغا يېتىپ ، ئىتتىك
ماڭالمايۋاتقىنىغا قارىماستىن ، دۆۋىلەگلىك سامانىنىڭ قېشى-
غا يۈگۈرۈپ كەلدى . بۇ ئەسلىدە دېھقانلار يازدا ياسىغان
خامانلىق ئىدى . تولۇق بىلەن چىڭدالغان خامانىنىڭ چېتىدە

ئىككى دۆۋە ساماندىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى . خامان-
دىكى بۇغداينىڭ بىر تال دېنىنىمۇ قالدۇرماي يىغىپ كەتسە
كېرەك ، پەقەت پاخاللارلا ئۇ يەر - بۇ يەردە چېچىلىپ
ياتاتتى . نۇزۇگۇم ئۆزۈم ھۆل بولسامىمۇ تۇگۇچتىكى كىيىم-
لىرىمنى ھۆل قىلماي ساقلاي دېگەندەك ، ئۇنى سامانىنىڭ
ئارىسىغا تىقىپ قويدى . شۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلى سەل
ئورنىغا چۈشۈپ خاتىرجەم بولغاندا كەپە - پەپىلەر يوقمىكىن
دېگەندەك ئۆپچۆرىگە زەن سېلىپ قارىدى . شۇ چاغدا ئۇ
ئېگىزنىڭ چېتىدىكى ئېرىق بويىدا بىر يېنىغا قىيسىيىپ ،
تىرەكلىرى چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان كەپىنى كۆردى . نۇ-
زۇگۇم كۆپتىن بېرى ئادەم ئولتۇرماي بۇزۇلۇپ ، چەڭزىلى-
رى ئۆرۈلۈپ ، سامانلىرى چېچىلىپ كەتكەن كەپىنىڭ قې-
شىغا كەلدى . كىگىز ئۆيگە ئوخشاش دۈگىلەك قىلىپ يې-
پىلغان كەپىنىڭ يېنىدىكى ئېرىق بويىدا قازان - ئوچاقمۇ
بار ئىدى .

ئۇ ئۇچ - تۆت ئادەم بىمالال سىغىدىغان كەپە ئىچىگە
كىرىپ ، ئۇنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەن شاخ - چەنزىلىرىنى تۇ-
زەپ ، تېگىگە سامان سېلىپ يېيىتتى . «يامغۇر ئۆتۈپ بۇنىڭ
ئىچى ھۆل بولۇپ كەتكۈچە ، تېزرەك پاخال ئەكېلىپ ئوچۇق
قالغان يەرلىرىنى يېپىۋالاي» دېدى - دە ، خامانىنىڭ چېتىدى-
كى دۆۋىدىن بىرنەچچە قۇچاق پاخال ئەكېلىپ ، كەپىنىڭ
ئېچىلىپ قالغان يەرلىرىنى ياپتى . ئاندىن ئۇ ، شامال چىقسا
ئۇچۇرۇپ كەتمىسۇن دەپ ، چەتتە چېچىلىپ ياتقان چەنزىلەر-
نى ئېرىق سىرتىدىكى يوغان تاشلار بىلەن باستۇرۇپ ، كەپى-
نىڭ چۆرىسىنى توسىدى .

نەچچە كۈندىن بېرى ئايدالادا يالغۇز قېچىپ - مۆكۈنۈپ

يۈرگەن چاغلىرىدا نۈزۈگۈمنىڭ بىردىنبىر ئارمىنى، تىلەيدىغىنى مۇشۇنداق بىر ئىسسىق ماكان ئىدى. ئەمدى مانا بۇ تىلىكىمۇ ئورۇندالدى. ئۇ كىيىم - كېچىكىنىڭ ھۆللىكىگە قارىماستىن خېلى ۋاقىتقىچە يامغۇردا يۈرۈپ كەپسىنىڭ ئىچى - تېشىنى تۈزەشتۈرۈۋالدى. خامان چېتىدىكى سامان دۆۋىسىنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇپ قويغان تۇگۈچىنىمۇ ئىچكىرى ئەكىرىۋالدى. ئىشىك تەرەپتىنلا سەل يورۇق چۈشكۈدەك جايىنى قالدۇرۇپ، باشقا يەرنىڭ ھەممىسىنى شامال كىرمەس قىلىپ يېپىۋەتتى. ئاندىن ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ سىقىپ، كەپە ئىچىگە يېيىپ قويدى.

قەشقەردىن چىققاندىن بۇيان تاشلىماي كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان كىيىملىرىنى يۆتكەپ كىيىپ، ئۆتكەن كېچە سايدا پىشۇرۇۋالغان ياڭيۇ، سەۋزىسىنى ۋە ئۈزۈۋالغان ئالمىلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئالدىرىماي قورسىقىنى تويغۇزدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئالدىنئالا تەييارلىۋالغان ساماننىڭ ئۈستىدە تۇگۈلۈپ ياتتى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى يامغۇردا يۈرۈپ مۇزلاپ كەتكەن پۇت - قولىنى ئىسسىتقاندىن كېيىن، كىرپىكلىرى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

نۈزۈگۈم مۇشۇ ياتقان پېتى ئەتىسى تاڭ سەھەردە بىراق ئويغاندى. ئۇ مېڭىشقا ئالدىرىمىغاچقا ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمەي ئېزىلىپ، خۇددى ئۆز ئۆيىدە بەزى كۈنلىرى باقەمگە ئەركىلىگەندەك ئىككى يېنىغا ئېغىناپ ئۇزاق ياتتى. بىر چاغدا قورسىقى ئېچىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئاغزىنى تامشىپ قويدى، بىردىنلا ئۆيىدىكى چاغلاردا يەپ يۈرگەن تاماقلىرى

بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يادىغا يېتىپ ئاغزىغا سېرىقسۇ كېلىشكە باشلىدى. كۆز ئالدىدىن سېمىز گۆشلەر بىلەن ئەتكەن مانتا، سامسىلار، ھەرخىل، ئاچچىق – چۈچۈك سەيلەر، ھورى پۇرقىراپ چىقىپ تۇرغان پولۇلار، تەخسىدە تولغىنىپ تۇرىدىغان لەڭمەنلەر كەينى – كەينىدىن ئۆتۈپ ئىشتىھاسىنى قوزغىتىۋەتتى...

نۇزۇگۇم مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ قورسىقىنى تېخىمۇ ئاچۇرۇۋالدى. قورساق ئاچ چاغدا ئۇيقۇ كېلىدۇ دەمسىز؟ ئۇ ئىسسىق پاخالنىڭ ئىچىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، يېيىپ قويغان پەشمىتىنى كىيدى، ئاندىن چوڭ ياغلىقىنى تۈزەپ تېڭىپ ئورنىدىن تۇردى. پۇت – قوللىرى كۈيۈشۈپ كەتكەنىدى. كەپىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن – بۇياققا مېڭىپ بىرئاز ھەرىكەت قىلىۋىدى، بەدىنىگە قان يۈگۈرۈپ سەگىپ قالدى.

نۇزۇگۇم كەپىنىڭ ئىچىدىن ئىشىككە تۇراپ قويغان پاخالنى بىر چەتكە قايرىپ، يامغۇر توختىدىمىكىن دەپ سىرتقا قارىۋىدى، خۇددى ئۆز كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەيۋاتقاندەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى: ئەتراپنى ئاق قار قاپلاپ، زىمىستان قىش باشلانغانىدى! ئۇ كۈن نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇرۇپ، يالت – يۇلت قىلىپ كۆرۈنگەن قارغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك بىرئاز ۋاقىت قىمىر قىلماي قاراپ تۇردى. «ئەمدى كۆرمىگىنىم مۇشۇ ئىكەن – دە،— دېدى ئۇ ئۆز – ئۆزىگە چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ،— بۇنىڭدىن بىر كۈن ئىلگىرى سايىنىڭ ئىچىدە ياتقاندا ھاۋانىڭ تەپتى ئالتىنچى ئاينىڭ تومۇزىدەك ئۇگە – ئۇگىسىنى بوشىتىپ ئىسسىتىۋەتكەنىدى. بۇگۈن بىردىنىلا زىمىستان قىش بولۇپ كەتكىنىنى قارا. ھېلىمۇ تۈنۈگۈن، خۇدا ئوڭلاپ، مۇشۇ كەپىنى جۆندىۋالغان-

كەنمەن . بولمىسا بۇ قاردا قانداقمۇ قىلار ئىدىم . تايىنلىق بىر يەرگە بېرىپ ئۇششۇپ قالاتتىم . شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى رەقىبلىرىمدىن قېچىپ قۇتۇلۇشنى ئويلاپتىمەنۇ ، ئەجەب زى- مىستان قىشنىڭ كېلىدىغىنىنى ئويلىماپتىمەن . قىش باش- لانسا تىرىك بەندە يوق بۇ ئايدالادا نەگىمۇ بېرىپ ، قانداق جان باقىمەن دېيىمكىنتاڭ ؟ نەكاشكى ئاۋۇ كونى ئورمانلىق- تىن كۆپرەك كۆكتات يىغىۋالغان بولسامچۇ ! ئوزۇقۇم كۆپ بولسا ماۋۇنىڭكىدەك ئېتىزدا تاشلىنىۋېتىلگەن كەپىلەر بىلەن تاغ قاپتاللىرىدىكى غارلارنىڭ ئىچىلىرىدە يېتىپ يۈرۈپ قىشنى چىقىرىپ ، ئۆلمەي تىرىك قالسام باھار كەلگەندە قەشقەر تەرەپكە كېتەر ئىدىم .»

نۇزۇگۇم تۇيۇقسىز ياغقان قارنى كۆرۈپ ھودۇققىنى- دىن خۇددى قېشىدا بىر ئادەم باردەك سۆزلەپ تۇردى - دە ، ئاندىن ماۋۇقتەك يۇمشاق ئاپئاق قارنى ئاۋايلاپ بېسىپ تالاغا چىقتى . يېڭى ياغقان قارنىڭ پۇتى تەگكەن يېرى ئېرىپ تۇراتتى . ئۇ كەپىنى بىر ئايلىنىپ ، قار ياغقاندىن كېيىن تېخىمۇ يېقىنلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنگەن تاغ چوققىلىرىغا ، ئۇنىڭ باغرىدىكى ئېدىر - قىرلارغا ۋە جىرا - سايلارغا سەپسېلىپ قارىدى . ھەممە نەرسە كېچە ياغقان قارغا كۆمۈ- لۈپ قالغاندەك جىمجىت . بىرەر يەردە قىمىرلىغان تىرىك جان كۆرۈنمەيدۇ . قار ئاستىدا قالغان خامانىنىڭ ئىزناسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . «بۇ يەرگە بىر كۈن ئىلگىرى كەلگەن بولسام بەلكى سامان - تۇپانلار ئارىسىدىن قورۇپ يېگۈدەك بۇغداي دانلىرىنى يىغىۋالار ئىدىم» دەپ ئويلىغان نۇزۇگۇم تۇنۇگۈن كۆرگەن قازان - ئوچاقنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇ بىر تۇتام پاخال بىلەن قازان - ئوچاقنىڭ چۆرىسىدىكى قارنى

سۇپۇرۇپ ، ئوچاقنى تازىلىدى . ئۇ بۇ ئوچاقتا چاي قاينىتىپ ئىچىشنى ئويلىدى . بىراق بۇ يەردىكى ئېرىقلاردا سۇ كۆرۈنمەيتتى . ئېھتىمال ، دېھقانلار ئورمىنى تۈگىتىپ ، ئېتىز ئىشلىرىنى بېسىقتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، بۇ ياققا سۇ كېلىدىغان تۇغانلارنى ئېتىۋەتكەن بولسا كېرەك .

ئۇ كەپىگە كىرىپ كىچىك قازىنىنى كۆتۈرۈپ چىقتى ـ دە ، ئۇنى قار بىلەن تولدۇرۇپ ئوچاققا ئورناتتى . ئاندىن كەپىدىكى پاخال بىلەن ئوت قالاپ ، قار ئېرىتىپ ، سۇ قايناتتى . ئۇ تۈگۈچىنىڭ ئىچىدىكى ھېجىرنى ۋە بىر ھەپتىگە يەتكۈدەك چاي ـ تۇزغا ئوخشاش نەرسىلەرنى كۆرۈپ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالدى . ئەتىگەندە ھاۋا سوغۇقتەك قىلىنىۋىدى ، ھازىر ئاسماندىكى بۇلۇتلار تارقىلىپ ، كۈن ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلگەچكىمۇ ھاۋا ئىسسىپ قالغاندەك بىلىنىدى . ئۈزۈگۈم نەچچە كۈندىن بېرى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان تۈگۈچىدىكى قاچا ـ قومۇش بىلەن ئۇزۇق ـ تۈلۈكىنى كەپىنىڭ ئىچىگە قويدى . ئاندىن ياغلىقىنى داستىخان ئورنىدا سېلىپ ، چاي ئىچىپ قورسىقىنى تويغۇزدى . ئۇ : «ياراتقان ئىگەم بەندىسىنىڭ رىزقىنى ھەر يەرگە تېرىقتەك چېچىۋەتكەن ـ دە ، ئادەملەر بولسا ئۇنى قۇشلارغا ئوخشاش ئۇچۇپ ـ قونۇپ يۈرۈپ تېرىپ يەيدىكەن» دېگەن ئويلارغا كېلىپ ، ئۆزىنىڭ ئادەم تۇرماق باغلاپ قويسا ھايۋانمۇ تۇرمايدىغان چۆل ـ باياۋانلارغا رىزقىنىڭ چېچىلىپ قالغىنىغا ھەيران بولاتتى .

بىرىنچى قېتىم ياغقان قار يىراقتىكى ئېگىز دۆڭلەر بىلەن جىرالاردىلا تۇرۇپ قالغىنى بىلەن باشقا يەرلەردە شۇ كۈنىلا ئېرىپ يوقىلىپ كەتتى .

كۈنگە قاقلانغان شېغىل تاشلىق يەرلەردە قارمۇ توختىمايدىغان ئوخشايدۇ . چۈنكى تاغ تەرەپتىن چىقىدىغان شامال بىلەن كۈننىڭ ئاززاقلا ئىسسىشى قارلارنى تېزلا ئېرىتىۋېتىدىكەن ، لېكىن بۇ يەردە بولىدىغان قارا سوغۇق ئادەمنىڭ تەن ـ تېنىگە خۇددى يىڭنە سانجىغاندەك ئۆتىدىكەن . نۇزۇگۇم هاۋا ئوچۇق كۈنلىرى سىرتقا چىقىپ بىر ئاز تۇرۇپ قالسا سوغۇق ئىچ ـ ئىچىگە ئۆتۈپ مۇزلاپ كېتەتتى ـ دە ، كەپىگە كىرىۋالاتتى . شۇنىڭدىمۇ خېلى ۋاقىتقىچە ئۆزىنى ئىسسىتالماي تىترەپ ئولتۇراتتى . شۇڭا بىرنەچچە كۈنگىچە سىرتقا ئانچە چىقماي كەپىدىلا بولدى . ئۇ غەم ـ ئەندىشىلەر ئىچىدە ، ئۆزۈن يوللارنى بېسىپ هاردۇق يېتىپ كەتكەچكىمۇ ، چاي ئىچكىلىلا تۇرمىسا ، باشقا ۋاقىتتا بېشىنى كۆتۈرمەي ياتاتتى .

ئەمما ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قېنىپ هاردۇقى چىققىنى بىلەن يەيدىغان ئوزۇقى تۈگەپ قالدى . كەپىدىن چىقماي يېتىۋەرسە ئاچتىن ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن . هايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئوزۇق تېپىشى كېرەك . نۇزۇگۇم قورسىقى ئېچىپ كەتكەن بۆرىلەرنىڭ يېگۈدەك بىر نەرسە ئىزدەپ دالا ـ تۈزنى قىدىرىپ يۈرىدىغىنىنى ۋە كۆزىگە هېچنېمە كۆرۈنمەي ئادەملەر ياشايدىغان يەرلەرگە كېلىپ قوروۋلاردىكى ماللارغا هۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى . شۇنىڭغا قارىغاندا قورساقنىڭ ئاچلىقى هەرنېمە قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان ئوخشايدۇ . ئاچلىققا چىدىيالمايۋاتقان نۇزۇگۇم ئەتراپتىكى ئېتىزلىقلار بىلەن خامانلارنى ئارىلاپ بىرەر سىقىم بۇغداي ياكى بىرنەچچە تال باشاق تېپىپ كېلەي دېسە ، كۈندۈزى بىرەر ئادەمنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالارمەنمىكىن دەپ قورقتى . يېقىن ئارىدا

يېزىلارمۇ كۆرۈنمەيتتى . نېمە قىلىشىنى بىلمەي بېشى قاتقان نۇزۇگۇم كەيىسىدىن چىقتى . ئۇ قايسى تەرەپكە بېرىپ ئاغ-زىمغا سالغۇدەك بىرەر نەرسە تېپىپ كەلسەم بولىدىكىن دەپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى . چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ئەتراپتىن يېگۇ-دەك بىر نەرسە تېپىشىغا كۆزى يەتمەيتتى . مۇشۇ پەيتتە ئۇ خامان چېتىدە تومپىيىپ تۇرغان كىچىك بىر سامان دۆۋىسى-نى كۆردى . دەرھال ئۇ ئاسماندىن ئىزدىگەن نەرسىسىنى يەردىن تېپىۋالغاندەك تېز مېڭىپ ، ساماننى قولى بىلەن بىر چەتكە قايرىدى ، ئىلەشتۇرۇپ باقتى . بىراق ئۇنىڭ بەختىگە سامان ئىچىدىن تېرىۋالغۇدەك بىر تالمۇ دان چىقمىدى . نۇزۇگۇمنىڭ روھى چۈشتى . ئۇ بايىلا بۇ ساماننىڭ ئىچىدىن ئەڭ بولمىغاندا بىر سىقىم بولسىمۇ بۇغداي تېپىۋالىمەن دەپ ئويلىغانىدى . لېكىن ئۇ بۇ يەرگە كەلمەستىن ئىلگىرى ئۆ-زىگە ئوخشاش رىزقىنى تېرىپ يەيدىغان قاغا ، كەپتەر ۋە قۇشقاچلار بىر تالمۇ داننى قويمىغانىكەن . نۇزۇگۇم ئېغىر ئۇھ تارتىپ خاماننىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئۆتتى ـ دە ، بۇرجى-كى سۇنۇپ كەتكەن تۇلۇق تاشنىڭ تۈۋىگە بىرى ئەتەي يىغىپ قويغاندەك قىزىرىپ تۇرغان بىر ئوچۇمدەك بۇغداينى كۆرۈپ قالدى . ئۇ دەرھال تۇلۇق تاشنى ئىتتىرىۋېتىپ ، ھېلىقى بۇغداينى توپىغا قوشۇپ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە سالدى .

ئۇ خامان چېتىدىكى تۇلۇق تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇ-رۇپ ، يەنە قەيەردە يىغىلىپ قالغان بۇغداي باركىن دېگەندەك ئۆپچۆرىسىگە قارىۋىدى ، ئېگىز ئىچىدە يۇگۇرۇپ كېتىۋاتقان چاشقاننى كۆرۈپ قالدى .

«خاماندىكى چېچىلىپ ياتقان بۇغداينى ئۇچار قۇشلارغا قوشۇلۇپ مۇشۇلارمۇ يىغىشتۇرۇپ بولغانىكەن ـ دە» دەپ ،

بىر ئاز ۋاقىتتىچە ئۇ چاشقاننىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى ،
چاشقان ئالدىغا ئېگىز توپا دۆۋىلەنگەن تۆشۈككە كىرىپ كەت‌ـ
كەندىن كېيىن : «بۇ چاشقان قانچە دەن بۇغداي يىغىۋالغان‌ـ
دۇ ؟ ئۇنىڭ ئۇۋىسىنى قېزىپ باقايمىكىن» دەپ تۇردى ـ
دە ، بۈگۈن ـ ئەتە يېگۈدەك ئوزۇق تاپقىنىغا قانائەت قىلدى .
نۇزۇگۇمنىڭ تۇلۇق تاشنىڭ تۈۋىدىن يىغىۋالغان بۇغ‌ـ
دىيىمۇ تۈگىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەتراپنى ئىككى كۈن
چارلاپ كۆردى ، بىراق قورساق تويغۇدەك ھېچ نەرسە تاپال‌ـ
مىدى . ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتكەندە چاشقاننىڭ ئۇۋىسىغا قاراپ
قوياتتى . بىراق كولاپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى . لې‌ـ
كىن قورساقىنىڭ ئاچلىقى ئۇنىڭ جۈرئەتسىزلىكىنى
يەڭدى ـ دە ، ئاخىرى ئۆتكۈر خەنجىرىنى غىلاپتىن چىقىد‌ـ
رىپ ، چاشقاننىڭ ئۇۋىسىنى قېزىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ئۇۋى‌ـ
سى نۇزۇگۇم ئويلىغاندەك يېقىن يەردە ئەمەس ئىكەن ، بەل‌ـ
كى بۇ يەردىن يىراقتا ، خېلى چوڭقۇردا ئىكەن . نۇزۇگۇمغا
نۇرغۇن تەر تۆكۈشكە توغرا كەلدى . ئۇ يەرنىڭ تېگىدىن ھەر
تەرەپلەرگە كىتكەن تۆشۈكلەرنى قېزىپ يۈرۈپ ، تۆت چاشقان‌ـ
نى ئۇۋىسىدىن ھەيدەپ چىقتى ـ دە ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ
قىشقا توپلىۋالغان بۇغدىيىغا يېتىپ باردى . ئۇنىڭ تۆككەن
تەرلىرى بىكارغا كەتمىدى . بۇ يەردىن ئۇ خېلى نۇرغۇن
بۇغداي يىغىۋالدى .
ئۇ بۇنىڭ بىلەن يەنە ئۈچ ـ تۆت كۈننى ئۆتكۈزدى .
بۈگۈن يەنە كۈننىڭ يۈزىنى بۇلۇت قاپلاپ ، ھاۋا بۇزۇلۇشقا
باشلىدى . بۇ قېتىم ئىلگىرىكىدەك يامغۇر ياغماي قار ئۇچ‌ـ
قۇنداپ چۈشتى ـ دە ، بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا ئالەمنى قارغا
كۆمۈۋەتتى . نۇزۇگۇم بولسا يۈيۈپ ، تازىلاپ قۇرۇتۇۋالغان

بۆغدىيىنى يەپ يېتىپ، يەنە تەقدىرىنىڭ پېشانىسىگە يازغىنىنى كۆتتى. مونۇ كۆلتۈك قاردا بىر ياققا كېتەلمەي خۇددى يىپسىز باغلىنىپ قالغاندەك بولدى. ئىلگىرى قومۇشلارنىڭ ئارىلىرىدا قېچىپ ـ مۆكۈنۈپ يۈرگەندە، مانجۇ ۋە موڭغۇللارغا تۇتۇلۇپ قالماي دەپ ئەتىدىن ـ كەچكىچىلا شۇنى ئويلايدىغان. ئەمدى ئۇلار تۈرىدىغان يەردىن غەربكە ئۈچ ـ تۆت كۈندەك يول مېڭىپ يىراقلاپ كەتكەندە، بۇ تەشۋىشتىن سەل خالىي بولغانىدى. ئەمما ئەمدى ئاچ قالمىسام بولاتتىغۇ دەپ ئەندىشە قىلىدىغان بولدى. قىشنىڭ سوغۇقى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. نۇزۇگۇم خاماندىكى پاخالدىن قانچە ئېلىپ كەپىسىنى ياپسىمۇ، يىڭنىنىڭ كۆزىدەك يەردىن تۆگىدەك سوغۇق كىرىپ، ئۆزىنى تۇزۇككىنە ئىسسىتالماي يۈردى. نەكاشكى، ساماندىن ياسالغان كەپىنىڭ ئىچىگە ئوت قالىغىلى بولسىچۇ. ئەمدى قورساقنىڭ ئاچلىقىغا سوغۇق ئازابى قوشۇلدى.

V

كېچىسى تاغ تەرەپتىن ئۇرغان شامال بىللەن بەزىدە بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. مۇنداق كېچىلىرى نۇزۇگۇمنىڭ كۆزىگە تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. چۆللەردە يالغۇز قالغان ئىتلارمۇ ئەنە شۇنداق ھۇۋلايدىغان. بەلكى بۇ ئاشۇ ئىتلارنىڭ ئاۋازىدۇر دەپ ئۆزىنى بەزلەيتتى نۇزۇگۇم. ھەر ھالدا بۇ ئاۋاز پۈتكۈل دالاغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندەك ھەيۋەتلىك چىقىپ، بەزىدە يېقىنلاپ كې-

لەتتى ـ دە ، بەزىدە يىراقلاپ كېتەتتى .

نۇزۇگۇم بۇگۇنمۇ كىرپىك قاقمىدى . بۆرىنىڭ ھۇۋلىشى تاڭ قىزىرىشقا باشلىغاندىلا توختىدى . ئۇنىڭ كۆڭلى شۇ چاغدا ئورنىغا چۈشۈپ ، كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى . كۈن ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلگەندە ئويغىنىپ ، تاشقىرىغا چىقتى . يېقىن ئارىدا بۆرە تۇرماق ھېچنېمىلا كۆرۈنمەيتتى . ئەمما خامانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت كالا كۆشەپ تۇراتتى . نۇزۇگۇم : «بۇ يەرگە ئادەملەر مېلىنى باقىلى كەلگەنمۇ نېمە ؟» دەپ ئويلاپ بىر تەرەپتىن خۇشال بولدى ، يەنە بىر تەرەپتىن چۆچۈپ قالدى . لېكىن يېقىن ئارىدا بۇ ماللارنى بېقىپ يۈرگەن ئىگىسى كۆرۈنمەيتتى . نۇزۇگۇم بىر كالىنىڭ يېلىنىنىڭ چىڭقىلىپ كەتكىنىنى بايقىدى : «بۇ كالا خېلىدىن بېرى سېغىلمىسا كېرەك .» ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بېشىغا تۇرۇپ باغلىۋالغان چېچىنى چۇۋۇپ ، كىيىمىنى قېقىشتۇرۇپ ، كۆڭلىكىنى تۈزىدى ـ دە ، مىس قازاننى ئاچىقىپ ھېلىقى كالىلارنىڭ قېشىغا كەلدى .

«ھوۋ ، ھوۋ ، بەلكى ئىگەڭلار سىلەرنى يوقىتىپ قويۇپ نەلەردە ئىزدەپ يۈرىدىكىن »دېدى ئۇ قازاننى كۆرسىتىپ . يېلىنلىرى چىڭقىلىپ كەتكەن كالا قازاندا بوغۇز بار دەپ قالدىمۇ ، ھەممىدىن ئىلگىرى نۇزۇگۇمنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى . ئۇ بويىنىنى سوزۇپ ، قازاننىڭ تېشىدىن پۇراپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە يېگۈدەك نەرسە يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن كەينىگە چېكىنىۋىدى ، نۇزۇگۇم ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن سىلاپ توختىتىۋالدى .

«ساڭا تۇرماق ئۆزۈمگىمۇ يېگۈدەك نەرسە يوق . نەچچە كۈندىن بېرى مەن چۆل ـ باياۋاندا ئاچتىن ـ ئاچ يۈرۈۋاتىد-

مەن . بەلكى ياراتقان ئىگەم مېنىڭ مۇشۇنداق ئاچ قالغىنىمنى بىلىپ سىلەرنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەندۇر . سەن مېنىڭدىن قاچما »نۇزۇگۇم شۇنداق دەپ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى ، قورساقلىرىنى سىلاپ يېلىنىغا يېقىنلاشتى .

ئۇزاقتىن بېرى سېغىلماي ، يېلىنلىرى چىڭقىلىپ كەتكەن كالا گويا نۇزۇگۇمنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنگەندەك تىنچ تۇرۇپ بەردى . قالغان كالىلار بولسا بويۇنلىرىنى ئۇزۇن سوزۇشۇپ قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىشاتتى .

باشتا بۇ كالا ساغقۇزمامدىكىن دەپ گۇمان قىلغان نۇزۇگۇم ئۇنىڭ تىنچ تۇرۇپ بەرگىنىگە خۇشال بولۇپ قالدى . راستىنىلا ئۇ كۆپتىن بېرى سېغىلمىغانىكەن . شۇڭا ئۈچ - تۆت ئاپقۇر سۇ سىغىدىغان قازىنى بىردەمدىلا توشتى . نۇزۇگۇم بۇ سۈتنى ئوتقا قويۇپ ئۆرلىتىشكىمۇ تاقەت قىلماي شۇ يەردىلا ئىچتى . ئۇنىڭغا يېڭى سېغىلغان ئىسسىق سۈت ئۇنتۇلۇپ كەتكەن تالاي نەرسىلەرنى ئېسىگە سالدى .

«سىلەر بولساڭلارمۇ چاپسان - چاپسان مۇشۇنداق كېلىپ مېنى بېقىپ تۇرۇڭلار !— دېدى كالىغا نۇزۇگۇم ،— بۇ زاماندىغۇ ئىنسان بالىسىدا بىر - بىرىگە رەھىم - شەپقەت دېگەن نېمە قالمىدى . بەزى چاغدا ئادەم بولۇپ مۇنداق ھايات كەچۈرگىنچە ، سىلەرگە ئوخشاش ھايۋان بولۇپ ، ھېچنېمىدىن غەم تارتماي ، ئار - نومۇسنى ئۇنتۇپ ياشىغاننى توغرىمىكىن دەپ قالىمەن .»

ئۇ يېنىدا مۆكۈداشقۇدەك ھېچكىمى يوق ئۈچۈنمۇ ، مۇنۇ تۇمشۇقىنى سۈركەپ ، كىيىملىرىنى پۇراپ ، قېشىدىن كەتمىگەن كالىنىڭ بويۇنىنى سىلىغان پېتىچە سۆزلىمەكتە :

«مېنى پۇراۋاتقىنىڭغا قارىغاندا ئىگەڭگە ئوخشاتتىڭغۇ

دەيمەن . سېنى ھەر كۈنى سېغىنىپ يۈرگەن ئىگەڭمۇ ماڭا ئوخشاش خوتۇن بولغىيدى . راست ، ماڭا قارىغاندا سېنىڭ ئىگەڭنىڭ ئىسسىق ماكانى بار ، قورسىقى توق ، بالىلىرى چۆرىسىدە ئويناپ يۈرىدىغاندۇر . ئەمما ھازىرقى زاماننىڭ ئادەملىرى ئاستىغا مىنگەن ئاتنى ئايىسا ئايايدىكى ، خوتۇننى ئايىمايدۇ . تالايىنى كۆردۈم . لېكىن ھەممىلا يەردە تەڭسىز-لىك ئوخشاش ئىكەن . مانا مەنمۇ ئاشۇ تەڭسىزلىككە باش ئەگمىگىنىم ئۈچۈنلا بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالدىم . بەزىلەر ئاھ ئۇرۇپ ، ھەسرەت چەككىنى بىلەن تەقدىرگە تەن بېرىپ ئىلى تەۋەسىدىكى مانجۇلارنىڭ قولىدا خارلىنىپ قالدى... »

كېچىسى كۈچىيىپ كەتكەن سوغۇق كۈندۈزى خېلى يېنىپ قالغانىدى . نۇزۇگۇم كالىلارنى كۆرۈپ ، كۆكسى - قارنى تويۇپ قالغانلىقتىنمۇ ، ئۆزىنىڭ مۇزلاپ كەتكىنىگە قارىماستىن ئۇلارنىڭ قېشىدا خېلى يۈردى - دە ، كېيىن ئوچاققا ئوت يېقىپ ، ساغقان سۈتنى پىشۇرۇپ كەپىسىگە قايتىپ كىردى .

شۇ كۈنى كالىلار كەچكىچە كونا خاماننىڭ يېنىدىن قوزغالمىدى . نۇزۇگۇم ئەمدى : «بۇ كالىلارنى ئىگىلىرى ئىزدەپ كېلىپ مېنى كۆرۈپ قالمىسا بولاتتىغۇ» دېگەن ئەندىشىگە چۈشتى . لېكىن پېشىن ۋاقتى بولغاندا تالاغا چى-قىپ ئالا كالىنى يەنە بىر قېتىم سېغىۋالدى .

«قېنى ئەمدى سىلەر بۇ يەردىن نېرىراق كېتىڭلار ، سىلەرنى دەپ تۇتۇلۇپ قالماي يەنە . ھوش ، ھوش !» دەپ ئۇ كالىلارنى خاماندىن ھەيدەپ چىقاردى .

كالىلارمۇ خۇددى نۇزۇگۇمنىڭ نېمە ھەققىدە سۆزلەۋات-قىنىنى ئۇققاندەك ئۆزلىرى كەلگەن چىغىر يولغا چۈشۈپ

ماڭدى . بىراق ئېگىزدىن چىقىپ باشقا ياققا بارسا ئىت ۋە قۇشلارغا يەم بولۇپ كېتىشتىن قورققاندەك خامان تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى . لېكىن كەچ كىرگۈچە خامانغا يې- قىن كەلمىدى .

بۇ كېچىمۇ بەك تەشۋىشلىك ئۆتتى . يەرگە قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا ئۆتكەن كېچە نۇزۇگۇمنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەرمەي تاڭ ئاتقۇچە ھۇۋلاپ چىققان بۆرىلەرنىڭ ئۈنى يەنە ئاڭلاندى . نۇزۇگۇم بۇ نېمە ئىشتۇر دېگەندەك بىرنەچچە قېتىم كەپىنىڭ پەنجىرىگە توراپ قويغان بىر باغ پاخالنى چەتكە ئېلىۋېتىپ ، بېشىنى سىرتقا چىقىرىپ ئەتراپقا قارى- دى : ھېلىقى تۆت كالا يەنە خامانغا كېلىۋاپتۇ . نۇزۇگۇم ئۇلارنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇپ قالدى . لېكىن بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىشى توختايدىغاندەك ئەمەس . ئۇلارنىڭ ئاۋازى تۆت تە- رەپنىڭ ھەممىسىدىن چىقىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە . تاغ شامىلى بۇ دەھشەتلىك ئاۋازنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە . نۇزۇگۇم كە- پىنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم يېپىۋالغان بولسىمۇ ئوي - خىيالى بارغانسېرى كۈچەپ ھۇۋلاۋاتقان بۆرىلەردە .

نۇزۇگۇم بۆرىلەر توغرىسىدا نۇرغۇن گەپ - سۆز ۋە رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغانىدى . لېكىن ئۇ مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە بۆرىنى كۆرۈپ باققىنى يوق . مۇزداۋاندىن ئۆتۈپ كېلىۋاتقان چاغدا ئۇ بۆرىنىڭ ئاۋازىنى كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئاڭلىغاچقا مۇنچىلىك قورقمىغانىدى . بۈگۈن بولسا بۆرىنىڭ ئاۋازى بەكلا دەھشەتلىك ئاڭلانماقتا .ئۇ : «بەلكى بۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان مۇنۇ چىلبۆرىلەرنىڭ ئاۋازىدۇر » دەپمۇ ئويلىدى .

بىر چاغدا كالىلار ئۈركۈشۈپ كەتتى ، شۇ چاغدا نېمە- نىڭدۇر خىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . بۆرىلەر ماللارنىڭ

يېنىغا كەلگەنمۇ نېمە ؟... جىمجىت كېچىنىڭ قوينى بۆرىلەر-
نىڭ خىرقىرىغان ، كالىلارنىڭ ئۇركۈپ مۆرىگەن ئاۋازلىرىغا
تولۇپ كەتتى . زادىلا مۇنداق ھادىسىنى ئاڭلاپ باقمىغان
نۇزۇگۇم : «ئۇلار كەپىگە كىرىپ كېلەرمۇ» دەپ قورققىنى-
دىن ، كەپە ئىچىدىكى پاخاللارنىڭ ھەممىسىنى ئىشىككە تو-
راپ ، پەشمىتىنىڭ يانچۇقىدىكى تەسۋىسىنى ئېلىپ ، نېمى-
لەرنىدۇر پىچىرلاپ ئوقۇشقا باشلىدى . ئۇ بىر تەرەپتىن
بۆرىلەردىن قاچقان كالىلار كەپەمنى ئۆرۈۋېتەمسە بولاتتىغۇ
دەپ ئەندىشە قىلاتتى .. بۆرىلەرنىڭ ئۇنى بىردەم يېقىنلىشىپ
قالاتتى - دە ، بىردەم يىراقلىشىپ كېتەتتى . بۆرىلەردىن
كۆرە كالىلارنىڭ ئاۋازى بۆلەكچە دەھشەتلىك چىقاتتى . نۇ-
زۇگۇم : «كالىلارنىڭ ئىگىلىرى بۇ ئاۋازنى ئاڭلىسا ھازىرلا
يېتىپ كېلەر . ئەگەر ئۇلار كېلىپ قالسا شۇبھىسىز مېنى
تۇتۇپ كېتىدۇ» دەپ ، ئۆزىنىڭ تاغ تەرەپكە قېچىپ ، تاشلار-
نىڭ ئارىسىغا مۆكۈنمەي ، قاتتىقراق شامال چىقسا ئۆرۈلۈپ
كېتىدىغان مۇنۇ كەپىگە يوشۇرۇنغىنىغا پۇشايمان قىلدى .
بۇگۈن كېچە مۇنۇ بۆرىلەردىن ساق - سالامەت قۇتۇلۇپ
كەتسىلا ئەتە ھاۋانىڭ سوغۇق بولۇشىغا قارىماي تاغقا بېرىپ
بىرەر ئۆڭكۈر ياسىۋېلىشنى ئويلىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن تىنچ-
ئامان تاڭنى ئاتقۇزۇش كېرەك . نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يادىغا
باقەم كەلدى . «ئەگەر ،— دەپ ئويلىدى نۇزۇگۇم ،— باقەم
يېنىمدا بولسا بۆرە تۇرماق يولۋاس كەلسىمۇ قورقمايتتىم .
راست ئۇ نەلەردە يۈرىدىكىن ؟» كالىلار تېخىمۇ قاتتىق مۆ-
رەشكەباشلىدى . نۇزۇگۇم : «بۇ بايا مەن سۈتىنى سېغىۋالغان
ئالا ئىنەكنىڭ ئاۋازى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يوغانراقىمۇ شۇ
ئىدى . ئۈچ - تۆت كالا بىر بۆرىگە بوي بەرمەيدۇ دېيىشىدى-

غان .لېكىن بۇلارنىڭ مۆرەشلىرىگە قارىغاندە بۆرىلەر كۆپ ئوخشايدۇ» دېدى ئىچىدە . بىر چاغدا قاتتىق چىقىۋاتقان ئاۋازلار ئاستىلاپ توختاپ قالغاندەك ياكى يىراقلىشىپ كەت- كەندەك بولدى .

«خۇداغا شۈكرى ، كەتكەن ئوخشايدۇ يا بولمىسا بۆرىلەر كالىلارنى بوغۇۋەتكەنمىدۇر ،— دېدى چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ تىنغان نۇزۇگۇم ،— ياكى بۆرىلەرنىڭ كالىلارغا كۈچى يەت- مەي قېچىپ كەتكەندۇر . »

ئۇ مانا شۇنداق تەشۋىش - ئەندىشە ئىچىدە ئولتۇرۇپ ، كۆزىنىڭ يۇمۇلۇپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى . لېكىن كې- چىكمەي چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى . قۇلىقىغا بۆرىلەرنىڭ خىرقىرىغان ئاۋازلىرى يەنە ئاڭلاندى . بىر چاغدا بۇ ئاۋازلار- مۇ جىمىقتى . ئەتراپنى سۆرۈن جىمجىتلىق باستى . ئۇ قا- راڭغۇ كەپىدە ۋاقىتنىڭ قايسى مەزگىلى بولغانلىقىنى بىلەل- مەي سىرتقا چىقماق بولدى ، بىراق ئىشىكنى تاپالمىدى . ئۇ ئويلاپ كۆرسە كەپىنىڭ ئىچىدىكى ھەممە پاخالنى ئىشىك تەرەپكە ئۆرىدەپ دۆۋىلەۋەتكەنىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ پاخال- لارنى يۆتكەپ ، ئىشىكنى ئاچقاندا كەپىنىڭ ئىچىگە ئۇپۇقتىن يېڭى كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان كۈننىڭ نۇرى بىلەن بىللە مۇزدەك سوغۇق ھاۋا كىردى . ئۇ بىرئازۋاقىتقىچە سىرتقا چىقماي ، شەرقتىكى پاكار ئېدىرلارنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈ- لۈپ كېلىۋاتقان قۇياشقا زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇردى . ئەتراپ بۇگۇنمۇ جىمجىت . شامال قىبلە تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى . ئۇ تالاغا چىقىپ قارىدى ، يۇقىرى تەرەپتىكى تاغلار ئاق تونغا پۈركىنىپ ، چوڭقۇر مۇڭغا پاتقان ئاق ئېيىقتەك سوزۇلۇپ ياتاتتى . تۆۋەن تەرەپتە كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئىلى دەرياسى

قويۇق تۇمان ئىچىدە قالغان . قارلىرى ئېرىپ ئالا ـ چىپار
بولۇپ كەتكەن دالادا كۆزگە چېلىققۇدەك ھېچ نەرسە يوق .
نۇزۇگۇم كېچىسى ھۇۋۇلىغان بۆرىلەر بىر يەرگە مۆكۈنۈۋال-
دىمىكىن دېگەندەك ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە كۆرۈنگەن تەسكەن
تىكەنلەر تۇۋۇلىرىگە سەپسېلىپ قارىدى . يېقىن ئارىدا تى-
رىك جان كۆرۈنمەيدۇ . تۈنۈگۈن كەچكىچە كونا خامانىنىڭ
ئورنىدىن قوزغالماي سامان ـ پاخال يېگەن كالىلارمۇ كېتىپ
قاپتۇ . لېكىن ئۆزىدىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز قەدەم نېرىدىكى
خاماندا ، دۆۋىلەپ قويۇلغان پاخالنىڭ بىر چېتىدە قارىيىپ
ياتقان نەرسە تۇراتتى . ئۇنى كۆرۈپ نۇزۇگۇمنىڭ يۈرىكى
جىغلا قىلىپ قالدى . ئۇ ئۆزىنى تۇتۇپ ، بۇ قارىيىپ ياتقان
نەرسىگە زەن سېلىۋىدى ، كۆزى كالىنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان
ئىككى مۈڭگۈزىگە چۈشتى . ئۇ خېلىغىچە بۇ يەنە نېمە بالادۇر
دېگەندەك ، تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى . نۇزۇگۇم ئۇنىڭ يېنىغا
يېقىنراق باراي دېسە ، دۆۋىلەگىلىك سامانىنىڭ ئىچىدىن بۆرە
چىقىپ قالامدىكىن دەپ قورقتى . شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بىر
چامداپ ، بىر توختاپ ، ئۆپچۆرىسىگە قاراپ خامانىنىڭ چېتىگە
باردى . ئېڭىزلىقتا ئالا ئىنەكنىڭ توت پۇتى بىلەن بېشىدىن
باشقا ھېچنېمىسى قالماپتۇ . نۇزۇگۇمنىڭ كۆڭلى بىر قىسما
بولۇپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى : «ۋاي ئىست ، ئاخشام ۋار-
قىراپ چىققان بولسام ، بۆرىلەر ئالا ئىنەككە تەگمەي قېچىپ
كېتەر ئىدى» دەپمۇ ئويلىدى . ئەمما ئۇ قىزىرىپ تۇرغان
گۆشنى كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ قورسىقىمۇ ئاشۇ بۆرىلەرنىڭكى-
دىن بەتتەر ئېچىپ كەتكىنىنى سەزدى ـ دە : «بىر ھېسابتى-
مىغۇ چىقمىغىنىم ياخشى بولغانىكەن» دېدى ئۆزىگە ئۆزى .
نۇزۇگۇم پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كالىغا تېخىمۇ يېقىن

كەلدى . ئۇ تۇنۇگۇنلا ئۆزى سۇتىنى سېغىپ ئىچكەن ئالا
كالىنىڭ كاللا ـ پاچاقلىرى بىلەن بىر نەچچە ئومۇرتقىسىنىڭ
قالغىنىنى كۆرۈپ هەيران بولدى.: «مۇشۇنچىلىك يوغان
مالنىڭ گۆشىنى تۈگىتىپ كەتكەنُ قانداق يامان ئوپقانلار
ئۇ » بۆرىلەر ئۇنىڭ ئۇچەي ـ قېرىنلىرىنى ئېگىزلىكتا خېلى
يەرگىچە سۆرەپ ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ . بۇ كالىنى چوقۇم
نەچچە كۈندىن بېرى ئوزۇق تاپالماي ، دالادا ئاچتىن ـ ئاچ
قاتراپ يۈرگەن ئاشۇ بۆرىلەر يەپ كەتتى . ئۇلار ئالا ئىنەك-
نىڭ قوۋۇرغىلىرىدىكى گۆشلەرنى خۇددى قاسساپلار پىچاق
بىلەن شىلىغاندەك شىلىپ يەپ ، قۇرۇق ئۇستىخىنىنى قال-
دۇرۇپ كەتكەندى . نۇزۇگۇم : «شۇنچە يوغان كالىدىن ماڭا
بىرەر ئاشلىق گۆش قالدۇرۇشمىغىنىنى قارا » دېگەندەك
بۆرىلەرگە رەنجىدى . ئەمما ئالا كالىنىڭ پارقىراپ تۇرغان
كۆزلىرىگە ئۇنىڭ كۆزى چۈشۈپ ، پۇت ـ قولىغا تىترەك
ئولىشىپ كەتتى . ئادەم بالىسى ۋەهشىي هايۋانلار ئىچىدە
يۈرۈپ ، مۇشۇنداق پاجىئەلەرنى كۆرۈۋەرسە ، ئۆزىمۇ ئاشۇن-
داق هاياتقا ئۆگىنىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ .
«مۇنۇ ئېگىزلارنىڭ تىلغىنىپ كەتكىنىگە قارىغاندا ،
بىچارە كالا بۆرىلەر بىلەن خېلىلا ئېلىشقان بولسا كېرەك .
قالغان كالىلار قاياقلارغا كەتكەندۇر . ئەجەب ئۇلار بۇنى
بۆرىلەرگە يېگۈزۈپ قويۇپتا . بۇ كالىنىڭ ئىگىسى بۈگۈن
ئىزدەپ كېلىشى مۇمكىن . شۇڭا مەن چاپسانراق باشقا ياققا
كەتمىسەم بولمايدۇ» دېگەن ئويغا كەلدى ـ دە ، كەپىسىگە
كىرىپ ، چېچىلىپ كەتكەن قاچا ـ قومۇچىلىرى بىلەن
كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ياغلىقىغا چىگدى .
ئۇ هەممە ئىشنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ كەپىدىن چىقتى .

لېكىن كۆزى كۇنچىقىش تەرەپتىكى مەھەللىدە . نۇزۇگۇمغا ئۇ تەرەپتىن بىرلىرى كېلىپ قالىدىغاندەكلا قىلىپ ، يۈرىكى سېلىپ ، دەككە ـ دۈككە بولماقتا . بۇ يەردىن ئۇ چاپسانراق كېتەي دېسە ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خۇددى ئۆزىنىڭ ئىسـسىق ئۆيىگە ئوخشاش ئۆگىنىپ قالغان كەپىسىنى قىيمايدۇ. تى . ئۇ نېمىلا بولسا ئالدى بىلەن يولدا يېگۈدەك ئوزۇق يىغىۋالاي دەپ ، بايىقى ئالا كالىنىڭ بېشى بىلەن پاچاقلىرى قالغان يەرگە باردى . بىراق ئۇ يەردىن بىر چىشلەممۇ گۆش تاپالمىدى . بۆرىدىن ئادەمگە گۆش ئاشامدىكەن .

نۇزۇگۇم ئەمدى نېمە قىلايكىن دېگەندەك ، ئۆپچۆرىسىـگە زەن سېلىپ قارىۋىدى ، كۇنچېقىش تەرەپتىكى ئېدىردىن ئىككى ئاتلىق ئادەمنىڭ تۆۋەنلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇلار بىر دۆڭدىن ئېشىپ ، سايغا چۈشۈپ كېتىشىگە نۇزۇ-گۇم تۇگۈنىنى قولتۇقىغا قىستى ـ دە ، كەپىنىڭ ئىشىكىنى مورىسى بىلەن ئىتتىرىپ بۇزۇپ ، بېشىنى بەكمۇ ئېگىز كۆتۈرمەي ، ئېگىشكەن پېتى كەينىگە شوخشۇپ ئېگىزلىقنىڭ غەرب تەرىپىدىكى سايغا چۈشۈپ كەتتى .

# يەتتىنچى باب

## I

«بۇ يەرلەرمۇ تىنچ ئەمەس ئىكەن. قىش كۈنلىرى ماللارمۇ باشقا يەردىن ئوزۇق تاپالمىغاندىن كېيىن كونا خامانىنىڭ چۆرىسىگە يىغىلىدىغان ئوخشايدۇ. ئاچ قالغان يىرتقۇچ بۆرىلەرمۇ شۇ ئەتراپتىن كەتمەيدىكەن. ئاۋۇ كېلىۋاتقانلار ئاشۇ بۆرىلەر يەپ كەتكەن ئالا كالىنىڭ ئىگىلىرى بولسا كېرەك.» نۇزۇگۇم ئەنە شۇنداق ئويلاپ سايىنىڭ ئىچىدىن ئەتراپىغا سەپسېلىپ قارىدى. ئۇ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۇستىلەپ كىيىۋالغاچقا ئانچىۋالا مۇزلاپ كەتمىگەنىدى. ئاتلىق ئادەملەر خامانغا كېلىپ قايتقاندىن كېيىن يەنە كەپىگە كىرىۋالارمەن دەپ ئويلىغان نۇزۇگۇم بۇ پىكىردىن ياندى، چۈنكى بۇ يەرلەردە بەربىر تىنچلىق يوق ئىدى. بۆرىلەر ئاخشاملىقتا يەنە ئالا ئىنەكنىڭ قالغان ـ قاتقان نەرسىلىرىنى يېگىلى كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ بۇ يەردىن چاپسانراق كېتىپ، كۈننىڭ يورۇقىدا بىر ماكان تېپىۋېلىشنى ئويلىدى.

ئۇ چوڭقۇرلۇقى ئادەم بويى كېلىدىغان جىلغىنى بويلاپ

ئۆرلەپ خېلى يەرگىچە ماڭدى . ئەمما بۇ يەردە توپ ـ توپ ئۆسكەن چىغدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى . ئۇ يۇقىرى ـ لاپ خېلى ماڭغاندىن كېيىنلا ، دەل ـ دەرەخلەر بىلەن چىغ ، تېۋىلغا ، زىرىق تىكەنلەر كۆپىيىشكە باشلىدى . توختىماي چىقىۋاتقان شامال تۈزلەڭنىڭ قارىنى ساي ـ جىرالار بىلەن ئېرىق ـ ئويمانلارغا ئۇچۇرماقتا . ئۇ ئەمدى كۆلتۈك قار باسقان جىرانىڭ تېگىگە چۈشمەي قاپتال بىلەن كېلىۋاتاتتى . بىراق ئۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ، بىر سايدىن ئىككىنچى بىر سايغا ئۆتۈپ ، غەربكە قاراپ تاغ باغرىنى كۆزلەپ كەچكىچە ماڭغىد ـ نى بىلەنمۇ مۆككۈدەك تۈزۈك يەر تاپالمىدى . نۇزۇگۇم بىر دۆڭگە چىققاندا كەينىگە قاراپ قويدى . نەچچە كۈن قونغان كەپىسى يىراقتىن غىل ـ پال كۆرۈندى . لېكىن ھېلىقى ئاتلىق ئادەملەر كۆرۈنمەيتتى . بۇ تەرەپتە بۆكتىدە ئۆسكەن قارىياغاچلارمۇ ، بوستانلىق يەرلەرمۇ كۆپ ئىدى . يىراقتا كىچىك مەھەللىلەرمۇ كۆپ ئىدى . ئۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ تۈرخۈنلىرىدىن چىققان ئىسنى كۆرۈپ ، نۇزۇگۇم ئاغزىنى تامشىپ ، كېكىردىكىنى قىرىشتۇرۇپ يۆتىلىپ قويدى .

«ئۇلار كەچكى تاماققا سۇيۇقئاش ئېتىۋاتامدىكىن ،— دەپ ئويلىۋىدى ، شۇنچە يىراق يەردىن بۇرنىغا ئاشكۆكى سېلىپ ئەتكەن سۇيۇقئاشنىڭ يېقىملىق پۇرىقى كەلگەندەك بولدى ،— ھەر ھالدا بۇ تەرەپتە ئادەملەر كۆپ ئوخشايدۇ . »

ئۇ كۈننىڭ يورۇقىدا شۇ مەھەللىلەرنىڭ چېتىگە يېتىۋالماق ـ چى بولدى . ئانچىۋالا چوڭقۇر ئەمەس ساي بىلەن مېڭىپ ، كۈنگەي تەرەپتىكى يوغان تاشنىڭ كامارىدا توختىدى . ئىككى تەرىپى تاش بىلەن قورشالغان بۇ كامار شامالدىن دالدا ، يات كۆزلەردىن خالىي ئىدى . ئۇ تۈگۈچىنى يەرگە قويۇپ ، ساي ـ

نىڭ ئىچىدىن قۇرۇغان تاللارنىڭ شاخلىرىنى ، قومۇشلارنى يىغىپ ، دالدا بولغۇدەك «ئۆي» ياسىدى ، ئاندىن كېيىن ئوت قالاپ ، قورسىقىنى تويغۇزدى . ئۇ شۇ كۈنى كېچىچە ئوتنى ئۆچۈرمەي ئولتۇرۇپ تاڭنى ئاتقۇزدى . ئەتىسى قىشى-چە ياشىغۇدەك قولايلىق ماكان تېپىۋېلىش ئۈچۈن يەنە يۇقى-رى ئۆرلەپ كەتتى .

بۇ چاغدا تاغمۇ يېقىنلىشىپ قالغانىدى . ئۇ ئالدىرىغان ھالدا بىر سايدىن يەنە بىر سايغا چۈشۈپ يۇقىرىلاپ ماڭدى . بولۇپمۇ ئىچىگە ئادەم تۇرماق ھايۋانلارمۇ كىرەلمەيدىغان ، ئىككى تەرىپىنى ئۆيدەك يوغان خادا تاشلار قورشىغان چوڭ-قۇر سايغا ئۇلاشقاندا ، خۇددى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىزدەپ كېلىۋاتقان نەرسىسىنى تاپقاندەك بولدى . سايىنىڭ يانباغىر-لىرىدا ياۋا ئالما – ئۆرۈكلەر ، بۆك تاللار ۋە ئازغان بىلەن تېۋىلغىلار ئۆسكەن بولۇپ ، ئاستىدا سۇ ئېقىپ تۇرىدىكەن . چۆرىسى مۇز تۇتۇپ كەتكەن ئۆستەڭدىكى سۇنىڭ شاۋقۇنى ئاللاھىدىلا ھەيۋەتلىك ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن .

سۇ ئويۇپ يىلدىن – يىلغا چوڭقۇرلىشىپ كەتكەن ساي-نىڭ ھەر ئىككى تەرىپى تىك يارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . نۇزۇگۇم مۇنداق خادا تاشلىق چاتقاللىقنى پەقەت مۇزداۋاندىن چۈشۈپ كېلىۋاتقاندىلا ئۇچراتقان . بۇ چوڭقۇر سايىنىڭ تېگى-دىكى چۆپلەر ئادەم ئۆتكۈسىز قېلىن ئىدى . بۇ چۆپلەر ئېگىز ئۆسكەن پېتىچە قۇرۇپ قوراي بولۇپ قاپتۇ . نۇزۇگۇم سايغا قانداق چۈشەرىنى بىلمەي خېلى يەرگىچە قاپتالنى بوي-لاپ ماڭدى ۋە : «بۇ ماڭا ئوخشاش قېچىپ ، مۆكۈنۈپ يۈر-گەن مۇساپىرلارنىڭ ماكانى ئىكەن . بۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتسەم مەنچىلىك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بىر تۈمەن چېرىكى مېنى

بىر يىل ئىزدەپمۇ تاپالماس» دەپ ئويلىدى . ئۇ يانباغىردىكى يوغان تاشلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ قېلىن جىلغىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن چىغىر يولغا دۇچ كەلدى .

«بۇ ، ئېھتىمال ، توشقان ۋە تۈلكىلەر سالغان يول ئوخشايدۇ . ئۇلار ئۆتكەن يەردىن ئۆتەلەيمەنمىكىنتاڭ» دەپ جىلغىنىڭ ئىچىگە كىردى نۇزۇگۇم . ئۇ بۇ ئىنچىكە چىغىر يولدا كېلىۋېتىپ ساينىڭ تېگىدىكى سۇغىمۇ ئۇلاشتى . يول سۇدىن ئۆتۈپ تاللارنىڭ ئارىسى بىلەن يەنە يۇقىرى ئۆرلەپ چىقىپ كەتتى .

«مۇشۇ يول بىلەن مېڭىۋەرسەم بىر يەرگە بارارمەن» دەپ ئويلىغان نۇزۇگۇم تاشلارنى دەسسەپ ، ئۇلۇغ سۇنىڭ ئىككىنچى قانىتىغا ئۆتتى ـ دە ، تېخىمۇ قېلىن جاڭگاللىق ئىچىگە كىردى . يېقىنلا يەردىن بىر توپ كەكلىك قاناتلىرىنى قاتتىق قېقىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى . نەچچە كۈندىن بېرى قېچىپ ، مۆكۈنۈپ يۈرۈپ بۇنداق تاسادىپىيلارغا كۆزى ئۆگىنىپ قالغان نۇزۇگۇم بۇ ئىشقا ئانچىۋالا دىققەت قىلماي كەتمىدى . يارلارنىڭ تۈۋىدىكى قاقىراڭ يەرلەردە قىرغاۋۇللار دانلاپ يۈرەتتى . نۇزۇگۇم ئۇلارغا قىزىقىپ بىردەم قاراپ تۇرۇپ قالدى .

ئۇ ساينىڭ ئىچىدىكى چاتقاللار ئارىسىدا كېلىۋېتىپ ، ئېگىزرەك يەردىكى ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئۆڭكۈرنى كۆرۈپ قالدى . دەسلەپتە بۇ يەرگە يېقىنلاشقىلى ئۇنىمىدى ، يەنە بىر دەم ئويلاپ ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قاراپ ، باشقا نەرسە چىقالمايدۇ دېگەن ئويغا كەلگەن نۇزۇگۇم ئۇنىڭ ئالدىدىكى تاشنى ياقىلاپ ئۆتتى ـ دە ، بىر ئاز يەرگىچە يۇقىرىلاپ ماڭدى . ئەمما ، نېمە ئۈچۈندۇر ، ئادەملەر قول بىلەن ئويۇپ ياساپ قويغاندەك كۆرۈنگەن ئۆڭكۈر ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق

كۆرۈنگەندەك قىلدى .

«ئۆزىمىغۇ ماڭا لايىق ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ . لېكىن ئۆڭكۈرنىڭ قېشىغا كېلىشكە ئەيمەندى . يېقىن يەردە بۇنىڭدىن باشقا پاناھلانغۇدەك يەر تاپالماي ، ئاخىر ئاشۇ ئۆڭكۈرگە كىرىشكە جۈرئەت قىلىپ :«ئەگەر ئۇنىڭ ئىچىدە بىرەر يىرتقۇچ ھايۋان بولسىچۇ ؟ تەۋەككۈل قىلىپ باشقا كەلگەننى كۆرمەيمەنمۇ »دەپ ئويلىدى .

نۇزۇگۇم قولىغا تايىنىۋالغان تايىقىنى تۇتۇپ ، ئۆڭكۈر ئالدىدىكى سۇپىغا ئوخشاش ياپىلاق تاشقا ئاۋايلاپ چىقتى . ئۇ ئۆڭكۈر ئىچىدىن ئاۋۇ كۈنى قورسىقىنى يېرىۋەتكىلى ئاز قالغان قاۋانغا ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ بىرى چىقىپ ئېتىلامدىكىن دېۋىدى ، لېكىن خۇداغا شۈكرى ، ھېچ نەرسە چىقمىدى . نۇزۇگۇم ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىدا خېلىغىچە تېڭىرقاپ تۇردى . يېقىن بېرىپ ئۇنىڭ ئىچىگە سىنچىلاپ قارىغانىدى ، كۆزى يەتكەن يەرگىچە ھېچنېمىنى كۆرمەي ، ئاستا ، ئېھتىيات بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىردى . لېكىن يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ قورقۇپ تۇرسىمۇ چاپسانراق ئۇنىڭ ئىچىگە جايلىشىۋېلىشنى ئويلىدى .

نۇزۇگۇم ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن تەپسىلىي قاراپ بېقىۋىدى ، بۇ يەردە ھېچقانداق نەرسە يوق ئىكەن . ئۇ قولىدىكى تاياقنى تاشلىۋېتىپ ، مۈرىسىدىكى ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك چوڭقۇر نەپەس ئالدى - دە ، پۇت - قولىنى سوزۇپ ئولتۇردى ۋە خېلى ۋاقىتقىچە ئورنىدىن قوزغالمىدى . پەقەت ھاردۇقى چىققاندىن كېيىنلا تورۇسى پاكار ، لېكىن ئىچى بىر ئېغىز ئۆيچىلىك بار ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە يەنە بىر قېتىم قارىدى . ئۆڭكۈرنىڭ كىرىش

ئېغىزىدا ئىككى ياپىلاق تاش بولۇپ، ئىچى يۇمشاق سېغىز توپا ئىدى. يەردە چېچىلىپ ياتقان قىل ۋە تۈكلەر بىلەن غاجىلاپ تاشلىۋېتىلگەن ئۇستىخانلارنى كۆرگەن نۇزۇگۇم: «ئېھتىمال، بۇ بۆرىلەرنىڭ ئۆڭكۈرىدۇر» دېگەن ئويغا كەلدى. ئارقىدىن ئۇ: «نېمىلا بولسا ئىچىگە كىرىۋالدىمغۇ، ئەمدى بۇ يەرنى يولۋاس كەلسىمۇ بەرمەسمەن» دەپ، ئۆزىنى ئۆزى خاتىرجەم قىلدى.

نۇزۇگۇم سىرتقا چىقىپ، تاللارنىڭ نوتىلىرىنى سۇندۇرۇپ سۇپۇرگە ياساپ، ئاندىن ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە سۇ چېچىپ تازىلىدى. قۇرۇغان تاللارنىڭ شاخلىرىنى يىغىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا ئوت قالاپ چاي قايناتتى. نۇزۇگۇم كەچكىچە تالادا يۇرۇپ مۇزلاپ كەتكەچكە ئىسسىق چاي ئىچىپ ئېزىلىپ قالدى، كۆزلىرى مۈگدەشكە باشلىدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم سىرتقا چىقىپ ئاستىغا سېلىپ ياتقۇدەك قۇرۇق چۆپلەرنى ئەكىردى. بۇ چاغدا ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى ئىسسىپ، كۆزىگە خېلىلا ئىللىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئۇ بۈگۈن كېچە ئۆڭكۈرنىڭ ئىگىلىرى كېلىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىۋىدى، راستتىنلا شۇنداق بولدى. كېچىچە ھۇۋلىغان بۆرىلەرنىڭ ئاۋازى توختىمىدى. يېقىنلا يەردە يەنە بىر مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش پارقىراپ تۇرغان كۆزلەر كۆرۈندى. ئۇلار يا ئوتتىن، يا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئادەمدىن قورقتىمۇ ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بەزىلىرى ئۆڭكۈردىن نېرىغىراق يەردە تۇرۇپ، قىزىل تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ ئوتقا قاراپ تۇرۇشتى، ئاندىن بىر ئاز ھۇۋلاپ ئۆڭكۈر تەرەپكە يېقىنلىدى. بۇنى بايقىغان نۇزۇگۇم ئوت ئۈستىگە قۇرۇق شاخلارنى كۆپرەك سېلىپ،

يالقۇنجاپ يانغان ئوتلارنى ئۆڭكۈرنىڭ تېشىدىكى ياپىلاق تاش-نىڭ ئۈستىگە سۈردى ۋە قولىدىكى يوغان تايىقنى چىڭ تۇتۇپ قاراپ تۇردى. ئۆزلىرىنى بۇ سايىنىڭ بىردىنبىر خوجايىنى ھېسابلىغان بۆرىلەر «بۇ نېمە ۋەقەدۇر» دەپ ھەيران بولغاندەك، ئىككىدىن-ئىككىدىن-چى قاپتالدىكى ئېگىز دۆڭگە چىقىۋالدى - دە، ئۆڭكۈرگە قاراپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ئۆڭكۈرگە كىرىۋېلىپ، ئوت قالاۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرسە ۋارقىراپ قاچىدىغان ئۇزۇن كۆڭلەكلىك ئايال كىشى ئىكەنلىكىگە ھەيران بولاتتى ۋە بۇنىڭغا مۇنچىلىك كۈچ - غەيرەت نەدىن كەلدىكىن دېگەندەك يەرلەرنى تاتىلاپ قوياتتى. ئۇلار مۇنداق بېشىدا ياغلىقى بار ئايالنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى چىقالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەچكە، بۇ يەردىن تولىمۇ يىراق كەتمەي، ئۇ ئۇۋىمىزنى بوشىتىپ بېرەر دېگەندەك ئەتراپنى چۆرگىلەپ يۈرۈشەتتى.

بۆرىلەر نۇزۇگۇمنىڭ ئۇۋىنى بوشىتىپ بەرمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، تاڭغا يېقىن يەنە بىرنەچچە قېتىم غەزەپ بىلەن سوزۇپ - سوزۇپ ھۇۋلىدى - دە، تىرناقلىرى بىلەن يەرنى تاتىلاپ، قارلارنى توزۇتۇپ، سايدىن يۇقىرىلىدى - دە، نەگىدۇر يوقالدى.

نۇزۇگۇم «بۇ ئۆڭكۈرگە بۆرىلەر يەنە كېلىپ قالارمۇ» دەپ بىرنەچچە كۈنگىچە كېچىلىرى كۆڭلى دەككە - دۈككە بولدى. ئەمما ئۇلار يېنىپ كەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇزۇگۇم خاتىرجەم بولۇپ، بۇ ئۆڭكۈردە خۇددى ھېلىقى بۆرىلەردەك ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ كۈنگەي تەرەپتىكى قاپتاللارغا چىقىپ كەكلىك بىلەن چىللارغا قىلتاق قوياتتى. بەزىدە سايىنى تۆۋەنلەپ ئاشلىق ياكى كۆكتات تېرىلغان يەرلەردىن ئوزۇق ئىزدەيتتى.

## II

نۇزۇگۇم سايىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى توپ قارىياغاچ قى-
شىغا جايلاشقان مەھەللىدىن ھەر كۈنى ئەتىگەندە قويلارنى
ھەيدەپ چىقىدىغان جۇغى كىچىك بوۋايغا بىر نەچچە كۈنگىچە
زەن قويۇپ يۈردى . ئۆگزىسى قەشقەر پەدىسىدە تۈزلا يېپىل-
غان پاكارغىنە ئۆيدىن چىقىدىغان بوۋاي بىلەن ياغلىقىنىڭ
ئۈستىدىن باستۇرۇپ تۆپە كىيىۋالغان مومايدىن باشقا كىشى
كۆرۈنمەيتتى . بوۋاي بولسا قويلىرىنى دەسلەپتە ئاشلىقى
يىغىشتۇرۇلۇپ بولغان ئېتىزلىققا ئاپىراتتى - دە ، كۈن
ئىسسىغاندا ئۆزى تۇرغان ئۆڭكۈرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قاپ-
تالغا ئەكېلىپ ئوتلىتاتتى . ئۇ قويلىرىنى كەچقۇرۇنلۇقى
ھەيدەپ ئەكېتەتتى . ئۇچىسىغا ياقىسى يوق ئۇزۇن چاپان
كىيىپ ، بېلىنى كەندىر يىپتا باغلىۋالغان موماي ئەخلەت -
يۇندا تۆكىدىغان چاغدىلا سىرتقا چىقمىسا باشقا ۋاقىتتا ئۆيدە
بولاتتى .

نۇزۇگۇم قورسىقى ئېچىپ ، ئۆزىگە ئوزۇق تاپالمىغان
كۈنلىرى بۇ مەھەللىگە تەۋەككۈل قىلىپ كىرىپ بېقىشقا
تەمشىلەتتىيۇ ، لېكىن جۈرئەت قىلالمايتتى . ئۇ بوۋاينىڭ
ئۆيىگە يېقىن بىر دالدىغا كېلىپ تەپسىلىي بىر قاراپ
چىقتى - دە : «ئۇلار بىز خەقلەردىن ئوخشايدۇ» دېگەن خۇلا-
سىگە كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيگە تېخىمۇ يېقىنراق
بېرىش ئويىغا كېلىپ ئالدىغا قاراپ بىر نەچچە قەدەم ئىلگىرى-
لىۋىدى ، تامنىڭ دالدىسىدا ياتقان بۆرىدەك يوغان ئىتنى
كۆرۈپ ئارقىسىغا قايتتى .

ئۇ بىر نەچچە كۈن يوغان تاشنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنۈۋې-

لىپ ، قويلىرىنى ھەيدەپ ئۆزىگە يېقىنلا كېلىدىغان بوۋايغا ئالاھىدە زەن قويۇپ قارىدى . نېمە ئۈچۈندۇر بوۋاينىڭ كۈ-مۈشتەك ئاقارغان ساقال ـ بۇرۇتى ، قاپىقىنى يېپىپ تۇرىدى-غان قېلىن قاشلىرى بىلەن يوغان كۆزلىرى دادىسىنى ئەس-لىتەتتى . ئۇنىڭ كۆزىگە بوۋاينىڭ بېشىدىكى قارا ئەلتېرى-دىن تىكىلگەن دوپپىسى ، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن ياقىسى يوق ئۇزۇن پەرىجە چاپىنى ، بېلىدىكى لاتا پوتىسى ، ھەتتا كىگىز پايپاق ئۈستىدىن كىيىۋالغان چورۇقىمۇ كۆزىگە ئىس-سىق كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇ بىرنەچچە قېتىم يوغان تاشنىڭ كەينىدىن سەكرەپ چىقىپ ، بوۋاينىڭ بويىنىنى قۇچاقلىماق-چى بولدىيۇ ، لېكىن ئۆزىنىڭ قاچقۇن ئىكەنلىكى ئېسىگە چۈشۈپ توختاپ قالدى . قويچى بوۋاي قوينىدىن بېغىررەڭ ناسۋال قاپىقىنى ئېلىپ ، ئالقىنىغا ناسۋال قۇيغىنىنى كۆر-گەن نۇزۇگۇمنىڭ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش ئېقىپ كەتتى . «بوۋاينىڭ ناسۋال قاپىقىمۇ دادامنىڭكىگە ئوخشايدى-كەن» دېدى ئۇ كۆز يېشىنى پەشمىتىنىڭ يېڭى بىلەن سۈر-تۈۋېتىپ . نۇزۇگۇم بۇگۈن تاقەت قىلالمىدى ـ دە ، ئورنى-دىن تۇرۇپ ، تاش ئۈستىدە ئولتۇرغان بوۋايغا يېقىنلاشتى .

— ئەسسالام ، بوۋا !

ئەمدىلا ناسۋال چېكىشكە باشلىغان بوۋاي ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغان بۇ ئايالنى كۆرۈپ شۇنداق ھەيران بولدىكى ، قولىدىكى ناسۋال قاپاقنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكە-نىنى سەزمەي قالدى .

— ھوي ، سەن نەدىن كېلىپ قالدىڭ ؟ !... ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ،— نېمە قىلىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالغان بوۋاي ھودۇقۇپ سۆزلىدى ،— ھازىرلا قارىغىنىمدا ، بۇ ئەتراپتا

ھېچكىم كۆرۈنمىگەندەك قىلىۋىدىغۇ .

بوۋاي قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ ئوقۇپ ، يۈز ـ ساقاللىرىنى سىيپىدى ، نۇزۇگۇممۇ تەڭلا قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈزىنى سىيپىدى .

— ھوي قىزىم ، خىزىر ھەيدەپ كېلىپ قالمىغانسەن بۇياقتا ؟ قاياقتىن پەيدا بولۇپ قالدىڭ ؟

بوۋاي يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ناسۋال قاپىقىنى ئالمايلا يەنە كەينىگە بىر ـ ئىككى قەدەم چېكىنىدى . ئۇ بۇ تەۋەدە ياشاۋاتقاندىن بېرى ئۇچىسىغا مۇنداق ھال قىزىل رەڭدىن پەشمەت ، بېشىغا قۇندۇز تۆپە ، يېشىل رەڭلىك ئىشتان ، پۇتىغا چېتىك كىيگەن ئايال خەقنى ئۇچراتمىغانىدى . ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ نۇزۇگۇمنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزىگە ، قاڭشارلىق بۇرنىغا ، ئوت چاقناپ تۇرىدىغان يوغان قارا كۆزلىرىگە ، قاپىقىنى يۇمسا بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلە- شىپ كېتىدىغان ئۇزۇن كىرپىكلىرىگە ھەيران بولۇپ قا- رايتتى . «بۇ ماڭا كۆرۈنۈۋاتقان جىن ياكى پەرى بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىغان بوۋاي ئۆزىنى قىزدىن چەتكە تارتىپ ئىچىدە ئېمىلەرنىدۇر ئوقۇشقا باشلىدى . نۇزۇگۇم بوۋاينىڭ راستىنلا ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، خۇشاللىقىدا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى .

— قورقمىسىلا ، بوۋا ، مەن موڭغۇللاردىن قېچىپ ، چۆل ـ باياۋانلارنى ماكان قىلىپ يۈرگەن بىر مۇساپىرمەن .

بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ : «بۇ ھەقىقەتەنلا ئادەم ئىكەنغۇ» دېگەندەك قايتىدىن ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ ، نۇزۇگۇمغا بىر ـ ئىككى قەدەم يېقىنلىدى ـ دە ، ئۇنىڭ گۈزەل چىرايى- غا ، ھەتتا كېلىشكەن بوي ـ بەستىگە قايتىدىن كۆز يۈگۈرت-

تى . ئۇنىڭ ئەتراپىدا كىچىك بالىدەك ئايلىنىپ ئۇنى تەپسى-لىي كۆرۈپ چىقتى . ئاندىن ئۇ :
— هوي ، ئۇچ - تۆت ھەپتىدىن بېرى سولۇنلار ئىزدەپ يۈرگەن نۇزۇگۇم سەن ئەمەسدۇرشەن ؟ !— دېدى .
نۇزۇگۇم ئۆزى ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەرنىڭ بۇ تە-رەپلەرگىمۇ يېتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى - دە ، چوڭقۇر نەپەس ئالدى .
— شۇ نۇزۇگۇم مەن بولىمەن ،— دېدى .
ئۆزىگە ئوچۇق چىراي جاۋاب قايتۇرغان بۇ قىزنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن كىيىملىرىگە قاراپ بوۋاينىڭ قەلبى هايا-جانلاندى .
— قىزىم ، ھېلىقى سۇمۇلدىكى موتىۋىبۇ دېگەن سولۇنلار-ى بوغۇزلىۋېتىپ قېچىپ كەتكەن نۇزۇگۇم راستىنلا سەنما ؟— بوۋاي بەللىرى ئىنچىكە بۇ جۇۋاننىڭ قولىدىن ئۇنچىلىك چوڭ ئىشلار كەلمەس دېگەندەك ئىدىتلاپ سورىدى ھەمدە ئۇنىڭ جاۋابىغا بىر ئىشەنمىگەندەك ، بىر ھەيران بولغاندەك كۈلدى ، — بىز سېنىڭ توغراڭدىكى گەپلەرنى قەشقەرلىك سودىگەر ئىمىنئاخۇندىن ئاڭلىۋىدۇق . شۇ ئاڭ-لىغىنىمىز راستكەن - دە .
— قايسى ئىمىنئاخۇننى دەۋاتىدىلا ، بوۋا ؟— نۇزۇگۇم بۇ تونۇش ئىسمنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى .
— بۇ ياقلارغا قەشقەردىن كېلىپ ، مەلە - مەلىلەرنى ئارىلاپ ، سودا قىلىپ يۈرىدىغان ئىمىنئاخۇن دېگەن بىر سۆيۈق ئادەم بار . بىرقانچە كۈنلۈك مۇددەت بىلەن يۇرتقا قايتتىم دەپ يوقىلىپ كېتىۋىدى ، يېقىندا يەنە پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇ سېنى تونۇيمەن دېگەندەك قىلىۋىدى .

— پاكار بويلۇق ، بېشىنى بىر يانغا قىيسايتىپ ماڭىدىغان ئادەم ئەمەستۇر .

— ھە ، شۇ . «مېنىڭ ئايالىمغا گەپ ئۆگىتىپ ئۇنى يولدىن چىقارغان ئاشۇ نۇزۇگۇم ، شۇنىڭ گېپى بىلەنلا مېنىڭ ئايالىم خانىيالاقتا ماڭا قارشىماي قويدى» دەيدۇ . بۇ مەھەللىلەرگە كېلىپ ، سېنىڭ توغرۇلۇق ھەر خىل گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرگەن ئاشۇ .

— تېخى مۇنداقمۇ پاراڭلار بار دېسىلە ، بوۋا .

ۋىجىك بوۋاينىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن ساددىلىقى يېقىپ قالغان نۇزۇگۇم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سەل ئەيمىنىپ-تارتىنىپ قالدى . بىراق بوۋاينىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلدى :

— ھە ، بوۋا ، مەن راست شۇ ئايال بولىمەن ،— دېدى باشتىكى سۆزىنى تەكرارلاپ ئىشەنچ بىلەن .

— يائاللا ، يارىتقان ئىگەم ، ئۆزۈڭ قوللىغايسەن . ھوي قىزىم ، مۇنۇ ئۇرۇقچىدەك جېنىڭ بىلەن شۇنچىلىك يوغان سولۇنغا قانداقمۇ كۈچۈڭ يەتكەندۇر ؟— ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ نۇزۇگۇمغا قارىدى ۋە ئۇنىڭ ھازىر دېگەنلىرىنى تېخىمۇ ئېنىقلىماقچى بولۇپ ، بىرنەچچە قېتىم سوئالمۇ قويدى . شۇنداق بولسىمۇ «ھەي ، بۇ قىز ئۇ ئەمەس بولۇشى مۇمكىن» دېگەن ئوي بوۋاينىڭ بېشىدىن كەتمەيلا قويدى .

— ئادەم دېگەن باشقا كەلسە باتۇر ئىكەن ، بوۋا ،— دېدى نۇزۇگۇم .

— راست ئېيتىسەن ، قىزىم . بۇ دېگىنىڭ توغرا . چېرىكلەرنىڭ قولىدىكى قارا مىلتىقنى دېمىسەڭ ئۇلارنىڭ قوشقاچىنىڭكىچىلىكمۇ كۈچى يوق . ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاشۇ

نەرسىسىلا بولمىسا يەتتە ـ سەككىزىنى ئۆزۈملا چوماق بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋېتەتتىم . لېكىن ھازىر زامان شۇلارنىڭكى ـ دە . كاساپەتلەر بۇ جاھاننى چىلبۆرىلەردەك قاپساپ كەتتىغۇ . ئاخىر زامان يېقىنلاشقاندا دۇنيانى يەجۇجى ـ مەجۇجىلەر باسىدۇ دەيدىغان . شۇنىڭغا قارىغاندا ئاخىر زامان يېقىنلىشىپ قالغانمۇ نېمە… — بوۋاي سەل تېڭىرقاپ سۆزىنى داۋام قىلدى ،— شۇنچە نۇرغۇن موگۈللار بىر قىزغا ئىگە بولالمىغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ چاغلىق ئىكەن . مانا سېنى ئۇزۇندىن بېرى ئىككى يۈزدىن ئارتۇق سولۇن ئىلى دەرياسىدىن تارتىپ تا مۇشۇ كەتمەن تاغلىرىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئىتتەك سوكۇلداپ ، تىنتىپ يۈرىدۇ . ئۇلار سېنى مۆكۈنۈۋالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ، بۇ تەۋەدە ئوت قويمىغان يەرلىرى قالمىدى .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نۇزۇگۇمنىڭ كۆڭلى ئەنسىرەپ قالدى . بوۋاي نۇزۇگۇمغا زوق بىلەن قاراپ يەنە سۆز ئالدى :

— ئۇلارغا تۇتۇق بەرمەي يۈرگىنىڭگە قاراپ سېنى قەيسەر قىز ئىكەن دەپ ئويلايتتىم . راست شۇنداق ئىكەنسەن . شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى نەلەردە يۈرۈپ جان ساقلىدىڭ ، قىزىم ؟

— ئېشىم چۆللەردە ، چېيىم كۆللەردە ئىكەن ، بوۋا . خۇدايىم بەندىسىنى رىزقسىز ياراتمايدىكەن .

— توغرا دېدىڭ ، بالام . لېكىن بۇ تەۋەدە سەن تۇرماقمەن دەپ كۆكسىگە ئۇرغان يىگىتلەرنىڭمۇ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشى ئاسان ئەمەس ،— بوۋاي نۇزۇگۇمنى كۆرۈشى بىلەنلا كەينى ـ كەينىدىن ھەر خىل سوئاللارنى سوراپ ، ھەرخىل گەپلەرنى قىلىپ كەتكىنىگە قىسىلىپ قالدىمۇ گەپنى باشقا

ياقا يۆتكىدى ،— ھوي قىزىم ، قورسىقىڭمۇ ئېچىپ كەتكەن-دۇر . مەن سېنى قۇرۇق پاراڭ بىلەن تۇتۇپ تۇرغىنىمنى قارا . ئەنە ئاۋۇ توپ قارىياغاچنىڭ قېشىدا كۆرۈنگەن ئۆي بىزنىڭ ئۆي . يۈرگىن بېرىپ چاي ئىچەيلى .

بوۋاي بۇ سۆزلەرنى ئېيتىشنى ئېيتتىيۇ ، ئەمما بۇنىڭ-دىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا سولۇن نۆكەرلەرنىڭ نۇزۇ-گۇمنى ئىزدەپ ئۆيىگە كەلگەنلىكى يادىغا چۈشتى :

— سېنى ئىزدەپ بۇ تەرەپلەرگىمۇ ھېلىقى سولۇننىڭ ئادەملىرى كېلىپ كەتتى . پەخەس بولمىساڭ كۆرۈپ قېلى-شى مۇمكىن ،— دېدى ئۇ قوشۇمچە قىلىپ .

— مەن سىلەر تەرەپكە بارغىنىم بىلەن ئۇلار راستتىنلا كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن ،— دېدى نۇزۇگۇم بوۋاينىڭ ئۆيىگە ئانچىۋالا زورلاپ كەتمىگىنىنى بايقاپ .

— ھە ، بىر ھېسابتا بۇ دېگىنىڭمۇ توغرا !— بوۋاي شۇن-داق دېدى - دە ، كۆڭلىدە بۇ قىزنى ئۆيۈمگە ئاپىرالمىسامۇ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراي دېگەن ئويغا كەلدى ،— قىشنىڭ بۇ سوغۇقىدا قەيەرلەردە تۈنەپ يۈرىسەن ؟

— سايىنىڭ ئىچىدىكى تاشلارنىڭ كامارلىرى مېنىڭ ما-كانىم ، بوۋا .

بوۋاينىڭ ئۈنىڭغا ئىچى ئاغرىپ كەتتى .

— مەن ھاياتىمدا تالاي ئادەملەرنىڭ جەبىر - جاپا چې-كىپ ، قىينالغانلىرىنى كۆرگەن بولسامۇ ، ساڭا ئوخشاش ئاجىز كىشىنىڭ مۇشۇنداق سوغۇقتا ئوي - ماكانسىز يالغۇز يۈرگىنىنى كۆرمىگەنىدىم . قولاق - بۇرۇنلىرىڭ قارىداپ قاپتۇ . ئۇششۇپ كەتكەنمۇ نېمە ؟— دېدى ئۇ ئۆز بالىسىغا كۆيۈنگەندەك ئېچىنىپ ،— مەن سېنى ھازىر ئۆيگە باشلاپ

بارغىنىم بىلەن قولۇم ـ قوشنىلار كۆرۈپ قېلىشى مۇم-
كىن . ئۇنىڭدىن كۆرە سەن مۇشۇ قويلارغا كۆز قىرىڭنى
سېلىپ ، تاشنىڭ دالدىسىدا ئولتۇرۇپ تۇرغىن ، مەن ئۆيگە
بېرىپ ساڭا يېگۈدەك بىر نەرسە ئەكېلەي .
— ماقۇل .
بوۋاي تايىقىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئۆي تەرەپكە ئىت-
تىك مېڭىپ كەتتى .
نۇزۇگۇم بۇ بوۋاينى ئۇچراتقىنىغا بىر ئىشەنسە ، بىر
ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . «ھەقىقەتەنلا مېنى ئۇنىڭغا ئەمەس ،
ئۇنى ماڭا خىزىر ھەيدەپ ئەكەلدىمۇ »دەيتتى ئۇ ئىچىدە . بىر
تۇرۇپ : «بوۋاي ئۆيگە بېرىپ مېنىڭ قېچىپ ، موكۇنۇپ
يۇرگىنىمنى سولۇنلارغا دەپ قويمىسا بولاتتىغۇ » دەپ ئەندى-
شە قىلاتتى . ئاخىرىدا : «ياق ، مۇنداق ئاق كۆڭۈل ئادەملەر
ھەرگىز ساتقۇنلۇق قىلمايدۇ » دەپ ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى بەز-
لەيتتى .
ئۇ خاتالاشماپتۇ . بوۋاي قانداق چاپسان كەتكەن بولسا
شۇنداق چاپسان قايتىپ كەلدى .
— قىزىم ، ئاۋۋال مۇنۇ پەرىجىنى كىيىۋالغىن . مۇزلاپ
كېتىپسەن ،— ئۇ ئەستەر ئارىسىغا يۇڭ سېلىپ ، قولدا شى-
رىغان ئۇزۇن چاپان بىلەن نۇزۇگۇم كۇندە دېگۈدەك موماي-
نىڭ بېشىدا كۆرۈپ يۇرگەن تۆپىنى خۇرجۇنىدىن چىقاردى .
— رەھمەت ، بوۋا ،— ئۇ قېلىن ۋە ئۇزۇن چاپاننى كى-
يىۋىدى ، ئەزايى ـ بەدىنى گويا ئوت ياققان ئۆيگە كىرگەندەك
ئىسسىپ قالدى . ئىچى چوڭقۇر تۆپىنى بولسا قۇلاقلىرىغىچە
چۆكۈرۈپ كىيىۋالدى .
— ئەمدى ، قىزىم ، مۇنۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇر . مومايغا

سىنىڭ توغرۇلۇق گەپ قىلىپ بېرىۋىدىم ، تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى . ھەتتا ھېيت - ئايەمگە دەپ ساقلاپ يۈرگەن نەرسىلىرىنى چىقىرىپ ، بىر قاپاق چاي ئېتىپ بەردى . تالا - تۈزدە يېتىپ - قوپۇپ ، تۈنەپ يۈرۈپ ، ئىسسىق چاي ئىچمىگىنىڭگە خېلى ۋاقىت بولغاندۇر ،- بوۋاي قاپاقتىكى ھورى پۇرقىراپ تۇرغان چاينى ئاپپاق ھېجىرغا قۇيدى - دە ، خۇرجۇندىن ئالغان توقاچلارنىڭ بىرىنى تۆتكە بۆلۈپ ئوشتۇپ قويدى ،- كەل ، قىزىم ، كەمبەغەلنىڭ بىر تويغىنى باي بولغىنى دەيدۇ . قېنى ، ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ قورسىقىڭنى تويغۇزۇۋال . موماڭ ئاخشاملىققا ئاچچىق - چۇچۇك ئاش ئېتىپ قويىدىغان بولدى . قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەل ئايىغى بېسىلغاندا سېنى ئۆيگە ئەكېتىمەن .

نۇزۇگۇم يۇمشاق توقاچ بىلەن ئىسسىق چاينى راھەتلىنىپ ئىچتى ، پېشانىسى بىلەن بويۇنلىرىدىن ئۈنچىدەك يالتىرىغان تەرلەر چىقتى .

- دالادا يالاڭ - يىرتىق كىيىملەر بىلەن يۈرۈپ تازىمۇ مۇزلاپسەن - دە . ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپ ئۈششۈپ قالماپسەن ،- دېدى بوۋاي قاپاقتىكى چاينىڭ يېرىمى تۈگىگەندە سۆز باشلاپ ،- ئۆزۈڭ ئەسلى نەدىن ، قىزىم ؟

- قەشقەردىكى بۇلاقبېشىدىن ،- دېدى نۇزۇگۇم .

- ۋاھ ، تازىمۇ يىراق يەردىن كېلىپسەنكەن - دە ، قىزىم . مانجۇلار قەشقەر تەرەپتىن مىڭلىغان قىزلارنى پالاپ ئېلىپ كەتتى دېگەن گەپ - سۆز تارقىلىۋىدى ، شۇ گەپلەر راست ئىكەن - دە . ئاتا - ئاناڭ بولغىيدى ؟

- ئانام كىچىك چېغىمدا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن- دادام بار . ئۈنىڭ بوي - تۇرقىدىن تارتىپ چىراي - شەكلىگىچە

سىلىگە ئوخشايدۇ . بابا سىلىنى كۆرگەندە دادام ئېسىمگە كېلىپ كەتتى…

— كۆپ جاپالار تارتىپسەن ، قىزىم . ئەمما مۇنداق ئېغىر كۈنلەر ھەممىمىزنىڭ بېشىغا كەلدى . مانا بىزمۇ ئاقسۇدىن بولىمىز…

— ئاقسۇدىن دەمسىز ، بوۋا ؟

— ھە ، مەن شۇ ئاقسۇدىن ، قىزىم . تېگىنى سۈرۈشتۈرسەڭ ھەممىمىزنىڭ يىلتىزى بىر يەردىن چىقىدۇ . بۇنىڭدىن ئاتمىش - يەتمىش يىل ئىلگىرى مانجۇ ئەمەلدارلىرى بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىمۇ ساڭا ئوخشاش مۇشۇ تەرەپلەرگە پالاپ ، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاشلىق ، مال - ۋارانلىرى ئۈچۈن يەم - بوغۇز تەرگۈزگەنىكەن . شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە بىزنى نېمە كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرمىدى دەيسەن؟ ئاتا - ئانىمىز شۇنچە يىل ياشىغان بولسىمۇ بۇ يەرلەرگە ئۆگىنەلمەي ، ئاقسۇغا كېتىشنى ئارزۇ قىلىپ دۇنيادىن ئۆتتى . بىز بولساق ئاشۇ ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ قەبرىسىنى يېتىمسىراتماي قېرىۋاتىمىز . چوڭ ئوغلۇم بۇنىڭدىن يىگىرمە بەش يىل ئىلگىرى ئاقسۇغا كېتىمەن دەپ غۇلجىغا بارغاندا ، مانجۇلار ئۇنى بىرنەچچە يىگىتلەر بىلەن ئالۋانغا تۇتۇپ سېپىل سوقتۇرغىلى ئىچكىرىگە ئەكېتىپتۇ . ئۇ شۇ كەتكەنچە كەلمىدى . كەلگەنلەردىن سۈرۈشتۈرسەم تام بېسىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ . بىز ھەتتا ئۇنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ كۆرەلمىدۇق . بىزمۇ باشقا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش جان قاچۇرۇپ ، تاغ ياقىلاپ ، غەربكە سىلجىپ مۇشۇ يەرلەردە ماكانلاپ قالدۇق . سەن قېچىپ كېلىۋاتقان يولنىڭ تاغ باغرىدىكى پارچە - پارچە مەھەللىلەرنىڭ كۆپچىلىكى دېگۈدەك ئاشۇ

زامانلاردا ئالتەشەھەر تەرەپلەردىن ئىلى تەۋەسىگە پالانغان ئۇيغۇرلار ماكان قىلىپ گۈللەتكەن يۇرتلار . شۇڭا بۇ تەرەپ-لەردىكى بەزى يەرلەرنىڭ ناملىرى ئۇ تەرەپتىكى يۇرتلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئوخشاش . بىزمۇ چوڭ ئوغلىمىزدىن ئايرى-لىپ ، ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان كەتمەن تېغىنىڭ باغرىدىكى يېزىلاردا ئىشىمىز روناق تاپمىغاندىن كېيىن مۇشۇ يەرلەرگە كېلىپ قالدۇق . كەنجى ئوغلىمىز ھازىر شۇ يەردىكى بىر ئەمەلدارنىڭ مېلىنى بېقىپ چاكار بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ .

بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان نۇزۇگۇم بۇ تەرەپ-لەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ھالى خاراب ئىكەنلىكىنى چۈشەن-دى : «بوۋىئايشەم ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى غەربكە كېتىپ بارغۇدەك ، شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ تەرەپلەردە كەڭرىچىلىك ئوخشايدۇ دېيۈدى . مۇنۇ بوۋاينىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا بۇ يەردىكىلەرنىڭمۇ ئەھۋالى چاغلىق ئىكەن .»

— بوۋا ، بۇ ياقلاردا ئالمالى دېگەن يەر بار دەپ ئاڭلىۋې-دىم . ئۇ قايسى تەرەپتە ؟— دەپ سورىدى نۇزۇگۇم .

— ئېيتىشلارغا قارىغاندا مۇنۇ تەرەپتە ئوخشايدۇ . ئۇ يەرگە بىرنەچچە كۈندە بارارمىش . قىزىم ، ئۆز ماكانىڭدىن تۇزىغان ئادەمگە قەيەردە ياشىسىمۇ بەرىبىر دېگىنە . ھازىر قەيەردە روناق تاپقىلى بولىدۇ دەيسەن . ھەممىلا جايدا بىلىكى چوڭنىڭ ھايات كەچۈرىدىغان زامانى بولۇپ قالدىغۇ . مەن تېخى ياخشىلىق بولسا ئالتە شەھەر تەرەپتە دەپ يۈرەتتىم .

— راست ئېيتىدىلا ، بوۋا . بىراق ھازىر ئۇ تەرەپتىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ كەتتى .

بوۋاي نۇزۇگۇم ھەققىدە تارقىلىپ يۈرگەن پاراڭلارنى نەچچە قېتىم ئاڭلىغانىدى . بەزىلىرى ئۇنى ئوقۇمۇشلۇق ئا-

يالكەن دېسە ، بەزىلىرى ئۇنى پەرىزاتتەك چىرايلىقكەن دېيىشەتتى . يەنە بەزىلىرى بولسا ئۇ ئايال قىلىچۋاز ئىكەن . مانجۇلارنىڭ ئون چېرىكىنى يالغۇز ئۆزى ئۆلتۈرۈپتۇ ، دەيتتى . ئاقسۇلۇق بوۋاي نۇزۇگۇمنى بىلەن خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى . نۇزۇگۇمنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇڭداشقۇدەك ئادەم ئۇچرىتالماي يالغۇز يۈرۈپ زېرىكىپ كەتكەنىدى . شۇڭا بوۋايىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا بەك يېقىپ كەتتى .

— ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى . مەن قويلارنى قورۇغا سولىۋېتىپ ئەل ئايىغى بېسىلغاندا سىنىڭ قېشىڭغا كېلەي ،— دېدى بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ .

— خوپ ، بولىدۇ ، بوۋا .

— مېنىڭ ئېتىم گۈلمەت ، قىزىم ،— دېدى ئۇ ،— بۇ تەرەپنىڭ ئادەملىرى گۈلمەت بوۋاي دەپ ئاتىشىدۇ . بوپتۇ ، قىزىم . بىر ياققا كېتىپ قالماي تۇرۇپ تۇر .

— ياق ، كەتمەيمەن .

گۈلمەت بوۋاي كېتىپ كۆپ كېچىكمىدى . ئۇ يەرگە گۇگۇم چۈشۈشى بىلەنلا قولىدىكى تايىقىنى بېلىگە بالداققا ئوخشاش توغرا تۇتۇپ يېتىپ كەلدى .

## Ⅲ

گۈلمەت بوۋاينىڭ سوقما تام بىلەن ياسالغان ئىككى ئېغىز ئۆيى نۇزۇگۇمنىڭ كۆزىگە ئالاھىدە ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇلارنى بوۋاينىڭ موميى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈ-

ۋالدى .

— جېنىم قىزىم ، راست كەلدىڭىزمۇ ، يالغانمۇ ؟ ياراتقان ئىگەم مومىڭىزنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى بىلىپ سىزنى ئەۋەتتىمۇ دەيمەن ،— دېدى موماي نۇزۇگۇمنىڭ ماڭلىيىغا سۆيۈپ . مومايىنىڭ لەۋلىرى پېشانىسىگە تەگكەندە ئانا مېھرىگە تويماي ئۆسكەن قىز هارارەتكە تولغاندەك بولدى .

ئۆينىڭ ئىچى قانداقتۇر بىر تاماقنىڭ يېقىملىق پۇرىقىغا تولۇپ كەتكەنىدى . دۇگىلەك شىرە ئۈستىدىكى ئۈچ پېلىكلىك جىنچىراغ هورداپ كەتكەن ئۆينى ئارانلا يورۇتۇپ تۇراتتى .

— قېنى ، قىزىم ، سارايغا كىرەيلى ،— موماي نۇزۇگۇمنى ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلىدى .

ئۇلار بەكمۇ چوڭ ئەمەس ، موماي بىلەن بوۋاي ئىككىسىگە تۇشلۇق كىچىككىنە ئۆيگە كىردى . يەرگە گۈللىرى ئۆڭۈپ كەتكەن بىر پارچە تېكمەت كىگىز سېلىپ قويۇلغان ، ئورۇن - كۆرپىلەر بىلەن ياستۇقلار تۆر تەرەپكە رەتلىك يىغىلغانىدى . بوسۇغىغا يېقىن يەردە قەلەيلىرى چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن ، لېكىن تېشىلگەن يەرلىرىگە لاي چاپلانغان تۆمۈر مەشتە ئوت كۆيۈپ تۇراتتى . شۇڭا ئۆينىڭ ئىچى هۇپپىدە ئىسسىق . موماي تىزىپ قويۇلغان ئورۇنلارنىڭ ئىدىن كۆرپە ئېلىپ ، مەشكە يېقىنراق يەرگە ئىككى قاتلاپ سالدى - دە ، نۇزۇگۇمنى كۆرپىگە تەكلىپ قىلدى :

— قېنى ، قىزىم ، چاپىنىڭىزنى يېشىپ ئازادە ئولتۇرۇڭە .

موماي بىلەن بوۋاي ئۆيگە غايىبتىن پەيدا بولۇپ قالغاندەك تۇيۇقسىز كېلىپ قالغان نۇزۇگۇمنىڭ كىيىملىرىنى

يەشتۇردى . نۇزۇگۇم موماي بەرگەن بېشىدىكى ئىچى چوڭ-
قۇر تۆپىنى ئېلىپ ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى ياغلىقىنى يەشتى .
شۇ چاغدا ئۇنىڭ چۇۋۇلغان ئۇزۇن چېچىنى كۆرگەن موماي
ھەيران قالدى :

— يائاللا ، يامان كۆزلەردىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن ،—
دېدى موماي گۇلمەت بوۋايغا قاراپ ،— ھاي دادىسى ، مۇنۇ
قىزىمنىڭ چېچىنى قارىسىلا .

گۇلمەت بوۋاي نۇزۇگۇمنىڭ ئۇزۇن قارا چاچلىرىنى
موميىدىن قىزغانغاندەك :

— تىلىڭغا تاش ،— دەپ توۋلىدى ، ئاندىن پەس ئا-
ۋازدا ،— ئېشىڭنى چاپسانراق ئەكىر ،— دېدى .

— ئاش تەييار . سىلە شىرەنى مەشىنىڭ قېشىغىراق تار-
تىپ ، قىزنىڭ قولىغا سۇ ئالسىلا ،— دېدى موماي بوۋىيىنىڭ
نۇزۇگۇمنىڭ ھۆسنى - قامىتىگە زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇرۇ-
شىغا مۇمكىنچىلىك بەرمەي . ئۇ بوۋاينى كەينى - كەينىدىن
ئىشقا بۇيرۇتتى .

گۇلمەت بوۋايمۇ مومايىنىڭ ئاغزىدىن سۆز چىقار -
چىقارمايلا ئورنىدىن خۇددى كىچىك باللاردەك سەكرەپ
تۇراتتى - دە ، ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى دەرھال ئورۇندې-
ۋېتىپ يەنە نۇزۇگۇمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇراتتى . ئۇ
ئىنسان بالىسىنىڭ مۇنچىلىك گۈزەل بولىدىغىنىغا ئىشەنمە-
گەندەك ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي تەلمۈرۈپ قارايتتى .
ئۇنىڭ مومىيى گۇلەمخانمۇ دالاندا كۆپ بۇرسە بىر نەرسىدىن
قورۇق قالىدىغاندەك ئاشكۆكى بىلەن رەيھان كۆكى سېلىپ
ئەتكەن ئۇگرە ئېشىنى قازاندىن ئۇسۇپ ئېلىشى بىلەنلا ئالدى-
راش ھېجىرغا قويۇپ ، شىرەنىڭ قېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇر-

غان نۇزۇگۇمنىڭ ئالدىغا قويدى .

— قېنى ، قىزىم ، ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىدىكىدەك تارتىنماي ئولتۇرۇڭ . ئۆي ئىشىنىمۇ سېغىنىپ قالغانسىز ،— دېدى - دە ، بوۋىيىغا ئوخشاش شىرەنىڭ بىر چېتىدە نۇزۇگۇمغا قاراپ ئولتۇردى .

— ھوي ، ئانىسى ، ئۆزىمىزگىمۇ ئاش ئەكىرمەمسەن . بۇ قىزىمنى كۆرۈپلا مېنى ئۇنتۇدۇڭغۇ ،— دېدى گۇلمەت بوۋاي چاقچاق ئارىلاش . موماي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ :

— ۋىيەي ، راستىنىلا ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن ،— دېدى - دە ، دالانغا چىقىپ ، ئىككى ھېجىر ئاش ئەكىردى . لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى خېلى ۋاقىتقىچە ھېجىر ئۇستىدى- كى زىرىق چوكىلارغا قول سوزمىدى . بوۋاي بىلەن موماي نۇزۇگۇمنىڭ ئىككى مۇرىسىنى تەكشى يېپىپ تۇرغان چېچى- غا ، ھال قىزىل بەرقۇتتىن تىكىلگەن كەمزۇلىغا ، ئۇزۇن كۆك كۆڭلىكىگە ، نەچچە كۈندىن بېرى سوغۇقتا يۈرۈپ قارىداپ كەتسىمۇ ، ئالاھىدە گۈزەل كۆرۈنىدىغان جامالىغا قارىسا قارىغۇسى كېلەتتى .

ئىسسىق ئۆيگە كىرگەندە نۇزۇگۇم ئۆزىنى بەك خاتىر- جەم ھېس قىلدىمۇ ، ھېجىردىكى ئاشنى ئىچىپ بولا - بول- ماستىنلا مۈگدەك بېسىپ ، كۆزلىرى يۇمۇلۇشقا باشلىدى . بۇ قىزنىڭ چىرايىنى ياخشىراق كۆرۈۋالايلى دېگەندەك ، چى- راغنى ئۇنىڭغا يېقىنراق قىلىپ ، گەپ - سۆز قىلماي تەلمۈ- رۈشۈپ ئولتۇرغان گۇلمەت بوۋاي بىلەن گۇلەمخان موماي ئۆزلىرىنىڭ يىراقتا قالغان ياشلىقىنى ئەسلەۋاتقاندەك كۆرۈ- نەتتى .

— ھەي ، ئانىسى ، قىزنىڭ ئۇيقۇسى كەلسە كېرەك ،

بېشىغا ياستۇق قويۇپ بەرسەڭچۇ ،— دېدى بىر چاغدا گۈلمەت بوۋاي . گۈلەمخان موماي بېشىنى شىرەنىڭ بىر چېتىگە قويۇپلا ئۇخلاپ قالغان نۇزۇگۇمنى كۆرپىگە ياتقۇزۇپ ، بې-شىغا ياستۇق قويدى .

— بىچارە قىز نەچچە كۈندىن بېرى دالادا ئۇخلىماي ھەسرەت چېكىپ ھېرىپ كەتسە كېرەك . ھېلىمۇ كېچىلىرى ئىت - قۇشلارغا يەم بولماي تىرىك يۈرۈپتۇ ،— دېدى بوۋاي .

— شۇنى دېسىلە ، بىچارە قىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نەلەردە يۈرۈپتۇ ؟— دەپ سورىدى موماي گۈلمەت بوۋايدىن .

— بىر ۋاقىتتا قويچىلارنىڭ تۆۋەنكى كونا خاماندا كې-چىلىرى كىمدۇر بىرى قونۇپ يۈرگۈدەك دېگىنى مۇشۇ قىز ئوخشايدۇ .

ئۇلار چىراغنى سەل ئېگىز كۆتۈرۈپ ، پۇت - قولىنى يىغىپ ئۇخلاۋاتقان نۇزۇگۇمنىڭ ھەربىر ئەزايىغىچە كۆڭۈل بۆلۈپ قارىشاتتى . بۇ جۇغى كىچىك ، نازۇك چوكاننىڭ ئۆز مۇھەببىتى بىلەن ئار - نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ، ھەرخىل جاپا - مۇشەققەتلەر ئالدىدا ئىرادىسىدىن يانماي كېلىۋاتقىنىغا چىن دىلىدىن رەھمەت ئوقۇيتتى .

— كۆردۈڭمۇ ، سەن بىلەن مەن بۇ يەرلەردە دۇنيادىن بىخەۋەر يۈرگىنىمىز بىلەن ياشلىرىمىزنىڭ كۈرەش قىلىپ ئازادلىققا ئىنتىلىۋاتقىنىنى . سەن خەلقىمىز يوق بولۇپ كېتەمدىكىن دەۋاتاتتىڭ ، ئۇندىاق ئەمەس ئىكەن ، بىلدىڭمۇ ،— دېدى گۈلمەت بوۋاي ،— سېنىڭ بىلەن بىز قو-لىمىزدىن باشقا ئىش كەلمىگەندىن كېيىن مۇشۇنداق كۈرەش قىلىۋاتقان ياشلارغا ياردەم قىلىشىمىز كېرەك . بۇ قىزنىڭ

بىزنىڭ ئۆيدە بولغىنىنى قولۇم ـ قوشنىلار تۇرماق ھەتتا تۇغقانلارمۇ بىلمىسۇن .
— بۇ دېگەنلىرى توغرا ،— دەپ ئېرىنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى موماي ۋە ئۆزلىرىنى ئاتا ـ ئانىسىدەك كۆرۈپ ، دۇنيادىن بىخەۋەر ئۇخلاۋاتقان نۇرۇگۇمغا خەيرخاھلىق بىلدۈردى ،— بۇنى بىرەر ئادەم بىلىپ قالسىلا ھەممىسىگە تارقىلىپ كېتىدۇ .
گۈلەمخان مومايىنىڭ كۆزلىرى ئۇخلاپ ياتقان نۇرۇگۇمنىڭ بويىنىغا چۈشۈپ ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىچى ئاغرىپ كەتتى .
— بۇ قىزنىڭ بويۇنلىرىنىڭ ئىنچىكىلىكىنى قارىسىلا ! نېمىدېگەن نازۇك ،— دېدى ئۇ .
— ئۆزى نازۇك بولغىنى بىلەن كۈچلۈك ـ دە . ئادەم دېگەننىڭ ئىرادىسى كۈچلۈك بولسا ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ چىقىشى مۇمكىن . بويۇنى بۇقىنىڭ بويۇنىدەك ، ئۆزى تۆگىدەك يوغان بولغىنى بىلەن نومۇسى ۋە ئىرادىسى بولمىسا ئۇنداق ئادەمدىن ھېچكىمگە ياخشىلىق كەلمەيدۇ .
— ئوغلىمىز ئۆيدە بولغان بولسا ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپلا قوياتتۇقكەن ،— دېدى موماي كۆڭلىدىكى ئويىنى بوۋىيدىن يوشۇرماي . ئۇ كۆپتىن بېرى مۇشۇنداق كېلىننى ئارمان قىلىپ يۈرەتتى . نەچچە يىلدىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ بىردىنبىر ئارزۇسى يالغۇز ئوغلىنى مۇشۇنداق قىزلارنىڭ بىرىگە ئۆيلىۋېلىش ئىدى .
— شۇنداق بولسا نۇر ئۈستىگە نۇر ئىدىغۇ . بىراق مۇنداق قىزلارنى قولدا تۇتۇپ تۇرۇش تەس . تەسلىكى ھازىر بۇ قىزنى مانجۇلار بىلەن سولۇنلار يەر ـ جاھاننىڭ ھەممىسىنى تىمىسقىلاپ ئىزدەپ يۈرىدۇ . ئىككىنچىدىن ، بۇ قىز-

نى پالان يەردە كۆردۈم دەپ خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەرگە ئەللىك يامبۇ ، بىر ئات ، ئۇن بەش قوي بېرىمىز دەپ مەھەللە ـ مەھەللىلەردە جاكارچىلار جاكار سېلىپ يۈرۈۋاتىدۇ .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ گۈلەمخان؛ موماينىڭ تاتلىق ئارزۇ. لىرى توپىدەك توزۇپ ، خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى .

— ئۇنداق بولسا بۇ قىزنى قىشچە ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە يوشۇرۇپ باقساق ، ياز كەلگەندە ئوغلىمىز ئىككىسىنى تاغ ئارقىسىدىكى تۇغقانلارنىڭكىگە ئەۋەتمەيمىزمۇ ،— دېدى مو. ماي ،— ئۆتكەن يازدا قۇناخۇن دېگەن بالا خوجايىنى بىلەن سوقۇشۇپ قېلىپ ، شۇ تەرەپتىكى يۇرتلارغا قېچىپ كېتىپتۇد. دى ، ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپمۇ تاپالمىدىغۇ . ئوغلىمىز بۇ يەرلەردە مالاي بولۇپ يۈرگەندىن كۆرە ماۋۇ قىزنى ئېلىپ شۇ تەرەپتىكى يۇرتلاردا هايات كەچۈرسە ياخشى ئەمەسمۇ . سىلى بىلەن مېنى بۇ يەردىكىلەر نېمە قىلسا شۇنى قىلار . بىز دېگەن يەيدىغىنىمىزنى يەپ ، كىيىدىغىنىمىزنى كىيىپ پۈتمىز گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان ئادەملەر . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىمىزلا دۇنيانىڭ ھېچبىر راھىتىنى كۆرمىدۇق . ئەمدى ئوغلىمىز بىلەن مۇشۇ قىز ئىككىسى بولسىمۇ ئەر. كىن ياشاپ هايات كەچۈرسە دەيمەنا .

نۇزۇگۇمنى كۆرگەندە گۈلمەت بوۋايمۇ مۇشۇ ھەقتە ئويلىغانىدى . بىراق بۇ ئوينىڭ خام خىيال ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا بىلىپ مومىيغا گەپ قىلمىغانىدى . ھازىر بولسا مومىينىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپ كەتتى .

— ئۆلۈپ كەتسەم كېتىمەنكى ، ئەمما بۇ قىزنى ھېچ. كىمگە بەرمەيمەن . سەن دېگەندەك ئەتىيازغىچە ساينىڭ ئد.

چىدە يوشۇرۇپ بېقىپ، باھار كەلگەندە ئوغلۇمغا قوشۇپ قويۇشنى ئۇنىڭغا دەپ باقىمەن. ئىلاجى بولمىسا قەشقەرگە ئاپىرىپ دادىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن. مەن ئۇياققا قايسى يول بىلەن قېچىشنى ياخشى بىلىمەن. ئەمدى سەن دېگەندەك پۇتمىز گۆرگە ساڭگىلىغاندا مۇشۇ قىزنى بولسىمۇ زالىم بەتبەختلەرنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزۇپ قالايلى.

بوۋاي بىلەن موماي ئۆزئارا مۇشۇنداق پاراڭلىشىپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى. ئادەتتە ئۇلار قويلىرىنى قورۇغا سولاپ، كەچكى تاماقلىرىنى ئىچكەندىن كېيىنلا كۆپ ئولتۇرماي يېتىپ قالاتتى. بۈگۈن بولسا ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس. گۈلەمخان موماي ئىلگىرى بىرنەچچە كېچىگە يېتىدىغان چىراغقا كەينى ـ كەينىدىن ماي قۇيۇپ، يېڭى پىلىكمۇ سېلىپ قويدى. بىر چاغدا ئۇخلاۋاتقان نۇزۇگۇم نېمە ئۈچۈندۇر قىينىلىپ ئۇياق ـ بۇياققا تولغىنىپ كەتتى.

— قارىغىنا، قارا بېسىپ قالمىغاندۇر، تازا ياخشى ئۇخلىيالمايۋاتىدىغۇ، — دېدى گۈلمەت بوۋاي مومىيىغا. موماي نۇزۇگۇمنىڭ ماڭلىيىنى تۇتۇپ كۆرۈپ:

— ۋىيەي، تېنى ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ قىزىپ كېتىپتىغۇ، — دېدى چۆچۈپ كېتىپ.

— ئەمدى قانداق قىلارمىز؟! — دېدى بوۋاي، — بىچارە ئۆزى ئاران يۈرگەندە ئاغرىپ قالمىغىدى. كەمزۇلىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ، بەدىنىنى سەل بوشىتىپ قوي. تالا ـ تۈزدە يالاڭ يۈرۈپ، سوغۇق تەگكۈزۈۋالغان ئوخشايدۇ.

ئۆزلىرى كۆپتىن بېرى كۈتكەن ئارمانلىرىغا يەتكەندەك خۇش بولۇپ كەتكەن گۈلمەت بوۋاي بىلەن گۈلەمخان موماي

نېمە قىلىشىنى بىلمەي تېنەپ ـ تەمتىرەپلا قالدى . ئۇلار
تېز ـ تېزلا ياغلىقىنى ھۆلدەپ نوزۇگۇمنىڭ قىزىغان ماڭلى-
يىغا ياقاتتى ، يېزىغا بېرىپ بىرەرىنى باشلاپ كېلەيلى دېسە
قورقاتتى . ئۇلار :

— ياراتقان ئىگەم ، بىز مىڭ قېتىم سېنىڭدىن ياردەم
سورىساق بىر قېتىم ياخشىلىق قىلمىدىڭ . ئەمدى ئۆزۈڭ
بۇ يەرگە ئەكەلگەن بۇ قىزغا بولسىمۇ شىپالىق بېرىپ كۆڭ-
لىمىزنى خۇش قىلغىن ،— دەپ خۇداغا يالۋۇرۇپ مۇناجات
قىلاتتى .

بۇگۈن بوۋاي بىلەن موماي كۆز يۇمماي تاڭنى تىك
ئولتۇرۇپ ئاتقۇزدى . گۇلەمخان موماي قىزنىڭ ماڭلىيىدى-
كى ياغلىقنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا يۆتكەپ ، پايپېتەك بولۇپ
يۈرەتتى···

نۇزۇگۇم پەقەت ئەتىسى چۈشكە يېقىنلا كۆزىنى ئاچتى .
گۇلەمخان موماي قىزغا قارىقات ئارىلاشتۇرۇپ دەملەنگەن
چاينى كەينى ـ كەينىدىن ئىچۈرۈپ ، پۇت ـ قولىنى قۇيرۇق
مايدا مايلاپ قويدى . ئەمما ئۆزلىرى ئۆيگە بىرلىرى كىرىپ
بۇ قىزنى كۆرۈپ قالمىسۇن دېيىشىپ ، كەلگەن ـ كەتكەن-
لەرنى تالادىلا ئۇزىتىپ قويدى . نۇزۇگۇم بولسا بىر ھەپتى-
گىچە ئورنىدىن تۇرماي ياتتى . بوۋاي بىلەن موماي ئۇنى
كۈندۈزى يامان كۆزلەردىن يوشۇرۇپ ، تىزىقلىق ئورۇن ـ
كۆرپىلەرنىڭ كەينىگە ياتقۇزۇپ قوياتتى ـ دە ، كەچ كىرگەن-
دە ، ماللارنى قورۇغا سولىۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇچى شىرە-
نىڭ چۆرىسىگە يىغىلىپ يېرىم كېچىگىچە پاراڭ سېلىشاتتى .
گۇلمەت بوۋاي نۇزۇگۇمغا چاپسانراق كۈچ ـ قۇۋۋەت كىر-
سۇن دەپ ، قويلارنىڭ ئىچىدىن سېمىزىنى تاللاپ سويۇپ ،

مومىيىغا ھەر كۈنى شورپا قىلىپ بېرىشنى تاپشۇردى .
نۇزۇگۇم ماغدۇرىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى قوشاققا قېتىپ بوۋاي بىلەن موماي ئىككىسىگە ئېيتىپ بېرەتتى :

ئاسماندىكى سار بولدۇم ،
يولدا يۈرۈپ خار بولدۇم .
قەشقەردىكى ئاتامنى
بىر كۆرۈشكە زار بولدۇم .

يوللارنى تولا مېڭىپ ،
ھالسىزلىنىپ تېلىقتىم .
مەن بۇياققا كېلىپلا
يامان كۆزگە چېلىقتىم .

ھاۋا بىردىن تۇتۇلدى ،
قار ـ يامغۇرلار ياغقىلى .
قانداق چاغدا تۆرەلدىم ،
بۇ دەردلەرنى تارتقىلى .

گۈلەمخان موماي بۇ ناخشىلارنى ئاڭلاۋېتىپ :
— ۋاي ، بۇنى بىر دېمەڭ ، — دەپ كۆزىگە ياش ئېلىپ يىغلايتتى .
كۈندىن ـ كۈنگە نۇزۇگۇمنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈرۈپ ، چىرايىنىڭ ياخشى بولۇپ قېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن گۈلمەت بوۋاي :

— خۇداغا شۈكرى ، ياخشى بولۇپ قالدىڭ ، قىزىم .
سەن بىزنىڭ ئۆيگە بىرىنچى قېتىم كەلگەن قىز . موماڭ
ساپلا ئوغۇل تۇغقانىدى . شۇڭا سېنىڭ ساقىيىپ كېتىشىڭنى
يارانقان ئىگەمدىن كېچە ـ كۈندۈز تىلىدۇق ،— دەپ ئۆزد-
ـنىڭ كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى يوشۇرماي ئېيتتى ،— سېنىڭ
بىلەن بىزنىڭ ئۆيىمىزگە بەرىكەت ، ئىسسىقچىلىق كىرگەن-
ـدەك بولدى . موماڭنىڭ قولى بوشىشىپ يېتىشىپلا قالدى .
سېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ قالغىنىڭغا موماڭ ئىككىمىز بەك
خۇشال ئىدۇق . بىراق ھېلىقى سولۇن دېگەنلەر بۇ ئەتراپتا
تىمىسقىلاپ يۈرۈۋاتىدۇ . تۈنۈگۈنلا باغكەتمەنگە كېلىپ ،
خەقلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ كېتىپتۇدەك . بۈگۈن مال
بېقىۋېتىپ بىرنەچچە سولۇن چېرىكنىڭ ساينى ياقىلاپ تاغ
تەرەپكە كېتىپ بارغىنىنى كۆردۈم .
ئۇلار ئۆيدە پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغاندا تالادا بىرىنىڭ
ئۈنى ئاڭلاندى . بوۋاي دەرھال سىرتقا چىقسا ، ھويلىدا تۇر-
غان ئادەم :
— ھاي ، گۇلمەتكا ، بىرلىرى سىلەرنىڭ ئۆيدە يوچۇن
ئادەم پەيدا بولۇپ قاپتۇ دېيىشىدۇ ، كىم ئۇ ؟— دەپ سورد-
ـدى .
نۇزۇگۇم تاشقىرىدىن ئاڭلانغان بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭ-
لاپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىۋىدى ، ھويلىدا بۇۋىئايشەم-
ـنىڭ ئېرى ئىمىنئاخۇن تۇرۇپتۇ . نۇزۇگۇم دەرھال ئو-
رۇن ـ كۆرپىلەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يوشۇرۇندى .
بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ ئالدىنى توراپ قارشىلىق كۆر-
ستىۋاتقىنىغا قارىماستىن بويىنىنى بىر يېنىغا قىيسايتىپ
كىرىپ كەلگەن ئىمىنئاخۇن ساراي ئۆيدە ھېچكىم يوق ئى-

كەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن :

— گۈلمەتكا ، ئادەم يوشۇرىدىغان بولسىڭىز سىزنى سو-لۇنلار ساق قويمايدۇ جۇمۇڭ ،— دەپ بوۋايغا تەھدىت سالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قورۇنىڭ ئىچىلىرىنى تىمىسقىلاپ قاراپ چىقتى - دە ، ئاندىن كېتىپ قالدى .

— ھېلىمۇ بۇ پايلاقچى سىزنى كۆرۈپ قالمىدى ، قى-زىم ،— دېدى قورققىنىدىن دېمى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان گۈلەمخان موماي .

— ئەگەر كۆرسە مەنمۇ مۇشۇنىڭ بىلەن ئىمىنئاخۇننىڭ بېشىغا بىرنى قويۇپلا ئۇجۇقتۇراي دەپ پايلاپ تۇراتتىم ،— دېدى گۈلمەت بوۋاي ئۇلارغا قولىدىكى يوغان تايىقىنى كۆر-سىتىپ .

— يائاللا ، ئۇ چاغدا تۇگــەمــەسـلا بالاغا قالاتتۇق دې-سىلە ،— دېدى بوۋىنىڭ پەيلىدىن چۆچۈگەن موماي .

— نېمىدىن قورقىسەن ، نۇزۇگۇمدەك بىر قىزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا قۇربان بولساق مەيلى ئەمەسمۇ ؟

— ئۇغۇ شۇنداق ، بىراق قىزىمىزنى تۇتۇپ كېتەتتى - دە !— دېدى موماي .

— ئىمىنئاخۇننىڭ سىلەرنىڭ ئۆيىنى ئەگىپ يۈرگىنىگە قارىغاندا ، ئۇ مېنىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى سېزىۋالغان بولسا كېرەك . مەن ئەمدى بۇ يەردىن كەتمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ . تۇتۇلۇپ قالسام سىلەرگىمۇ تۇگىمەس بالا تېپىپ بېرىمەن .

نۇزۇگۇم گۈلمەت بوۋاينىڭ ئۆيىدە كۆپ تۇرۇش ئۆزى-گىلا ئەمەس ، بەلكى بوۋاي بىلەن مومايغىمۇ خەتەرلىك ئى-كەنلىكىنى چۈشەندى .

— بىزنىڭ قايغۇمىزنى يېمە، قىزىم. سەۋەبى، بىز دېگەن ياشايدىغىنىمىزنى ياشاپ، كۆرىدىغىنىمىزنى كۆرۈپ بولغان ئادەملەر. بىز بۇ دۇنيادا يەنە ياشىساقمۇ، ئۆلۈپ كەتسەكمۇ ھېچكىمگە كېلىپ - كېتەر پايدا - زىيىنىمىز يوق. پەقەت باغكەتمەن تەرەپنىڭ ئادەملىرىلا بىر زامانلاردا بۇ يەردە گۈلمەت بوۋاي، گۈلەمخان موماي دېگەن ئادەملەر ياشىغانىدى دەپ گېپىمىزنى قىلىپ قويسا بولدى. بىز يا يۇرت، يا خەلقىمىز ئەستە ساقلاپ قالغۇدەك بىرەر ئىش قىلمىدۇق. بۇ ھاياتتا بىزگە ئوخشاش ئون موماي - بوۋاينىڭ يۈرگىنىدىن ساڭا ئوخشاش بىر قىزنىڭ يۈرگىنى ياخشى.

— ئۇنداق دېمىسلە، بوۋا. ھەر ئادەمنىڭ ھاياتتا ئۆزىگە تۇشلۇق ئورنى بار. مانا مېنى سولۇنلاردىن ساقلاپ، يوشۇرۇپ يۈرگەنلىرىمۇ چوڭ باتۇرلۇق. بۇنداق قىلىش ھەركىمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. ھېلىمۇ شۇنچە كۈندىن بېرى ماڭا باشپاناھ بولدۇڭلار، رەھمەت. خۇدايىم سىلەرنى يولۇقتۇرمىغان بولسا بەلكى بۇ چاغقىچە ئۆلۈپ كېتىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. سايدا ئۆڭكۈرۈم بار، تېزرەك شۇ يەرگە كېتىۋالاي. ئۇ يەردە مېنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ، — دەپ نۇزۇگۇم ئۇلارغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ مېڭىشقا تەرەددۇت قىلدى.

— ھوي، مۇنۇ ئاق قاردا ئۇ ئۆڭكۈر دېگەنلىرىگە بۈگۈن بارسا ئەتىلا توڭلاپ قالامدۇ؟ — ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ گۈلەمخان مومايىنىڭ تەشۋىشى كۈچەيدى، — ياق، مەن بۇ قىزنى يالغۇز قويۇپ بەرمەيمەن. نېمىلا بولساق ھەممىمىز مۇشۇ ئۆيدە بىللە بولايلى.

— ھەي ، سەن شۇنچە كۆندىن بېرى ئاۋۇ ئىمىنئاخۇن-نىڭ سولۇنلارنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگىنىنى كۆرۈۋاتىسەنغۇ . بايىمۇ كۆردۈڭ ، كېلىپ كەتتى ،— دېدى بوۋاي قىزنى ئەۋە-تىشكە قايىل بولمايۋاتقان مومىيغا .

— ھە ، نېمە بوپتۇ ؟

— نېمە بولاتتى ، ئۇ سولۇنلارنىڭ ئۇزۇگۇمنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە ئاتىغان مال - دۇنياسىنى ئۆزۈم ئالىمەن . ئۇزۇگۇم مېنى كۆرۈپ قالسىلا ئۆزى ئالدىمغا كېلىدۇ . سەۋەبى بىز قەشقەردە بىر مەھەللىدە تۇرغان دەپ يۈرۈپتۇ ئەمەسمۇ ؟

— ئۇ نائىنساپ ئەمدى ئۆز قېرىنداشلىرىنى سېتىپ ، دۇنيا يىغىشنى كەسىپ قىپتۇ - دە ،— گۈلەمخان مومايىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ كەتتى .

— قانداق قىلىسەن ، يەپ تويمىغان يالاپ تويماپتۇ دەپ خەلقىمىز بىكار ئېيتمىغان - دە . بەزى ئادەملەرگە پۇل - دۇنيا ئۈچۈن ۋەتىنىنى ، يارۇ بۇرادەر ، بالا - چاقا ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى سېتىۋېتىش ھېچ گەپ ئەمەس ئوخ-شايدۇ .

بوۋىينىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغان گۈلەمخان ئۇزۇ-گۇمنىڭ كېتىشىگە قايىل بولۇپ قالدى .

— ئۇنداق بولسا چاپسانراق كېتىڭ ، قىزىم . ئىمىنئا-خۇنغا ئوخشاشلارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىشى مۇمكىن ،— دېدى موماي .

## IV

گۆلمەت بوۋاي بىلەن نۇزۇگۇم ئۆتكۈرنىڭ ئالدىغا كەلدى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئىچىگە ئورۇنلىشىۋالغان ئىككى - ئۈچ تۈلكە بۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆتكۈر ئىچىدىن ئىتىلىپ چىقتى - دە، ساي تەرەپكە قاچتى. بوۋاي بىلەن نۇزۇگۇم سوغۇق ئۆتكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىشتى.

— ئادەم تۇرماق هايۋانمۇ تۇرالمايدىغان بىر يەر ئىكەنغۇ بۇ، قىزىم. قورقماي قانداق ياتىدىغانسەن؟— دېدى گۆلمەت بوۋاي ئۆتكۈرنىڭ ئىچىگە كىرگەندە تېنى ئەيمىنىپ.

— باشقا كۈن چۈشكەندە چىدىماي ئامال يوقكەن، — دېدى نۇزۇگۇم.

— بۇ دېگىنىڭغۇ راست، قىزىم، — گۆلمەت بوۋاي ئۆتكۈرنىڭ ئىچىدە ئوت قالاۋاتقان نۇزۇگۇمنىڭ هەرىكىتىگە زەن سېلىپ قاراپ ئولتۇردى.

— ئەتە ئۆيدىن جوتۇ ئەكېلىپ ئىچىنى كېڭەيتىپ، سەن مۇزلاپ قالمىغۇدەك بىر نەرسە ياساپ بېرەي، — دېدى بوۋاي، — ئەگەر ئۆتكۈرنىڭ ئىچكىرىگىرەك ئۆي ياسىساق ئۇ چاغدا بۇ تېخىمۇ ئىسسىق بولىدۇ. بۇ يەردە يالغۇز يېتىشتىنلا قورقمىساڭ ئىشەنچلىك ئىكەن. بۇنى قانداق تېپىۋالغانسەن، قىزىم؟ مەن مۇشۇ ئەتراپتا يىگىرمە - ئوتتۇز يىلدىن بېرى قوي بېقىپ يۈرسەممۇ مۇنداق يەرنىڭ بارلىقىنى كۆرمىگەنىكەنمەن.

ئۇلار ئۆتكۈرنىڭ ئىچىدە ئۇزاق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇردى. بىر چاغدا بوۋاي ئورنىدىن قوزغالدى.

— خەير، خۇدايىمغا ئامانەت، بوۋا!

نۇزۇگۇم يەنە ياۋايى هايۋانلارغا ئوخشاش كۈن كەچۈ-
رۈشكە باشلىدى . لېكىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆڭلى خاتىر-
جەم ئىدى . هەركۈنى قويلىرىنى ئوتلىرىنى هەيدەپ چىقىدى-
غان گۈلمەت بوۋاي ئالدى بىلەن نۇزۇگۇمغا يولۇقۇپ ، مو-
مىيىنىڭ قاپاقتا ئەۋەتكەن چېيىنى ، پىشۇرغان تامىقىنى ئۇ-
نىڭغا بېرىپ ، خېلى ۋاقىتقىچە پاراڭ سېلىپ ئولتۇراتتى .
شۇنداق قىلىپ كۈنلەر ئارقىسىدىن كۈنلەر ئۆتىۋەردى . ئەم-
ما نۇزۇگۇم قانچە كۈتسىمۇ چوڭ يۇلتۇز تەرەپتىكى يا ئاكى-
سىدىن ، يا باقەمدىن خەۋەر بولمىدى . قىش كېلىپ ، ئۇ
تەرەپلەرگە قاتناش ئىشلىرى ئازىيىپ كەتكەنلىكتىن ، گۈل-
مەت بوۋاي قانچە قېتىم بىلىشكە تەمشەلسىمۇ ئۇلار توغرۇ-
لۇق ئېنىق خەۋەر ئەكەلمىدى .
— قارلارمۇ ئېرىپ ، باهار يېقىنلىشىپ قالدى ، قىزىم .
ئاز كۈندە غالجات غولى تەرەپتىكى ئاۋۇت بايغا چاكار بولۇپ
ئىشلەۋاتقان ئوغلۇممۇ قايتىدۇ . ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش چىراي-
لىق... — گۈلمەت بوۋاي شۇنداق دەپلا ئارزۇ - ئارمانلىرىنى
ئىزهار قىلىشقا باشلىدى ، — شۇ بالام كەلگەندە ئىككىڭلارنى
قوشۇپ ، يا مۇنۇ كۈنپېتىش تەرەپتە ياشايدىغان قازاقلارنىڭ
ئارىسىغا ، يا مۇنۇ تاغنى ئارتىلدۇرۇپ قەشقەر تەرەپكە ئەۋە-
تىۋېتەيمىكىن دېگەن ئويۇم بار . بىر تۇرۇپ يازغا چىقىۋال-
ساق ، بىر ئېيىنى تېپىپ ، هەممىمىزلا بۇ يەردىن كېتەيلۇق-
مىكىن دەيمەن .
— بىزنىڭ يۇرتلار بەك چىرايلىق ، بوۋا . بېرىپ قالغۇ-
دەك بولسىلا ئاغزىلىرى ئېچىلىپلا قالىدۇ .
— كۆپ ئاڭلىغان ، قىزىم . ئىشقىلىپ ، سېنىڭ بىلەن
ماڭا شۇ كۈنلەرگە يېتىشكە خۇدا نېسىپ قىلسۇنچۇ .

— بوۋا ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ئەتراپنى سولۇنلار يەنە ئەگىيدىغان بولۇپ قالدى ،— دېدى نۇزۇگۇم ،— قايسىبىر كۈنى سولۇنلارنىڭ ئەتىگەندىن ، كەچكىچە سايىنى ياقىلاپ يۈرگىنىنى بايقاپ قالدىم .

— بايقىغىنىڭ توغرا ، قىزىم . مەنمۇ بۈگۈن ساڭا شۇ ھەقتە ئېيتاي دېۋىدىم . كىمدۇر بىرى ئۇلارغا سېنىڭ بۇ سايدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگىنىڭنى يەتكۈزگەن ئوخشايدۇ . ئۆتكەن جۈمەدە ئون بەشچە سولۇن بىزنىڭ ئۆيىنىمۇ تەكشۈرۈپ كەتتى . ئۇلار مەھەللىدىكىلەرگە : «كىمدەكىمنىڭ نۇزۇگۇمنى يوشۇرۇپ ساقلىغىنىنى بىلىپ قالساق ئۇلارنى بالا-چاقىلىرىغىچە قىرىپ تاشلايمىز » دەپتۇ . شۇڭا بىرنەچچە كۈن بىز تەرەپكە بارمىغىن . مەنمۇ سېنىڭ قېشىڭغا كەلمەي . كەينىمىزگە چۈشكەن بىرى بولسا بىزنى بايقاپ قېلىشى مۇمكىن . مانا ساڭا بۈگۈن تۆت - بەش كۈنگە يەتكۈدەك ئوزۇق ئەكەلدىم . ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن چىقماي ئولتۇر . ھەر ھالدا بۇنىڭ ھەممىسى ياخشى گەپ ئەمەس .

گۈلمەت بوۋاي ئۆڭكۈردىن چىقىشقا تەمشەلگەندە ساي-نىڭ تاشلىرى شاراقلاپ كەتتى .

— بىرى كېلىۋاتامدۇ نېمە ؟— دېدى چۆچۈپ كەتكەن نوزۇگۇم .

— كىمدۇر بۇ ؟ مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى تىرىك بەندە بىلمەيدىغۇ ،— دەپ ھەيران بولدى ئۆزىنى ئۆڭكۈر ئى-چىگە يوشۇرغان گۈلمەت بوۋاي .

نۇزۇگۇم ئەتراپنى چارلاپ كىرمەكچى بولۇپ سىرتقا چىقىشىغا قارشىسىدا تۇرغان ئىمىنئاخۇننى كۆرۈپ ھاڭۋې-قىپ تۇرۇپ قالدى .

— ئىمىنئاخۇنكا ، بۇ سىلىمۇ ؟

— نۇزۇگۇم ، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە گەپ ئۆگىتىپ ، ئۇنى ماڭا قاراتماي موڭغۇللارغا بەرگۈزۈۋېتىپ ، ئۆزلىرى بۇ تەرەپلەردە مۆكۈنۈپ يۈرۈپتىلا ـ دە . ئەمدىغۇ قولغا چۈشكەندىلا ، — دېدى ئىمىنئاخۇن ۋە مۇغەمبەرلىك بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى ، — بىر ئوبدان ئوي تۇتۇۋاپتىلا ، مۇبارەك بولسۇن ، — ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ قېشىغا يېقىنلىدى ، — گۈلمەت بوۋاي مۇشۇ ئەتراپتا قوي بېقىپ يۈرەتتى ، كۆرمىدىلىمۇ ؟

— كىم ئۇ گۈلمەت بوۋاي دېگەن ؟— سورىدى نۇزۇگۇم ھېچ نەرسىنى بىلمىگەنگە سېلىپ .

— نەچچە كۈندىن بېرى ئۆيىگە بېرىپ ، قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ قويغان ئادەملىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىلىما ؟

شۇ چاغدا :

— مانا ساڭا ئۇنتۇپ قالدى !— دېگەن گۈلمەت بوۋاينىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى . نۇزۇگۇم كەينىگە قاراشقا ئۈلگۈرمەيلا ، بېشىغا توقماق يېگەن ئىمىنئاخۇن يەرگە يىقىلىپ چۈشتى .

— بۇ نېمە قىلغانلىرى ، بوۋا ؟— دېدى نۇزۇگۇم ھەيران بولۇپ .

— بۇ بەتبەختنىكە شۇ كېرەك ، قىزىم . ئۆزۈمىمىغۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى كۈتۈپ يۈرەتتىم .

ئىمىنئاخۇن يەردە ئۈن ـ تىنسىز ، كۆزلىرى ئالايغان ھالدا ياتاتتى .

— ئەمدى بۇنى سولۇنلار كۆرۈپ قالغۇچە بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى ، قىزىم ،— دېدى گۈلمەت بوۋاي .

نۈزۈگۈم تەمتىرەپ قالدى. ئۇ ئىمىنئاخۇننىڭ بېشىغا تەگكەن توقماق بىلەن جان تەسلىم قىلغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك بېشىنى سىلكىپ قويدى.

ئۇلار ئىمىنئاخۇننىڭ جەسىتىنى سۆرەپ ئاپىرىپ چوڭقۇر يارلىققا تاشلىۋەتتى-دە، ئۈستىنى تاشلار بىلەن يېپىپ كۆمۈۋەتتى.

— ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ، — دېدى گۈلمەت بوۋاي نۈزۈگۈم بىلەن خوشلىشىۋېتىپ.

* *

گۈلمەت بوۋاي شۇم خەۋەر ئەكەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى باغكەتمەن تاغلىرىغا تۇتىشىدىغان بۇ سايىنىڭ ئىچىنى سولۇدلارنىڭ ئون بەش چېرىكى بىر نەچچە كۈن ئەگىپ يۈردى. ئېھتىمال، ئۇلار نۈزۈگۈمنىڭ مۇشۇ ئەتراپقا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكى ھەققىدە بىرەرىدىن مەلۇمات ئالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى سەزگەن نۈزۈگۈممۇ گۈلمەت بوۋاي جېكىدگەندەك ئۆڭكۈر ئىچىدىن چىقماي ئولتۇردى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم چاي ئىچەي دەپ تەمشەلدىيۇ، لېكىن بۇ ئويىدىنمۇ يالتايدى. كەچ كىرگەندە سايىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قاپاقتا سۇ ئاچىقتى.

ئۈچىنچى كۈنى سولۇدلار كۆرۈنمىدى. ئەتراپ كۈندىكىدىنمۇ جىم بولۇپ قالدى. نۈزۈگۈم ئۆڭكۈر ئىچىدىن ئاستا چىقىپ، تۆت تەرىپىگە سەپسېلىپ قارىدى. يېقىن ئارىدا گۇمانلانغۇدەك ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، ھەتتا ئۇدۇلدىكى قاپتالدا قوي بېقىپ يۈرىدىغان گۈلمەت بوۋايمۇ يوق.

«سولۇن چىرىكلىرى كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ» دېگەن ئويغا كەلگەن نۇزۇگۇم سەل خاتىرجەم بولۇپ سايدىن بىر قاپاق سۇ ئاچىقىپ قازىنىغا قۇيدى ـ دە ، بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى تەييارلاپ قويغان ئوتۇنغا ئوت تۇتاشتۇردى .

ئۇ ياغلىقىنىڭ ئۈستىگە نانلىرىنى قويۇپ ، ئەمدى چاي ئىچىشكە ئولتۇرغاندا دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى تاشلار شاراقلاپ ئۆڭكۈر ئالدىدىكى يوغان سۇپىغا چۈشۈشكە باشلىدى . «بۇ يەنە نېمە بالادۇر ؟ قايسى كۈندىكىدەك گۇلمەت بوۋاينىڭ ئۆچكىلىرى كېلىپ قالمىغاندۇر ؟» دەپ ئويلىدى نۇزۇگۇم . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆڭكۈردىن چىقىپ سىرتقا قارىۋىدى ، ئۆڭكۈر قارشىسىدىكى دۆڭدە باشلىرىغا كىگىز بۆك كىيىپ ، قوللىرىدا قىلىچ ـ نەيزە تۇتقان سولۇن چىرىكلىرىنىڭ تورى-لىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ دەرھال كەينىگە قاي-تىپ يوشۇرۇندى . «بىكار ئوت قالاپتىمەن . بۇ كاساپەتلەر سېزىپ قاپتۇ ـ دە .»

مۇشۇنداق ئويغا كەلگەن نۇزۇگۇم قازاندىكى قايناقسۇنى كۆيۈۋاتقان ئوتقا چېچىپ ئۆچۈردى ـ دە ، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى-نى گۇلمەت بوۋاي ئەكېلىپ بەرگەن يوغان تاشلار بىلەن توسۇۋەتتى .

«زادى مەن ئۆلمىگۈچە بۇ دۇنيادا تىنچلىق يوق ئوخ-شايدۇ ، — نۇزۇگۇم چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ تىندى ، — مۇنۇلارنىڭ پەيلى يامان . بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ قولىدىن ساق چىقىپ كېتەلمەيدىغان ئوخشايمەن .»

بىردىنلا :

— نۇزۇك ، شۇ سەن چىقىدۇ ، بىز سېنى ئۆلتۇرمەيدۇ . چىقمايدۇ بىز سېنى ئۆلتۇرىدۇ ، — دېگەن سولۇن چىرىكى-

نىڭ ئۆيغۇر تىلىنى بۇزۇپ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى .
«بۇ جاللاتلار ئۆكۈرنى ئاخىر ئىزدەپ تېپىپتۇ ـ دە .
قايسى نامەرد ئېيتىپ قويدىكىن ؟ !— دەپ ئويلىدى ئوكۈر-
نىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭغا كىرىۋالغان نۇزۇگۇم ،— ئۆلسەم مۇ-
شۇ يەردە ئۆلەي . قەتئىي چىقمايمەن . قولىدىن كەلسە ئۆزلى-
رى ئاچىقسۇن . ئۆلسەممۇ بۇ قانخورلارنىڭ بىرىنى بولسىمۇ
ئۆلتۈرۈپ ئۆلەرمەن . »
— نۇزۇگۇم ، سەن ياخشىلىقچە چىقسۇن ،— سولۇن
چېرىكىنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى . ئۇنىڭ كەينىدىن :
— هاي ، سىڭلىم ، ئەمدى بولاردىن بەرىبىر قېچىپ
قۇتۇلالمايسىز . ئۇنىڭدىن كۆرە چاپسانراق چىقىپ ، جېنىد-
ڭىزنى ساقلاپ قېلىڭ !— قانداقتۇر بىر ئۇيغۇرنىڭ مۇراجى-
ئىتى ئاڭلاندى .
— ساتقۇن !— نۇزۇگۇم ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلىگەن ئا-
دەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا چىداپ تۇرالمىدى ،— مېنىڭدەك
بىر ئاجىزنى بولارغا تۇتۇپ بەرگۈچە ئۆلسەڭچۇ ! قېنى ئو-
غۇل بالا بولساڭ بۇيەرگە كىر . بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچىپ
يۇخادىن چىقاي .
بىر چاغدا تاشقىرىدا بىرىنىڭ سولۇن چېرىكلىرىگە قات-
تىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى ـ دە ، ئۆكۈرنىڭ تاشقى-
رىقى ئېغىزىغا بىردىنلا ئۈچ ئادەم ئۆمىلەپ كىردى . ئۇلار
ئۆكۈرنىڭ ئىچىگە زەن سېلىپ قاراشتى . ئەمما نۇزۇگۇمنى
كۆرمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆكۈر ئىچىگە يەنىمۇ ئىچى-
كىرىلەپ كىرىشكە ئەيمىنىپ تۇرۇپ قېلىشتى . يەنە تاشقى-
رىدىكى ئادەمنىڭ هۆكۈمران ئاۋازى ئاڭلاندى .
— بۇ يەردە هېچكىم كۆرۈنمەيدىغۇ ،— دېدى ئۆكۈرگە

كىرگەنلەرنىڭ بىرى ،— ئۇ خوتۇن باشقا ياققا قېچىپ كەت-
كەن بولۇشى كېرەك .

ئۆڭكۈرگە كىرگەن چېرىكلەر كەينىگە قايتىپ چىقىپ
كەتتى . نۇزۇگۇمنىڭ كۆڭلى سەل ئورنىغا چۈشكەندەك بول-
دى . ئۇ ئىچىدە سولۇنلار مېنى تاپالماي قايتىپ كېتىدىغان
بولدى دەپ ئويلىدى . قەلبىدە يەنە هايات كەچۈرۈشكە بولغان
ئۈمىدى ئويغاندى .

— ئۇنداق بولسا بىر قىسمىڭلار سايىنىڭ ئىچىنى ئاختۇ-
رۇڭلار !— سولۇن چېرىكلىرىنىڭ باشلىقى ،— بىر قىسمىڭ-
لار ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە ئوت قويۇڭلار .

شۇ گەپتىن كېيىن ئانچە كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ئۆڭكۈر
ئىچىنى ئىس قاپلاپ كەتتى . نۇزۇگۇم پەشمىتىنى بېشىغا
پۈركەپ دۈم يېتىۋالدى . ئۇنىڭ قۇلىقىغا سىرتتا ۋارقىرىغان-
لارنىڭ ئاۋازى ئارانلا ئاڭلىناتتى . كىمدۇر بىرلىرىنىڭ ئات
چاپتۇرۇپ يۈرگىنى سېزىلدى . ئاچچىق ئىس نۇزۇگۇمنىڭ
كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ ، نەپەس ئېلىشىنى قىيىنلاشتۇرۇ-
ۋەتتى . ئۇ بېشىغا پۈركىۋالغان پەشمىتىنى ئېلىۋەتكەنىدى ،
قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى .

— بار ، بار ئىكەن ، تەقسىر ! مەن سىلەرگە نۇزۇگۇم
مۇشۇ يەردە دېمىدىممۇ ،— دېگەن سۆزلەر ئاڭلاندى .

نۇزۇگۇمنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىشى بىلەن سولۇن چېرىكلە-
رى يەنە ۋارقىرىشىپ كەتتى . دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلار
خۇددى خۇش خەۋەر ئېيتقاندەك ئاتلىرىنى يۇقىرى - تۆۋەن
چاپتۇرۇشقا باشلىدى . نۇزۇگۇم ئىس قاپلاپ كەتكەن ئۆڭ-
كۈردە ئەمدى چىداپ تۇرۇشقا تاقىتى قالمىدى . ئۇ بۇ قېتىم
يەنە باشقا كەلگەننى كۆرەي دېگەندەك ، تەۋەككۈل قىلىشقا

بەل باغلاپ ، خەنجەرنى قولىغا تۇتقان پېتىچە ئۆڭكۈرنىڭ سېرتىغا يۈگۈردى . ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆڭكۈر ئېغىزىدىكى ياپى-لاق تاشتا ئۆرە تۇرغان ئۈچ سولۇن چېرىكى چۈشتى . ئۇ قولىدىكى خەنجەرنى چەنلەپ تۇتقان پېتىچە ئوتتۇرىدىكى يوغان سېمىز سولۇن چېرىككە :

— جاللاتلار ، مېنى تۇتىمەن دەپ ئويلاشما ! — دېگەن بويى ئېتىلىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ بىقىنىغا خەنجەر ئۇردى . سېمىز چېرىك ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ ، تاشتىن غۇلاپ سايىنىڭ تېگىگە دومىلاپ كەتتى . شۇ چاغدا ئۆڭكۈرنى قور-شاپ تۇرغان سولۇن چېرىكلىرى نۇزۇگۇمنىڭ خەنجەر تۇتقان قولىغا ياماشتى ، چېرىكلەردىن بەزىلىرى ئۇنىڭ قولىغا كوي-زا ، پۇتىغا كىشەن سېلىپ ئۇلگۇردى . نۇزۇگۇم ئۆپچۆرى-سىگە قاراپ ، قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن خەنجەرنى ئىزدىۋى-دى ، ئۇنى بايا ئۆزىگە ھۇجۇم قىلغان سولۇن چېرىكى ئېلىپ ئۇلگۇرۇپتۇ .

سولۇنلار نۇزۇگۇمنى كەتمەن تېغىنىڭ باغرىدىكى چوڭ سايدىن تۇتۇپ ئېلىپ ماڭغاندا ، ئۇنىڭ ئالدىغا باغكەتمەن يېزىسىدىن بىرىنچى بولۇپ گۇلمەت بوۋاي يېتىپ كەلدى . ئۇ پۇت - قوللىرى باغلانغان نۇزۇگۇمنى كۆرۈپ :

— سېنى بۇ كاپىرلاردىن ساقلاپ قالالمىغان بوۋاڭنى كەچۈر ، قىزىم ، — دەپ يىغلىۋەتتى ، — ئۆزىمىز يەتمىگەن ئارمانلارغا سېنى يەتكۈزەرمىز دەپ ئويلىۋىدۇق ، بۇ ئۈمىد-لىرىمىزمۇ كۆككە ئۇچتى .

ئالتە ئايدىن بېرى بۇ ئەتراپتا قېچىپ ، مۆكۈنۈپ يۈر-گەن قىزنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئادەملەر ھەر تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى .

— سەۋر قىلسىلا، بوۋا. ئەگەر خەلقىمىزنىڭ ھەممىسى سىلىگە ئوخشاش بولسا بىز بۇ كۈنلەرگە قالمايتتۇق، — دېدى پۇت ـ قوللىرىنى باغلىۋەتسىمۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرغان نۇزۇگۇم.

— ھوي، مۇنۇ قېرى قاقۋاش نېمىدەپ ۋالاقلاۋاتىدۇ، ئۇنى نېرى قوغلاڭلار، — دېدى بىر چاغدا سولۇن چېرىكلىرىنىڭ باشلىقى.

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نۇزۇگۇمنى ئۆڭكۈرلەردە يوشۇرۇپ يۈرگەن مۇشۇ قېرى قاقۋاش، — دېدى يەنە بىر سولۇن چېرىك باشلىقىغا مۇراجىئەت قىلىپ، — ئاۋۇ كۈنى ھېلىقى قەشقەرلىك سودىگەرنىمۇ مۇشۇ بوۋاي ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان سولۇن چېرىكلىرى گۆلمەت بوۋاينى قامچىلار بىلەن ئۇرۇپ، نۇزۇگۇمنىڭ قېشىدىن قوغلاشقا باشلىدى. سولۇنلار نۇزۇگۇمنى ئاتقا مىنگۈزۈپ ئېلىپ ماڭغاندا باغكەتمەن تەرەپنىڭ ئادەملىرى يېتىپ كېلىشتى.

— بۇلار سىزنى نېمە قىلىۋەتتىكەن، جېنىم قىزىم؟ — يۇرتداشلىرى بىلەن بىللە ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلگەن گۆلەمخان موماي گۆلمەت بوۋاينىڭ قانغا مىلىنىپ، يەرگە يىقىلىپ ياتقىنىغا قارىماستىن نۇزۇگۇمنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى، — خەير، قىزىم، سىزنى ساقلاپ قالالمىغىنىمىز ئۈچۈن بىزنى كەچۈرۈڭ. بۇ مەلئۇنلارغا ياشلار قارشى تۇرالمايۋاتقاندا، بىزگە ئوخشاش قېرىلارنىڭ نەدىن چامى يەتسۇن.

سولۇن چېرىكلىرى نۇزۇگۇمغا يېقىنلىغان مومايىنى

ئىتتىرىۋەتكەندى ، موماي ئېرىق ئىچىگە يىقىلدى .
— ھەي ، سەنلەرنىڭ كۆچۈڭنى كۆرسەتمىگەن مۇشۇ موماي قالغانمىدى؟ ! — يېزا تەرەپتىن كەلگەن ياشلارنىڭ بىرى ئالغا يۈلقۇنۇپ چىقىۋىدى ، سولۇن چېرىكلىرى ئۇنىڭ مەيدىسىگە نەيزە سانجىدى .
— يائاللا ! — دەپ ئارقىسىغا داجىشتى ئۆمۈر بويى مۇڭداق توقۇنۇشلارغا قاتنىشىپ باقمىغان يېزىلىقلار .
— خالايىق ، قاچانغىچە بىز بۇلارنىڭ تايىقىنى يەپ ، مالايلىقىنى قىلىمىز . نۇزۇگۇمدەك قىزلىرىمىز تەڭسىزلىككە قارشى كۈرەشتۈۋاتقاندا بىز ئۇنى سولۇنلارغا تۇتۇپ بېرىپ قاراپ تۇرغىچە ئۆلگىنىمىز ياخشى ئەمەسمۇ ، — گۇلمەت بوۋاي قولىدىكى تايىقىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالغا ئىنتىلدى . نۇزۇگۇمنى ئېلىپ ماڭغان سولۇن چېرىكلىرى بوۋاينىڭ ئالدىغا ئاتلىرىنى دېۋىتىپ كېلىپ ، ئۇنى يەنە قامچا بىلەن ئۇرۇپ يەرگە يىقىتتى .
— ئىپلاسلار !
ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەن بوۋاينىڭ قولتۇقىدىن گۇلەمخان موماي يۆلىدى .
— نۇزۇگۇم ! — گۇلمەت بوۋاي ئۆزىدىن يىراقلىغان نۇزۇگۇمنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى ، — قىزىمىزنى ئەكېتىۋاتسا قانداق چىداپ تۇرۇۋاتىسىلەر ، ئادەملەر !
— زامان مۇشۇلارنىڭ بولغاندىن كېيىن ، بىزنىڭ نېمىگە چامىمىز يېتىدۇ ، چوڭ دادا ، — دېدى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن كىمدۇر بىرى .
ئۇلاردىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان نۇزۇگۇمنىڭ ئاۋازى ئاشكارا ئاڭلاندى .

—… سىلەرنىڭ ياخشىلىقىڭلارنى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئۇنـ
تۇمايمەن ، بوۋا . مەن بۇ سولۇنلارغا ھەرگىز باش ئەگمەيـ
مەن . بۇ يەرلەردە تارتقان جاپالىرىمنى مېنىڭدىن كېيىنكى
ياشلار تارتمىسۇن…

سولۇن چېرىكلىرى يىراقلىغانسېرى نۇزۇگۇمنىڭ ئاۋاـ
زى ئۆزۈلۈپ - ئۆزۈلۈپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

V

نۇزۇگۇمنىڭ قەددىنى تىك تۇتۇپ ، بېشىنى ئېگىز كۆـ
تۈرۈپ شەھەر كوچىلىرىدىن مەردانە مېڭىشلىرى بۇ يەرنىڭ
ئادەملىرىگە ھەقىقىي قەھرىمانلىقنىڭ ، كۈچلۈك ئىرادىـ
نىڭ ، مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئىسيان
كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ يارقىن ئىپادىسىدەك سېزىلمەكتە . ئۇـ
نىڭ قەددىنى پۈكمەي مۇشۇنداق مەغرۇر تۇرۇشى پۇقرالارـ
نىڭ ۋەتەنگە بولغان ساداقىتى بىلەن دۈشمەنگە قارشى
غەزەپ - نەپرىتىنى كۈچەيتتى .ئۇلار بىر - بىرىگە :

— بىزنىڭ ئۇيغۇرلاردىنمۇ مۇشۇنداق قەيسەر قىزلار
چىقىدۇ - ھە ! كۆردۈڭلارمۇ ، بۇ قىزنىڭ سولۇنلارنىڭ
ئاتاقلىق باتۇرىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئالتە ئايدىن بېرى تۇتۇق بەرـ
مەي ، قىشنىڭ سوغۇق،دالالىرىداقونۇپ ، مۆكۈنۈپ ياشىغىـ
نىنى ،— دېيىشىپ ، نۇزۇگۇمغا خۇددى رىۋايەت - ئەپسانىـ
لەردىكى باتۇرلارغا قارىغاندەك ھەيران بولۇپ قارىشاتتى .

— بۇ قىزنى ئاخىرى تۇتۇۋاپتۇ - دە ؟

— نەگە ئېلىپ مېڭىپتۇ ؟— سورىدى بىرى يېنىدىكى

كىشىدىن .

— ھەربىي يامۇلغا سولىغۇدەك ،— دېدى بۇ ئىشلاردىن سەل - پەل خەۋىرى بار بىر ئادەم .

— ياللا ، قىز بالىنى يامۇلغا سولىدى دېگەن قانداق گەپوي ، بۇ قىز ئۇ يەرنىڭ زۇلۇمىغا قانداقمۇ چىدار ؟

— چۆل - دالالاردا ياتقاندىن كۆرە يامۇلدا ياتقان ياخشىراقتۇر .

— قالتىس قەيسەر جۇۋانكەن جۇمۇ ؟

چېرىكلەرنىڭ ئۇرۇپ ، دۆشكەلەشلىرىگە قارىماستىن ئۆزىنىڭ كەينىدە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان نۇزۇگۇم بارلىق قايغۇ - دەردلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، چۆرىسىدىكى ئادەملەرگە بىر قۇر قاراپ قويدى . ئۇ يامۇلغا سولىنىۋېتىكىچە ئىچىمدىكىنى ئېيتىپ قالاي دېگەندەك ، كۆچلۈك ئاھاڭدا قوشاق باشلىدى . ئۇ بىر تەرەپتىن «بەلكى يېقىن ئارىدا باقەم بار بولۇپ قالسا ئاۋازىمدىن تونۇر . بولمىسا مۇنۇ پۇقرانىڭ ئىچىدە مېنىڭ ناخشامنى قەشقەرگە يەتكۈزۈپ بارغۇدەك بىرەر ئادەم چىقىپ قالار» دەيتتى ئىچىدە . ئەمدى ئۇنىڭ دۈشمەنگە ئاتىغان ئوقىمۇ ، چاپىدىغان قىلىچىمۇ پەقەت مۇشۇ قوشاقلىرى ئىدى :

ئاخىر ئاشكارا بولدۇم ،
يوشۇرغىلى يەر بارمۇ ؟
ماڭا قاتتىق كۈن چۈشتى ،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ ؟

نۇزۇگۇم شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى قىشنىڭ سوغۇقلىرىدا بىر كۈن توق ، بىر كۈن ئاچ يۈرسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزگەرمەي ئىلگىرىكىدەكلا جاراڭلىق چىقاتتى . باياتىن بېرى چاچلىرى چۇۋۇلغان ، كىيىملىرى يىرتىلغان بولسىمۇ ، قەددىنى پۈكمەي كېلىۋاتقان قىزنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ئاپىرىن ئېيىلەۋاتقان خەلق ئەمدى ئۇنىڭ مۇڭلۇق قوشاقلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ هاياجانلىنىپ روهلىنىپ كەتتى . بەزىلەر كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ يىغلايتتى . ئۇنىڭ ناخشىسى شەھەر خەلقىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى پارە ـ پارە قىلىپ ئەزمەكتە . ھەتتا كوچىلاردا ، چوڭ دۇكان ئالدىلىرىدا يوغان چاپانلارغا ئورىنىپ ، تاماشا كۆرگەندەك غادىيىپ تۇرغان شاپ بۇرۇتلۇق باي ، بەگلەر بىلەن ئەمەلدارلارمۇ بۇ قەيسەر قىزنىڭ جامالىغا تىكىلىپ قارىيالماي جىم تۇرۇشاتتى . باشلىرىغا يوغان ياغلىقلارنى سېلىۋالغان مومايلار بولسا كېرىلىشىپ تۇرغان بۇ ئەمەلدار ـ بەگلەرگە نەپرەت بىلەن كۆز تاشلىشاتتى . نۇزۇگۇمنىڭ مىنگەن ئېتىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ : «ئۈنۈڭنى باس !» دەپ قوللىرىنى شىلتىگىنىگە قارىماستىن نۇزۇگۇم يۈزىنى يېپىۋالغان ئۆزۈن چېچىنى كەينىگە قايرىۋېتىپ ناخشىسىنى داۋاملاشتۇردى :

ئالتە ئاي ياتتۇم خاماندا ،
نان پىشۇردۇم ساماندا .
ئاجىز نۇزۇك جاڭگالدا ،
ئاتام يۈرەر قاياندا .

يايى چىقتى تۆتقىلى ،
ئەجدىھا بوپ يۇتقىلى .
ئون بەش يايى كېلىپتۇ ؛
مەن نۇزۇكنى تۇتقىلى .

ھېچكىم مەندەك بولمىسۇن ،
بالالارغا قالمىسۇن .
بىزگە كەلگەن جاپالار
ھېچ بەندىگە كەلمىسۇن .

تاغدىن چۈشكەن لاي سۈنى
سۈزۈپ ئىچەر ئەر بارمۇ ؟
نۇزۇك باشقا كۈن چۈشتى
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ ؟

يايىلار خەلققە ئىبرەت ـ ئۆلگە قىلىش ئۈچۈن نۇزۇ-گۇمنى شەھەر ئىچى بىلەن ئېلىپ ماڭىمىز دەپ ، ئۇلارنىڭ جىياڭجۇنگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئويغىتىۋالغانىدى . بۇ قىزنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغان شەھەر خەلقى غەزەپلىنىپ ، بارغانسېرى چېرىكلەرنى قىستاپ نۇزۇگۇمغا يېقىنلاشماقتا . بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ چۆچۈگەن چېرىكلەرنىڭ باشلىقى يېنىدىكىلەرگە ئىمىلەرنىدۇر دېۋىدى ، قالغانلىرى بىر ـ بىرىگە شەرەت قىلىشىپ ، ئاتلىرىغا قامچا ئۇرۇپ مېڭىشنى ئىتتىك-لەتتى . بەزى چېرىكلەر نۇزۇگۇمغا يېقىنلاشقان خەلقنى ئۇ-رۇپ قوغلايتتى . قىزنىڭ ناخشىسى توختىغىنى بىلەن شەھەر

كوچىلىرىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ ۋاڭ - چۇڭى
تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى .
چېرىكلەر نۇزۇگۇمنى كۈرەدىكى يامۇلغا ئەكېلىپ ،
ئاتتىن چۈشۈرگەندە بىر ئايالنىڭ يىراقتىنلا ۋارقىراپ يىغ-
لاپ كېلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى . يايىلار بىر - بىرىگە
پىچىرلىشىپ تۇرۇپ قالدى . بەزىلەر كېلىۋاتقان ئايالنى
توختىتىپ قېلىشقا ئۇرۇنۇپ :
— ھەي خانىم ، سىـــلە بۇ يەرگە يېـقـــىنلاشىىلا بول-
مايدۇ ،— دەپ ئۇنى كەلمەسلىككە دەۋەت قىلاتتى . لېكىن ،
نېمە ئۈچۈندۇر ، ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا ھېچقايسىسى جۈرئەت قى-
لالمايتتى . نۇزۇگۇم بۇ خوتۇننى ئۇنىدىن تونۇپ كەينىگە
بۇرۇلۇپ قارىۋىدى ، ئۆزىنىڭ قارشىسىدا بۇۋىئايشەم كېلى-
ۋېتىپتۇ .
— نۇزۇگۇم ، تىرىك ئىكەنلىغۇ ، دوستۇم ،— ئىتتىك
يۈگۈرۈپ كەلگەن ئايال ئۆزىنى نۇزۇگۇمنىڭ قۇچىقىغا ئات-
تى .
— بۇۋىئايشەم !— كېيىنكى چاغلاردا يىغلاش دېگەننى
ئۇنتۇپ قالغان نۇزۇگۇم ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي يىغلىۋەت-
تى . بۇۋىئايشەممۇ ئىككى قولىغا كويزا سېلىنغان نۇزۇگۇم-
نى باغرىغا بېسىپ كۆز يېشىنى تۆكمەكتە ئىدى .
چېرىكلەر كۈرەدىكى شىسەن دالويىنىڭ كىچىك خوتۇ-
نىغا يېقىن كېلىشكە ئەيمىنىپ تۇرغاندا ، يامۇل دەرۋازىسى
ئالدىدىكى چوڭ يايى چېرىكلەرگە ئۇنى نېرىراق ئەكېتىشنى
بۇيرۇدى .
— نۇزۇگۇم ، ئەگەر بۇلار سىلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان
بولسا مەنمۇ ئۆلۈۋالىمەن . سىلە سۈمۈلدىكى سولۇن ئەمەلدا-

رىنى بوغۇزلىۋەتكەندىن كېيىن بۇلار مېنىڭ كۆڭلۈمگىمۇ
تىنچلىق بەرمىدى .

— ئۆزلىرىنى يوقاتمىسىلا ، بۇۋىئايىشەم . بۇنداق سۆز-
لەرنى قىلمىسىلا ، ئامان بولسىلا . يۇرتلارغا بارغۇدەك بول-
سىلا بىللە ئۆسكەن دوستلارغا سالام ئېيتسىلا .

يامۇلنىڭ يوغان دەرۋازىسى غاچىلداپ ئېچىلدى . چې-
رىكلەر نۇزۇگۇمنى ئىتتىرىپ دېگۇدەك ئىچىگە كىرگۈز-
دى - دە ، دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنى ھىم قىلىپ يېپىۋەت-
تى . خەلقنىڭ ۋاڭ - چۇڭمۇ سۇ سەپكەندەك بېسىلدى .
ئەمما بۇۋىئايىشەمنىڭ يىغىسى خېلى ۋاقىتقىچە توختىماي ئاڭ-
لىنىپ تۇردى .

VI

نۇزۇگۇم كۆرەدىكى يامۇلدا سوئال - سوراقسىز خېلى
ئۇزاق ياتتى . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى موڭغۇللار بىلەن مانجۇ-
لارنىڭ ھەر ئوغلانلىرىغا باش ئەگمەي يۈرگەن بۇ قەيسەر
ئايالنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىل-
مەكچى بولۇپ قىزىققان ئىلى جياڭجۈنى بىر كۈنى شەرقىي
يامۇلغا كەلدى . ئۇ ساغرىسىغا چۈشكەن چاچلىرى چۇۋۇ-
لۇپ ، كېيىملىرى يىرتىلىپ كەتكەن ، قارا كۆزلىرىدىن ئوت
چاقناپ تۇرغان نۇزۇگۇمنىڭ گۈزەل ھۆسنى - جامالىغا
شەيدا بولۇپ نېمە دېيەرىنى بىلمەي قاراپلا قالدى . لېكىن
ئۇنىڭ موتېبۇغا ئوخشاش قەيسەر سولۇن ئەمەلدارىنى ئۆلتۈ-
رۈپ قېچىپ كەتكىنى ئېسىگە چۈشكەندە قاپاقلىرى تۈرۈ-
لۈپ ، چىرايى جىددىي تۇس ئالدى - دە :

— ھە خېنىم ، سىزگە شۇنچە بەختلىك ھايات ھەدىيە
قىلساق ، بۇنىڭغا خۇش بولماي ، قېچىپ كەتكىنىڭىز نېمە-
سى ؟ ! مانا بەربىر قولغا چۈشتىڭىز ،— دېدى . نۇزۇگۇم
جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن ئۇ گېپــىــنى يەنە داۋاملاشتۇر-
دى ،— شۇنى بىلىپ قويۇڭكى ، بىزدىن ھېچكىم قۇتۇلۇپ
كېتەلمىگەن . بۇنى سىزدىن ئىلگىرىكى تالاي ئىسيانچى چەن-
تۇلار چۈشىنىپ ، باشباشتاقلىق قىلغىنى ئۈچۈن بىزدىن
رەھىم - شەپقەت قىلىشىنى سورىغانىدى . بەلكى سىزمۇ
شۇنداق قىلارسىز ؟
— يوقسۇ ، بۇ گەپلىرىنى سۇغا ئېيتسىلا . سىلەر مېنى
ئۆلتۈرگىنىڭلار بىلەن پۈتكۈل خەلقنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەل-
مەيسىلەر...
غەزىپىنى يوشۇرالماي قالغان جياڭجۈن بېشىدىكى بۆ-
كىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان بىر ئۆرۈم چېچىنى سىل-
كىپ ۋارقىراپ سۆزلىدى :
— بەلكى تېخىچىلا ئىسيانچى تۆرەڭلار جاھانگىر غوجى-
دىن ئۈمىد كۈتۈۋاتىدىغانسەن . بىلىپ قوي ، ئۇ خان ئوردى-
سىغا ئاپىرىلغان كۈنىلا كاللىسى كېسىپ تاشلاندى .
نۇزۇگۇم جاھانگىر غوجىنى ئىسھاق ۋاڭنىڭ خان ئور-
دىسىغا ئەكەتكىنىنى بىلسىمۇ ، لېكىن ئۆلتۈرۈلگىنىنى بىل-
مەيتتى . شۇڭلاشقا ئۇ جياڭجۈننىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى ئاڭ-
لاپ بىر قىسما بولۇپ قالدى . ئېيتقان گېپىنىڭ نۇزۇگۇمغا
تەسىر قىلغىنىنى سەزگەن جياڭجۈن ئىچىدە «راسا نازۇك
يېرىڭگە تەگدىممۇ» دېگەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ سۆزى-
نى داۋام قىلدى :
— سىزنىڭ تەقدىرىڭىز توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى بېي-

جىگدىكى پادىشاھىمىز داۋگۇاڭ خان ئۆزى چىقىرىدۇ . شۇ-نىڭ ئۈچۈن ئامان قېلىشنى خالىسىڭىز كېچە - كۈندۈز پادىشاھىمىز داۋگۇاڭ خانغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەڭ .
— قەشقەرنىڭ مىڭلىغان خوتۇن - قىزلىرى بىلەن ئۇششاق باللىرىنى ئۆي - ماكانىدىن ئايرىپ ، قۇل قىلىپ ئىشلەتكەن ، سانقان ئادەمگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىگەندىن كۆرە ، ئۇنىڭ چاپسانراق ئۆلۈشىنى تىلىگىنىم مىڭ ھەسسە ياخشى .
نۇزۇگۇمنىڭ زەردە بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى جياڭ-جۈن ئاڭلاپ تېخىمۇ تېرىكىپ كەتتى .
— ياخشــىلىقنى بىلمەيدىغان مــۇناپــىق خوتۇن ئى-كەنسەن ، — ئۇ يايىغا قاراپ بۇيرۇق قىلدى ، — بۇگۈندىن باشلاپ ئۇنى غەربىي يامۇلغا يۆتكەڭلار . كۆزەتنى كۈچەيتىڭ-لار . ئۇنىڭ قېشىغا بىرمۇ ئادەم كىرگۈچى بولمىسۇن .
جياڭجۈن قولىنى شىلتىپ چىقىپ كەتتى .
نۇزۇگۇم مەنچىڭ خانىدانلىقىنىڭ بېيجىڭدىكى خانى داۋگۇاڭدىن كېلىدىغان ھۆكۈمنى كۈتۈپ ياتتى . ئۇ كېلىدى-غان ھۆكۈمنىڭ ئۆلۈم جازاسى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇر-سىمۇ ، يەنە ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا قېچىپ كەتكۈدەك بىرەر يول چىقىپ قالامدىكىن دەپ ئۈمىد قىلاتتى . چۈشكۈنلۈككە بېرىلمەي ، ئۆزىنىڭ غەم - قايغۇسىنى ، دەردىنى قوشاقلار بىلەن يېڭىشكە تىرىشاتتى . ئۇ بېشىدىن كەچۈرگەن ھاياتىنىڭ ھەممىسىنى قوشاققا قېتىپ چىقتى :

دۇشمەنىنىڭ كۆپ ياڭزىسى ،
قولىدا بار غاڭزىسى .
چاقاي دېسەم چىقىلماس
قولۇمدىكى كويزىسى .

خۇدا بەرگەن غۇنچەمنى
سولۇن ـ نويانلار ئۈزمىدى .
سولۇن ـ نويانلار ئۆيىگە
نۇزۇك جۇۋان تۆزمىدى .

يامۇلدا بار ئوغرىسى ،
ئون بەش غۇلاچ توغرىسى .
كۆرسەم ئەسكى كىگىزدۇر
سولۇنلارنىڭ موزىسى .

نەچچە كۈندىن بېرى داق يەرگە سېلىنغان بىر پارچە بورىنىڭ ئۈستىدە چۈسا ـ بۇرگىلەرگە يەم بولۇپ ياتقان نۇزۇگۇم قەشقەردە ئۆتكەن ياشلىق چاغلىرىنى ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قوۋم ـ قېرىنداش ، دوستلىرىنى ئەسلەپ ، ئۇلارنىڭ قىياپەتلىرىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ خوشلاشقاندەك بولاتتى . چاپسان ـ چاپسانلا شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى تاغاق تەگمىگەن چېچىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ تۈزەيتتى . ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى يېقىنلاشقانسېرى ئۇ دۇنياغا كەتكەن مومىسى بىلەن ئانىسىنى ، ھېيتگاھ مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئۈچ ياشلىق قىزىنى ، يولدا كېلىۋېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن دوستلىرىنى ئەسلەپ ، ئۆزىنى شۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈرگەندەك ھېس قىلاتتى . ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە يامۇلنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ نەشە چېكىدىغان كۆزەتچىلەرنى كۆرۈپ ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئەپسانە سۆزلەرنى ئاڭلاپ جىدلە بولغىچە ، بۇ جاپالىق دۇنيادىن تېزرەك قۇتۇلۇپ كەتسەم

بولاتتى دەپ ئويلايتتى . بەزىدە بۇ دۇنيادىن كۆرە ئۇ دۇنيا راستتىنلا تىنچتەك تۇيۇلاتتى . بىراق ئۇنى چېرىكلەر تالاغا ھەيدەپ چىققاندا پارقىراپ تۇرغان كۇن نۇرىنى كۆرۈپ ، ئۇ دۇنيانى ئۇنتۇپ قالاتتى ـ دە ، يېڭىۋاشتىن قانداق قىلىپ بولمىسۇن ، بۇ يەردىن قېچىپ كېتىشنىڭ ئامالىنى ئويلايتتى .

— مېنىڭ تەقدىرىم ھەققىدە بېيجىڭگە ئەۋەتىلگەن مەكتۇپقا قاچان جاۋاب كېلىدۇ ، بەكمۇ كېچىكىپ كەتتىغۇ ، مەن سىلەرنىڭ بىكار تامىقىڭلارنى يەپ مۇشۇنداق ياتىۋېرەمەنمۇ ؟— دەپ ئۆزىگە تاماق ئەكېلىدىغان يامۇل خىزمەتچىلىرىدىن سوراپ قوياتتى .

لېكىن ئۇلارمۇ بۇ ھەقتە ھېچنېمە بىلمىسىمۇ :

— ئۆلىدىغانغا نېمانچە ئالدىراپ كەتتىڭ ، جاۋاب بىر كۈنى كېلىپ قالار ،— دەيتتى .

— ئۆتكەندە جياڭجۈننىڭ جاھانگىر غوجىنى ئوردىدا ئۆلتۈردى دېگەن گېپى راستىمدۇر ؟— دەپ سورىدى ئۇ يەنە بىر قېتىم تاماق ئەكىرگەن ئادەمدىن . سەۋەبى ئۇ جياڭجۈندىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇنىڭغا يا ئىشىنىشنى ، يا ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمەي ئىككى ئويدا بولۇپ قالغانىدى .

— راست بولمايچۇ ، ئۇنىڭ ئوردىدا چاناپ ئۆلتۈرۈلگىنى پۇتۇن ئىلىغا پۇر كەتتى . ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى !— دەپ تەنە ئارىلاش جاۋاب بەردى ئۇ .

— ھازىر بۇ دۇنيا مانا بىزدەك قەھرىمانلار ئۈچۈن تار ، سەنلەردەك جالالاتلارغا كەڭ بولدى . بىزدەك بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمى مىڭلىغان ئادەمنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغانلىقىنى ئۇنتۇشما . خەلقىمىز بەرىبىر سەنلەردىن ئىنتىقام ئالىدۇ .

— ئاغزىڭنى يۇم ، قانجۇق !— دەسلەپتە بۇ جۇۋانغا يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرگەن يامۇل خىزمەتچىسى باشلىقىغا ئېيتىپ نۇزۇگۇمنى يامۇلنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قاراڭغۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىگە يۆتكىگۈزۈۋەتتى .

نۇزۇگۇمنىڭ يامۇلغا سولانغىنىغا توپتوغرا سەكسەن ئىككى كۈن بولغاندا داۋگۇڭ خانىدىن جاۋاب خەت يېتىپ كەلدى . شۇ كۈنى يامۇل خىزمەتچىلىرى نۇزۇگۇمغا تاماق ئەكىرىشىنىڭ ئورنىغا :

— سېنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇپتۇ . تەييارلىقىڭنى قىلىۋەر ،— دەپ ئۇقتۇردى .

ئىلگىرى نۇزۇگۇم بىلەن بەكمۇ قوپال مۇئامىلە قىلىشىدىغان يامۇل خىزمەتچىلىرى ئىچكىرىدىن كەلگەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، گويا بۇ گۈزەلنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قىيماي ۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ ، ھەرقايسىسى ھەرياقتىن خەيرخاھلىق بىلدۈرۈشكە باشلىدى .

— بىزدە نېمە گۇناھ دېيسەن ، بىزمۇ ساڭا ئوخشاشلا خۇدانىڭ قۇللىرى . كۆزەت ، دېدى ، كۆزەتتۇق . سېنى ياخشى كۆزەتمەي قاچۇرۇپ قويساق ، سېنىڭ ئورنۇڭغا بىزنى ئۆلتۈرىدۇ ،— دېيىشتى . بەزىلىرى :

— بىز خان جانابلىرىنى سېنىڭدەك گۈزەل خوتۇنغا مۇنداق قاتتىق ھۆكۈم چىقىرار دەپ ئويلىمىغان . مۇنداق بولارىنى بىلگەن بولساق ، ئۆزىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ سېنى ئاللىقاچان قاچۇرۇۋېتەتتۇق . ئەمدى ھېچبىر ئامال يوق . ساڭا قاتتىق تەگكەن يەرلىمىز بولسا كەچۈر ،— دەيتتى .

ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ نۇزۇگۇمنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ ، يامۇل خىزمىتىنى قىلىپ يۈرگەن بۇ چېرىكلەرگە

ئىچى ئاغرىپ قالدى .

— نېمىشقا رەنجىيمەن . سىلەرمۇ خوجايىنلارنىڭ قىل دېگىنىنى قىلدىڭلار ، مەن پەقەت دۇنيادىكى تەقدىرنىڭ تەڭ-سىزلىكىگە رەنجىيمەن .

نۇزۇگۇمغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا ئاڭ-لىغان خەۋەرنى يەتكۈزگەن يامۇل خىزمەتچىسى «بۇ خوتۇن دەھشەتلىك خەۋەرنى ئاڭلىسا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۇ-شەرمىكىن» دەپ ئويلىغانىدى ، لېكىن ئۇ بۇ خەۋەرگە پىسەنت قىلماي تېخىمۇ كۆڭۈللۈك سۆزلەۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، ئايال-نىڭ كۈچلۈك ئىرادىسىگە قايىل بولدى ۋە ھەيران قالدى .

## VII

ئۇستىگە تۆمۈر قەپەس ئورنىتىلغان هارۋا كۈرە يامۇل-دىن چىقىپ ، شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ ، ئېگىز دۆڭگە جايلاشقان مويتۇڭزا تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا ئادەملەر ئۇنىڭ كەينىدىن دەريادەك ئاقتى . خەلق بېيجىڭدىكى داۋگۇاڭ خان-دىن نۇزۇگۇمنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە بۇيرۇق كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ تەۋرەپ كەتكەنىدى . خەلقنىڭ غۇلغۇلىسىدىن قورق-قان جياڭجۇن مويتۇڭزىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يولنىڭ ئىككى چېتىگە چېرىكلەرنى سەپلەپ ، ئادەملەرنىڭ ھېچقاي-سىسىنى مويتۇڭزا تەرەپكە يولاتماسلىق ھەققىدە مەخسۇس بۇيرۇق چۈشۈردى . شۇڭلاشقا ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى كو-چىلارنىڭ دوقمۇشلىرىدىن نېرى ئۆتەلمەي توختاپ قېلىش-تى . نۇزۇگۇم كوچىلارنىڭ ئىككى چېتىدە ۋە دوقمۇشىدا

توپلىشىپ ، ئىلگىرى ماڭالماي تۇرۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ ئۆز ئىسمىنى ئاتاپ :

— نۇزۇگۇم ، قورقماڭ ، بىز ھەرقاچان سىز بىلەن بىللە ،— دەپ ۋارقىرىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپ ، روھى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئەمەس ، بەلكى خەلق بىلەن دىدارلىشىش ئۈچۈن كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلدى ـ دە ، ناخشا باشلىدى :

مويتۇگىزىدا چاپقاندا
مەنمۇ ئۇندا ئۆلەرمەن .
موللىلارنىڭ سۆزىچە
ئەھلى شېھىت بولۇرمەن .

ئالدىمىزدا جاللاتلار
قىلىچىنى ئوينىتار .
مېنى ئۇشبۇ ئۆلۈمدىن
قانداق كىشى ئاجرىتار ؟ !

بۇ ناخشىلارنى ئاڭلىغان قۇرۇق قول خەلق بىرپەس نېمە قىلىشىنى بىلمەي سەپ بولۇپ ، خۇددى تۆمۈر سىمدەك قاتار تىزىلغان چېرىكلەرنىڭ قىلىچ ـ نەيزىلىرىگە مەيدىلىرىنى تىرىشىپ ، دېمى ئىچىگە چۈشكەندەك تۇرۇپ قېلىشتى . بىر چاغدا توپنىڭ ئىچىدىكى ياشلاردىن بىرى :

— يارايسىز ، نۇزۇگۇم ! سىز ئۆلۈپ كەتسىڭىزمۇ لېكىن بىز بۇ جاسارىتىڭىزنى ئۇنتۇمايمىز ، سىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمىز !— دەپ ئۇنلۇك توۋلىغاندا ئۇنىڭ كەينىدىن

ئاڭلانغان ۋاڭ ـ چۇڭ ئەتراپنى چاڭ كەلتۇرۇۋەتتى .

نۇزۇگۇمنى ئولتۇرغۇزغان هارۋا مويتۇڭزىغا يېتىپ
كەلدى . ئەمدى بايىقى ۋارقىرىشقان ئاۋازلار يىراقتا قېلىپ ،
بۇ يەرگە مانجۇ ، موڭغۇل چېرىكلىرى ۋە سولۇن نويانلار-
نىڭ ، شۇنىڭدەك بەزى خۇيزۇلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ
تۇراتتى . بەزى خۇيزۇلار ئەئۇزۇ ۋە بىسمىللادىن باشلاپ
قۇرئان سۈرىلىرىنى سوزۇپ ـ سوزۇپ ئوقۇيتتى .

هارۋىدىن چۇشۇرۇلگەن نۇزۇگۇمنى ئىككى چېرىك
هەيدەپ ماڭدى . نۇزۇگۇم قەتلىگاهقا يېقىنلىغاندا قارا كىيىم
كىيگەن تۆت جاللاتنىڭ قاتار تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئىچىدە
كەلىمە شاهادەتنى ئوقۇشقا باشلىدى . بىر جاللات ئۇنىڭ
قولىدىكى كويزىنى ئېلىپ ، قەتلىگاهقا تېخىمۇ يېقىنراق
ئەكەلدى . نۇزۇگۇم زۇلۇم بىلەن ئازابقا تولغان بۇ دۇنيانى
يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالاي دېگەندەك ، ئېگىز ئۆسكەن دەرەخ-
لەرگە كۆز تاشلىدى . ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا
قارىدى . ئېگىز بوشلۇقتا قارا بۇلۇتقا ئوخشاش ئۇچۇپ يۈر-
گەن قاغىلار تېخىچىلا ئايلىنىپ يۈرەتتى . نۇزۇگۇم ئەتراپتىد-
كى ئادەملەرگە نەزەر سالدى . ئۆزىدىن قىرىق ـ ئەللىك
ماڭدام نېرىدىكى سۆگەت تۈۋىدە ئۆرە تۇرغان ، ساقال ـ
بۇرۇتلىرى شالاڭ بىرنەچچە ئادەمنى كۆردى . ئۇلار كالپۇك-
لىرىنى مىدىرلىتىپ قىرائەت قىلماقتا ئىدى .

نۇزۇگۇم نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى قولىدىن چۇشۇرمەي
كېلىۋاتقان تەسۋىسىنى يانچۇقىدىن ئالدى ـ دە ، يىپىنى
ئۈزۈپ ، مونچاقلىرىنى ئالدىدىكى ئېگىز دۆڭگە چېچىۋەتتى .

بۇرۇندىنلا ئادەم بالىسىنىڭ جېنىنى قىينىماي ، قىلىچ
بىلەن بىرلا ئۇرۇپ بېشىنى كېسىپ ، رەهمەتلىكنىڭ ساۋابى-

نى تاپمەن دەپ ئۆزىنىڭ بۇ ھۈنىرى بىلەن پەخىرلىنىپ
يۈرگەن جاللات بۇ قېتىم ئالدىدا تۇرغان نازۇك بەدەنلىك
ئايالنىڭ ئۇزۇن ئىنچىكە بويىنىنى كۆرۈپ ، نېمە ئۈچۈندۇر ،
قولى تىترەپ كەتتى . ئۇ ھە دېگەندە بۇ ئاجىزنىڭ جېنىنى
قىينىماسلىق ئۈچۈن بويىنىنىڭ قايسى يېرىگە قىلىچ ئۇرسام
بولىدىكىن دېگەندەك بىرپەس قاراپ تۇرۇۋىدى ، كۆزلىرى
تورلىشىپ كەتتى . ئۇ پەقەت نۇزۇگۇمنىڭ ئالدىدىكى قىلىچ
بىلەن ئولتۇرغان جاللاتنىڭ «ئادەمنىڭ جېنىنى قىينىماي
تېزرەك بولساڭچۇ ؟ » دېگەندەك شەرەت قىلغىنىنى كۆرۈپ ،
گويا ئۇ قىزنىڭ ئەمەس ، ئۆزىنىڭ بېشى چېپىلىۋاتقاندەك
ئۇنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى ـ دە ، بارلىق كۈچى بىلەن ئۆت-
كۈر قىلىچنى ئىشقا سالدى . قىلىچ قاتتىق ئۇستىخانغا
ئەمەس ، يۇمشاق بىر نەرسىگە تەگكەندەك گىرىتلا قىلىپ
قالدى . ئادەتتىكىدەك يا بويۇنى كېسىلگەن ئادەمنىڭ ، يا
باشقىلارنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلانمىدى . جاللات مەن
خاتالىشىپ قىلىچنى باشقا بىرنېمىگە ئۇرۇۋەتمىگەندىمەن دې-
گەندەك كۆزىنى ئاچماي گۇمانلىنىپ تۇرغاندا ، ئادەملەر-
نىڭ : «يائاللا ، ياپەرۋەردىگار !··· » دېگەن سۆزلىرى بىلەن
تەڭ ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . شۇ چاغدىلا جاللات
كۆزىنى ئېچىۋىدى ، نۇزۇگۇمنىڭ ئۇزۇن چاچقا ئورالغان
بېشىنىڭ يەردە ياتقىنىنى ، ئۇنىڭ كېسىلگەن جايىدىن قان
ئېقىۋاتقىنىنى كۆردى . ئۇ دەرھال قولىدىكى قىلىچنى بار
كۈچى بىلەن بىر چەتكە تاشلىۋېتىپ ، مويتۇڭگىزىدىن چىقىپ
كەتتى . بۇ پاجىئەلىك ۋەقەگە قاراپ تۇرۇشقا تاقىتى يەتمى-
گەن چېرىكلەر جاللاتنىڭ كەينىدىن ھۆكۈم ئىجرا قىلىندى ،
دەپ چاپسانراق كېتىشكە ئالدىراشتى .

ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي مويتوڭزىغا يۈگۈرۈشۈپ يې-
تىپ كەلگەن جامائەت نوزۇگۇمنىڭ يەردە ياتقان بېشىنى
تېنىگە قوشۇپ تاغارغا سېلىپ بۇ يەردىن ئالدىراش ئەكې-
تىشتى...

# خاتىمە

يەنە باھار كېلىشى بىلەن كەتمەن تېغىنىڭ باغرىدىكى قىشچە ئاق قارغا پۈركىنىپ ياتقان يەرلەر يېشىل كىمخابقا ئورىنىپ ئويغىنىشقا باشلىدى . پىيازلىق ساينىڭ ئەتراپىدا ئېچىلغان لەيلىقازاق ، چۆغلۈق ۋە باشقا گۈللەر بۇ ۋادىنى تېخىمۇ گۈزەل رەڭلەردە بوياپ چىرايلىق قىلىۋەتكەنىدى . چوڭقۇر ساينىڭ ئىچىدىكى تاللار ، زىرىقلار ، ئۆرۈكلەر چېچەكلەپ ، يوپۇرماق چىقىرىپ ، ئېسىل خۇش پۇراقلىرى بىلەن ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ ، ئوي - پىكرىنى قانات-لىنتاتتى . باھارنىڭ مۇشۇنداق گۈزەل كۈنلىرى تەڭرىتېغىنىڭ ئېتەك ۋە قاپتاللىرىدىكى يېزىلارنىڭ يىگىت - قىزلىرى بۇ ئەتراپتىكى مۇقەددەس جاي بولۇپ ھېسابلىنىدىغان بۇ يەردىكى نۇزۇگۇم تۇرغان ئۆڭكۈرگە كېلىپ ، خەلقىمىزنىڭ قەھرىمان قىزىنى سېغىنىش بىلەن ئەسلەيدۇ . نۇزۇگۇم بۇنىڭدىن بىر يۈز ئاتمىش يىل ئىلگىرى مەنچىڭ خانداىلىقىنىڭ زۇلۇمىغا بويسۇنماي قېچىپ ، مۆكۈنۈپ يۈرۈپ ، مۇشۇ ئۆڭكۈردىمۇ پاناھلانغانىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك ، بۇ تەۋەنىڭ ئادەملىرى نۇزۇگۇمنى تېخىچە ئۆزلىرى-

نىڭ ئارىسىدا يۈرگەندەك ھېس قىلىشىدۇ . ئۇنى ياد ئې-
تىپ ، ئۆڭكۈرنى زىيارەت قىلىپ ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى سۇپىغا
گۈللەر قويىدۇ ، كۆڭۈل سۆزلىرىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ .
سايىنىڭ تېگىدە ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىنىڭ بويىدىكى كۆك چى-
مەنلىكتە دۇتار ، تەمبۇر چېلىپ ، ناخشا ئېيتىپ نۇزۇگۇمنى
ئەسلەيدۇ . بۇ ئەتراپنىڭ كۆپتى كۆرگەن بوۋايلىرى باھاردا
سەپ تۈزۈپ كېلىدىغان مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نۇزۇگۇم
ھەققىدە تەسىرلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرسە ، شائىرلار
شېئىر ئوقۇپ بېرىدۇ .
سولۇنلارنىڭ كەتمەن تېغى باغرىدىكى كەڭ سايدىن نۇ-
زۇگۇمنىڭ پۈت - قولىنى باغلاپ تۇتۇپ كەتكىنىگە بىر
يېرىم ئەسىردىن ئوشۇق ۋاقىت بولغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ
ئۆڭكۈرى شۇ پېتىچە ساقلىنىپ تۇرماقتا . يىل ئۆتۈپ ،
ئېگىز تاغلار مۈكچىيىپ ئۇپراشقا باشلىسىمۇ ، تاشتىن -
تاشقا ئۇرۇلۇپ بۆلەكچىلا شاۋقۇن چىقىرىپ ئاقىدىغان تاغ
سۈيى ھېلىمۇ توختىماي ئاقماقتا . تاللارغا قونۇۋېلىپ ، ئۇن-
لىرى پۈتۈپ كەتكۈچە توختىماي سايرايدىغان بۇلبۇل ۋە
كاككۇكلارنىڭ ئاۋازى توختىمايدۇ . نۇزۇگۇمنىڭ شۇ چاغ-
لاردا ئېيتقان قوشاقلىرى ھېلىمۇ خۇددى تۈنۈگۈن ئېيتىل-
غاندەك ياڭرىماقتا .
ياز كۈنلىرى يىراق - يىراقلاردىن ماشىنىلار بىلەن
كېلىپ بۇ ئۆڭكۈرنى زىيارەت قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئايىغى
ئۈزۈلمەيدۇ . ئۇلار ماشىنىلىرىنى يىراقتىكى دۆڭنىڭ ئۈس-
تىدە قويۇپ قويۇپ ، ئۆزلىرى چوڭقۇر سايدىكى مەخسۇس
ياسالغان پەلەمپەيلەر بىلەن چۈشۈپ ، ئۆڭكۈردىكى خاتىرە
تاختىغا يېزىلغان سۆزلەرنى ئوقۇپ ، نۇزۇگۇمنىڭ ھاياتى

بىلەن تونۇشىدۇ . ئۇلارغا خۇددى ھازىر مۇشۇ ئۆڭكۈردىن بېشىغا قۇندۇز تۆپە ، ئۇچىسىغا ھال قىزىل ئۇزۇن چاپان كىيگەن ، قۇندۇزدەك قارا چاچلىرى تېقىمىغا چۇشۇپ تۇرىدىغان زىلۋا بويلۇق نۇزۇگۇم چىقىپ كېلىدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ كېتىدۇ . ئەمما ئۆڭكۈر ئىچى جىمجىت ، سۇپىدىكى تاشمۇ يېپىلىپ ، ئۇپراشقا باشلـــىغان . يىللار ئۆتۈپ ، يامغۇر - يېشىنلاردا ئۆڭكۈرنىڭ توپىسى ئۇۋۇلۇپ چۇشۇپ ، ئۇنىڭ ئاغزى ھاڭغىرقاي ئېچىلىپ قالغان بولسىمۇ ، ئەمما ئالتە ئايغىچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزىز پەرزەنتىنى سولۇنلارنىڭ چېرىكلىرىدىن ، ئىت - بۆرىلەردىن ، ياۋاقۇشلاردىن ۋە قىشنىڭ سوغۇقىدىن ساقلىغان بۇ ئۆڭكۈرنى تاۋاپ قىلغۇچىلار يىلدىن - يىلغا كۆپەيمەكتە .

ئىلى ۋادىسىدىكى ياشلار توي قىلغاندا ئالدى بىلەن نۇزۇگۇم ئۆڭكۈرىنى زىيارەت قىلىپ گۇلدەستىلەر قويىدۇ ۋە نۇزۇگۇم بىلەن باقىغا ئوخشاش بىر - بىرىگە سادىق ، پاك مۇھەببەتلىك بولۇش ھەققىدە ۋەدە بېرىشىدۇ . ئەسىرلەر بويى باتۇرلۇقنىڭ ، چىن مۇھەببەتنىڭ ۋە ساداقەتلىكنىڭ شاھىتى بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئۆڭكۈر نۇزۇگۇم خاتىرىسىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ساقلىماقتا .

图书在版编目(CIP)数据

努祖故木/图尔干·托呼台木著.–乌鲁木齐.新疆青少年出版社,2001.6
ISBN 978-7-5371-3918-2

Ⅰ. 努… Ⅱ. 图… Ⅲ. 长篇小说–中国–当代–维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. Ⅰ 247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 042781 号

责任编辑: 艾尔肯·伊布拉音
责任校对: 阿布列孜·阿巴斯
迪里亚尔·吐尔逊
封面设计: 阿里甫·夏

努祖故木 (维吾尔文)
(历史长篇小说)
图尔干·托呼台木 著
吐尔逊买买提 转写

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市北京北路 29 号 邮编:830012)
E-mail:xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 13.625 印张
2001 年10 月第 1 版 2016 年 3 月第 4 次印刷

ISBN 978-7-5371-3918-2 定价:30.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换